جالالىددىن بەھرام

# ھايات قىسمىتى

1

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى



ھايات قىسمىتى

1

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-5469-0602-7

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# جالالدىن بەھرام



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جالالىددىن بەھرام

# ھايات قىسمىتى

## 1

( رومان )



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

生命旅途:维吾尔文/加拉力丁著.—乌鲁木齐:
新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2009.12

ISBN 978—7—5469—0602—7

Ⅰ.①生… Ⅱ.①加…Ⅲ.①长篇小说—中国—当代
—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 000030 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 生命旅途(1) |
| 策　　划 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯 |
| 作　　者 | 加拉力丁·拜克拉木 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 特约编辑 | 买买提吐尔地·米尔孜艾合买提 |
| 责任校对 | 古丽巴哈尔·托合塔木 |
| 特约校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880×1230mm 1/32 |
| 印　　张 | 13.25 |
| 版　　次 | 2009 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2011 年 1 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 10000—15000 |
| 书　　号 | ISBN 978—7—5469—0602—7 |
| 定　　价 | 78.00 元(上,下) |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم


بىرىنچى باب قايدۇ دەرياسىدىكى تەنتەنە ........................ 3
ئىككىنچى باب تارىم دەريا بويلىرىدا ........................ 37
ئۈچىنچى باب قەدىناسلار ........................ 77
تۆتىنچى باب تاشتىن قاتتىق خەۋەر ........................ 105
بەشىنچى باب بىر جۈپ ئەتىرگۈل ........................ 137
ئالتىنچى باب بالاغەت بوسۇغىلىرىدا ........................ 175
يەتتىنچى باب تۇنجى مۇھەببەت خېتى ........................ 207


## ئىككىنچى قىسىم جۇدۇن


سەككىزىنچى باب غەلىيانلىق يىللار ........................ 239
توققۇزىنچى باب جۇدۇندا يېتىلگەن باللار ........................ 270
ئونىنچى باب ئۈچۈرما بولغان قۇش بالىلىرى ........................ 297
ئون بىرىنچى باب تۇرمۇش ئاچاللىرىدا ........................ 331
ئون ئىككىنچى باب ۋاقىت ئاتقان ئوق ........................ 356
ئون ئۈچىنچى باب هايات قىسمەتلىرى ........................ 387

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

يازغۇچى ھەم رەسسام جالالىدىن بەھرام 1942 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ھۈنەرۋەن (تىككۈچى) ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. جالالىدىننىڭ ئاتىسى بەھرام ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەلى ناخشىلىرىنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىچىسى ئىدى. ئۇ، مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش پېئىللىق ۋە چاقچاقچىلىق بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بەھرام ئوغلى جالالىدىنغا خەلق چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەر خىل رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، رەسساملىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى تەرىپلەيتتى. شۇڭا، جالالىدىن بەھرام: «مېنىڭ يۇمران قەلبىمگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ھەم ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن ...» دەيدۇ.

جالالىدىن بەھرام 1950 ـ يىلىدىن 1954 ـ يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى «روشەن» باشلانغۇچ مەكتىپىدە، 1954 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە «ئەلى ئوتتۇرا مەكتىپى» دە ئوقۇيدۇ. ئۇ ئەلى ئوتتۇرا مەكتىپىدە «رەسىم كۇرۇژۇكى»، «ئەدەبىيات كۇرۇژۇكى» قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، مەكتەپنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىدا تۇنجى قېتىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

جالالىدىن بەھرام 1957 ـ يىلى ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كېلىپ

1958 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم سىنىپىدا ئوقۇدى. 1958 ـ يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ 1958 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم كەسپى سىنىپىدا ئوقۇدى.

جالالىدىن بەھرام خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 1961 ـ يىلىدىن 1976 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ سەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1967 ـ يىلىدىن 1981 ـ يىلىغىچە خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلدى. 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل سەنئەت بۆلۈمىدە مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىدى.

جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963ـ يىلى باشلانغان. ئۇ، دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرى يازغان. لېكىن 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ۋە بىر نەچچە يىل ئەمگەك سىڭدۈرۈپ يازغان «ئۇنتۇلغان قەلب»، «كۈتمىگەن تەقدىر»، «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەممىدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق كىتابلىرى بۇلاپ كېتىلگەن ۋە بۇ ناھىيىنىڭ گۈلباغ رەستىسىدە كۆيدۈرۈلگەن. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك يىللارنىڭ بورانلىرىدا ئۆششۈك تەگكەن بۇ ياش مايسىنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئۆمرى تەقىب ئاستىدا ۋە يەرلىك قارالغۇ تورمىلەردە ئۆتتى، خىزمەتتىن توختىتىلىپ، بۇ ناھىيىدىكى «ئەلنامە»، «يېڭىئېرىق سۇ ئامبىرى»، «قوشكۆل» لەرگە ئىشلەشكە سۈرگۈن قىلىندى.

دەرد ـ ئەلەم، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە تولغان ئۈچ قېتىملىق سۈرگۈننى باشتىن كەچۈرگەن جالالىدىن بەھرام «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى «نەشتەر»

تەخەللۇسى بىلەن «خوتەن گېزىتى»دە «كوچىدا»، «ئانىنىڭ ئامراقلىقى»، «يولدا» ناملىق ساتىرىك ھېكايە، ئوچېركلىرىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھېكايە، ئوچېركلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، گېزىت يۈزىدە ئوبزور، ماقالىلەر ئېلان قىلىندى.

جالالىدىن بەھرام 1979 - يىلى «يېڭى قاشتېشى» ۋە «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى» ناملىق ھېكايىسى بىلەن كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «ناتمۇۋانلار»، «كۆمۈرچى بالا»، «ئامەت ۋە ئاپەت»، «ھايات قىسمىتى»، «تەكلىماكان ئوغلى» قاتارلىق رومانى نەشر قىلىندى ۋە نەشرگە سۇنۇلدى. بۇ رومانلار ئېلان قىلىنىش بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ئوقۇش دولقۇنى قوزغىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا «بۇلبۇل بوستانىنى تاپتى»، «ئايگۈزەل»، «قامغاق»، «قەبرە بېشىدىكى چۈش»، «قاچقۇن»، «ئۆتنە ئالەم»، «دانۇر تاغا» قاتارلىق 10 ھېكايە ۋە پوۋېست توپلاملىرى نەشر قىلىنىپ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

جالالىدىن بەھرام يازغان، سېنارىيىلەشتۈرگەن «قۇملۇقتىكى ئاتەش»، «قاباھەتلىك چۈش»، «تىمساھنىڭ كۆز يېشى»، «ئادىمىي ھايۋان»، «ئۇ سېنىڭ داداڭ»، «قوش جىنازا» قاتارلىق ئىككى قىسىمدىن 20 قىسىمغىچە بولغان 17 تېلېۋىزىيە فىلىمى ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئەدەبىياتىمىزدىكى يارىماس ئىللەت»، «جاپالىق ئەجىرنىڭ شېرىن مېۋىسى»، «دراما سەھنىسىدىكى چاقنىغان يۇلتۇز»، «رەسساملىق ۋە ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىقتىكى رولى» قاتارلىق ئەدەبىي ئوبزورلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

جالالىدىن بەھرامنىڭ «جەرىمانە»، «بەش يۈز يۈەنلىك چاقچاق»، «قامغاق»، «ئايگۈزەل»، «ھارۋىكەش»، «ئامەت ئىچىدىكى



www.uyghurkitap.com

ئاپەت» قاتارلىق كۆپلىگەن پوۋېست ۋە ھېكايىلىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە، رېئاللىقنى چىنلىق ۋە سەممىيلىك بىلەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تىلى گۈزەل، يەڭگىل، قۇرۇلمىسى پۇختا، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى كۈچلۈك، ۋەقەلىكلىرى مۇرەككەپ ۋە رەڭمۇرەڭ، پېرسوناژلىرى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. ئۇنىڭ بەزى ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرى ھەر دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن بولۇپ، خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان.

جالالىدىن بەھرام شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# قايدۇ دەرياسىدىكى تەنتەنە

1964 ـ يىل يانۋار.

كائىنات ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئاسمان سەتھىسى خۇددى كۈمۈش رەڭ چاڭدەك سۇۋارى ماكانلاشقانىدى. ئەتراپتىكى جىمى مەۋجۇداتنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان دەھشەتلىك قارا سوغۇق مەجنۇنتاللارغا، سۆگەت شاخلىرىغا، تېلېگراف سىملىرىغا، قورۇغان گۈل بەرگلىرىگە ئاپئاق قىرودىن تون كىيگۈزۈپ، گويا چېچەك پەسلىنى ئەھيا قىلغانىدى. نەلەردىندۇر دەرەخ قوۋزاقلىرىنىڭ چاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازى ئاڭلانسا، تۇرۇپلا ئېچىرقاپ كەتكەن قاغىلارنىڭ نالە بىلەن قاقىلدىشى كۆڭۈللەرنى خىرە قىلاتتى. كونىلار ئېيتقان «قاپاق ياردى»، «ئىت قاتراپ كېتىۋېتىپ قېتىپ قالدى»، «تۈكۈرۈك تورۇكلاپ يەرگە چۈشتى» دېگەن قەھرىتان سوغۇقلار شۇ بولسا كېرەك. ئات ـ ئۇلاغ تۇياقلىرىدىن، هارۋا چاقلىرىدىن، دەسسەلگەن قەدەملەردىن «غاچىلدىغان» چىرقىراق ئاۋاز كېلەتتى. كېچىچە قاۋاپ تىنىمىغان ئىتلارمۇ تۈمشۇقلىرىنى چاترىقىغا تىقىپ ئۆگزىلەردىكى چاۋار ـ چاتقال ئىچىدە، تونۇر بېشىدىكى سامان ـ پاخاللاردا جىمجىت ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. بويۇنلىرىغا كونا يۇڭ شارپا، كىر لوڭگىلەرنى ئوراپ، ھەرخىل باش كىيىملىرىنى چۆكۈرۈپ كىيىشكەن ئادەملەر ساقال ـ بۇرۇتلىرىدا، قاش ـ كىرپىكلىرىدە ساڭگىلاپ تۇرغان مۇز مونچاقلىرىدىن پەرۋايى

پەلەك ھالدا ئالدىرىشىپ قايدۇ دەرياسى تەرەپكە ئاقماقتا. رەڭگارەڭ روماللارنى ئارتىشقان قىز ـ چوكانلارمۇ ئاپئاق قىرو باغلىغان قىياقتەك قاش، ئەگرى كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، تۇمان ئىچىدە گىرىسمەن كۆرۈنۈپ تۇرغان قايدۇ دەرياسىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. قاراتال ئەتراپىدىكى «يۇڭنىڭ» (خوجىلىق)، «بورقاي»، «شىكشىن»، «بىرچوي»، «ساغان چېكە» يېزىلىرىدىن كېلىۋاتقان بۇ ئادەملەر قايدۇ دەرياسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كانكى مۇسابىقىسىغا ئالدىرىشاتتى. ئۇلار يېزىلىرىدىن چىققان ئوقۇغۇچىلارغا، ئۆزىنىڭ باللىرىغا مەدەت، كۈچ، ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ھېلىغۇ جاڭ ـ جاڭ سوغۇقكەن، مۇز كاچكۇلىغا سەكرەشتىنمۇ يانمايتتى.

دەرۋەقە، قەدىمىي يۇرت قاراتال ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن قايدۇ دەرياسى نەيزىدەك سانجىلىۋاتقان سوغۇققا باقماي خۇددى ئورمانغا ئوت كەتكەندەك قىزىپ كەتكەندى. گەرچە دەريا كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى رەڭمۇرەڭ زىننەت بايراقلىرى لەپىلدەپ تۇرغان ئۇ قاناتقا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ يەردىكى توغراق، سۆگەتلەرگە بېكىتىلگەن يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرىدىن قايسىدۇر ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ تەنتەربىيە يېتەكچىسىنى «باشقۇرۇش ئورنىغا كېلىڭ» دەپ چاقىرسا، تورۇپلا تۆت ئەتراپتىكى تىقىلمىشىپ تۇرغان تاماشىبىنلارنى «رەڭلىك سىزىق ئىچىگە كىرىپ كەتمەڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. ئۇزۇن بادرا ياغاچلىرىنى چېتىپ ھەم ئۇنى قىپچىپ يۆگەپ سەھنە قىلىۋاتقان باشقۇرۇش ئورنىدىكى تەشكىللىگۈچىلەرگە نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇشتەكلىرىنى چىرقىرىتىپ چالاتتى. ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قوللىرىنى شىلتىيتتى. ئىككى دەرەخ ئوتتۇرىسىغا تارتىلغان قىزىل پلاكات تولىمۇ چوڭ ھەم ئۇزۇن بولغاچقا، ئۇنىڭدىكى:

«بوستان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كانكى مۇسابىقىسى» دېگەن سېرىق خەت يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقاتتى. باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ئالدى ھەرخىل رەڭلىك، خىلمۇ خىل پاسۇندىكى تەنتەربىيە كىيىملىرىنى كىيگەن قىز ـ ئوغۇللار بىلەن تولغانىدى. ئۇلار دەريا قاسناقلىرىنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىگە يېقىپ قويغان گۈلخان ئەتراپىدا توپلىشىپ ئوت ئىسسىنىشاتتى. ئاياغلىق كانكىلىرىنىڭ بوغۇچلىرىنى چىڭىتاتتى. بەزىلىرى تەنتەربىيە فورمىسىنىڭ ئۈستىگە يۇڭ ئەديال، پاختىلىق چاپان، جۇۋىلارنى يېپىنچاقلىۋالغانىدى.

قايدۇ دەرياسىنىڭ تۆت ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان سانجاق ـ سانجاق ئادەملەر توپى توڭلىغانسېرى چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ ۋارقىرىشاتتى. « مۇسابىقىنى باشلىمامسەن؟» دېيىشىپ، كىملەرنىدۇر غايىۋانىسىگە تىللايتتى. توڭلاپ كەتكەن قوپال ئاياغلىرىنى مۇزغا ئۇرۇپ رىتىملىق گۈپۈلدىگەن ئاۋاز چىقىراتتى. قورۇقچىلار توسۇغانسېرى ئۇلار ئالدىغا سىلجىپ، سېرىق ھەم قىزىل رەڭلىك سىزىقلار ئىچىگە ئۆسسۈپ كىرمەكتە ئىدى. قايدۇ بەكمۇ يېيىلىپ ئاققان دەريا بولۇپ، ئەڭ تار يەرلىرى 100ـ150 مېتىر، كەڭ يەرلىرى بەش ـ ئالتە يۈز مېتىر كېلەتتى. قاراتال ناھىيىسىدە ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كانكى مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەچكە، مۇسابىقە تەييارلىق كۆرۈپپىسىدىكىلەر ئەينەكتەك قاتقان مۇزغا بىر نەچچە كۈن بۇرۇنلا تۆپتۈز سىزىقلارنى تارتىپ، رەڭلىك سۇ بىلەن يوگۈرۈش چېگرا بەلگىلىرىنى ياسىغانىدى.

بىردىنلا يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرىدىن كەلگەن جاراڭلىق ئاۋازدىن تاماشىبىنلار بويۇنلىرىنى قايرىپ باشقۇرۇش ئورنىغا قاراشتى:

ــــ تاماشىبىن قېرىنداشلار! ــــ رادىئو كانايلىرىنىڭ ئاۋازى

مەيدانىنى زىلزىلىگە سالدى، — بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قومۇشكۆل ناھىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆلگۈرۈپ كېلەلمىگەچكە سىلەرنى ساقلىتىپ، سوغۇققا توڭدۇرۇپ قويدۇق. ئالدىڭلاردا ئۆزرىلىكمىز.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، باشلىمامسەن؟!— دېدى ئادەملەر ئارىسىدىن بەك توڭلاپ كەتكەن بىرى قەھرى بىلەن ۋارقىراپ، — ياغلىما گەپلىرىڭنى خوتۇنۇڭغا قىلىپ بەر.

— ھازىر مۇسابىقىنى باشلايمىز! — رادىئو قايتىدىن ياڭرىدى، — بىرىنچى بولۇپ ئاقتام، يۇلغۇنباغ ناھىيىلىرىدىن كەلگەن ئوغۇل تەنھەرىكەتچىلەر 3000 مېتىرغا مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسىغا چۈشىدۇ.

بىردىنلا چېلىنغان چاۋاك ئاۋازىدىن مۇسابىقە مەيدانى لەرزىگە كەلدى، شۇ ئەسنادا يەل تاپانچىسىنىڭ «پاڭ» قىلىپ ئېتىلىشى بىلەن بىر توپ ئوقۇغۇچىلار مۇز ئۈستىدە كىرىچتىن قويۇپ بېرىلگەن يا ئوقىدەك يۈگۈرۈپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كىيگەن تەنھەرىكەت كىيىملىرى بېشىدىكى پوسمىلىرىغىچە يۈڭدىن توقۇلغاچقىمۇ، بەدەن سىيماسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. ئۇلار قۇيۇندەك ئۇچۇپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدىن بىر نەچچە قېتىم ئۆتكۈچە قىيقاس - چۇقان ۋە مەدەت بېرىش چاۋاكلىرى توختىمىدى. تەنھەرىكەتچىلەر ياي شەكىللىك ئايلانمىغا كېلىشى بىلەن خۇددى يىقىلىپ كەتكۈدەك يانتۇ بولۇپ بىر قولى مۇزسىيىپاپ قالاتتى. بۇنداق جىددىي ئايلىنىشتا ئۇلارنىڭ پۇتىدىكى «خاككى»[①] نىڭ ئۆتكۈر قىرى مۇز بېتىنى «شارتتىدە» قىرىپ، ئاپئاق قار توزۇندىلىرىنى چاچرىتاتتى.

— بۇ ئاخىرقى ئايلىنىشقۇ دەيمەن، — دېدى توپ ئارىسىدىن بىرى، — بىزنىڭ ئاقتاملىق ئىمىنكام تايغاننىڭ بالىسى نىياز

① خاككى - ئۆزۈنغا تېيىلىش مۇسابىقە كانكىسى.

ماڭقا ئۆزۈپ كېتىدىغان بولدى، بۇ شۇم كىچىك چاغلىرىدىمۇ جەرەندەك قېيغىتىپ يۈرۈيدىغان.

— بۇ نەدىكى ئاخىرقى ئايالىما بولسۇن، — قۇلاقچىسىنىڭ بىر قۇلىقى لەپەڭلەپ تۇرغان بىرى ھۆرپەيدى — مەيدانىنىڭ ئايالىمىسى بەشيۈز مېتىر بولغاندىن كېيىن، ئالتە ئايالىنسا ئۈچ مىڭ مېتىر بولامدۇ، ھازىر بەش ئايلانغان تۇرسا.

— شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ ئاقتاملىق نىياز بەرىبىر ئۈزۈپ كېتىدۇ.

— ھەي ئاداش، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئوبدان قارا، — قۇلاقچىلىق ئادەم ئېگىلىكنى قاقتى، — نىياز ماڭقىغا سوقۇشىپلا كېتىۋاتقىنى بىزنىڭ يۇلغۇنباغلىق تۇرسۇنتاي. ئۇ ھازىر ئۆزىنى تۇتۇۋالغان گەپ. ئەمدى ئاخىرقى ئايالىمىدا ئۇنىڭ كارامىتىنى كۆر.

بۇنداق مۇنازىرىلەر، قىزىشىپ تاكاللىششلار ھەممىلا يەردە بولۇۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز ناھىيىسى، يېزىسى، مەھەللىسىنىڭ نام ـ ئابرۇيىنى قوغداش، ئۇلۇغلاش ئۈچۈن تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ بەزىلىرىنى قارغاپ تىللايتتى. بەزىلىرىنى قاتات ياساپ ئۇچۇپ كەتسىكەن دەپ تىلەيتتى. دېگەندەك كانىكىلىق «چەۋەندازلار» 6 ـ ئايالىمىدا كېتىۋاتقاندىلا قۇلاقچا كىيگەن يۇلغۇنباغلىق بىلەن ئاقتاملىقنىڭ كۆزى چەكچىيىپ، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ تېز ـ تېز ھاسراشقا باشلىدى. تەنھەرىكەتچىلەر پەللىگە ئاز قالغانسېرى ئۇلار تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، بويۇنلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك سوزۇلۇپ يىراقلارغا بويۇندايتتى.

— ئاھا!!... — يۇلغۇنباغلىق ئىككى مۇشتۇمىنى باش ئۈستىگە شىلتىپ ۋارقىرىشاتتى، — بىزنىڭ تۇرسۇنتاي پەللە سىزىقىغا كىرىپ بولدى...

— ئەتتەڭ، نىياز خۇمسىي ـ ئاقتاملىق ئېگىلىكنى قاماللىدى، — يېرىم قەدەم قالغىچە ئالدىڭدىكى گۇيىنى پۇتلىۋەتسەڭچۇ...

— ھەي ئىچى قۇتۇر، نېمە دەۋاتىسەن؟ — يۇلغۇنباغلىق كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە ھۇرپەيدى، — نىياز ماڭغاچنىڭ «ئىككىنچى» بولغىنىغا خۇش بولە... تېخى پۇتلىۋېتەرمىش...

ئۇلارنىڭ ھۇرپىيىشلىرى يەنە داۋاملاشقانمۇ بولاتتى، لېكىن رادىئو كانايلىرى تەرەپ - تەرەپتىن ياڭراپ، شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈۋاتقان تاماشىبىنلار بىردىنلا جىمىقتى.

— ھازىر توغراق، قاراتالدىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر مەيدانغا كىرسۇن... ئىسمى ئاتالغان ھەربىر تەنھەرىكەتچى قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار، — رادىئو كانىيىدىن قەغەزنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — توغراقلىق يەتتىنچى نومۇر ئىكرام روزى، سەككىزىنچى نومۇر ئىمىنجان ئەخمەت... قاراتاغلىق 12- نومۇر ئالمۇرات نۇراجى، 10- نومۇر نۇرزات بەكرى...

رادىئو كانىيىدىن ئىسمى ئاتالغان ئالتە تەنھەرىكەتچى كۆك سىزىق ئالدىدا قاتىرىسىغا تىزىلىپ، ئوڭ پۇتىدىكى كانكى ئۇچىنى مۇزغا قادىغىنىچە زەبەردەس بولۇپ تەييارلاندى. تاپانچە «پاڭ» قىلىپ بەلگە بېرىشى بىلەنلا ئۇلار تاغدىن ئېتىلىپ چۈشكەن قىياندەك شىددەت بىلەن ئۇزاپ كېتىشتى. تەنھەرىكەتچىلەر مەيداننى ئۇچ ئايلىنىپ بولغىچە، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى سوزۇلۇپ ئارقىدا قېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن كېتىۋاتاتتى. لېكىن ئىككى بالا ئۇلاردىن 30-40 مېتىردەك ئالدىدا ياندىشىپ، بىر - بىرىگە يول بەرمەي جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. رادىئو كانايلىرىدىن ئۇلارغا مەدەت ۋە ئىلھام بەرمەكتە ئىدى:

— توغراقلىق ئىكرام، قارا تاللىق ئالمۇرات غەيرەت قىلىڭلار! مانا، مانا ئالمۇرات بىر قەدەم... يا...ياق، ئىككى قەدەم ئالدىغا ئۆتتى....ھۇششەرە... بارىكاللا... ئىكراممۇ بوش كەلمىدى!... ئۇ رەقىبىنى يانداپ ئۆتمەكچى بولدى... مانا

قاراڭلار ئۆتتى... ئۆتتى... ئاپلا ئالمۇرات ئۆتكەنگە يول بەرمىدى... قېنى باتۇر ئوغلانلار، مۇز ئۈستىدىكى چەۋەندازلار ئۇچقۇرلار... يۈگۈرۈكلار... غەلىبە سىلەرگە مەنسۇپ!...

— ۋىيەي، ھەممە ئۈمىدىمىز ئىكرامدا ئىدى، — دېدى خانىش ئىسىملىك تەنھەرىكەتچى قىز، — بۇ قېتىم ئۇ چېمپىيونلۇقنى ئالالمايدىغان ئوخشىمامدۇ.

— تولا ئاغزىڭنى ئۇششۇتمىگىنە، — تەنھەرىكەتچى قىز دىلەيسەم دوستىغا ئالايدى، — تارىمدىكى توغراق يېزىسىدىن كېلىپ، بىرەرىمىز چېمپىيون بولالمىساق يۇرتقا قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بارىمىز.

— تولا ئەندىشە قىلماڭلار، — دېدى ئاپئاق فورما كىيگەن ۋىجىككىنە قىز، ئۇ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ئىككى بالىنى ئىما قىلىپ، — قاراڭلار، بىزنىڭ قاراتاللىق ئالمۇرات ئاخىرقى بىر تىنىق كۈچىنىمۇ سەرپ قىلىپ بولدى. ئەمما ئىكرام دېگەن بالا نېمىدېگەن تەمكىن. ئۇ ئالتىنچى ئايلانمىغا كەلگەندە ھەممىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

— پەرۋىنە، ئەجەب ئەۋلىيادەك باھا بېرىپ كەتتىڭغا، — پەرۋىنەگە ئوخشاش كىيىنىۋالغان تولىمۇ سۇباتلىق ئېگىز قىز خاككى كانكىسى بىلەن ئالدىغا ئۆتتى، — بايىمۇ ئىكرام دېگەن بۇ بالىغا: «ھۇدۇقماڭ، ئەمتىرىمەڭ، تەمكىن بولۇڭ» دەپ مەدەت بەردىڭ، ئەجەبكەنسىنا.

— پەزىلىيە، سىزمۇ دىققەت قىلىپسىزدە، — دېدى قاراتاغلىق ئاينۇر پوسۇققىدە كۈلۈپ قويۇپ، — يۇرتىنىڭ ئېرىقىنى چاپماي، باشقىلارنىڭ دېپىنى چالغاننى ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن.

— سىلەر نېمە دېمەكچى؟ ھەدە، ساڭا نېمە بولدى ـ ھە؟ — ۋىجىك قىز پەرۋىنە بوش كەلمىدى، — كىم قابىلىيەتلىك، شىجائەتلىك تەنھەرىكەتچى بولىدىكەن مەن ئۇنى ھۆرمەت قىلىمەن. دوستلۇقۇمنى يەتكۈزىمەن... بولمامدىكەن؟



www.uyghurkitap.com

— پەزىلىيە، پەرۋىنە، بولدى قىلىڭلار — قاراتاللىق ئەختەر ئىسىملىك قىز ئاستاغىنە شىۋىرلىدى، — ھەدە - سىڭىل تۇرۇپ تالاش - تارتىش قىلساڭلار سەت تۇرمامدۇ؟

باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ئەتراپىغا تىقىلىپ كەتكەن تاماشىبىنلار ئالدىغا ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن بىر توپ ئوغۇل - قىز تەنھەرىكەتچىلەر تۆپلىشىپ ئۆزئارا قورساق ئۇرۇشى قىلىۋاتاتتى. بۇ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ پۇتىدا خاككى بولۇپ، بىر نەچچە قىزنىڭ پۇتىدا «فىگۇرا» كانكى [1] بار ئىدى. ھەربىر يۇرتنىڭ فورمىلىرىمۇ شەكىل ھەم رەڭ جەھەتتە ئۆزگىچە يۈڭ كىيىملەر بولغاچقا، كۆركەم كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاراتاللىق پەزىلىيە ۋە پەرۋىنە ئىسىملىك ئىككى قىز گويا ئۇنچە - مەرۋايىتلار ئىچىدىكى ئاپئاق گۆھەردەك كۆزگە تاشلىناتتى. كىيگەن فورمىلىرىمۇ قىممەت باھالىق ئاق توشقان تىۋىتىدىن توقۇلغاچقا، بۇ بىرجۈپ قىز خۇددى شاكىلىنى يېرىپ ئەمدىلا چىققان چۈجىلەردەك يۇمران ۋە بەكمۇ نازاكەتلىك ئىدى. باشلىرىدىكى پوسمىلىرىمۇ سوپيۇن مازغىپىدەك تىترەپ تۇراتتى. قىزارغان ئالمىدەك يۈزلىرىنىڭ سۈزۈكلۈكى، قاش - كۆزلىرىنىڭ ئاق قەغەزگە سىياھ تۆكۈلۈپ كەتكەندەك يالتىراپ تۇرۇشى، ھالرەڭ لەۋلىرىنىڭ ئىككى تال مارجاننى پاتۇرۇپ قويغاندەك ئوماقلىقى، قوش ئېڭەكلىرىگىچە شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتەتتى، ھەركىم ئۇلارغا بىرلا قاراپ ھەدە - سىڭىل ئىكەن دەپ جەزم قىلاتتى. ئاچىسى پەزىلىيەدىن پاكارراق، ۋىجىكرەك، پەرۋىنە مۇرىسىگە كرېست (+) بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن چاققانغىنە داۋالاش ساندۇقى ئېسىۋالغان بولۇپ، پۇتىدا فىگۇرا كانكىسى بار ئىدى.

مەيداندا بىردىنلا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭراپ،

---

① فىگۇرا كانكى — مۇز ئۇستىگە نەپىس شەكىللەرنى چىقىرىپ ئوينايدىغان قىسقا يايسىمان كانكى.

رادىئو كانايلىرىمۇ مەدھىيە، ماختاش سۆزلىرىنى ناھايىتى تېز، جاراڭلىق، يۇقىرى ئاۋازدا ئاڭلىتىشقا باشلىدى. چۈنكى قاراتاللىق ئالمۇرات ۋە باشقىلارنى خېلىلا ئارقىدا قالدۇرغان ئىكرام ئاخىرقى پەللە سىزىقىغا ئوقتەك كىرىپ كەلگەنىدى. توپلىشىپ تۇرغان تەنھەرىكەتچى باللار ئۇنى ئورىۋېلىشتى. لېكىن ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن ئالمۇرات ئۇنى مۈرىسى بىلەن سوقۇۋەتتى. بەخىرامان تۇرغان ئىكرام مۇزغا تىزلىنىپ قالدى. ئەمما ئۇ دەرھاللا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشتۇملىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى ئۆڭدىيۇ، لېكىن بۇ يەردىكى بىر توپ تەنھەرىكەتچى باللار ئالدىدا جېدەل چىقىرىشنى خالىمىدى. بولۇپمۇ بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق، نازىنىن قىزلار ئىچىدىكى سۇباتلىق، سالاپەتلىك، نۇر يېغىپ تۇرغان چېھرىگە قاراشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان پەزلىيەگە قانداق تېز قارىغان بولسا، شۇنداق تېز كۆزلىرىنى قاچۇردى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بۇ چاغدا پەرۋىنە فىگورا كانكىدا تېيىلغىنىچە ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.

— ھەي چىدىماس، — ۋارقىرىدى پەرۋىنە قولىنى شىلتىپ، — ئۇتتۇرۇپ قويغىنىڭنى ئۆزۈڭدىن كۆرمەي، باشقىلاردىن كۆرەمتىڭ، نېمە كۆكەمىلىك قىلىسەن؟

— ئوھوي، — ئالمۇرات ياپما قاپاقلىرىنى سۇرۇپ ھىجايدى، — سىزگە نېمە دەز كەتتى؟ قاراتاللىق تۇرۇپ، توغراقلىققا يان بېسىپ كەتكىنىنى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئالمۇراتنىڭ قاراتاللىق ئاغىنىسى نۇرزات، — توغراقلىققا يۈرەك پا-پا، ئۆپكە گىز-گىز بولۇپ قالدىمۇ — يە، ۋا...

نۇرزات مەسخىرە كۈلكىسىنى ئاخىرلاشتۇرمايلا پەزلىيە خاككى بىلەن شارتلا سورۇن ئوتتۇرىسىغا چىقتى. ئالمۇرات نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى، قورقاتتى. مانا ھازىرمۇ پەزلىيەنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرىگە قاراپلا

تۇنجۇقۇپ كەتتى.

— ھەرقايسىڭ نېمە قىلىشماقچى؟— پەزلىيەنىڭ قويۇق كىرپىكلىرى قاپلىغان كۆز قارىچۇقلىرى ئالمۇراتقا قادالدى، — ھەي، سەن نومۇس قىلساڭچۇ، سىڭلىم خاتا دېدىما؟ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالساڭ، بۇنى ئۆزۈڭنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى، ماھارىتىڭنىڭ ناچارلىقىدىن كۆرمەمسەن؟! ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمەي، توقۇمنى ئۇرغاندەك باشقىلارغا نېمە ئۈچۈن قەستەن ئۇرۇنۇپ، سوقۇلۇپ يۈرىسەن ياكى بۇ بالا ساڭا ئېسىلىۋالدىمۇ، يۆتىلىدىمۇ؟ قانداق دېگەن مۇتتەھەملىك بۇ؟

— پەزلىيە خاپا بولماڭ. بۇ ...بۇ... — ئالمۇرات دۇدۇقلاپ يەرگە قارىدى، — ئىتتىك كېتىۋېتىپ سوقۇلۇپ كەتتىم شۇ...

— بىلىپ قويۇش، مۇسابىقە دېگەندە ئۇ يۈرت، بۇ يۈرت دېمەيدۇ، كىم ئۇتۇپ چىقسا، شۇ شەرەپ ئىگىسى!

پەزلىيە ئاچچىقىنىڭ ھەممىنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىدى. رادىئو كانايلىرىدىن «تاشقۇم»، «چىمەن»، «بوستان» شەھىرى قاتارلىق ناھىيە، شەھەر تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، مەيدانغا تېزدىن ھازىر بولۇشنى جاكارلىدى. يەل تاپانچىسىنىڭ ئېتىلىشى بىلەن مۇز ئۈستىدىكى توققۇز نەپەر تەنھەرىكەتچى قىيقاس - چۇقان، ۋارقىراش، مەدەت بېرىش سادالىرى ئىچىدە بەس - بەستە چاپماقتا ئىدى. ئالتىنچى ئايلانما ئاخىرلىشىش بىلەن بوستان شەھىرىدىن كەلگەن ئەركىن تالىپ بىرىنچى، چىمەن ۋە تاشقۇم ناھىيىلىرىدىن سىدىق نۇر، غالىب تۇرسۇنلار ئىككىنچى بولۇپ پەللىگە كىردى. ئاخىرىدا «قۇمبۇلاق»، «قومۇشكۆل» ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئۇلاردىن قۇمبۇلاقلىق سادىر ئابدۇللا بىرىنچى، قومۇشكۆللۈك ناسىر تۇردى ئىككىنچى بولدى.

مەيدان ئىچى بىر پەس تىنچىدى. لېكىن تاماشىبىنلار ئىچىدە كىم «چېمپىيون» بولۇش ئۈستىدە تالاش - تارتىشتىن

قىزىپ كەتتى. بەزىلەر، توغراقلىق ئىكرامنى كۆرسەتسە، يەنە بەزىلەر پەزلىيە چوقۇم چېمپىيونلۇق مۇكاپاتى ئالىدۇ دېيىشتى. كىمدۇر بىرى ئالىقانلىرىغا ئۇرۇپ، «ئوغۇللاردىن ئىكرام، قىزلاردىن پەزلىيەنىڭ چېمپىيون بولۇشى ئاياقتىكى ئاشتەك ھەممىگە ئايان» دەپ چېچىلسا، قانداقتۇر سەپرا مىجەز بىرى «ھەي قاقۋاشلار، قىزلاردىن پەزلىيە، ئوغۇللاردىن ئىكرام بىرىنچى بولۇپ قالسا، ئۇلارنى قىز - ئوغۇل دېمەي چوقۇم ئۆز ئارا مۇسابىقىگە سالىدۇ. ئالدىنقى يىلىمۇ شۇنداق بولمىدىمۇ، نېمانداق كاللاڭلار ئىشلىمەيدۇ...» دەپ ئالىقانلىرىغا شاقىلدىتىپ ئۇراتتى. ئادەملەر ئارىسىدىكى بېشىغا كۆل رەڭ كۆرپە قۇلاقچا، قولىغا قارا يۇڭ پەلەي، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈك كىيگەن، چىرايىدىن چالا ئوقۇمۇشلۇقى چىقىپ تۇرغان 38-40 ياشلاردىكى ياغاق يۈز بىرى ئۆزىنىڭ قارىي بىلىمدانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بولسا كېرەك گېلىنى قىرىپ، كانىيىنى رۇسلاپ ئەتراپىغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قاراپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— ئاغىنىلەر، بۇرادەرلەر، نېمانچە قىلىسىلەر، قىزلارنىڭ مۇسابىقىسى ئەتە باشلىنىدۇ. راخمانوف پولكوۋنىكنىڭ قىزى پەزلىيە ئۇتامدۇ ياكى نەدىكى چاۋاش دېھقان يا مىسلىمىيان بىرەر نامرات قىز ئۇزاپ كېتەمدۇ، شۇ چاغدا كۆرمەمسىلەر... نېمانداق ئاق يەردە تۈگمەن تالاشقاندەك، ئاۋارە بولۇپ ئالىشىسىلەر؟

— شۇ ...شۇنى دەي ... دەيمىنا، — چالا كېكەچتىن بىرى قوشۇق سالدى... — مۇ ...مۇكاپات ... ھە... ھە ...كىم ... كىمگە، نى ... نى ...نى نېسىپ بولۇش، خۇ ... خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش... ھە ...... ھە ... ھەر ...قايسىڭ نى ...نى... نى ... نېمە بىلەتتىڭ؟ توۋا خۇ ...خۇ...خۇدايىم!...

— مۇشۇ ئاكىمىز توغرا دەيدۇ، — بايىقى قارىي بىلىمدان



www.uyghurkitap.com

سۆز قىستۇردى، — ئامەتنى «نەگە بارىسەن؟» دېسە «دوقا ماڭلايغا» دەپتىكەن. چېمپىيونلۇق مۇكاپاتىنى ئادەتتىكى ياماقچى، سۇۋاقچى، تامچىنىڭ قىزى ئېلىپ كېتەمدۇ، بۇمۇ تەلەيگە باغلىق ئىش.

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن، — دېدى بويىنىغا يوڭ شارپا ئورىۋالغان زىيالىي سىياق ئادەم، — بۇ تەلەيدىن ئەمەس، كۆپ چېنىقىشتىن يېتىلگەن ماھارەتكە باغلىق ئىش. پولكوۋنىك راخمانوف 1953 ـ يىلى قاراتال شۆبە ھەربىي رايونغا يۆتكىلىپ كەلگەندىن بېرى ئىككى قىزىنى كىچىكىدىن تارتىپلا چېنىقتۇرغان. رۇس ئايالى فىدوتىيە بولسا، قىزلىرىغا مۇز تېيىلىشنى، يۈگۈرۈشنى، رۇسچە ناخشىلارنى ئۆگەتكەن. شۇڭا، ئۇلاردا يېتۈك ئىقتىدار بار…

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، تېخىمۇ قاپ تۈرۈپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ زىيالىي سىياق ئادەمنىڭ بىلەرمەنلىكىگە ھەيرانۇ ھەس قېلىشۋاتقانلىقى ياكى راخمانوف پولكوۋنىكنىڭ رۇس ئايالى بارلىقىغا قىزىقىسىنىپ قالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن تۆت مەيدان مۇسابىقىدە ئىككىنچى بولغانلارنى مۇسابىقىگە سېلىپ، قاراتاللىق ئالمۇرات بىرىنچى بولدى. ئەمدى ئوغۇللاردىن چېمپىيون تاللاش ئۈچۈن تۆت قېتىملىق مۇسابىقىدە بىرىنچى بولغان ئىكرام، تۇرسۇنتاي، ئەركىن تالىپ، سادىر ئابدۇللا قاتارلىق تۆت تەنھەرىكەتچىگە ئالمۇراتمۇ قوشۇلدى. چېمپىيونلۇق تاللىش مۇسابىقە مۇساپىسى بەش مىڭ مېتىر بولۇپ، مەيداننى 10 قېتىم ئايلىنىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ قېتىمقى چېمپىيونلۇقنى تاللىش ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى دەھشەتلىك تۈس ئالدى. بەش «چەۋەنداز» مەيداننى 10 قېتىم ئايلىنىپ بولغىچە، تۆت تەرەپنى قورشاپ تۇرغان تاماشىبىنلار گۈر ـ گۈر تەۋرىنىپ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكىدەك ۋارقىرىشاتتى. ئۇشقىرتىپ، باش

كىيىملىرىنى ئاسمانغا ئاتاتتى. ھەربىر يۇرتلۇقلار ئۆزىنىڭ تەنھەرىكەتچىكلىرىگە مەدەت بېرىپ: «تېز بول! ...»، «غەيرەت قىل...»، «قېنى چاپ!...» دەپ چۇقان كۆتۈرەتتى. تارىم بويىدىن كەلگەن ئىكرام مەيدانىنى سەككىز قېتىم ئايلىنىپ بولغىچە، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەلپازدا ئارقىدىمۇ قالماي، ئالدىدىغىمۇ ئۆتۈپ كەتمەي، ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلغان ھالدا قەدەمنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ ماڭغانىدى، توققۇزىنچى ئايلانما باشلىنىش بىلەن ئەڭ ئالدىدىكى ئالمۇرات، تۇرسۇنتايلار بىلەن تەڭلەشتى. ئاخىرقى بىر ئايلانما قالغاندا ئۇ بىردىنلا قولىنى سېلىپ، ئۇزۇپ چىققانچە ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. سۈرئىتى بارغانسېرى تېزلىشىپ، باشقىلارنىڭ يېتىشىۋېلىشىغا يول بەرمىدى. مەيداندا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، خۇددى چاقماق چاققاندەك ھەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلىدى! ئىكرام ئاخىرقى پەللە سىزىقىغا ئېتىلىپ كىرىشى بىلەن بىر نەچچە قىزلار ئۇنىڭ بويىنىغا قىزىل شەلپەر چەمبەرنى ئارتىپ قويدى...

ئەتىسى ئەتىگەندە قايدۇ دەرياسى ساھىللىرى يەنىلا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. سەككىز ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ قىز تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ مۇسابىقىسى ئالدىنقى كۈنىدىكىدەك تۆت مەيداندا ئاياغلىشىپ، تۆت نەپەر قىز بىرىنچى بولدى. قىزلارنىڭ ئۇزۇنغا تېيىلىش مۇسابىقىسى ئاياغلىششى بىلەن ئۇلار ئۆزئارا مۇسابىقىگە چۈشۈپ، پەزلىيە چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى. مۇسابىقىنىڭ 3-كۈنى ھەربىر ناھىيىدىن بىردىن قىز مەيدانغا چۈشۈپ، فىگۇرا كانكىسى بىلەن مۇز ئۈستىدە ھەرخىل شەكىللەرنى چىقىرىپ ماھارەت كۆرسەتتى. باھالاش ھەيئەتلىرىنىڭ باھالىشى ئارقىلىق توغراقلىق دىلەيسەم بىلەن قاراتاللىق پەرۋىنەنىڭ نومۇرى ئوخشاش چىقىپ قالغاچقا، ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قايتا ماھارەت كۆرسىتىپ، دىلەيسەم چېمپىيونلۇققا ئېرىشتى.

رادىئو كانايلىرىدا ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئۇزۇنغا تېيىلىش، مۇسابىقىسى ھەم فىگۇرا كاتىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىدە «بىرىنچى»، «ئىككىنچى»، «ئۈچىنچى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ نامزاتىنى ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېلانچى ئاخىرىدا مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

— رەھبەرلەر، تاماشىبىنلار، تەنھەرىكەتچى ئوقۇغۇچىلار، «بىرىنچى»، «ئىككىنچى»، «ئۈچىنچى» ۋە «رىغبەتلەندۈرۈش» مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئېلان قىلىندى. لېكىن يۇقىرىدىن چېمپىيونلۇق نامزاتىغا بىرلا سان بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن پەزلىيە بىلەن ئىكرامنى قايتا ئىككى مىڭ مېتىرلىق مۇسابىقىگە سېلىپ، چېمپىيوننى بېكىتىپ چىقىمىز. ئۈتتۇرۇپ قويغىنى بىرىنچى دەرىجىلىك قاتارىدا مۇكاپاتلىنىدۇ.

نەچچە مىڭلىغان تاماشىبىنلارنىڭ بىردەك قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىشى بىلەن مەيدان بىر پەس سۈرلۈك جىمجىتلىققا ئايلانغاندەك بولدى. تەنھەرىكەتچى ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان ئىكرامنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئوغرىلىقچە گۈزەل بەرنا ھۆر پەرىشتە پەزلىيەگە تىكىلدىيۇ، ئەيمىنىپ ئاياغ يىپىنى چىگىتقان بولۇپ مۈزغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى 15 ياشلىق پەزلىيەگە كۈچ ـ مادار، ئۈمىد ئاتا قىلدى. بالاغەت بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ئوغۇللارنىڭ بىرەر قىز ئالدىدا قىزىرىپ، تاتىرىپ ھەم ئەيمىنىپ گەپلىرىنى تاپالماي قېلىشى، ئۇنىڭ ئاشۇ قىزنى ئېيتقۇسىز ئۇلۇغلىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان روھىي ھالەت بولۇپ، يۈرەككە تالىق تولىمۇ نازۇك چىن ھېسسىياتتۇر! بۇنداق ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان پىسخىك ئاجىزلىق ئۆز ئىگىسىنى ئەينەك ئۈستىدىكى سىمابتەك تىترىتىۋاتقاندا، ئۇنى پىنھان

ھالدا يىپسىز باغلىنىۋالغان گۈزەل تۈرگۈنلۈك بىلەن يېقىنلاشسا ياكى قەلب تارلىرىنى چەككۈدەك شېرىن سۆلكەت بولالىسا، قارشى تەرەپنىڭ سۆڭەكلىرى ئۆگە ـ ئۆگىلىرىدىن بوشاپ كېتىدۇ ـ دە، تورغا ئىلىنىپ قالغان ھاشاراتتەك ئۆمۈچۈك قىزنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىدۇ! ...پەزىلىيە ئەتراپىغا لەپپىدە بىر قاراپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىكرامنىڭ قېشىغا كەلدى:

— ئىكرام، — پەزىلىيە ئىكرامغا ئېگىشىپ، ئاستا شىۋىرلىدى، — ئىكرام تۇۋا، يۈرىكىم ئەجەب سىيلىپ كېتىۋاتىدۇ دېسە، بۇ شادلىق، بەخت ھاياجىنىمدىن بولسا كېرەك. ئىككىمىزنىڭ بىللە مۇسابىقىگە چۈشۈشىمىز ھاياتىمىزدىكى ئۇلۇغ، سائادەتلىك، ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالغۇسى! سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟

— بىلمەيمەن، — ئىكرام ئورنىدىن تۇرغان بولسىمۇ قىزغا قارىمىدى، — رادىئو كانىيىدىن ئىككىمىزنى پەللە سىزىقىغا چاقىرىۋاتىدۇ، قېنى سىز مېڭىڭ.

دەرۋەقە، پەزىلىيە ئىكرامدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مۇز ئۈستىدىكى ماھارىتى: چەبدەسلىك بىلەن پۇت ئالماشتۇرۇپ ئايلىنىشى، كۈچ توپلاپ ئاخىرىدا ئېتىلىپ چىقىشى، قول ـ پۇتلىرىنىڭ بىردەك ماسلىشىشى، ھەرقانداق خەتەرلىك پەيتلەردىمۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىشى، سۈرئەت تېزلىكى قاتارلىقلار ئانىسى فىدۇتىيەنىڭ ئەينى يىللاردا پەزىلىيەگە ئۆگەتكەن مۇز ئۈستى تەربىيە ـ نەسىھەتلىرى ئىدى. شۇنداق ئىكەن، ئىكرامغا ھەقىقىي كۈشەندە بولالامدۇ، يوق!

بېشى دۈپدۈگىلەك، قارىغا مايىل مىسىرەڭ چىراي، قىزلاردىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىك، قارا كۆزلۈك، لېكىن دائىم قاپىقىنى تۈرۈپ يۈرىدىغان بۇ تارىم بالىسى چىرايلىق قىزغا ھەم ئۇلارنىڭ نازلىرىغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ئەمىسە ئۇ نېمە ئۈچۈن پەزىلىيەگە

تىكىلىپ قارىيالمايدۇ؟ شۇنداق، ئۇ نومۇسچان بالا! نومۇسچانلىقمۇ بەزى ھاللاردا ئاجىزلىق رولىنى ئۆتەپ، ئىگىسىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

كىچىكىدىن تارتىپلا زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە رۇس ئانىسىنىڭ تەلىمىنى ئالغان پەرلىيە قولىدىكى ئاپئاق يۇڭ پەلىيىنى سىلىپ يېنىغا كەلگەن پەرۋىنەگە تۇتقۇزدى. ئوماق پەرۋىنەنىڭ چىرايلىق، سۇس كۆك كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چوڭ ئېچىلدى.

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ، ھەدە؟ تېز يۈگۈرگەندە بارماقلىرىڭ ئۈششۈپ قالىدۇ جۇمۇ.

— كارىڭ بولمىسۇن. مەن ... مەن ...ئۇنى چوقۇم يېڭىشىم كېرەك.

— سېنىڭ يېڭىشىڭگە پەلەي نېمىگە پۇتلىشىدۇ؟

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، — پەرلىيە سىڭلىسىنىڭ غەزەپلىك چىرايىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى، — پەرۋىنە باشقىچە ئويلاپ قالما، قولۇم پەلەيدە قىزىپ كەتتى، شۇڭا سېلىۋەتتىم...

پەرۋىنە مەيدانغا لەرزان تېپىلىپ كىرىپ كېتىۋاتقان ھەدىسىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ تۇردى. پەرلىيەنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىكرام پەرۋىنەگە لەپپىدە قاراپ، دوستانە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھەدىسىنىڭ «مەن ئۇنى چوقۇم يېڭىشىم كېرەك» دېگەن سۆزىدىن كۆڭلى خىرە بولۇپ قالغان پەرۋىنە ئىكرامغا تەسەللى بەردى:

— ئىكرام، بەردەمرەك بولۇڭ، ھەرگىز ھودۇقماڭ ...بارلىق ماھارىتىڭىزنى ئىشقا سېلىڭ...

— بولىدۇ، — ئىكرامنىڭ قىزغا چىن دىلىدىن سۆيۈنگەنلىكى چىرايىدىن بىلىنىدى، — دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن.

ئىكرام، ھەدىسى تۇرغۇچىدا ئۆزىگە خەيرخالىق قىلىۋاتقان



پەرۋىنەدىن مەمنۇن بولدى. شۇڭا ئۇ قىزغا قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، پەللە سىزىقىغا يېتىپ كەلدى، بەلگە تاپانچىسىنى تۇتقان باشقۇرغۇچى ئىككى ماھىرنى تۇز سىزىق ئىچىگە تۇرغۇزۇپ، قائىدە ـ نىزاملارنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، قول سائىتىگە قارىدى ھەم ھايال بولمايلا تاپانچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تەپكىسىنى باستى.

مەيداندا باشقىدىنلا چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئىكرام بىلەن پەزلىيە كەڭ ۋە ھەيۋەت كۆپكۆك مۇز مەيداندا خۇددى ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. پەزلىيەدىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم ئارقىدا كېلىۋاتقان ئىكرام بەزىدە ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن جىددىيلەشكەن تۇغراقلىق باللاردىن دىلەيسەم، خانئايىملار بارماق ئۇگىلىرىنى چىشلىسە، ئىمىنجان، ئەخمەت قوللىرىدىن قارس چىقىرىپ، ئۇياق ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى ھەم تاماشىبىنلارغا قاراپ: «ماۋۇ گۇيلار زوۋانىنى باسسا نېمە» دەپ تىللايتتى. ھەدىسىنىڭ بىنورماللىقىدىن ئەنسىرىگەن پەرۋىنە بولسا پەزلىيەنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ كۆزەتمەكتە ئىدى. ئىككى «رەقىب» گويا چېمپىيونلۇقنى «سەن ئال، ياق سەن ئال» دەپ بىر ـ بىرىگە ئۆتۈنۈۋاتقاندەك بەزىدە پەزلىيە، بەزىدە ئىكرام ئالدىغا ئۆتەتتى. بۇنداق جىددىي ھالەت قايتا ـ قايتا تەكرارلاندى. ھەر تەكرارلانغاندا مەيداندىكى چۇقان ـ سۈرەن پەللىگە ئۆرلەيتتى. ئۈچ ئايلىنىش ئاخىرلىشىپ ئاخىرقى ئايلانمىغا كىرگەن ھامان ئىكرام بىلەن پەزلىيەگە قارىغاندا مەيداندىكى تاماشىبىنلار دەھشەتلىك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى دېگۈدەك قاراتاللىق بولغاچقا، پەزلىيەگە مەدەت تىلەپ ۋارقىرىشاتتى. قوللىرىنى كۆتۈرۈپ نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. ھەتتا بەزى قىز ـ چوكانلارنىڭ سەت چىرقىراشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

بىردىنلا ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىكرام سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى،

پەزلىيە ئۇنىڭغا ياندىشىپ بىر سىزىققا توغرىلاندى. ئىكرامنىڭ مەيداننىڭ ئۇ بېشىغا چىقىپ، ئايلانمىننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىككى يۈز مېتىر مۇساپىدە شىددەت بىلەن ئۇزۇپ كېتىش پىلانىننىڭ بارلىقىنى سېزىپ قالغان پەزلىيە ئىكرامدىن بىرقەدەممۇ قالماي تەڭ ماڭدى. ئۇلار تەنھەرىكەتچىلەر، ناھىيە، شەھەر رەھبەرلىرى ئولتۇرغان باشقۇرۇش ئورنىدىن ئۆزۈپ، مەيداننىڭ ئۇ بېشىغا ئاز قالغاندا، پەزلىيە ئۇياق ـ بۇياققا غىل ـ پاللا قارىدى ـ دە، ئىكرامغا يېقىنلاشتى. ئىكرام داجىغانسىرى سوغدىشىپ كەلدى. ھەم ئۇنىڭ كەڭ تاشلاپ كېلىۋاتقان قوللىرى يۇمشاق، يۇمران، ئاپئاق بارماق ۋە ئالىقانلار ئىكرامنىڭ بۇيۇن ـ يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قىزنىڭ قاپقارا شەھلا كۆزلىرىدىن، يالتىراپ تۇرغان قىياقتەك قاراشلىرىدىن، ئۇپا ـ ئەڭلىكسىزمۇ ئاق مەرمەردەك چىھرىگە ياراشقان ھال رەڭ لەۋ ۋە مەڭزىلىرىدىن، ناۋات ئېرىتمىسىدەك ئېقىپ چۈشكەن ئېگىز بۇرۇنلىرىدىن، قىسقىسى، نۇقسانسىز لاتاپىتىدىن ئەيمىنىپ كېلىۋاتقان ئىكرام قىزنىڭ بۇ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ دەرھاللا ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشى تەگىپۇگۇلۇقىنى يوقاتتى ـ دە، خاككىنىڭ ئۇچى پۇچۇلغان مۇز كاۋاكچىسىغا قادالدى. تېز كېلىۋاتقان ئىكرام تىزلانغىنىچە يىقىلىپ، ئون نەچچە قەدەم يەرگە تېيىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇزغا تىرىۋالغان ئالىقانلىرى تىتىلىپ قاناپ كەتكەنىدى. ئەمما پەزلىيە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۈزۈپ كەتتى...

قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن باشقۇرغۇچى بىلەن پەرۋىنە ئىكرامنى قولتۇقلاپ باشقۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ كەتتى. تەنھەرىكەتچىلەر ئۇنى گۇررىدە ئورىۋېلىشتى. بوينىغا قىزىل شەلپەر ئېسىلغان پەزلىيەمۇ توپ ئارىسىغا كىرىپ ئەھۋال سورىغان بولدى. لېكىن، ئىكرامنىڭ ئالىقانلىرىنى تېڭىۋاتقان پەرۋىنە ھەدىسىگە ئالىيىپ قاراپ قويدى. چۈنكى، ئۇ باشتىن ـ

ئاخىر مەيداندىن، مۇسابىقىگە چۈشكەنلەردىن كۆز ئۈزمىگەچكە، ھەدىسىنىڭ ئىكرامنى قىستاپ كەلگەنلىكىنى، قولىنى سۇنۇپ تېمىدۇر قىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالغاندى. شۇڭا، ئۇ پەزلىيە ئىكرامنى چاندۇرماي ئىتتىرىۋەتتىمىكىن دەپ گۇمان قىلاتتى.

— ئىكرام، - دېدى پەرۋىنە پەزلىيەنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك قاتتىق تەلەپپۇزدا، — بىر ئوبدان كېتىۋېتىپ، ھەدەم يىقىنلاشقان ھامان ئەجەب يىقىلىپ چۈشتىڭىزغۇ؟…

— مەن …مەن… — ئىكرام پەزلىيەگە قارىدىيۇ، دۇدۇقلاپ كەتتى، — كانكىيىم …تۇيۇقسىزلا…مۇز كاۋىكىغا قادىلىپ قالدى…

— سىز شەكسىز چېمپىيون بولاتتىڭىز، — ئىكرامنىڭ پەزلىتىدىن ئوڭايسىزلانغان پەزلىيە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ يەرگە قارىدى، — ئەپسۇس، ئەجەب كېلىشمەسلىك بولدى.

— ھېچقىسى يوق، ئۆزۈمنىڭ كالاتپايلىقىمدىن بولدى. سىز ھەقىقەتەن ئۇستىكەنسىز…

— نەدىكىنى، — پەزلىيە نومۇس كۈچىدىن بىردىنلا قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى، — سىز …سىزنى ئۇستاز تۇتقۇدەك ماھارىتىڭىز باركەن.

— مەسخىرە قىلماڭ…

— راست دەۋاتىمەن، — پەزلىيە ئاپئاق قوللىرىنى ئەمدىلا كۆتۈرۈۋالغان كۆكسىگە قويدى، — ئىككى كۈندىن بېرى سىزگە چىن دىلىمدىن قايىل بولۇپ قالدىم.

ئىكرامنىڭ ئالىقانلىرىنى تېڭىۋاتقان پەرۋىنەنىڭ قۇلاقلىرىدا پەزلىيەنىڭ «ئۇنى چوقۇم يېڭىشىم كېرەك…»، «سىنىڭ كارىڭ بولمىسۇن» دېگەن سۆزلىرى قايتا تەكرارلىنىش بىلەن «تېخى قايىل بولۇپ قاپتىمىش» دەپ پەس ئاۋازدا غۇدۇراپ قويدى. سىڭلىسىنىڭ نېمىدۇر دەپ غۇدۇراۋاتقانلىقىنى سەزگەن پەزلىيە ئىكرام بىلەن پەرۋىنەگە تۇيدۇرماي قاراپ قويدى.

ئىكرام، پەرۋىنە، پەزلىيەلەرنىڭ ئۆز ئارا سۆزلىشىپ كېتىشى، بىر — بىرىدىن كەچۈرۈم سوراشلىرىدىن ئالمۇراتنىڭ ئىچى تىتىلدىدى. بولۇپمۇ پەزلىيە بىلەن ئىكرامنىڭ قىزىرىپ، تاتىرىپ، بىر - بىرىگە تىكىلىپ قارىيالماي، سۆلكەت قىلىپ كېتىشلىرى ئالمۇراتنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتتى. ئۇ ئىكرامنى گەجكىسىدىن سۆرەپ، سورۇن سىرتىغا تاشلىۋەتكۈسى كەلدى. بىراق پەزلىيەدىن تەپ تارتىپ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتاتتى.

چۈشتىن كېيىن مۇكاپاتلاش يىغىنى ئېچىلدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن مەيداندىكى ئادەملەر تارقىلىشتى. ئىككىلا ئالىقىنى ئاق داكىدا تېڭىلغان ئىكرام ئورنىدىن تۇرغاندى، پەزلىيە ئۇنىڭ ئېگىز قامەتلىك گەۋدىسىگە، كەڭ كۆكرەكلىرىگە يوشۇرۇنچە زەن سالدى. بۇ بالا ئۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمىغىنى بىلەن پەرۋىنەدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيتتى.

— دوست بولۇپ قالايلى، ئىكرام، — پەزلىيە قولىنى سۇندى، — «مەن سىزگە قايىل بولۇپ قالدىم» دېسەم ئىشەنمەيسىز. مېنىڭ ئادەتتە دوستلىرىممۇ يوق. چۈنكى ئاسانلىقچە بىر كىمگە قايىل بولمايمەن.

توپ ئارىسىدا ئاشخانىغا كېتىۋاتقان ئالمۇرات ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان قەدەر پەزلىيەگە قانچىلىك تاتلىق گەپ، خۇشامەت، تەكەللۇپلارنى قىلمىدى؟ لېكىن پەزلىيەدىن كۆڭۈل سۆيۈنگىدەك بىرەر ئېغىز گەپ چىقمىدى. ھەتتا بىر قېتىم ئالمۇرات بەك كۆچۈكلىنىپ، تېتىقسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىپ كەتكەندى، پەزلىيە نان بەرگەندەك ئىشارە بىلەن: «كىت ... كىت... كىت...» دەپ ئۇنى كۈچۈككە ئوخشاتقانىدى. مابا ھازىر بولسا ئىكرامغا ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ، قايتا - قايتا «سىزگە قايىل بولۇپ قالدىم» دەۋاتقىنىنى قارا... خەپ توغراقلىق داڭگال، خۇلاسە يىغىنى ئېچىلىپ بولسۇن، يۇرتۇڭغا



www.uyghurkitap.com

قايتىدىغان چېغىڭىزدا ئىسىڭىزدىن چىقمىغۇدەك ئۇچۇقداپ قويمىسام...

— پەرلىيە، سىز قايىل بولغانلىقىڭىزنى بىر نەچچە قېتىم دېدىڭىز، — دېدى ئىكرام يەنىلا پەرۋەنىگە تىكىلگەن هالدا، — ئەگەر قايىل بولۇش توغرا كەلسە، پەخرۇللاغا قايىل بولسا بولىدۇ. بۇ قېتىم ئۇنىڭ دادىسىنىڭ كونا پوت ئاغرىقى قوزغىلىپ قالغاچقا، ئۇ مۇسابىقىگە كېلەلمىدى.

— پەخرۇللا دېگەن كىم ئۇ؟

— مېنىڭ ئاغىنەم، كىچىكىمىزدىن تارتىپ ئويناپ چوڭ بولدۇق، ماڭا كانكى تېپىشنى شۇ ئۆگەتكەن.

— ئۇ سىزدىمۇ ئۇستىما؟

— لاپ دەپ قالماڭ، — ئىكرام يەنىلا يەرگە قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — ئۇ پۇتىغا كانكى باغلىسا، ئۇنىڭغا ھېلىغۇ ئادەمكەن، جىن - شاياتۇنلارمۇ يېتەلمەيدۇ.

— نېمە دەيدىغانسىز؟

— ئىكرام توغرا دەيدۇ، — دېدى باياتىن جىم كېلىۋاتقان دىلەيسەم، — پەخرۇللا خاككى بولامدۇ ياكى فىگۇرا دەمسىز سويۇۋېتىدۇ دەڭا.

— بۇ گەپچە، — پەرۋەنەمۇ گەپكە ئارىلاشتى، — سىزنىڭ فىگۇرىدا چېمپىيون بولۇشىڭىز ئاساسسىز ئەمەسكەندە.

— بىز تارىم بويىدىن كەلگەن، — ئىمىنجان، خانئاي، دىلەيسەم، ئىكراملارغا قاراپ قويدى، — باللارنىڭ ھەممىسى پەخرۇللادىن ئۆگەنگەن، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى مۇزەپپەر ئاكىنىڭ قىلمايدىغان ھۈنىرى يوق.

— ئاشۇ پۇتىنىڭ كېسىلى بار ئادەممۇ، — ياندۇرۇپ سورىدى پەرلىيە، — نېمىشقا بوستان شەھىرىگە ياكى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ داۋالاتمايسىلەر؟

— ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمەيدۇ، —

خانىلاي يەرگە قاراپ كېتىۋېتىپ قوشۇپ قويدى، — بولمىسا مۇزەپپەر ئاكىمىز ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشتىن تارتىپ، كانكى تېپىلىش، تەپكۈچ تېپىش، قاتار، شاھمات ئويناشلارغىچە ھەممىنىڭ پىرى.

— ۋاي تووۋا، ئەجەب تالانتلىق ئادەمكىنە، — پەرۋىنە ئىنكرامغا قاراپ قويدى، — بۇ قېتىم ئۇ ئادەمنىڭ كېيىنلى قوزغىلىپ قېلىپ ئوغلى پەخرۇللا كېلەلمەي قاپتۇدە.

ئالمۇرات پەرۋىنە بىلەن پەزىلىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان ئىنكرامغا پات ـ پاتلا غىجىنىپ قاراپ قوياتتى ھەم ئاغىنىسى نۇرزاتقا نېمىدۇر دەپ پىچىرلايتتى. ئۇلار تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ تامىقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان 2ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئالدىغا كەلگەندە، پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنە دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭدى. قالغانلار ئوتتۇرا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن قاراتال ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن زالىدا ئۈچ كۈنلۈك كانكى مۇسابىقىسىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، تەنھەرىكەتچىلەر ئېرىشكەن دەرىجىسى بويىچە ئىچى يۈگلۈق ھەربىيچە ئاياغ، پوپايكا، چايدان، دەپتەر، خاتىرە، قەلەم ۋە ئەينەك رامكىلىق تەقدىرنامىلەر بىلەن مۇكاپاتلاندى. مۇكاپاتلاش ـ تەقدىرلەش ئاياغلىشىشى بىلەن قاراتال ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ئابدۇسالام قادىر «تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش» ھەققىدە سۆزلىدى. ئاندىن قاراتال ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەنتەربىيە سارىيىنىڭ مۇدىرى جاۋىيەنگۇاڭ «تەنتەربىيە ۋە ساغلاملىق» دېگەن تېمىدا ماقالە ئوقۇدى. ئاخىرىدا بوستان شەھەر باشلىقى ئىسلام نىياز «مەكتەپلەر ئارا تەنتەربىيە دوستلۇق مۇسابىقىلىرىنى قانات يايدۇرۇش»نىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە توختالدى. شەھەر باشلىقىنىڭ نۇتقى ئاخىرلىشىشى بىلەن يىغىن رىياسەتچىسى مىكرافون ئالدىغا كېلىپ، ئۈچ كۈنلۈك كانكى مۇسابىقىسىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى

جاكارلاپ، مۇنۇلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى:

— بۈگۈن كەچ تەنھەرىكەتچىلەرنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدا گۆشلۈك پولۇ ① بىلەن مېھمان قىلغاندىن كېيىن قاراتال ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى كونسېرت ئورۇنداپ بېرىدۇ. ئەتە ئەتىگەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ماشىنىسىدا تەنھەرىكەتچىلەرنى بوستان شەھىرىگە ئاپىرىپ، قاتناش بېكىتىدىن ھەرقايسى ناھىيىلەرگە يولغا سالىدۇ.

كەچلىك زىياپەتتىن كېيىن قاراتال ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى كونسېرت باشلىدى. چېمپىيونلۇقنى تارتقۇزۇپ قويۇپ خۇددى چىۋىن يۇتۇۋالغاندەك بولۇپ قالغان ئىكرامغا ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋا خۇشياقمىدى. ئۇ زالدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئالمۇرات بىلەن نۇرزاتمۇ قىسقىلا قۇلاق يېقىشۋالغاندىن كېيىن غىپپىدە قىلىپ سىرتقا ماڭدى. باياتىن بېرى ئۇلارغا پات - پاتلا قاراپ قويغان ئويۇن كۆرۈۋاتقان پەرۋىنە ئىكرامدىن ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، ئالمۇرات بىلەن نۇرزاتنىڭ پەيلى يامان ئىدى. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىغا چىققاندىن بېرى پەزلىيىگە قانات سۆرەپ يۈرگەن ئالمۇرات، پەرۋىنەگە خام تەمەدە بولۇۋاتقان نۇرزاتلار مۇسابىقە باشلانغان ئۈچ كۈندىن بېرى قاراتالنىڭ بىر جۈپ ئەترگۈلىدىن قىزغىنىپ كۈنداشلىق قىلىۋاتاتتى. چېمپىيونلۇق ۋە بىرىنچىلىكنى تالىشىش غەرىزىدىمۇ يۇرتۋازلىقنى ئاساس قىلغانىدى.

پەرۋىنە «ماڭا زەن سېلىۋاتقانلار بارمۇ، يوق» دېگەندەك ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۈمۈ زالنىڭ يان ئىشىكىدىن كەڭ قورۇغا چىقتى. كەچ تەرەپتە ياغقان قار ئايدىڭدا چىچىلىپ كەتكەن ئۈنچە - مەرۋايىت ئۇۋاقلىرىدەك ۋىلىقداپ

① قىسمەنچىلىق يىللار بولغاچقا، گۆشلۈك پولۇ بىلەن مېھمان قىلىش چوڭ زىياپەت ھېسابلىناتتى.

كۆزنى چاقاتتى. گۈلخان تەكچىلىرىدىكى قۇرۇغان، سولغان گۈل بەرگلىرى قار ئاستىدا قالغان بولۇپ، ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى يالىڭاچلانغان كۆك تېرەك، سۆۋادان، قاپاق تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالغان قاغىلار ئۈزلۈكسىز «غۇرق - غۇرق» قىلىشىپ قوياتتى. ئۇلار خۇددى يېپىقا تىزىلغان قارا مارجانلاردەك كۆرۈنەتتى. پەرۋىنە قارلارنى غىچىرلىتىپ دەسسەپ چوڭ يولغا چىقتى. بۇ يەردىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پەقەت كۆز يېتىم يەردە يامغۇر بولۇتىدەك قاپقارا بىر سايە تۇراتتى. ئۇ يەردە قايدۇ دەرياسىدىن بۆلۈنۈپ ئاققان بىر ئېقىن بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر «قارا ئۆستەڭ» دەپ قوياتتى. قاپقارا سايە بولسا ئۆستەڭ ئەتراپىدىكى كىچىك ئورمان ئىدى. تىمتاس كوچىدىن تېنى ئەيمىنىپ قالغان پەرۋىنە تېلىقىپقىنە ئورمانغا كەلدى. بىراق دەرھاللا يوغان بىر توپ سۆگەتنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى، چۈنكى توڭلاپ كەتكەن ئۆستەڭ بويىدىكى يارداڭلىقتا قاپقارا ئۈچ گەۋدە نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋاقىرىشاتتى:

— ھەي توغراقلىق تومپاي، سەن تېخى قاراتاللىق قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلغۇدەك بولدۇڭما؟ — بۇ ئالمۇراتنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئۈچ كۈننىڭياقى گەپ قىلمىسام ئەجەب ئۆزۈڭنى بىلمەي شىلتىڭ ئاتتىسىنا.

— زوۋانىڭغا بىر تېپمە كەپلىشىپ قالدىما گۇي، — نۇرزاتنىڭ دىققاق گەۋدىسى ئايدىڭدا ئېنىق كۆرۈندى — پەرۋىنە قوللىرىڭنى تېڭىپ قويغاندا «مېنى ياخشى كۆرىدۇ..» دەپ ئويلاپ قالدىڭما، لاتا؟...

كىچىككىنىلا تارىم دەرياسىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۆزۈپ، توغراق كۆتەكلىرىنى دەس مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ، نە - نەلەرگە يۈدۈپ ئېلىپ كېتىدىغان ئىكرام كۈچتۈڭگۇر، چەبدەس، قەھرىلىك بالا ئىدى. گەرچە ئۇ 16 ياشتا بولسىمۇ، ئېگىز قامەتى، كەڭ كۆكرەكلىرىدىن قىران يىگىتتەك تەسىر بېرەتتى.

ئۇ ئالدىدىكى مۇنۇ ئىككى مۇتتەھەمنى بىر تېپىپ، بىرھامما بىلەن يەر چىشلىتىپ قويالاتتى. بىراق، ئۇ قاراتالغا مېھمانىدا مېھمان ساھىبخانىنى ئۇرغان نەدە بار؟!

— ئاغىنىلەر، سىلەر بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق ئاداۋىتىم بولمىسا، نېمىشقا بىكاردىن ـ بىكار ئادەم تىللايسىلەر؟— ئىكرام قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى، — پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە ئەخلاقلىق، ياخشى قىزلاركەن، ئۇلار مەن بىلەن مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلاشسام بولمامدىكەن؟

— ھەي ماز ئوغرى، — ئالمۇرات بىگىز قولىدا ئىكرامنىڭ بۇرنىنى ئىلىۋەتتى، — ئۇلار نۇرزات ئىككىمىزگە تەئەللۇق قىزلار، ئۇقتۇڭما؟ نەدىكى تارىم جاڭگاللىقىدىن كېلىپ ئاشۇلارغا كۆزۈڭ چۈشتىما؟

ئالمۇرات بىگىز بارمىقىنى يەنە شىلتىغانىدى. ئىكرام ئۇنىڭ قولىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ سىلكىپ تاشلىۋەتتى.

— ھەي، قولۇڭ جىم تۇرسۇن بولامدا،— ئىكرام ھۆرپەيدى، — تولا شىلتىۋەرمە، ئەگەر مېنىڭ قولۇم كۆتۈرۈلسە، ئۇ چاغدا ئويۇنىمىز يوغىناپ كېتىدۇ.

— ۋۆي، ماۋۇ جاڭگالنىڭ ياۋا ئۆچكىسى ھالىغا باقماي يوغان سۆزلەيدا، — ئالمۇرات مۇشت ئاتقانىدى، ئىكرام ئۇنى بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمىدى.

— قولۇمنى قويۇۋەت ، قويۇۋەت دەيمەن... ھېلى بىكار...

قولىنى كۈچەپ سىلكىپ تەستە ئاجرىتىۋالغان ئالمۇرات بىرنەچچە قەدەم ئارقىغا سەندۈرۈلۈپ كېتىپ، يىقىلىپ چۈشكىلى ئازلا قالدى. بۇ چاغدا نۇرزات ئۇچقاندەك كېلىپ مۇشت ئاتتى. بىراق ئىكرام ئۆزىنى شارتلا قاچۇرۇشى، ئۆزىنى توختىتىپ ئالالمىغان نۇرزات تېيىلغان پېتى ئۆستەڭ ئۆستىدىكى مۇزغا ئوڭدىسىغا يىقىلدى. بۇ ئەسنادا ئالمۇرات ئىكرامنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت سىلىۋەتتى. باياتىن بېرى بىھۇدە

تىل ـ ھاقارەت ئىششىتىپ خورلۇق ھېس قىلغان ئىكرام يۈزىگە تەگكەن مۇشتتىن ئەرۋاھى ئۇچۇپ، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئۇ غۇلاچ تاشلاپ بىر مۇشت ئېتتىشى، ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئالمۇرات مۇز ئۈستىگە تىكلا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئىڭراپ قوللىرىغا تايىنىپ ئورنىدىن ئاران تۇرۇشى، يەنە بىر پەشۋادىن نەچچە غۇلاچ يەرگە پاقچىلاپ تېيىلىپ بېرىپ يېتىپ قالدى. بۇ چاغدا نۇرزات ئىكرامنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالغانىدى، ئىكرام مۇز ئۈستىدە بىرلا يۇمىلاپ ئۇنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ، قارىقويۇق ئۇرۇپلا كەتتى. ھېچ بولالمىغان نۇرزات ئاخىر ۋارقىرىۋەتتى.

ــ ۋايجان بولدى.. بولدى قىلايلى... مەن، مەن خۇش بولاي... ئالمۇرات قېنى سەن؟

ئالمۇرات ئاغىنىسىنىڭ ئېچىنىشلىق زارىنى ئاڭلىغان ھامان مۇز ئۈستىدە يىقىلىپ قوپۇپ قاچتى. ئىكرام نۇرزاتنى گەجگىسىدىن قامالىغىنىچە مۇز ئۈستىدە سۆرەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى.

ــ ئالمۇرات، ئاغىنەڭنى ئېلىپ كەت، بولمىسا كېچىچە مۇز ئۈستىدە توڭلاپ ئۆلۈپ قالىدۇ...

ــ ئىكرام... ئىكرام توختاڭ، بولدى قىلىڭ!...

ئىكرام ئارقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان نازۇك بىر كۆلەڭگىنى كۆرۈپ دەرھاللا توختىدى. ئۇ باياتىن بېرى دەرەخ غولىنىڭ دالدىسىدا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغان پەرۋىنە ئىدى. بۇ قىزنىڭ يەردىن ئۇنگەندەكلا پەيدا بولۇشى بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلغاچقا، ئىكرام تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن نۇرزات ئۆمىلەپ قوپۇپ قاچقانىدى. بىرنەچچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا مۇزدا تېيىلىپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى ـ دە، يەنە شۇ ھامان ئورنىدىن ئالمان ـ تالمان تۇرۇپ قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن ئىكرام ۋە پەرۋىنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

— پەرۋىنە، سىز ئەجەب…

— ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ مەن سىزدىن ئەنسىرەپ..

— مەندىن ئەنسىرەپ؟ نېمىشقا ئەمدى..

— مەن سىلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان، ئۇلارنىڭ بىر ئىش چىقىرىدىغىنىنى بىلەتتىم.

— بەك يامانكەنسىز جۇمۇڭ.

— يامان دېگەن سىز، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئەجەب بەردىڭىز.

— تېخى ئاياپ قويدۇم. نېمىلا بولسا مەن سىلەرنىڭ قاراتالغا مېھماندە، — ئىكرام قىزنىڭ ئايدىڭدىكى چىرايلىق سىيماسىغا قارىدى، — پەرۋىنە، ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ قالدىم. خاپا بولدىڭىزما؟

— نېمىشقا خاپا بولغۇدەكمەن.

— ئالمۇرات… بىلەن نۇرزات.. بايا سىزمۇ ئاڭلىغانسىز؟

— ئاشۇ مازلارنىڭ گېپىگە پۈتتىڭىزما؟ ھېلىغۇ بىز كىچىك، رەسىدە بوسۇغىسىغا قەدەم قويغىنىمىزدىمۇ ئۇلارنى قولىمىزغا سۇ قويغۇزمايمىز..

ئۇلار ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدىدىكى تاشيول بىلەن پەسلەپ مېڭىپ قايدۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا يۈرۈپ كەتتى. زالدىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا ـ سازلارنىڭ ئاۋازىمۇ بارغانسېرى سۇسلىشىپ ئاخىر ئاڭلانمايلا قالدى. پەرۋىنەنىڭ زالغا قايتقۇسى يوق ئىدى. 14 يېشىغىچە رۇس ئانىسى فىدۇتىيەدىن تەلىم ئالغان بۇ قىز ئۆز دېمەتلىكلىرى ئانچە تېگىگە يېتەلمەيدىغان مەدەنىيەت، تۇرمۇش، دوستلۇق، بۇرچ بىلىملىرى ساۋاتىغا ئىگە ئىدى. ئۇ ئىكرامنىڭ فامەتلىك گەۋدىسى، قارىغا مايىل بۇغداي ئۆڭ چىرايى، يالتىراپ تۇرغان قارا قاشلىرى، ئېگىز قاڭشارلىق بۇرنى، چوڭ كۆزلىرىگە قاراپ: «ئەجەب سىن ـ سىپاتى قاملاشقان بالىكەن» دەپ زوقلانغانلىقى راست، بىراق ئۇ ئىكرامنىڭ ئېغىر ـ بېسىق، گەپ ـ سۆزلىرى يوللۇق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان،

تەمكىن خاراكتېرىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى. بولۇپمۇ، بۇ بالىنىڭ ئوغۇلبالىچىلىقى ھەرقانداق ئادەمنى قايىل قىلىپ قوياتتى. ھەدىسى پەزىلىيە چېمپىيونلۇقنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىدىن ھېيىقىپ، تارتىنىپ، ئەيمىنىپ تۇرغان بالىنى قانداقتۇر ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ھۇدۇقتۇرۇپ يىقىتىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىكرام گۇناھنى ئۆزى ئۈستىگە ئېلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن قاتتىق خىجىللىق ۋە ۋىجدان ئازابى تارتقان پەزىلىيە پەرۋىنەگە ئەمەلىي بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى. ئەگەر باشقا بالىلار بولغان تەقدىردە چېمپىيونلۇق مۇكاپاتى ئۈچۈن بولسىمۇ توقۇمىنى قارىنىغا ئالغان بولاتتى.

ئىكرام بىلەن پەرۋىنە قايىدۇ دەرياسىنىڭ مۇز تۇتقان قىرغاقلىرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇزدىن چوقچىيىپ چىققان پاخپاق جىگدە، دوناي قارىياغاچ، دوڭغاق سۆگەتلەر ئاي يورۇقىدا كۆكۈچ رەڭ سايىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار يوغان بىر توپ توغراق غولىغا تەڭ يۆلەنگىنىچە نىل رەڭلىك ئاسماندىكى بىر تەرىپى داغلاشقان ئايغا قاراشتى. ئىكرام قىزنىڭ ئاي نۇرىدا تېخىمۇ نۇرلىنىپ، خۇددى مەرمەردەك كۆرۈنگەن سىرلىق سىياقىغا نەزەر تاشلىدى. پاھ، ئۇنىڭ كۆكۈچ نۇرلار چاقنىغان چوڭ كۆزلىرى، يالتىراپ تۇرغان چىرايلىق بۇرنى، ھەر قارىغاندا يۈرىكى سىلىپ كېتىدىغان لەۋ سىزىقلىرى... ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن چىرايلىق كۆكسى..

ئىكرام ئاپئاق قار قاپلىۋالغان قايدۇ دەياسىنىڭ مۇزلۇق بېتىگە نەزەر تاشلىدى-دە، تۇيدۇرماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۇ قاراتاللىق قىزلار ئاينۇر، ئەختەرلەردىن پەزىلىيە ۋە پەرۋىنە توغرۇلۇق خېلى گەپلەرنى ئاڭلىدى. قاراتال شۆبە ھەربىي رايوندىكى بىر جۈپ گۈل بىر جۈپ مېدالدىن ئىبارەت بۇ ئېسىلزادىلەر تارىم بويىدىن كەلگەن توغراقلىق ئاددىي دېھقان بالىسىنى نەزەر كۆزىگە ئېلىشامدۇ؟ ئالغان تەقدىردىمۇ ئىكرام

ئەتىلا نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يۇرتىغا كېتىدۇ، بۇ پەقەت ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى بىر شېرىن چۈش خالاس!

— ئىكرام، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — پەرۋىنە يىراقلارغا قارىغىنىچە سورىدى، — ئەتە يۇرتىڭىزغا قايتىسىز، قىلىدىغان بىرەر گېپىڭىز يوقمۇ؟

— مەن نېمىمۇ دەرمەن، — ئىكرام يەنە چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — راست، بىر گەپنى سورىسام خاپا بولۇپ قالارسىزمۇ؟

— سوراڭ، غۇرۇرۇمغا شىكەستە يەتكۈزىدىغان گەپلا بولمىسا، ھەرگىز رەنجىمەيمەن.

— قاراتاللىق ئاينۇر، ئەختەرلەردىن ئاڭلىشىمچە، سىزنىڭ دادىڭىزنى قوماندان، يا، ياق گېنېرال دېگەندەك قىلدى، راستمۇ؟

— ئۇلار ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، دادام قوماندان ياكى گېنېرال ئەمەس، پولكوۋنىك.

— ئاپىڭىزنىڭ ئورۇس ئىكەنلىكى راستما؟

— راست، — پەرۋىنە ھەسرەتلىككىنە خورسىندى، — لېكىن ئېغىر كېسەل، ھازىر قاراتال ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

— نېمە كېسەل؟

— ئۆپكە تۇبېركۇليوزى، — قىزنىڭ كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىيرىلىپ چۈشتى، — كىشىلەر ئۆرە بولالمايدۇ دېيىشىدۇ.

— ئۇنداق ئۈسەك گەپلەرگە ئىشەنمەڭ، تەڭرىم شىپالىق بېرىدۇ.

— رەھمەت سىزگە.

تىك كۆتۈرۈلگەن ئاي، ئىككى ئۆسمۈرنىڭ چىرايلىق سىيماسىنى كۆكۈچ نۇردا بېزەپ تۇراتتى. مۇز قاپلىغان قايدۇ دەرياسىنىڭ يىراق تامانلىرىدىن سوغۇق شامال ئېسىشكە باشلىدى. كالتە بوبرۇك چاپىنىنىڭ ئېتەك، پەش، يەڭلىرىگە ئاق مېتىس قوي تېرىسىدىن جىيەك تۇتۇلغان پەرۋىنە كىچىك،

نازۇك قوللىرىنى يەڭلىرىگە كەپلەپ تىقتى ھەم ئاستاغىنە شۇركۇنۇپ قويدى. ئۇنىڭ سوغۇققا توڭلىغانلىقىنى سەزگەن ئىكرام «قايتايلى» دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى، ئۇمۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— پەرۋىنە، توڭۇپ كەتتىڭىز - ھە، چاپىنىمنى سېلىپ بېرەيمۇ -يا؟

— يا، ياق، ئانچە توڭلىمىدىم، — پەرۋىنەنىڭ قىزارغانلىقى ئۆزىگە بىلىندى، — لېكىن قولۇم... قولۇم توڭلاپ كەتتى.

پەرۋىنە ئىككى قولىنى يەڭلىرىدىن چىقىرىپ سۇنۇشى، ئىكرام ئىسسىق ئالىقانلىرى ئىچىگە ئېلىپ ئۇۋۇلىدى ۋە ئاغزىدا ھورداپ ئىسسىتتى. ھەتتا ئۇ قىزنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۇمران قول بېغىشلىرىدىنمۇ سىقىمداپ، سىلاپ كېتىشلىرىدىن پەرۋىنەنىڭ كىچىككىنە يۈرىكى تېپچەكلەپ، ئىللىق بىر ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى...

— ئۇھ نېمىدىگەن ھۇزۇر، — پەرۋىنە ئىكرامغا تىكىلىپ قارىيالمىدى، — قولىڭىز ئەجەب ئىسسىقكەن... ئاپام: «كۆڭلىدە يامانلىقى يوق ئادەملەرنىڭ ئالىقانلىرى دائىم ئىسسىق تۇرىدۇ...» دەيدىغان.

— مېنى ئەجەب ماختىۋەتتىڭىز، پەرۋىنە، — دېدى ئىكرام ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئالدىغا كەلگەندە، — بۇ چاغقىچە ھېچكىم مېنى بۇنداق ماختىمىغان، پەقەت «قوپال جىسىم»، «توڭكاي»، «يۈزىدە تۈكى بار»، «تىكەنلىك كىرپە» دېگەندەك تىللار بىلەن سۆپەتلەيتتى.

— راستىما؟— پەرۋىنە ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى، — مۆلچەرىمچە سىز دىتىڭىزغا ياقمىغان ھەرقانداق ئىشقا دۈچ كەلسىڭىز قوپاللىق بىلەن رەددىيە بېرىدىكەنسىز، سۆلكەت قىلىپ ئولتۇرمايدىكەنسىز. شۇڭا، سىزنى قوپال، توڭكاي، يۈزىدە تۈكى بار، دەپ تەرىپلىشىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مانا مانا.... ياخشىلارنىڭ مۇلاھىزە - باھالىرىمۇ ئۆزگىچە بولىدىكەنە..

ھەر ئىككىلىسى كېچىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. لېكىن، پەرۋىنە بىردىنلا مۇڭلىنىپ ئىكرامنىڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئويناپ تېلىقىپقىنا دۇدۇقلىدى:

— ئىكرام، ئەتە كېتىپ قالىسىز... يەنە.. يەنە كۆرۈشەلەرمىزمۇ..

تەقەززالىق ئىلكىدە بېرىلگەن بۇ سوئال جاۋابسىز قالدى. چۈنكى ئۇلار «پەرۋىنە!» دېگەن قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ قاراشتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھويلىسىدىن چىققان پەزىلىيە غەزەپ ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە سىڭلىسى پەرۋىنە بىلەن ئىكرامغا چەكچىيىپ تۇراتتى:

— نەگە يوقالدىڭ؟! سېنى ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى.

— ئىكرام بىلەن دەريا بويلىرىنى ئايلىنىپ كەلدىم.

— پاھ، بېشىڭ نېمانچە چوڭ سېنىڭ؟

— بېشىمنىڭ چوڭلۇقىغا بىرەر ئىسپاتىڭ بارمۇ؟

— زىمىستاندىمۇ دەريا بويلىرىنى ساياھەت قىلغىنىڭغا قارىغاندا، — پەزىلىيە ئاچچىقىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى، — يۈرىكىڭدە باھار چېچەكلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بوشراق ۋارقىرا. ئەگەر راستتىنلا ۋارقىرىغۇڭ كەلسە، زال ئىچىگە كىرىپ ۋارقىرا! — ئىززەت - نەپسى زەرەر يېگەن پەرۋىنە يۈز - خاتىر قىلمىدى، — نېمىگە يولسىزلىق قىلىسەن؟ تەلەپپۇزىڭدىن گۇمانخورلۇق پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ... بۇ ماڭا ھاقارەت!...

ئۆزىنىڭ سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى بولغاي، پەزىلىيە بىردىنلا ھورىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ كەيپىنىڭ بۇنداق ئۆزلەپ قېلىشى، سىڭلىسىنىڭ ناشايان ئىشلارنى

قىلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىك ئەمەس ئىدى. بۇگۇن مۇسابىقە ئاياغلاشقان ھامان ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسى كىيىم ئالماشتۇرغىلى ئۆيىگە باردى. ھەدىسىنىڭ چىرايىدىكى بىرخىل ئۆكۈنۈش ۋە ئازابلىنىش تۇمانلىرىغا زەن سالغان پەرۋىنە، ئىكرامنىڭ قانداق يىقىلىپ كەتكەنلىكىنى سوراپ تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىكرامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋىجدان سورىقىدا تولغىنىۋاتقان بۇ پەزىلەتلىك قىز يىغلىۋەتتى ھەم سىڭلىسىغا ئىكرامنى قانداق يىقىتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. پەرۋىنە «ئىكرامغا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ كەچۈرۈم سورا» دېگەندى. لېكىن ئۇ «ئۇنداق قىلسام يۈز ـ ئابرۇيۇمنى تۆكۈۋالىمەن، سەنمۇ بىر كىمگە تىنما» دەپ تاپىلىدى. ئەمما ئىكرام بىلەن پەرۋىنەنىڭ مۇشۇنداق زىمىستان قىش كېچىسى دەريا بويلىرىنى بىرلىكتە ئايلىنىشى، پەزىلىيەنى دەھشەتلىك گۇمانغا سېلىپ: «ئىكرامغا نومۇسلۇق سىرنى ئاشكارىلاپ مېنى رەسۋا قىلدى» دېگەن ئەندىشە ئۇنى نام ـ نومۇس جەھەتتىن تېگى يوق ھاڭغا تاشلىۋەتكەندەك بولدى. لېكىن پەرۋىنەنىڭ «تەلەپپۇزىڭدىن گۇمانخورلۇق پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ، بۇ ماڭا ھاقارەت!» دېگەن خىتابى ئۇنى سەگىتىپ قويىدى.

— بولدى خاپا بولما، يۈز زالغا كىرىپ كېتەيلى، — پەزىلىيە ئىكرامغا قارىدىيۇ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى، — سىزمۇ قاتتىق ـ يېرىك گەپلىرىمنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، سىڭلىمدىن بەك ئەنسىرەپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئېگىز ـ پەس گەپلەرنى قىلىپ سالدىم.

— يۇقسۇ، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن.

ئەتىسى ئەتىگەندە قاراتال ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قورۇسىنىڭ ئالدى، شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولدى. تۆت ئەتراپى يېشىل بىرىزېنت بىلەن ھىم يېپىلىپ، ئىچىگە نەچچە قات كىگىز سېلىنغان يوك ئاپتوموبىلى ئەتراپىغا ھەرقايسى

ناھىيىدىن كەلگەن تەنھەرىكەتچىلەر ۋە ئۇلارنى ئۇزاتقۇچىلار توپلانغانىدى. ئۇلار بىر ــ بىرى بىلەن قۇچاقلىشاتتى. بەزىلىرى «خەت يېزىپ تۇر » دېسە، يەنە بەزىلىرى «ئۇنتۇپ قالما» دېيىشەتتى. پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنە ئىكرامغا نېمىلەرنىدۇر دەپ چۇشەندۇرمەكتە ئىدى.

ــ ئىكرام، ئالمۇرات بىلەن نۇرزات سىزگە يولسىزلىق قىلىپتۇ، ــ دېدى پەزىلىيە ئوڭايسىزلانغان ھالدا، ــ سىزمۇ ئوغۇل بالا، بۇنى ئەلۋەتتە چۇشىنىسىز، ئۇز يۇرتىنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۇرۇپ يۇرتۋازلىق قىلىدىغان، يۇرت قىزلىرىدىن قىزغىنىپ، ئۇلارنى ئۇز مۇلكىدەك كۇرىدىغان، قوغدايدىغان باللار مېنىڭچە، يامان باللار بولمىسا كېرەك... ئۇلارنى كەچۇرۇۋەتسىڭىز.. ئۇلارمۇ بەك خىجىل.

ــ ھەدەم ئاخشامقى ئىشلارنى ئاڭلاپ بەكمۇ خاپا بولۇپ كەتتى، ــ دېدى پەرۋىنە قىزارغان ھالدا، ــ شۇڭا بۇگۇن ئەتىگەندىلا ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، بەكمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇۋەتتى.

ــ توغرا دەيسىز، ــ ئىكرامۇ خىجىللىقتىن بېشىنى كۇتۇرەلمەي قالدى، ــ يۇرت قىزلىرىنى قوغداش، قىزغىنىش، ئۇلارنى ئۇز قېرىندىشىدەك كۇرۇش، ھەربىر ئوغۇل بالىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى!

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى راسا قىزىۋاتقاندا ئىكرام ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۇرگەن ئالمۇرات بىلەن نۇرزاتنى كۇرۇپ قالدى ــ دە، ئالدىراپ بېرىپ كۇرۇشتى، ئاڭغىچە قىزلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئوغۇللار بىر ــ بىرىدىن كەچۇرۇم سوراپ قول ئېلىشىۋاتقاندا، قاراتال ناھىيىلىك خەلق ھۆكۇمىتى كاتىپى قولىنى كۆتۇرۇپ ۋارقىردى:

ــ بوستان شەھىرىگە بېرىنچى تۇركۇمدە «ئاقتام»، «توغراق»، «يۇلغۇنباغ»، «قومۇشكۆل»دىن ئىبارەت تۆت ناھىيە تەنھەرىكەتچىلىرى ماڭىدۇ، شۇڭا دەرھال ماشىنىغا چىقىڭلار.

ئەتراپتا باشقىدىنلا خۇشلىنىش، قۇچاقلىشىش، قول ئېلىشىش، ئۇنتۇمايمەن، ئۇنتۇمىغىن دېگەن ۋەدىلەرنى بېرىشتەك ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلدى. كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ قالغان پەرۋىنە ئىكرام بىلەن قول ئېلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزۈك مەڭزىلىرىدىن بىر تامچە ياش يۇمىلاپ چۈشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قىيالماي، قىسقىغىنە ۋاقىتتا باغلانغان دوستلۇق رىشتىلىرىگە پايلىماي تۇرغىنىدا، ئۇچقاندەك يېتىپ كەلگەن قاراتاللىق ئاينۇر ھاسىرىغىنىچە بىرھازا نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قالدى.

— پەزلىيە، پەرۋىنە دەرھال ئۆيگە قايتىڭلار، — دېدى ئاينۇر چىراي تاتارغان ھالدا، — ئاپاڭلارنى ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي دوختۇرخانىغا يۆتكىمەكچى.

— نېمە؟ — ھەدە ـ سىڭىل تەڭلا ۋارقىرىۋەتتى، — ئاپام ئۇ...

— قاراتال ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن، — ئاينۇر يىغلامسىراپ دېدى، — ئۈرۈمچىگە دەرھال يۆتكەشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئىكرام، خوش ئەمسە...

— ئىكرام، ئامان بولۇڭ...

— خوش ئاپاڭلارنىڭ تېزراق ساقىيىشىغا تىلەكداشمەن. سىرەھمەت!

ھەدە ـ سىڭىل يۈگۈرگىنىچە ئۇزاپ كېتىشتى. پەرۋىنەنىڭ پات ـ پاتلا ئارقىغا قاراپ، كۆزلىرىنى سۈرتكىنىنى كۆرگەن ئىكرامنىڭ چوڭقۇر نەپەس ئېلىشى، كۆكرەكلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تاشلىدى. «توۋا، ـ دېدى ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ، — بۇ دوستلۇق قانداق تېز قارار تاپقان بولسا، شۇنداق تېز ئايىغلاشتى.. ھاياتتىكى بۇنداق شېرىن چۈش، ئىنسانغا دائىملا نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. خەير ـ خوش، بىر جۈپ ئەتىرگۈل...»

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئىككىنچى باب

# تارىم دەريا بويلىرىدا

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۇزەپپەر دادا، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، پۇتۇڭنىڭ ئاغرىقى قانداقراق؟

— ۋوي بۇ ئىكرام بالامغۇ، سېنى قاراتالدىكى كانكى مۇسابىقىغا كەتتى دەۋاتاتتى. قايتىپ كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

— تۈنۈگۈن كەلدىم. كەلسەم ئانامنىڭ مىجەزى يوق يېتىپتۇ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپاردىم.

— ھەي دەرىخا...، — مۇزەپپەر ئورۇق ئېگىز گەۋدىسىنى روسلاپ سۇپىدا ئولتۇردى، — مېنىڭ پۇتۇم ئۆزۈمگە دەخمىزە بولغىنىدەك، ئاناڭ گۆھەرخاننىڭ بەل ئاغرىقىمۇ ئۇنى ھالىدىن كەتتۈردى، بالام. ھە، قاراتالدىكى ئىشلىرىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولدىمۇ؟

— نەدىكىنى، چېمپىيونلۇقنى تارتقۇزۇپ قويدۇم. يەنە كېلىپ بىر قىز بالىغا دېگىنە.

— ۋوي ئۇ قىز سېنى يولدا قويغۇدەك شۇنداق يامانمىكەن؟

— دادىسى پولكوۋنىڭ، ئانىسى ئورۇسكەن.

— ئورۇس؟!— مۇزەپپەرنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — ھىم مۇنداق دېگىن، ئورۇسلار كانكىغا بەكمۇ ماھىر كېلىدۇ. ئۇ قىزغا ئانىسى ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

— شۇنداقكەن، يەنە كېلىپ ئۇ قىز مۇسابىقە ئۈستىدە سەل ھىيلە ئىشلەتتى.

ــ شۇ، شۇ، بولمىسا سەنمۇ بوش كەلمەيتتىڭ. مېنى پۈتۈم ھەلەلسكۈمغا سالمىغان بولسا، پەخرۇللامۇ بارغان بولاتتى. ھەسسىنە، ئۇنىڭ ئالدىنى مەن توسۇپ قويدۇمدە.

ئىكرام گەپ باشلاش ئارىلىقىدا پەخرۇللا ئاياغلىرى تېزەك يۇقى ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېگىز گەۋدىسىدىنمۇ قوي قىغى پۇراپ تۇراتتى. پەخرۇللا ئىكرام بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن دادىسىغا لەپپىدە قارىدى:

ــ دادا، قوي قوتىنىدىكى قىغلارنى چىقىرىپ، پاكىز تازىلاپ قويدۇم.

ــ ئوبدان قىلىپسەن، بالام، قىشلىق تەتىلمۇ توشۇپ قالاي دېدى.. ئوقۇشۇڭلار باشلىنىپ كەتسە ۋاقىت چىقارمىقىڭ تەس.

ئىكرام پەخرۇللانىڭ باش ئىشارىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ ئىككى بالىنىڭ بوي - تۇرقى ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى، پەقەت پەخرۇللا چىراي جەھەتتىن كۆزلىرى چوڭ، خىيالچان، كەم سۆز، ئۆتكۈر پىكىرلىك بالا ئىدى. ئىكرامنىڭ كۆپ تەرەپلىرى پەخرۇللاغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلۈك، تۇرگۇنلۇكى، كۆڭلىگە ياقمىغان ئىشلارغا يۈز ـ خاتىر قىلمايدىغان چۈس مىجەزى ئاغىنىسىدىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ــ دادا، ــ دېدى پەخرۇللا ئاستاغىنا، ــ بىز سىرتقا چىقىپ كىرەيلى.

ــ بېرىڭلار، بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام قاغجىراپ، ئۈپراپ كەتكەن، ھەر دەسسىگەندە غاراسلايدىغان تاختاي پەلەمپەيلەردىن ھويلىغا چۈشۈپ، پارقىراپ تۇرغان قىش ئاپتىپىغا كۆزنى قىسىشىپ قاراشتى. بۇ چوڭ قورۇ بولۇپ، كۈنگەيگە خېلىلا كۆتۈرۈپ سېلىنغان بىر يۇرۇش ئۆيلەر پېشايۋانلىق، لاپاسلىق ئىدى. ئالدى بۇ ئۆيلەرگە قاراپ تۇرغان كالا ئېغىلى، قوي قوتىنى، ئامبار، قازناقلارنىڭ پاكار ئۆگزىلىرىگە پىچان، پاسار، ئوت ـ چۆپ،

قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلار بىسىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوتتۇرىدىكى قوشقاناتلىق ئىشىكتىن باغقا چىقىپ كەتكىلى بولاتتى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ئۈستى شادىلىق سىرلانغان ئاق دەرۋازىدىن كوچىغا چىقتى. بۇ يەرنى چىلانلىق مەھەللىسى دەپ ئاتايتتى. بۇ مەھەللە ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا بولغاچقا، كوچىلىرى رەتسىز بولسىمۇ، ھويلىلىرى تال بوستانلىق، ئۆي ـ باغلىرى ئۆزگىچە پاكىز بولۇپ، خېلى كۆركەم كۆرۈنەتتى. تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ساتىدىغان دۇكانلار، موزدۇز ـ ياماقچى، سەيپۇڭخانىلار، پوچتا پونكىتى، باجخانا، مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئىشخانىلىرىدىن ھەرھالدا شەھەر، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ناھىيە بازارلىرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. كوچىنىڭ باش تەرىپىدە تېرەك، قارىياغاچ، توغراق، مۇشا(تاغ سۆگىتى)، جىگدە قاتارلىق ھەرخىل دەرەخلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئورمانچاق بار بولۇپ، ھېيت ـ بايرام، بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلى بۇ يەردە خوراز چوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش قىزىپ كېتەتتى. ئورماننىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قويغان چوڭ ھەم ئۇزۇن توغراق كۆتەكلىرى تولا ئولتۇرۇشتىن سارغىيىپ پارقىراپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن قىش كۈنلىرى چەكسىز مۇز قاتقان يېكەنلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توغراق ناھىيىسى تارىم ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، قار ئاز يېغىپ، قارا سوغۇق كۆپرەك بولاتتى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام پارقىراپ تۇرغان توغراق كۆتىكىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى.

— قېنى گەپ قىلمامسەن؟ — دېدى ئىكرام پەخرۇللانى جەينەكلەپ، — سېنىڭ مېنى بۇ يەرگە ئەكېلىشىڭدە چوقۇم بىر گېپىڭ بار.

پەخرۇللا تىزلىرىغا جەينىكىنى قويغىنىچە يەنە بىر ھازا جىمىپ قالدى، ئۇنىڭ كامالچىدەك ئېگىلگەن سىياقىغا خېلى قاراپ ئولتۇرغان ئىكرامنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتتى.

— ۋاي، ۋۇي، نېمانداق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغانسەن، —



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىكرام تىرىكتى، — بەزى چاغلاردا بىر ئىچىنى گىپىڭنى ئاڭلىماق بىخىلنىڭ ئالقىنىدىكى تەڭگىنى ئالماقتىنمۇ تەسكە چۈشىدۇ.

— ئىكرام، — پەخرۇللا پىتىنى بۇزاماي گەپ باشلىدى، — ئىمىنجان، دىلەيسەم، خانئايىملارنىڭ دىيىشىچە چىمپىيونلۇقنى بىر قىز بالىغا تارتقۇزۇپ قويۇپسىنا، بۇ ناھىيىمىز ئۈچۈن، مەكتىپىمىز ئۈچۈن نى نومۇس، نى سەت!

ئىكرام بىشىنى سالغىنىچە خېلى ئۇزۇن دىمىقىپ ئولتۇرۇپ كەتتى... ئۇ ھېلھەم ئۇتتۇرۇپ قويغىنىغا تەن بەرمەيتتى. لېكىن ھېلىقى نۇقسانسىز گۈزەل پەزلىيەنىڭ ئاپئاق يۇمىران ھەم سىلىق بارماق، ئالىقانلىرىنىڭ سېھىرىي كۈچى ئىكرامنى خۇددى چايان زەھىرىدەك ھوشسىزلاندۇرۇۋەتتى. دەقىقە ئۆتمەي ئۇنىڭ نەپسى تىزلىشىپ يۈرىكى رىتىمىدىن ئىزىپ، تىزلىرى تىترەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى سىمابتەك ئىرىپ كەتتى ــ دە، مۇزدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەمدى مۇشۇ سەتچىلىكلەرنى دېيىش كېرەكمۇ؟ دېمىسە «بىر قىز بالىغا يېڭىلدىڭمۇ؟!» دېگەن كالتەك بېشىغا تەگكىنى تەگكەن! نەگە قېچىپ بارمىسۇن بۇ ئۇر تۇقماق ئۇنىڭ كەينىدىن ھامان قوغلاپ بارىدۇ. شۇڭا پەخرۇللا ھەققىي ئەھۋالنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىمىسا، بەرىبىر مەسچىتكە چىچقان قارا ئىت بولۇپ قالامدۇ!

ئىكرام ئەڭ ئاخىرقى چىمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ پسىخىك ئۆزگىرىشلىرى: پەزلىيەنىڭ سېھرىي كۈچكە تولغان ئاجايىپ روشەن كۆزلىرى، ئاپئاق تولغان يۈزىدىكى قارا سىياھتەك قاش ـ كىرپىكلەر... ئۇنىڭدىن تارىلىۋاتقان زەھەردەك ئۇچقۇنلار... تەگرىنىڭ پەزلى كارامىتىدىن ئاپىرىدە بولغان سەرۋى بەدەن... ئادەمنى بىھوش قىلغۇدەك بۇي ... قىسقىسى، بىھىشتىن ئۇچۇپ چىققان ئاق پەرىشتىدەك سىيماسىدىن بىرخىل بۇي تارىلىۋاتقاندەك، ئادەم ئۇنىڭغا قاراشتىنمۇ قورققۇدەك بىر قىز بىلەن مۇسابىقىگە

چۈشۈشىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. شۇنداقلا مۇز ئۈستىدە ئۇچقاندەك كېتىۋاتقىنىدا قانداق سىرلىق ھەرىكەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

— ھەي، ئۇ گۈزەلنىڭ پاقىدەك مۇزلاپ كەتكەن قولى تېگىپ كەتكەنگە ئىسسىقنى يوقىتىپ قويدۇڭما؟

— ۋاي، ۋاي ئۇنىڭ قولى مۇزلاپ كەتكەن پاقا ئەمەس، بىر پارچە ئوت، قىپقىزىل چوغ، يا، ياق، يۇقىرى بېسىملىق توك. بىلەمسەن، ئادەمنى دەقىقە ئىچىدە كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدىغان توك.

— ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟ غېرىب - سەنەم، لەيلى - مەجنۇن، پەرھات - شېرىندەك ئاشىق - مەشۇقلارمۇ بىر - بىرىنى كۆرگەندە ھوشىدىن كەتكەندەك سەنمۇ ئۆزۈڭنى مۇزغا پاقىدە تاشلاپسەن...

— ۋاي خۇدايىم، ماۋۇ لەنتىنىڭ گېپىنىڭ سىپسىلىقىنى كۆرمەمدىغان. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتىنمۇ ئەيمىنىپ قورقۇپ تۇرسام، ئاشىق بولۇپ قالغۇدەك بولسام، بىر يولىلا ئۆلمەمدىم.

— يا دەيمىنا، بايا ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنى تەرىپلەپ كەتكىنىڭگە قاراپ شۇنداق ئويلاپ قالدىم.

— ھەي پەخرۇل، ھەي پەخرۇل، ئەگەر سەن كۆرگەن بولساڭمۇ ئەقلى - ھوشۇڭنى يوقىتاتتىڭ، — ئىكرام نەلەگىدۇر قاراپ ئاستا سۆزلىمەكتە ئىدى، — پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنە گۈزەللىكىگە خۇددى ياقۇت كۆزدەك ياراشقان ئەخلاق - پەزىلىتى، يۇمشاق مۇئامىلىسى، سىلىق - سىپايىلىكى ھەرقانداق دانا بىلىمداننىمۇ ئەقلىدىن ئازدۇرىدۇ! لېكىنزە ئۇلارنىڭ ئانىسى ئورۇسكەن ئەمەسمۇ.

— نېمە، ئورۇس؟! — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — دادىسىچۇ؟

— دادىسىنى راخمانوف پولكوۋنىك دېيىشىدىكەن.

— ئۇ قىزلارنى تەرپىلەپ ماختىغىنىڭنىڭ ئاساسى باركەن، — دېدى پەخرۇللا خىيال بىلەن، — بۇنداق ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىن بولغان بالىلارنى «پىروتكا»، «ئەرجۇەنزى» دەپ قويىدۇ. قان قانچە يىراق بولغانسېرى بالىلار شۇنچە ساغلام ھەم چىرايلىق تۇغۇلىدۇ.

— مۇنداق دېگىن، ئەگەر قان يېقىن بولۇپ قالسىچۇ.
مەسىلەن: قانداش تۇغقانلارنىڭ بالىلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاتسا.

— بالىلار مېيىپ، ئاقساق ـ چولاق، ساراڭ، دەلدۈش، بەش ئەزالىرى كەم تۇغۇلىدۇ.

— ئەجەب بۇلاردىن خەۋرىڭ باركەن.

— مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا بىر كىتابتا كۆرگەنىدىم، — پەخرۇللا ئىكرامنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى، — ھە راست، ھېلىقى نۇقسانسىز گۈزەلنىڭ سىڭلىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ كەتكىنىڭگە قارىغاندا، ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

— بۇنى سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، — ئىكرام چوڭقۇر خورسىندى، — مەن ھەقىقەتەن ئۇ قىزغا كۆيۈپ قالدىم. ئۇ خوشلىشىپ ئۆزىغاندا ماڭا پات ـ پات قاراپ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن ياش تۆككەنلىكى ياكى ئورۇمچى گوسپىتال (ھەربىي دوختۇرخانا)غا يۆتكىمەكچى بولغان ئاغرىق ئانىسىغا يىغلىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

— ئۇ قىزنىڭ ساڭا بولغان خەيرخاھلىقلىرىغا قارىغاندا، ھەر ئىككىڭلارغا ياش تۆككىنى ئېنىق، بىراق ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىلا بوي يەتمىيدىغان ئوقۇرلار، — پەخرۇللا بىر ھازا جىمىپ كەتتى، — راخمانوف پولكوۋنىكنىڭ ھەربىي بولغانىكەن، قىزلىرىنى سىياسىي جەھەتتىن قىپقىزىل ئوفىتسېرلەرگە بېرىشى ئېنىقلا!

ئىككى دوست بىرھازا جىمىپ كېتىشتى. راست،

www.uyghurkitap.com

پەخرۇللانىڭ گەپلىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. ھازىرقىدەك سىنىپىي كۆرەش تۇتقا قىلىنىۋاتقان، ھەرقانداق ئىشتا سىياسەت ئۆلچەم بولۇۋاتقان قىزىل دەۋردە ھەربىيلەر، ھەربىي ئورۇنلار يۇقىرا ۋە ئاددىي ئاۋام ئۈچۈن كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمما قول يەتمەيدىغان ئاسماندىكى يۇلتۇز ئىدى! ئەقەللىيسى، ھەربىي كادىرلارنىڭ ئۆيلىنىشى، ياتلىق بولۇشى، قىز - ئوغۇللىرىغا لايىق تاللىشى قاتارلىقلارمۇ گارنىزون، ھەربىي رايون رەھبەرلىكى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلەتتى. پەخرۇللانىڭ بۇ سۆزى ئىكرامنىڭ يۈرىكىگە خۇددى مىخ قاققاندەك قادالدى. ئۇ بىردىنلا سۇلتىيىپ، خۇددى ئۇن يىل كېسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ، بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە پەخرۇللانىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى... ھەم دېگەن گەپلىرىگە ئۆكۈندى.

— بولدى، بولدى يوقىلاڭ ئىشلارغا ئۆزۈڭنى ئۇپراتما، — پەخرۇللا دەرھال تېمىنى يۆتكىدى، — ئىكرام، قىشلىق تەتىلمۇ ئاخىرلىشىپ قالاي دېدى، مەن «ئېزىتقۇقۇم»غا ئوتتۇنغا كىرمەكچى، سەنمۇ كىرەمسەن؟

— كىرەي، — ئىكرام بېشىنى كۆتۈرمەيلا جاۋاب بەردى، — كۈزدە ئىككىمىز ئەكەلگەن ئوتۇندىنغۇ بار. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن ئانام قىشنى چىقىرالمايدۇ.

— يۇر كېتەيلى، كۈنمۇ ئۇۋۇسىغا ئالدىراۋاتىدۇ، — پەخرۇللا دوستىنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ ئۇرۇپ قويدى، — ئېشىكىڭنىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، ھارۋا چاقلىرىنى مايلاپ قويۇپ يات، ھە، راست، چوڭ جوۋاڭنى ئېلىۋال.

— ماقۇل.

ئىككىسى بېشىنى سالغىنىچە گەپمۇ قىلىشماي مەھەللە تەرەپكە قاراپ كېتىشتى.

يېرىم كېچىدە ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ چىققان پەخرۇللا

يىراقتىنلا ئىكرامنىڭ ئىشىك ئالدىدا ئۆزىگە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك يېتىپ كەلدى.

— ئىكرام، ئىشىكىڭنىڭ بىشىدىكى تووۇرنى ئېلىۋەت، ئەمدى بوغۇزنى «ئېزىتقۇقۇم»لۇققا بارغاندا يېسۇن.

ئۇلار ھەر قېتىم ئوتۇنغا بارغاندا يېرىم كېچە بىلەن يولغا چىقاتتى. «ئېزىتقۇقۇم» 4ـ5 سائەتلىك يول ئىدى. قۇم بارخانلىرى ئارا كۈن كۆتۈرۈلگەندە ئوتۇنلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ، چوڭ كۆتەكلەرنى پارچىلاپ، ھارۋىغا تۇجۇپلەپ بېسىپ بولغىچە چۈش بولاتتى. ئاندىن قورسىقىنى ئاتچە ـ مۇنچە ئەستەرلىۋېلىپ قايتاتتى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام 11ـ12 ييشىدىن باشلاپلا جاڭگالغا قاتناپ ئوتۇن توشۇغاچقىمۇ، بۇ ئىككى بالىغا ئايان تارىم قۇملۇقىنىڭ بارخانلىرى، قۇملۇق جىلغىلىرىنى قاپلاپ كېتىدىغان قىپقىزىل يۇلغۇنلار، نەچچە مىڭ يىللىق مويىسىپىت توغراقلار، ئۇچىدىن تارتىپ، تۈۋىگىچە ئاپئاق توزۇندى قاپلاپ تۇرىدىغان پاختا يۇلغۇنلار، بوغما يىلاندەك تولغىشىپ كەتكەن قىزغۇچ بەقەملەر، چاقماق چۈشۈپ كۆيۈندىگە ئايلانغان قۇچاق يەتكۈسىز توغراق كۆتەكلىرى... يىللار، ئەسىرلەردىن بېرى ئۆسۈپ، ياشاپ، قۇرۇپ، يىقىلىپ، بورانلاردا دۆۋىلىنىپ شەكىللەنگەن «ئوتۇن تاغلىرى»... ئەدناسى تارىم قۇملۇقىدىكى تىنىمسىز بورانلار ئېچىۋەتكەن ئاپئاق ئات ـ ئېشەك، تۆگە سۆڭەكلىرىگىچە ئىدى.

ئالدىدا كېتىۋاتقان پەخرۇللا قايرىلىپ ئىكرامغا قارىدى. ئۇ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە مۈگدەپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئىزگۇ خىياللار ئىلكىدە ئۆزۈپ يۈرگەنلىكى سىسكىن قىياپىتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئىكرام يەڭگىلتەك، تەبىئىي سۆيۈق باللاردىن ئەمەس. «ئۇ قىزغا كۆيۈپ قالدىم» دېگەن بۇ سۆز قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان يۈرەكتىن پارتلاپ چىققان پىغانلىق نىدا ئىدى. شۇنداق تۇرغاندا پەخرۇللا ھەربىي ئائىلىلەر،

ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مىزانلىرى، قىزلىرىنى ھەربىي ئوفىتسېرلارغا بېرىدىغانلىقى، ئىككى قىزنىڭ بوي بەرمەيدىغان ئوقۇر ئىكەنلىكى قاتارلىقلار ھەققىدە نېمىشقا سۆزلىگەن بولغىيدى؟ تۇنجى قېتىم مۇھەببەتنىڭ ئازابلىق لەززىتىنى تېتىشقا ئۈلگۈرگەن ئىكرام، پەرۋىنەنى ئاسانلىقچە ئۇنتۇمايتتى. چۈنكى بۇ 16 ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ غۇبارسىز قەلب بوستانىدا پورەكلىگەن دەسلەپكى غۇنچە ئىدى. ئىكرام ئۆيلىنىشتىن، ئۆي تۇتۇش، ئەر ــ خوتۇن دېگەنلەرنى زىنھار ئويلىغىنى يوق. پەقەت پەرۋىنەنى كۆرۈپ تۇرسا، ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرىنى، تاتلىق كۈلكىسىنى ئاڭلىسا، ئوماق چېھرى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا بولسا بەس! ئۇنىڭ چاڭقاق قەلب بوستانلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن قانغان بولاتتى!

— ئىكرام! — ۋارقىرىدى پەخرۇللا، — ئېشىكىڭنىڭ چۇلۋۇرىنى مېنىڭ هارۋامنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ قويۇپ، ئۆزۈڭ مېنىڭ يېنىمغا چىقە.

— ئېشىكىڭ ھېرىپ قالارمىكى.

— قۇملۇققا كەلگەندە ئۆزۈڭنىڭ ھارۋىسىغا چىقىۋالامسەن.

— ماقۇل ئەمىسە.

ئىكرام پەخرۇللانىڭ ھارۋىسىغا چىقىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە، دۈمبىسىنى يېقىپ ئولتۇردى. ئۇلار خۇددى سۆگەتتەك يوغىناپ كەتكەن يۇلغۇنلۇقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل شورلۇق يولدا كېتىۋاتاتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىكى چاتقاللىقلاردىن جىگدىچى ۋە تورۇلغىلارنىڭ ئۈيقۇلۇق، «چىۋ .. چىۋ»، «غۇرق ... غۇرق» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئاسماننىڭ ئېگىز يېرىدە مۇئەللەق ئېسىلىپ تۇرغان ئاي ئۇيۇپ قالغان شام ئېرىتمىسىدەك غۇۋا يالتىرايتتى. يۇلتۇزلار بىر ـ بىرلەپ ئۆچۈپ، چەكسىز قۇم چۆللۈكىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى ئاستا ـ ئاستا ئاقىرىۋاتاتتى... پەخرۇللا تاڭ ئالدىدىكى بارغانسېرى

غوۋالىشىۋاتقان ئايغا قارىغىنىچە ئاستا سۆزلىمەكتە ئىدى:
— ئىكرام، قاراتال ناھىيىسىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بارمىكەن؟
— بۇنى سوراپ قالدىڭغۇ، خۇددى بىلمەيدىغاندەك. ھازىر قايسى ناھىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بار؟
— ھەببەللى، جاۋابىڭ يوللۇق، ھەرىسلى ناھىيىلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار نەدە ئوقۇيدۇ؟
— بوستان ۋىلايىتى، بوستان شەھىرىدە ئوقۇيدۇ، — ئىكرام تېڭىرقاپ قالدى، — دېمەكچى بولغىنىڭ؟
ئىكرامنىڭ كۆزلىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ دەرھال قايرىلىپ ئاغىنىسىنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى.
— پەخرۇل، يامان جۇمۇ سەن، — ئىكرام خۇشاللىقىدا سەكرەپ چۈشۈپ، ھارۋا بىلەن تەڭ ماڭدى، — كاللاڭ بەك ئىشلەيدۇ سېنىڭ!
— غەمگە پېتىپ خىيال سۈرۈش ساڭا ياراشمايدۇ جۇمۇ، — پەخرۇللا يېنىدا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان ئىكرامنىڭ دولىسىغا ئۇردى، — يەتتىنچى ئايدا بوستان بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپكە تىزىملاتقىلى بارغاندا ئىككىڭلارنىڭ ئەلچىسى بولىمەن.
— دادىسى ئاڭلاپ قالسا، ئالەمنى - مالەم قىلارمۇ؟
— ئەگەر پەرۋىنە تۈرگۈن بولسا، ئىشىڭلارنىڭ روياپقا چىقىشىدا گەپ يوق! لېكىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچە كۆتۈڭنى غىت قىسىپ، ساۋاقداشلىق رامكىسىدىن چىقمايسىلەر.
— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — ئىكرام ھېجىيىپ قويدى، — مەنمۇ شۇ، ئۇنى كۆرۈپ تۇرسام بولدى. باشقىچە تەلەپلىرىم يوق.

www.uygurkitap.com

ئۇلار «ئېزىتقۇقۇم» جاڭگاللىقىغا يېتىپ كېلىپ، شامال ئۆتۈشمەيدىغان قۇم بارخانلىرى ئوتتۇرىسىدا ھارۋىلىرىنى توختىتىپ، ئېشەكلىرىنىڭ ئالدىغا پىچان تۆكۈپ بەردى. ئۆزلىرى ئارغامچا، پالتا، كەتمەنلەرنى كۆتۈرۈپ، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ كىردى. بۇ چەكسىز قۇملۇق ئىپتىدائىي جاڭگاللىق ئىدى. قېرى توغراقلار قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى. يىللار، ئەسىرلەر ئۆتكەنسېرى، بوران ـ جۇدۇنلاردا قۇم ئاستىدا قېلىپ، ئۇنىڭ ھۆل شۆڭلىرى، يەنە كۆكىرىپ، ئادەم تېنى ئەيمەنگۈدەك جاڭگىللىق تىلسىم بەرپا بولغانىدى. بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن بەزى توغراقلارغا ئون نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى. ئۇلار غولىنى كۆتۈرەلمەي، قۇم بېغىرلاپ يېتىپ قالسا، ياتقان يېرىدىن يىلتىز تارتىپ، كېيىنكى ئەۋلاد توغراقلار غول تارتىپ چىقاتتى. ئۇلارنىڭ ئەجدىھادەك، بوغما يىلانلاردەك، ئۇچۇۋاتقان دولدۇلدەك، ھەتتا ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىللەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى تەنلەرنى شۈركەندۈرەتتى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ تۇرغۇدەك ئارىلىقتا تۇرۇپ، چوڭ كۆتەكلەرنى پارچىلاپ، سۆرەپ ياكى يۇدۇپ ماڭغۇدەك قىلاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن يىراقلاپ كەتمەيتتى. چۈنكى بۇ چەكسىز جاڭگالنى تىنىمسىز شاماللار ئۆز قوينىدا تەۋرىتىپ تۇرغاچقا، ھېلىلا چۈشكەن ئىزلار كۆمۈلۈپ، غەلىتە دۆڭ، قۇم بارخانلىرى، چوڭقۇر ئېدىرلىقلار، ھەتتا دېڭىز ئۆركەشلىرىدەك يول ـ يول يانباغىرلار پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئادەم ئاسانلا ئېزىپ كېتەتتى. يالغۇز كىرىپ قالغان ئادەملەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا بېشى تۆرەپ، ئۆزىنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى ئاڭقىرالماي، بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ، يول تاپالماي قالاتتى. قاياققىلا ماڭسا قۇملۇق، بارخان، توغراقلىق، چاتقاللىق... ئاخىر ئالدى ـ كەينىگە ماڭا ـ ماڭا ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىقتا جېنىدىن ئايرىلاتتى. شۇڭا، بۇ يەرنى

«ئېزىتقۇقۇم» دەپ ئاتاشقانىدى.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام پارچىلىغان ئوتۇنلارنى چوش بولغىچە ئارغامچىلاردا سۆرەپ، يۆدەپ توشۇپ بولدى. ئۇلار ئۇچقۇن چاچرىتىپ كۆيۈۋاتقان گۇلخان ئوتىدا مەيدىلىرىنى قاقلاپ، قوللىرىنى ئىسسىتىۋالدى. ئاندىن ھارۋا شوتىسىغا تىرەك قويۇپ، ئوتۇنلارنى رەتلىك باستى. ئارقانلاردا تارتىپ باغلىدى. قۇم چۆللۈكىدىن چىقا ـ چىقمايلا ئېگىز ـ پەس كاتاڭ يوللار باشلىناتتى. شۇڭا ئۇلار ئىككىلا ھارۋىغا بېسىلغان ئوتۇنلارنى قايتا تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئېشەكلەرنىڭ بېشىغا توۋرىنى كىيگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزلىرى باكتىكى سۇ بىلەن غىزالىرىنى يېيىشتى.

— پەخرۇللا، ئاخشام بەك بالدۇر تۇرۇپ كەتكەچكە، — دېدى ئىكرام ئەسنەۋېتىپ، — كۆزلىرىمنى ئاچالمايلا قېينىلىۋاتىمەن. ئېشەكلەر بوغۇزلىرىنى يەپ بولغۇچە بىردەم ئۇخلىۋالايچۇ؟

— بوپتۇ، تۇتە ماۋۇنى، — پەخرۇللا چوڭ جۇۋىسىنى تاشلاپ بەردى — ئۆزۈڭنىڭكىنى ئاستىڭغا سال، مېنىڭكى چوڭراق بولغاچقا يېپىنىپ يات.

ئىكرام جۇۋىغا پۈركىنىپ يېتىپ بولغىچە يېنىك پۇشۇلداشقا باشلىدى. پەخرۇللا ئۇنىڭ بوشۇكىنى تەۋرەتكەن ھامان يىغىسى بېسىقىدىغان بوۋاقلاردەك، بېشىنى قويا ـ قويمايلا پۇشۇلداشلىرىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشتى. بۇ ئىككى جاپاكەش بالىنىڭ بالىلىقى توغراقنىڭ «تىكەنلىك» دېگەن يىراق يېزىسىدا ئۆتتى. تىكەنلىكنىڭ يەرلىرى ئۇنۇمسىز، نەملىك ئاسان كېتىدىغان قۇمساڭغۇ تۇپراق بولۇپ، سۇ كەمچىل ئىدى. شۇڭا بۇ يەردىكى ئادەملەر چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، چارۋىچىلىق بولغاندىمۇ ئۆچكە بېقىش ئاساسىي سالماقنى




ئىگىلەيتتى. ئىكرام بەش يېشىدىن باشلاپلا ئاچىسى مەختۇمنىسا بىلەن ئۆچكە باقاتتى. ئۇلار ناماز شام گۇگۇملۇقى بىلەن ئۆچكىلىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كەلگەندە، ئىكرامنىڭ يۈز، بۇرۇن، بىلەك، پاچاقلىرى قان بىلەن بويىلىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇ پاشا، كۇمۇتا چېقىپ قاپىرىپ كەتكەن ئىششىقلارنى يىغلىغاچ تاتىلاۋېرەتتى. ئانىسى گۆھەرخان بولسا ئۆيدە بىر كۈن كەچكىچە ئۆچكە يۇڭلىرىنى ساۋاب يىپ ئېگىرەتتى. ئۇنى ھەرخىل بوياپ، رەڭلىك پالاس، بۆز يىپتا خۇرجۇن، تاغار توقۇيتتى. بۇ جاپاكەش مەزلۇمنىڭ كۈنلىرى دەستىگاھتا ئولتۇرۇپ تاقاقنى تارتىپ، مۆكىنى يورغىلىتىپ، ئۇزۇلگەن ئارقاق يىپلارنى ئۇلاش بىلەن ئۆتەتتى. ئۇ قىسماقتەك ئېگىلىپ ئۆمرى ئۆتكەچكىمۇ بەل ئاغرىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. كۈننىڭ قاتتىقلىقىدىن بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى يېرىم ئاچ، يېرىم توق ئۆتەتتى. ئىكرام ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى بولسا كېرەك، دادىسى روزى مەدىكارچىلىق قىلىش ئۈچۈن بېشىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. گۆھەرخان ئاردىن ئىككى ئاي ئۆتكەندە ئېرى بوستان شەھىرىدىن ئەۋەتكەن بىر خالتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا ئىكرامغا بىر تامبال، قىزى بىلەن ئاياللىغا ئىككى كىيىملىك چىت ۋە 50 سوم پۇل بار ئىدى. ئانا ـ باللارنىڭ خۇشاللىقىنى ھېچنېمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئېخى روزى قاغا پۇتىدەك ئىرماش ـ چىرماش يازغان خېتىدە: «گۆھەر، مەندىن خاتىرجەم بول، مەن بوستاندا قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋاتىمەن. ئىش ھەققىمۇ ياخشى. ھېسابلاپ باقسام بىر ئايلىق ئىش ھەققىمگە 3 ـ 4 ئۆچكە كەلگۇدەك، بۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئايدا ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئىككى ئايدا بىر نۆۋەت سىلەرگە پۇل ـ پۇچەك، نەرسە ـ كېرەك سالىمەن...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ۋاپادارلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. لېكىن، كېيىنكى قېتىمدا ئۇ ئەھدە قىلغان نەرسە ـ كېرەكلەر كەلمەي، ئۇنىڭ

ئورنىغا ئۆزىنىڭ مېيىتى كەلدى. روزى ئۆگزىگە ئەپكەشتە لاي ئەچىقىپ كېتىۋاتقاندا، جارىدىن يىقىلىپ قازا تاپقانىدى. «جەسەتنى ئۆي ھارۋىسىدا ئەكېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان گۆھەرخان بىلەن مەختۇمنىسا كوچىدىلا ئۇنى سىلىپ يىغلاپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى. يەتتە ياشلىق پەخرۇللا، ئالتە ياشلىق ئىكرامنىڭ قولىدىن سۆرەپ دېگۈدەك يۈگۈرمەكتە ئىدى. يۈز، بويۇن، مەيدىلىرى ياش ـ پوتلا، شۆلگەي بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ئىكرام بار ئاۋازىدا يىغلاپ، پەخرۇللانىڭ ئارقىسىدىن قالمايتتى...

ئاھ خۇدا!.. ئۇ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ يېتىم بولۇپ قالغان ئاشۇ قارا يىللار تۇنۇگۇنكىدەكلا كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ...

ھارۋا چاقىغا يۆنىلىپ ئولتۇرغان پەخرۇللانىڭ جۇۋىغا ئورنىپ تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئىكرامغا قاراپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۇ ئۆچۈپ قالاي دېگەن گۇلخانغا ئوتۇن تاشلاپ ئوتنى قايتا ئولغايتقاندىن كېيىن، ئوتۇن بېسىلغان ھارۋا چاقىغا يۆلىنىپ، دادىسى مۇزەپپەرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىدى: «تەڭرىنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان بۇ تىكەنلىكتە ھېلىمۇ روزى بوپقاپتىكەن، ئۇ بولمىغان بولسا، زېرىكىپ ئۆلىدىغان چېغىم بار...»

دەرۋەقە، مۇزەپپەر بىلەن روزى بۇرادەرلىك كەمەرىنى باغلىغان، بالىلىقى چىگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن ھەقەمسايىلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بالىلىقى تىكەنلىكتە قوي ـ ئۆچكە بېقىش بىلەن ئۆتكەن. روزى خەت يېزىشنى، ئوقۇشنى مۇزەپپەردىن ئۆگىنىپ ساۋاتى چىققان. مۇزەپپەر 17 ياشقا كىرگەن يىلى توغراق ناھىيىسىدىن كەلگەن مائارىپ مۇپەتتىشلىرى ئۇنى تىكەنلىك باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى قىلىپ بېكىتتى. مەكتەپ دېيىلگەن ھامان، ۋاڭ ـ چۇڭلۇق سىنىپلار، تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى بېكىتىلگەن مەيدان، چىرايلىق سىرلانغان دەرۋازا، رېشاتكىلار ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. لېكىن، تىكەنلىك

www.uyghurkitap.com

باشلانغۇچ مەكتىپى دەرۋازىسى، ھويلىسى، تەنتەربىيە مەيدانلىرى بولمىغان بىرلا سىنىپ بار ئىدى. مۇزەپپەر ئۇنىڭ سىنىپ مۇدىرى، مەكتەپ مۇدىرى، خوجىلىق مۇدىرى، ھەتتا سىنىپ تازىلىقىنى قىلىدىغان تازىلىق باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيتتى. ئۇ كۈندە ئەتىگەن تۇرۇپ تىكەنلىك ئەتراپىدىكى كۆرۈمسىز ئەگرى - بۈگرى، تارقاق جايلاشقان كوچىلارنى ئايلىنىپ، ئۆيمۇ ئۆي بالا يىغاتتى. ئۇ 17-18 بالىنى يىغىپ ئەكېلىپ بولغىچە كۈن تىك كۆتۈرۈلۈپ، سائەت 10 بولۇپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ ھەركۈنى تۆت سائەت دەرس ئۆتمەي بالىلارنى «ئازاد» قويۇپ بەرمەيتتى.

بىر كۈنى، مۇزەپپەر بالىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ، ئائىلە سۆھبىتى قىلىش ئۈچۈن ماڭدى. ھەركۈنى بالىلارنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئەتىكى ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى تەييارلاپ بولۇپ، بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغان ئاتا - ئانىلار بىلەن سۆھبەت قىلغىلى باراتتى. مۇزەپپەر ھاۋانىڭ تۇتۇلۇپ كەتكىنىگە قارىماي، قاغا جىگدىلەر قاپلاپ كەتكەن قۇملۇق يوللاردا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ، «شۇخۇلۇق» دېگەن كەنتكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىككى ئائىلە باشلىقلىرىغا «ئوقۇش»نىڭ پايدىسىنى سۆزلەپ ئۇلارنى يۇمشىتىپ بولغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. مۇزەپپەر سىرتقا چىقىشى، سوغۇق شامال يامغۇر تامچىلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇردى. ئۇ چاپىنىنى بېشىغا دالدا قىلىپ كۆكۈن① پۇراپ تۇرغان قۇم يوللاردا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. ئەتراپنى قوتاز قۇيرۇقىدەك قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. يامغۇر بارغانسېرى ئىتتىكلەپ يېغىۋاتاتتى. مۇزەپپەر چەكسىز كەتكەن تىكەنلىك ئوتتۇرىسىدىكى يىلان باغرى چىغىر يوللاردا كېلىۋېتىپ، ئالدىدىكى قاپقارا بىر نېمىنى دەسسىتىۋېتىشكە تاسلا قېلىپ،

① كۆكۈن — ئات - ئېشەك، كالا تېزەكلىرىنى ئۇۋۇندىسى.

ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە زەن سېلىپ قارىدى ـ دە، چۆچۈپ كەتتى. يول ئۈستىدە چاچلىرى چۇۋۇلغان بىر قىز قوللىرىنى تاشلاپ دۈم ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستۈبېشى لاي بولۇپ، چىت كۆڭلىكى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى.

مۇزەپپەر قىزنى يۈدۈپ، ئۇدۇل روزىنىڭ ئۆيىگە ئاپاردى. ئىشىك ھالقىسى خېلى چاغقىچە شاراقلىغاندىن كېيىن، يالىڭاچ بەدىنىگە چاپىنىنى يېپىنچاقلىغان روزى چىقىپ كەلدى. ئۇ قوشقاناتلىق ئەگۈنىنى ئېچىپلا، كۆزلىرى بىر تەڭنە سۇتنى كۆرگەن مۇشۇكنىڭ كۆزلىرىدەك چەكچىيىپ قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ زۇۋانىمۇ ھەيران بولغىنىدىن تۇتۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

ــ مۇزلاپ كەتتىم، ــ ئېڭەكلىرى كاسىلداپ تۇرغان مۇزەپپەر ئارانلا گەپ قىلدى، ــ ئۆ.. ئۆيۈڭگە... باش ... باشلىمامسەن؟

ــ ئۇ.. ئۇ .. كىمۇ؟

ــ تىكەنلىكتە ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قاپتىكەن، ئېلىپ كەلدىم.. تۇرقىدىن. بۇ ... بۇ... يەرلىك ئەمەستەك قىلىدۇ.

ــ بۇ .. بۇ ... قىز ھو.. ھوشىغا... ــ روزىمۇ كېكەچلەپ كەتتى، ــ كەل..كەلمەي قالسا، مەن... مەن ئۇنى قانداق ياقىمەن، ئانام قارىغۇ تۇرسا.

ــ سەن ئۇنى باقمايسەن، ھوشىغا كەلسە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن يولغا سېلىپ قويىمىز.

ــ مەن گۆھەر بىلەن توي قىلىمەن دەۋاتسام. ئەتە قىز تەرەپتىن مېھمان كەلمەكچى.. ئۇلارغا بۇ قىزنى نېمەم دەيمەن؟

ــ ئەستاغپۇرۇللا، ــ مۇزەپپەر بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان قىزنى ئۆرىدەپ قويدى، ــ ئۆيۈمگە ئاپارسام ئانام تىللاپ كېتەرمۇ؟

ــ ھەي، دوزاخ شوتىسى، ئەپەندى تۇرۇپ ئاناڭنى مەنچىلىكمۇ چۈشەنمەيسەن؟ ــ توڭلاپ كەتكەن روزى چاپىنىنىڭ

تۇگمىلىرىنى ئەتتى، — ھۆرىخان ئانام كوچىدا يېتىپ قالغان بىر بىچارىنى تالاغا تاشلىۋەت دەرما؟

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن مەن خىجىل بولىدىكەنمەن.

— سەن نېمىگە خىجىل بولىسەن؟

— كېچىلەردە بىر قىزنى يۇدۇپ يۇرسەم ھېلىغۇ ئانامكەن. ھەركىم ھەرنېمە دېمەمدۇ؟

— خۇدۇكۇڭ بار ئوخشىمامدۇ؟ يولدا كەلگۈچە سۆيگەنمىدىڭ يە؟

— تولا پوق يېمە، زاغرا مونىكى.

— قىز تىترەۋاتىدۇ، دەرھال ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ يوتقانىڭ ئىچىگە سولاپ ئىسسىتىپ قوي، ئارپا كۆمىچى...

— ئىست، سەن خۇمسىنىڭ قېشىغا ئەپكەلگەن مەنمۇ ساراڭ.

— ساراڭ بولمىساڭ خۇدايىم بىر چىرايلىق قىز بەرسە، خەققە تەڭلەمتىڭ! ۋوي كالىكومشا...

— خەپ، سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇم. بىر يىلىڭياقى قۇرۇق ئېمزەك ئېمتىپ كەلگەن گۆھەرنىڭ مېھمانلىرى ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگىلى بېشىنى ئېشەك غاجىلىۋالمىغاندۇ..

— ھەي، ھەي ، مۇزەپپەر ئىشەنمەمسەن؟— روزى كېتىۋاتقان ئاغىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى، — ئىللا - بىللا، ئەتە چوقۇم قۇداغى تەرەپتىن مېھمان كېلىدۇ. خۇدادىن قورققىچە قۇداڭدىن قورق دېگەن گەپنى بىلمەمتىڭ گاداي...

بۇ ئىشتىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ھەلىمە ئىسىملىك بۇ قىز ھۆرىخان ئانىنىڭ شىپالىق قوللىرىدا شىپا تېپىپ، تېزلا ئەسلىگە كەلدى. پاكىز رۇخسارىمۇ ناماز شام گۈلىدەك ۋىللىدە ئېچىلدى. بىر كۈنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ھۆرىخان ئانا ئوغلىغا لەپپىدە قاراپ قويدى. ئانىسىنىڭ گېپى بارلىقىنى بىلگەن مۇزەپپەرمۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن باش ئېگىپ ئولتۇردى،

ھەلىمە قاچا ـ قۇچىلارنى يىغىشتۇرماقچى بولۇۋىدى، ئۇنىمۇ كۆز ئىشارىسى بىلەن توختىتىپ قويدى.

ــ بالام بۇگۇن ئازنىكەن، ــ هۆرىخان ئانا سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويدى، ــ مەكتەپكە بارمايسەنغۇ دەيمەن؟

ــ شۇنداق ئانا، بۈگۈن باللار ئارام ئالىدىغان كۈن.

ــ خوش.. ــ هۆرىخان ئانا ھەلىمەگە قارىدى، ــ قىزىم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىڭ، ئەمدى ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭ ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

ئانىنىڭ سۆز ئۇرانىدىن «كېتىڭ» دېگەن مەنە چىقىپلا تۇراتتى. ھەلىمە بىردىنلا ئۇششۇكتە قالغان بىدىدەك سولىشىپ يۈرىكى ئەنسىز سىلىشقا باشلىدى.

ــ ئانا، مى... مېنىڭ ئاتا ـ ئانام، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يوق، ــ قىز تۆكۈلۈپلا كەتتى، ــ بارار ـ تۇرار يېرىممۇ يوق، مەن...مەن.. بىر بىچارە ناتىۋان.

ــ ئەمىسە بالام، تىكەنلىك كەنتىمىزگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ بۇ چاغقىچە قەيەردە، كىمنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بولغانتىڭ؟

ــ سۆزلىسەم گەپ تولا ئانا، ــ ھەلىمە ئېسەدەپ كەتتى، ــ مەن ئەسلىي تۇرپان ئاستانىدىن، ئاتام نادىرخان ئەلى كاتتا سودىگەر، ئانام گۈلئەنبەرخان مۇسۇلمان ئەھكاملىرىدىن چىقمايدىغان رايىش مەزلۇم ئىدى. بىراق ئائىلىمىزگە كۆز تەگكەندەك كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئۆلگەنلىرى ئۆلۈپ كەتكەنلىرى كېتىپ، مەن تەنها قالدىم.

ــ تەنها قالدىم، دەپلا يۈرتىنى، ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىزلىرى چۈشكەن قەدىمىي تەۋەررۇك ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكۈلۈكما؟

ــ ئانا، مەن ئۆيدىن مەقسەتسىزلا قاچقىپ چىقىپ كەتمىدىم. بېشىمغا يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دىشۋارچىلىقى چۈشتى.

— قىزىم، مەن سېنى ئاش - تاماقتىن قىزغىنىپ قورۇۋالغىنىم يوق، سەن يېسەڭ رىزقىڭنى يەيسەن، — ئامالسىز قالغان ئانا كۆڭلىدىكىنى دەۋەتتى، — بىراق، بۇ ئۆيدە تۇرساڭ مۇسۇلمانچىلىققا توغرا كەلمەيدۇ. كۆردۈڭ، ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان ئوغلۇم بار. كوچا - كويلاردا نېمە گەپلەر چىقماس. قاغا نېمە يېمەيدۇ، ئەللەر نېمە دېمەيدۇ.

— ئانا مەندەك بىر قارا يېتىمنى چىقىرىۋەتسىڭىز، تالادا قالغىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك... قىز بالىنىڭ چىرايىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن بولىدىكەن. مەن تاغ تۈزانى ئاتلاپ كەلگۈچە كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى.

— ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، كەتكەنلىرى كەتكەن بولسا، يۇرتۇڭدا سېنىڭ بېشىڭنى سىلىغۇدەك بىرەر قاياش چىقمىدىما؟

—«يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دېگەن گېپىمنى ئاڭقىرالماپلا، ئانا... مەن يۇرتۇمدا تۇرسام مېنى دارغا ئاسىدۇ ياكى چاپىدۇ. شۇڭا نېمە كۆرسەم كۆرەي دېگەن غەزەپتە ساقچى باشلىقىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قاچتىم.

— نېمە؟— ھۆرىخان ئانا ھەيرانلىق ئىلكىدە ئاۋال مۇزەپپەرگە ئاندىن ھەلىمەگە قارىدى، — مۇنداق دېگىن، قارىماققا بېشىڭغا قاباھەتلىك نادامەتلەر سايە تاشلىغان چېغى.. قېنى ئېنىقراق سۆزلە..

ھۆرىخان ئانىنىڭ «قاباھەتلىك نادامەتلەر بېشىڭغا سايە تاشلىغان چېغى» دېگەن سۆزىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان ھەلىمە دەسلەپتە بوغۇلۇپ ، تېلىققىنىچە خېلىغىچە سۆزلىيەلمەي قالدى، مۇزەپپەرنىڭ: « ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، سىڭلىم، باشقا كەلگەندە ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا چارە يوق» دېگەن تەسەللىسىدىن كېيىنلا ئىسەدەپ - ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە دەھشەتلىك قارا قىسمەتلەرنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

ھەلىمەنىڭ دادىسى نادىرخان ئەلى ئاستانىدە كۆزگە كۆرۈنگەن سودىگەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى گۇلئەنبەر خېنىم نازاكەتتە ھەم شەرم - ھايا بابىدا پاك مۇسۇلمان قىزى بولۇپ، يات ئەرلەرنىڭ چىرايىغا قاراشنىمۇ گۇناھ دەپ بىلەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى ئات قېتىلغان پوۋوسكا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭدىن قاپقارا ساقچى فورمىلىرىنى كىيگەن ئىككى ساقچى چۈشۈپ دەرۋازىنى قاقتى، خىزمەتچى دەرۋازىنى ئېچىشى، ئۇلار ھېچبىر تەكلىپسىزلا تال بوستانلىق ھويلىغا كىرىپ، خىزمەتچى ئايالغا: «ئايال خوجايىنىنى چاقىرىپ بېرىڭ»دەپ بۇيرۇدى. شۇ ئەسنادا يۈزىگە پەرەنجە تارتقان گۇلئەنبەر خېنىم چىقىپ كەلدى.

— خوش، زاۋال ۋاقتىدا ئۆندەرەپلا كېلىپ قاپسىلەرغۇ، — پەرەنجىلىك گۇلئەنبەر ئۇنلۇك تەلەپپۇزدا سورىدى، — ئۆيدە ئەرەكتىلەر يوق، نادىرخان ئەلى ساقچى باشلىقى نۇرۇمبەگ بىلەن بۇيلۇقتا ئويىنغىلى كەتكەن.

— بۇنىڭدىن خەۋرىمىز بار، خېنىم، — دېدى قورساق سالغان پاكار ساقچى، — ئېرىڭىز نادىرخان ئەلى مېھمان بولۇۋېتىپ يۈرىكىنى قاماللىغىنىچە يىقىلىپ، ھوشىدىن كەتتى.

— نېمە؟— گۇلئەنبەر خېنىم تەئەججۇپ ئىچىدە ۋارقىرىۋەتتى، — ئۇ...ئۇ شاراب ئىچكەنمىدى؟

— مۇسەللەس ئىچكەن، — ئىككى ساقچى جىددىيلەشكەندەك بىر - بىرىگە قاراشتى، — خېنىم تېزرەك بولسىلا، سىرتتا پوۋوسكا ساقلاپ قالدى.

— بولىدۇ. مەن كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ چىقاي.

گۇلئەنبەر خېنىم ھايال بولمايلا بوسۇغىدا يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار پوۋوسكىغا چىقىپ ئىشىكنى يېپىپ بولغىچە ئاتلار چېپىپ كەتتى. پوۋوسكا ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللاردا خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن سولغا قايرىلىپ، بۆككىدە





www.uyghurkitap.com

دەرەخلىك يولغا چۈشۈشى ساقچىلار ئاتلارغا قامچا سالدى، پوۋىسكىنىڭ پەنجىرە پەردىسىنى قايرىپ قاراپ ئولتۇرغان گۈلئەنبەر خېنىم كۆڭلى ئۆيگەندەك بولدى ــ دە، ساقچىلارغا ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

ــ مېنى نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىسىلەر، بۇ بۇيلۇق يولى ئەمەسقۇ؟

ــ شاھنىيار قازىنىڭ چاھار بېغىغا كەلدۇق، خېنىم، ــ دېدى، پاكار ساقچى ئارقىسىغا قايرىلىپ، ــ شەھەردىن چىققان ئەزىز مۆھتەرەملەرنى شۇ زاتى مۇبارەك داستىخان سېلىپ ساھىبخانىلىق قىلدى.

پوۋىسكا ئەتراپى مەجنۇنتاللار بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك بىنا ئالدىدا توختىدى. بىنا گەرچە ئىككى قەۋەتلىك بولسىمۇ، سىياھ قەلەم گىرۋەكلىرى، دېرىزە، ئىشىك ئويۇقلىرى ئاپئاق گەج نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، سىرتتىنلا ئۆي ئىچىدىكى ھاۋارەڭ پەردىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىككى ساقچى گۈلئەنبەر خېنىمنى باشلاپ پەلەمپەيلەرگە قەدەم ئېلىشى، بېشىغا چۆچىلىق رومال ئارتقان، قاشلىرى قويۇق ئوسمىدىن كۆكەرگەن، قولىغا قويغان خېنە چېچەكلەپ قارىداشقا باشلىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال ئۆلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ــ دە، «يۇرسىلە خېنىم» دېگىنىچە گۈلئەنبەرنى باشلاپ بىنا ئىچىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ مېغىزرەڭ يالتىراپ تۇرغان قوشقاناتلىق ئىشىكنى ئېچىپ، مېھماننى تولىمۇ ئازادە ھەم سۇرلۇك ئۆيگە باشلىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىل گۈللۈك، تېگى قارا يۇڭ ئەديال يېپىلغان ھەيۋەتلىك سىم كارىۋات قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ماھۇت ياستۇقتىن ئىككىسى تۇراتتى. ئايال گۈلئەنبەرنى يېشىل مۇۋۋىت دىۋانغا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن چىقىپ كېتىپ پەتنۇستا چەينەك، پىيالە كۆتۈرۈپ ئەكىردى.

ئۆينىڭ دېرىزە پەردىلىرىگە، كۆركەم نەقىشلەنگەن سىم

كارىۋاتقا، تەكچىلەردىكى تەشتەك گۈللەرگە، ئالدىدىكى قوڭغۇر رەڭلىك چاي ئۈستىلىگە قاراپ: بۇ يەر مېھمانسارايمۇ ياكى بىرەر كىمنىڭ ئۆيىمۇ؟ دېگەن بىرخىل ۋەھىمىلىك ئوي كۆڭلىدىن كەچكەن گۈلئەنبەرنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ كەتتى.

— مەن ئېرىمنى كۆرۈشۈم كېرەك — دېدى گۈلئەنبەر پىيالىگە چاي قۇيۇۋاتقان ئايالغا قاراپ، — ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن.

— سەۋر قىلالا، خان، — ئايال چاي قۇيۇۋاتقان پىيالىنى سۇندى، — بىردەم چاي ئىچكەچ تۇرسىلا، يولدا كەلگىچە چاڭقاپمۇ قالغاندىلا. نادىرخان ئەلى غوجامنى شەھەردىن چىققان پەرەڭ دوختۇر تەكشۈرۈۋاتىدۇ. كۇسۇر، كۇسۇر قۇلاق ياقتى گەپلەرگە قارىغاندا، «قەلب زەئىپ ①»مىش.

— نېمە؟— گۈلئەنبەرنىڭ گۈل يۈزى ئاقىرىپ كەتتى، — بۇ چاغقىچە ئۇنداق كېسەلنىڭ بارلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىسە..

— قېنى، چاي ئىچسىلە، خان، — ئايال گۈلئەنبەرگە قادىلىپ تۇرۇپ ئىككى يۇتۇم چاي ئىچۈرۈۋەتتى، — بۇنداق كېسەلنىڭ يوشۇرۇن دەۋرى بولارمىش.

— سىلى نەدىن ئاڭلىدىلا؟

—مېنىڭ ئاتام كاتتا تېۋىپ ئەمەسمۇ، غىلتاڭ مۇشۇنداق كېسەلگە دورا ياسايدۇ.

— دادىلىرىنىڭ ئىسمى شەرىپى كىم بولىدىكىن؟

— ئابدۇلمەۋاھىت مەخسۇم

— مۇنداق دېسىلە، مەن ئۇ زاتنىڭ تەۋسىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان.

ئايال ئاۋام نەزىرىدە ئۇلۇغلانغان مۆتىۋەر تېۋىپنى «مېنىڭ ئاتام» دېيىش ئارقىلىق گۈلئەنبەر خېنىمنىڭ كۆڭلىگە چىراغ يېقىۋەتتى. شۇڭا، ئۇ مېھماندوستلۇق كۆرسىتىۋاتقان ئايالنىڭ

① قەلب زەئىپ — يۈرەك كېسىلى مەنىسىدە.

لەۋزىنى ياندۇرالماي، چايدىن يەنە بىر نەچچە قېتىم ئوتلىۋەتتى. بىراق ئۇ بارغانسېرى كۆزىنى ئاچالماي، بېشى مۇرىسىگە سانجىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئاچا... جېنىم ئاچا... — گۈلئەنبەر گەپنىمۇ تەستە قىلىۋاتاتتى، — مەن بولالماي قېلىۋاتىمەن.. ئېرىم... بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ.. ئېرىم بار يەرگە.. تېزراق.. تېزراق..

— نادىرخان ئەلى غوجامنى پەرەڭ دوختۇرى كۆرۈۋاتىدۇ.

— پەرەڭ دوخ...تۇر... قۇرۇپ كەتسۇن!... ئېرىمنى تېپىپ بېرىڭ...ۋاي.....خۇدايىم...نېمە... نېمە بولغاندىمەن؟ — گۈلئەنبەر كۆز جىيەكلىرىنى تەستە ئاچاتتى. بىراق خۇنۇكلەشكەن قارىچۇقلىرى دەم ئۆتمەي يېپىلىپ قالاتتى، — ئېرىم...نادىر... خان... ئۇ...ئۇ...

گۈلئەنبەر دىۋان يۆلەنچۈكىگە يۆلەنگىنىچە بېشىنى مەيدىسىگە چۆكۈرۈپ جىمىپ قالدى. خىزمەتچى ئايال خۇددى مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك مىيىقىدا زەھەرلىك كۈلۈمسىرىگىنىچە ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇنى كارىدوردا سىگارت چېكىپ ئولتۇرغان قورچاق ساقچى باشلىقى نۇرۇمبەگ كۈتۈپ تۇراتتى. ئايال ئۇنىڭ تولىمۇ كېلەڭسىز گەۋدىسىگە، قاپقارا چوقۇر گۆشلۈك يۈزىگە، گودىڭغا چۈشۈپ كەتكەن قارا مارجاندەك خۇنۇك ئورا كۆزلىرىگە قاراپ مەنىلىككىنە كۈلۈپ قويدى.

— ئىشلار قانداقراق، — سورىدى نۇرۇمبەگ غۇرتتىمدا يۇلقۇنۇپ، — لېكىن كۆزلىرىڭىزغۇ دەپ بولدى. ھى ..ھى .. ھى..

— شاپتۇلنى ئۈزۈپ، لېگەنگە ئېلىپ قويدۇم، شىبخىنى ئېگىش كەتمەيدۇ...

— پاھ، پاھ، پاھ، سىز بەك يامان جۇمۇڭ.

— ئۇ «ئېرىم»دەپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ ئېرى ئەتە چۈشكىچە يېشىلەلىسە چوڭ گەپ.
— ئۇ دورىنى جىق ئىچىرىۋەتسە ئۆلۈپ قالىدۇ جۇمۇڭ.
— ئۇنداق بولسا تېخى ياخشى، گۈلئەنبەر ماڭىلا قالمامدۇ.
— گۈلئەنبەر ئۆزىنىڭ ئېرىدىن ئۆزگە ئەرگە ئىلتىپات كۆرسەتمەيدىغان ئايالدەك قىلىدۇ. تولا چۆچۈرىنى خام سانىماڭ.
— كۆرۈپ تۇرۇڭ، بۇ قېتىم ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىۋالسام، كېيىنكىسى ئاسانغا چۈشىدۇ.

ئايال نۇرۇمبەگنىڭ شەھۋانىيەت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىغىنىچە مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. شۇنداقتىمۇ تاپان ھەققى ئېلىشنى ئۇنتۇمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەن كۈن يورۇغاندا ئېسىگە كەلگەن نادىرخان ئەلى كىچىككىرەك بىر ھۇجرىدا يېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھېچنېمىنى ئەسكە ئالالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئاندىن كېتىۋاتقان هارۋىلارنىڭ بىرىگە ھەق تۆلەپ، ھارۋىكەشنى ئاران ئۇناتتى.

نادىرخان ئەلى قورۇسىنىڭ ئالدىغا يىغىلىۋالغان ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھويلا ئىچىدىن كېلىۋاتقان يىغا ئاۋازى ئۇنى تېخىمۇ ئېسەنگىرىتىپ قويدى. ئۇ ھېلىھەم بېشىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرغانلىقى، كۆڭلىنىڭ دەممۇ دەم ئېلىشىپ «ھۆ» تۇتۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ھويلىغا ئېتىلىپ كىردى، ئاندىن يىغا ئاۋازى كېلىۋاتقان ھۇجرىغا ئۆزىنى ئاتتى. نادىرخان ئەلى خۇددى قاققان قوزۇقتەك بوسۇغىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى سىم كارىۋات ئۈستىدە ئايالى گۈلئەنبەر پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ھەم جاۋغىيىدىن ساقىغان قان قېتىشىپ قالغانىدى. خىزمەتچى ئايال بىلەن قىزى قۇندۇزئاي نادىرخانغا ئېسىلىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىدى. لېكىن، ئۇ ئۇلاردىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ ئايالىنىڭ قېشىغا باردى — دە، سوغۇق جەسەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

گۈلئەنبەر باغدىكى سۆگەتكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانىدى، خىزمەتچى ئايال نادىرخانغا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ:
— مەرھۇمە ئۆلۈش ئالدىدا يازغان خەتكەن، مەن ساۋاتسىز بولغاچقا ئوقۇيالمىدىم، — دېدى.
نادىرخان ئەلى خەتنى ئوقۇپ بولغىچە كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قارىچۇقلىرىدىن تەخىرسىز يېنىۋاتقان ئوت يالقۇنلىرى يېلىنجايتتى. ئۇنىڭ خەتنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرى كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۇندىلا ساقچى باشلىقى نۇرۇمبەگنىڭ ئۆزىنى نېمە ئۈچۈن بۇيلۇققا ئاپارغانلىقى، مۇسەللەسكە دورا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرگەنلىكى، ئاندىن ئايالىنى ئالداپ مېھمانسارايدا ئىپپەت ـ نومۇسىغا تەگكەنلىكى قاتارلىق زەھەرلىك سۈيىقەستىنىڭ تېگىگە يەتتى. ئۇ ئايالىنى دەپنە قىلغان كۈنىنىڭ كەچلىكى 17 ياشلىق قىزى قۇتىدۇزئاينى ۋە خىزمەتچى ئايالنى يېتەرلىك پۇل بىلەن پىچاندىكى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يولغا سېلىۋەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىساس ئوتى چىرمىۋالغانىدى.
نۇرۇمبەگنىڭ قورۇ ـ باغلىرىنىڭ تاملىرى ئېگىز بولۇپ، ھويلىسىنى كېچە ـ كۈندۈز بىردىن ئەسكەر نۆۋەتلىشىپ قوغدايتتى. نادىرخان ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ ئۇخلايدىغان بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. بىراق باغ ـ ھويلا، ئۆي ئەتراپىنى پىرقىراپ، قەيەردە «شىرىپىدە» شەپە بولسا قاۋاپ يۈگۈرەيدىغان بۆرە ئىتى ھويلا ـ ئارامغا ئۈچار قۇشنىمۇ قوندۇرمايتتى. قىساس ئوتى ھېلىدىن ھېلى پۇتۇن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان نادىرخان ئەلى بۇ ئىشقا پۇختا، ئىنچىكە، ئەقىل بىلەن تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ دورىپۇرۇش ئاغىنىلىرىدىن ئۆتكۈر زەھەرلىك كۈچۈلا ۋە كۈچۈلا كۆمىلچىنى ئېلىپ كەلدى، كۈچۈلىنى سۇغا چىلاپ بىر نەچچە سائەت يۇمشاتقاندىن كېيىن، لۇق گۆشنى تىلىپ، ئۇنىڭ

ئارىسىغا كۆچۈلا ۋە كۆچۈلا كۆمىلىچىنى سېلىپ تەييارلىدى.

ئاۋغۇستىنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى تولىمۇ يورۇق بولىدۇ. ئەمما، چىدىغۇسىز تىنچىق تۈنلەر باشلىنىدۇ. يالقۇنتاغدىن كۆتۈرۈلگەن ئۇپ - ئىسسىقتىن ئادەملەرنىڭ نەپەس ئالمىقىمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. غىلاپلىق شەمشىرى يوتىسىدا ئېسىلىپ تۇرغان نادىرخان ئەلى خامغا ئورالغان ئىككى پارچە گۆشنى بېلىدىكى پوتىغا تۈگۈپ بوك - باراقسانلىق چوڭ جىگدە ئاچىمىقىدا ئولتۇردى. بۇ بىر تۈپ نان جىگدىسى نۇرۇمبەگنىڭ بېغىدا بولۇپ، نادىرخان تام ئارقىلىق چىقىۋالغانىدى. ئۇ ساقلا - ساقلا، ئاخىر بۆرە ئىت ئۇچرىغان نەرسىلەرنى پۇراپ قاترىغىنىچە جىگدە تۈۋىگە كەلدى. ئۇ يات ئادەمنىڭ ھىدىنى يىراقتىنلا ھىدلاپ بولغاندەك قىلاتتى. ئىت جىگدە ئۈستىگە قاراپ خىرقىراپ قاۋاشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشى، نادىرخان سەل پەسكە چۈشۈپ قولىدىكى گۆشنى سۇنغاچ تامىقىنى چىكىلدىتىپ، ئىتنى كونا تونۇشلاردەك ئەركىلەتتى ۋە گۆشنى تاشلاپ بەردى. ئىت بۇ تەييار لوقمىنى پۇراپ ۋە يالاپ بېقىپ، چىشلىگىنىچە ئىككى يالماپ يۇتۇۋەتتى - دە، نادىرخانغا «يەنە بارمۇ؟» دېگەندەك تەلمۈردى. نادىرخان يەنە بىر پارچىنىمۇ تاشلاپ بەردى. ئىت ئۇنى چىشلەپ بىنا تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ، يېنىپ كەلمىدى. دورىپۇرۇش: «ئادەم ياكى ھايۋانغا 15_20 مىنۇت ئىچىدە تەسىر قىلىدۇ» دېگەنىدى. نادىرخان يېرىم سائەتتەك ساقلاپ باغقا چۈشتى. بۇ ئوتتۇرا كېچە بولغاچقا، بارلىق تىرىكلىك خۇددى ئۆلۈكتەك ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇيقۇغا چۆككەنىدى. قاراۋۇل بىنا ئىشىكى ئالدىدىكى گۈللۈك تۈۋرۈككە يۆلەنگىنىچە پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ مىلتىقىنى چاترىقىغا قىسىۋېلىپ بوش خورەك تارتىۋاتاتتى. نادىرخان ئەلى رېشاتكىدىن ئاتلاپ باغقا چۈشتى. ئاندىن بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ دېرىزىدىن چوڭ مېھمانخانىغا قارىدى. دېرىزە

قاپقاقلىرىنى تارتىپ باققان بولسىمۇ، كىلىتان ئېتىكلىك بولغاچقا ئېچىلمىدى. نادىرخان ئەلى مۇشتۇمىغا پوتىنىسىنى يۆگەپ، ئەينەكنى كۆچەپ ئىتتىرگەندى، چارىسىدە قىلىپ سۇندى. ئۇ قولىنى تىقىپ كىلىتاننى تۆشۈكىدىن چىقىرىۋەتتى-دە، مېھمانخانىغا چۈشتى. بۇ يىل باھاردا نۇرۇمبەگ مۇشۇ مېھمانخانىدا چاي ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. شۇ چاغدا ھۇجرا ئۆيىنى كۆرۈۋالغان نادىرخان، تەمتىرىمەيلا ئىشىكنى ئىتتىرىپ ئىچىگە قارىدى، ھۇجرىدىن قاڭسىق تەر ھىدى كېلىۋاتاتتى. دېرىزىدىن چۈشكەن ئاي يورۇقىدا كالتە ئىشتان بىلەنلا ياتقان نۇرۇمبەگ ئېغزىنى يوغان ئېچىپ خورەك تارتىۋاتاتتى. ھېلىمۇ ياخشى بۇ تىنچىق ئىسسىقتا خوتۇنى بىلەن يېتىشنى خالىمىغانمۇ، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئىدى. نادىرخان ئەلى يانپىشىدىكى شەمشەرنى ئېلىپ تۇرۇشى، قاراۋۇلنىڭ بەكمۇ سەت يېقىمسىز ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى:

— ئىت ئۆلۈپتۇ! جوجاڭ بېگىم ئىت ئۆلۈپتۇ. ۋاي قانداق قىلاي بۆرە ئىت قېتىپ قاپتۇ...

ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئاۋازى بىلەن نۇرۇمبەگنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ مەڭدەپ كەتكەچكە ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي چاچراپ تۇرۇشى نادىرخان ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى. قورقۇپ كەتكەن نۇرۇمبەگ بىرلا يۇمىلاپ كارىۋاتتىن پەسكە دومىلاپ چۈشتى-دە، دەھشەتلىك ۋارقىرىدى:

— قۇتقۇزۇڭلار! قېنى سەن قاراۋۇل... ۋايجان!.. ۋاي... ۋاي... ۋاي..

نۇرۇمبەگنىڭ ساغرىسىغا مىنىۋالغان نادىرخان ئىككى قېتىم پىچاق ئۇردى. نۇرۇمبەگنىڭ بوغۇزلانغان ئۆكۈزدەك سەت ئاۋازى، قاراۋۇلنىڭ ئالىتاغىل ۋارقىرىشى ھەم تون قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتكەن ئوق ئاۋازىدىن ئالدىراپ قالغان نادىرخان پىچاقنى نەگە ئۇرغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ مېھمانخانا

دېرىزىسى ئارقىلىق باغقا چۈشۈپ، جىگدىگە ياماشتى. قاراۋۇل قانغا بويالغان نۇرۇمبەگنى يۆلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ مورە ۋە بىلىكىدىن شورقىراپ چۈشۈۋاتقان قاننى كۆرۈپ، «ئادەم بارمۇ؟» دەپ توۋلىدى. لېكىن نۇرۇمبەگ:

— نادىرخان قىزىل پاچاقنى قوغلا!... تېز بول پېسەندە... ئۇنى قاچۇرۇپ قويما! — دەپ ساق قولىنى شىلتىدى.

بىلەك، مۈرىلىرى تېڭىلغان نۇرۇمبەگ نادىرخاننى يۇقىرىغا «ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ چوماقچىسى» دەپ دوكلات قىلغاچقا ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى ھەممە يەرگە چاپلاندى. بۇنىڭدىن ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى بېسىقمىغان نۇرۇمبەگ نادىرخاننىڭ قىزى قۇندۇزئاينى نەدىن بولسا تۇتۇپ كېلىشنى پىلانلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ دادىسىنى قولغا چۈشۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ چىرايلىق قىزنىمۇ پەيزى سۈرگىلى بولاتتى. چۈنكى نۇرۇمبەگ قۇندۇزئاينى كۆرگەندىن بېرى ئۇنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئېلىش ۋەسۋەسىسى ئىچىدە پۇچىلىنىپ كەلمەكتە ئىدى.

نادىرخان ئەلنى تۇتۇش بۇيرۇقى ھەققىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە تۇرپان دىيارىدىن پىچانغا يېتىپ كەلدى. كېسەل سەۋەبىدىن ئىلەك ـ سىلەك يۈرگەن 70 ياشلىق نازىلخان ھاجىم بىر يولىلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بۇ چاغقىچە مومىسىنىڭ كېسىلىنى بېقىپ، دەردىگە دەرمان بولۇپ كېلىۋاتقان قۇندۇزئاي بىلەن خىزمەتچى ئايال خاتىمە مەسلىھەتلىشىپ دوختۇر ياكى تېۋىپ چاقىرماقچى بولغانىدى، موماي زادىلا ئۇنىمىدى. ئۇ ھەپتە بولمايلا گەپ ـ سۆزدىن قېلىپ، ئادەم تونۇماس بولۇپ قالدى. نازىلخان ھاجىم سەكراتقا چۈشۈپ قالغان بىر ئەتىگەنلىكى ئۆيگە تۆت ساقچى ئېتىلىپ كىرىپ قۇندۇزئاينىڭ قولىغا كويزا سالدى. ساقچىلار ئۇنى ئىتتىرىپ تاشقىرىقى ئۆيگە ئېلىپ چىققاندا، قۇندۇزئاي نۇرۇمبەگنى تونۇپ قالدى. چۈنكى، بۇ قارا توڭگۇز نادىرخان ئەلنىڭ ھوزۇرىدا بىر ـ ئىككى قېتىم

مېھمان بولغان چاغلىرىدا قۇندۇزئايغا يەۋەتكۈدەك قاراپ، شەھۋانىيەتكە تولغان كۆزلىرىدىن ئاچ كۆزلۈك زەھەر ۋە زوقۇملىرى يامرىغانىدى. مانا مۇشۇ تۇرقىدىمۇ ئاغزىنىڭ مىيىقىدا دىردىيىپ تۇرغان تۆت ـ بەش تال قىزغۇچ بۇرۇتلىرى، جاۋغىيىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قانات يېيىپ سەتلا ھىجايدى:

ــ قۇندۇزئاي قىزچاق، تىنچ تۇرۇۋېرىسىزمۇ، پىچانىنىڭ ھاۋا ـ سۈلىرى خىل كەلگەنمۇ ـ نېمە، خۇددى ئانىڭىزدەكلا ئەجەب بەرنا، ئەجەب نازىنىن بولۇپ كېتىپسىز...

كونىلار: «سۇ ئۇخلىسا ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس» دېگەن گەپنى خويمۇ توغرا دەپتىكەن. قۇندۇزئاي نۇرۇمبەگنىڭ قاپقارا چوقۇر يۈزىدىن، سەت ھىجىيىشلىرىدىن، كۆزلىرىدىكى ھاياسىز ئۇچقۇنلاردىن دادىسى نادىرخان ئەلىدىن ئالالمىغان ئەنت ـ قىساسنى ئۆزىدىن ئالماقچى ئىكەنلىكىنى دەرھاللا چۈشەندى. ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە، دادىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بۇ قارا كۆڭۈل، لەنتى ئالۋاستىغا بولغان ئۆچمەنلىك قۇندۇزئاينىڭ يۈرەك ـ باغرىغا لاتقىدەك ئۇيۇپ كەتتى! 17 يېشىغىچە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئەقلى تولۇپ يېتىلىۋاتقان بۇ قىز ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن قىلىنغان ئىشنىڭ ئويلىمىغان نەتىجىلەرنى بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ نۇرۇمبەگنىڭ پاسكىنا ۋۇجۇدى تاپ مېيىدەك ئېرىپ، قارا يۈرىكى تىترەپ كەتكۈدەك تاتلىق گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇراتتى. خاتىمەنىڭ «چوڭ ئانا!..» دەپ ئايانچلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇڭا قۇندۇزئاي دەرھاللا پەدىنى يۆتكىدى:

ــ نۇرۇمبەگ تاغا، مومامنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالسام بولارمۇ؟

ــ بولىدۇ، بولىدۇ، بولمامدىغان، ــ ئۇ قۇندۇزئاينى بۆرىدەك قامالاپ تۇرغان تۆت ساقچىغا گۆلەيدى، ــ قويۇپ بېرىش.

قوندۇزئاي ئىچكەركى ئۆيگە ئۇچقاندەك كىرىپ، تېخى سوۋۇشقا ئۈلگۈرمىگەن جەسەتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ مومىسىنىڭ داكا رومىلىنى قاتلاپ، مېيىتنىڭ ئېڭىكىنى چاتتى. موماي جان ئۈزگەن كارىۋاتنىڭ ئەتراپىدا تۆت ساقچى تىك تۇراتتى. نۇرۇمبەگ بولسا قىزنىڭ يامغۇردەك ياشلار سۆيۈپ چۈشۈۋاتقان نۇرانە يۈزىگە قاراپ تۈكۈرۈكىنى غۇرتتىدا يۇتتى.

— نۇرۇمبەگ تاغا، ھۇجرامغا كىرىپ كىيىملىرىمنى ئېلىۋالسام بولامدۇ؟ — قوندۇزئاينىڭ قېلىن كىرپىك چوڭ كۆزلىرى لاپپىدە قادالدى، — مۇشۇ كېتىشىمدە كېلەلەمدىم-يوق...

— بولىدۇ، كويزىنى ئېلىۋېتىڭلار، — نۇرۇمبەگ قىزنىڭ يۇمشاق سۆزلىرىدىن ئېرىپ كەتكەندەك قىلاتتى، — ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىڭ.

قوندۇزئاي ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ، كۆپ ھايال بولماي يېنىپ چىقتى. ساقچىلاردىن بىرى ئۇنىڭ بوپپىسىنى يېشىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويدى.

قوندۇزئاي ساقچى گۇندىخانىسىدا بىر ھەپتە ياتتى. ئۇنىڭ تۇتۇلغانلىق خەۋىرى تالا - تۈزلەرگە ئاللىبۇرۇن تارقىتىلدى. نۇرۇمبەگ: «نادىرخان ئەلى ئوغۇل بالىچىلىقى بار ئەزىمەت. ئۇ قىزى ئۈچۈن چوقۇم كېلىدۇ. شۇ چاغدىلا، داداڭنىڭ جېنىغا تۇرساڭ، ماڭا كىچىك خوتۇنلۇققا تېگىسەن، بولمىسا داداڭ چېپىلىدۇ» دەپ قوندۇزئاينى ئىسكەنجىگە ئالماقچى ئىدى. لېكىن نادىرخان ئەلىنىڭ تەڭرىتاغلىرى ئارقىلىق ئىلى ئوغرىلىرىغا قېتىلىپ كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغان نۇرۇمبەگنىڭ قىساس ئېلىش ھۇزۇرى سۇغا چىلاشتى. غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان نۇرۇمبەگ بىر كۈنى قوندۇزئاينى شاھنىياز قازىنىڭ چاھار بېغىغا يۆتكەپ، گۇلئەنبەر خېنىمنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى بولغىغان ھۇجرىغا ئەكېلىپ سولىدى. ئانىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېزىپ قالدۇرغان خېتىدە تەسۋىرلەنگەن ھۇجرىنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغان قۇندۇزئاي ئۆزىنىڭ بۈگۈن قانداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى. دېگەندەك ناماز شام گۇگۇملۇقى بىلەن خېلىلا كەيپ بولۇپ قالغان نۇرۇمبەگ ھۇجرىغا لەلەڭشىپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىدىن ھاراق پۇراپ، گەپ ـ سۆزلىرى ئېغىرلىشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن پۇت ـ قوللىرى ھېلىمۇ بەردەم ئىدى. ئۇ ئەمەلدارلىق فورمىلىرىنى سېلىپ دىۋانغا تاشلىدى ـ دە، قىزنى قۇچاقلىدى. قۇندۇزئاينىڭ پۈتۈن تېنى شۈركىنىپ سەسكىنىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ، سەۋر ـ تاقەت، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىش كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ زورمۇزور كۈلۈمسىرىدى:

— نۇرۇمبەگ تاغا، ئانام بىلەن مومام ئۆلدى. دادام بولسا نەگىدۇر يوقالدى، — قىزنىڭ ئاۋازىدىن بىچارىلىك، ئامالسىزلىق چىقىپ تۇراتتى، — ئەمدى مېنىڭ سىزدىن بۆلەك ھېچ ھىماتىم يوق.

— ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، مەن سىزنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالسام بولمىدىمۇ.

— راستىما؟— قۇندۇزئاي دىۋانغا تاشلاپ قويغان قاپلىق تاپانچىغا قارىدى. بىراق ئۇنى قانداق ئېتىشنى بىلمەتتى.

— راست بولماي، — تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان نۇرۇمبەگنىڭ كەيپى بىردىنلا ئۆرلىدى، — ئەمىسە كىيىملىرىڭىزنى سېلىڭ، بىردەم جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرەيلى.

نۇرۇمبەگ قۇندۇزئاينىڭ تاشقى كىيىملىرىنى سالدۇرماقچى بولغانىدى، ئۇ ئىزا تارتقاندەك بولۇپ يېلىندى:

— نۇرۇمبەگ تاغا، ئۆي ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەن ساقچىنى ھەيدىۋېتىڭ. مەن... مەن... ئىزا تارتىدىكەنمەن.

— ئا... ئۇ سىرتتا تۇرسا..

— مەن... مەن... دېگەن قىز تۇرسام...ئۇ.. ئۇ تالا ـ تۇزلەردە «قۇندۇزئاي قىزلىق ئىپپىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن نۇرۇمبەگكە تېگىشكە مەجبۇر بولغان..» دېگەندەك گەپلەرنى تارتىپ يۈرسە، مېنىڭ يۈزۈمگە سەت ئەمەسمۇ، سىزنىڭمۇ ئابرۇيىڭىز تۆكۈلمەمدۇ...

— شۇ... شۇنداقمۇ بولارما؟

نۇرۇمبەگ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ «ماڭ بېرىپ ئۇخلا، بۇ قىز دادىسىنىڭ يار يېرىنى دەپ بەردى..» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

قۇندۇزئاينى ئاپئاق كېلەڭسىز يىپەك ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا يوتقان ئىچىگە ئەكىرىۋالغان نۇرۇمبەگ كېلەڭسىز قاپقارا تېنىنى باشقۇرالماي ئىنجىقلاپ، هاسىراپ تۇرسىمۇ، شەھۋانىي نەپسى بالاسىنى تېزراق ئويغىتىش ئۈچۈن قىزنىڭ نازۇك بەللىرىنى، يۇمران كۆكسىلىرىنى، چىرايلىق ساغرىلىرىنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سىلايتتى. سىلىغانسېرى ئاللانىڭ سېھرىي كارامىتىدىن ئاپىرىدە بولغان ئاجايىپ نەپىس، مەرمەردەك ئاپئاق سىلىق بەدەن ئۇنىڭ نېرۋا شەيتانلىرىنى تورمۇزلاپ، تاقەتسىزلەندۈرمەكتە ئىدى. ئەنە شۇنداق بىئارامچىلىق ئىچىدە يۈركى تەرتىپسىز ئۇرۇپ، نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قالغان نۇرۇمبەگ خارقىراپ تۇرسىمۇ، قىزنىڭ قىپقىزىل تاۋار تامبىلىغا قول ئۇزاتتى. ئەمما، شۇ پەيتتە، قورسىقىنى قاماللىغىنىچە قىسماقتەك پۈكۈلۈپ قالدى. ئاپئاق ئىچ كۆڭلىكى قىپقىزىل قانغا بويالغان قۇندۇزئاي ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئۆتكۈر خەنجەرنى ئۇنىڭ مىلىشلاپ كەتكەن قورسىقىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ، سول كۆكسى ئۇستىگە توغرىلىدى. ئاندىن ئىككى قولى بىلەن بىرلا كۈچەپ، خەنجەرنى دەستىگىچە پاتۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قانسىراپ هالسىزلىنىپ كەتكەن نۇرۇمبەگ بوشقىنە بىر سىلكىنىپ جىمىپ قالدى. قۇندۇزئاي

قانلىق خەنجەرنى يوتقان ئېشىغا سۈرتۈۋېتىپ غىلىپىغا سالدى. بۇ خەنجەر ئاتىسىنىڭ تەۋەررۈكى بولۇپ، ئانىسى گۈلئەنبەر ھەركۈنى ئۇنى «يالغۇز ھۇجرىدا قارا بېسىپ قالمىسۇن» دەپ قىزىنىڭ ياستۇقى ئاستىغا قويۇپ قوياتتى.

ساقچىلار ئۇنى تۇتقاندا، نۇرۇمبەگنىڭ ۋەھشىي نىيىتىنى بىلىپ بولغان قۇندۇزئاي كىيىملىرىنى ئېلىشنى باھانە قىلىپ ھۇجرىسىغا كىرگەنلىكى ئوقۇرمەنگە ئايان، ئۇ شۇ چاغدىلا خەنجەرنى نېپىز رومال بىلەن قولتۇق ئاستىغا تېڭىۋەتكەنىدى. قۇندۇزئاي ئانىسىنىڭ ئېيپەت – نومۇسى دەپسەندە قىلىنغان چاھار باغقا يۆتكەلگەندىن كېيىن خەنجەرنى ئېلىشقا ئەپلىك بولغان كۆرپە ئاستىغا يوشۇرۇپ، ئانىسى، مومىسى ۋە دادىسى ئۈچۈن ئاخىرقى قىساس ئېلىشقا تەييارلانغانىدى!

ھۆرىخان ئانىنىڭ ئۆيى لەھەتتەك سۈرلۈك تىمتاسلىققا چۆمدى. پەقەت قورقۇنچلۇق ھەم ۋەھىمىلىك قىسمەتنى سۆزلىگەن قۇندۇزئاي ئاچچىق – ئاچچىق ياشلارنى تۆككەن ھالدا دەپ ھېكايىسىنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

— شاھنىيار قازىنىڭ چاھار بېغىدىن قېچىپ چىققان شۇ كېچىدىن باشلاپ، ئەرەنچە ياسىنىپ تاغ – داۋان، چېقىل – قىرلاردىن ئاشقىچە قانچە كۈن، نەچچە ئايلار ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن.. بىرەر قارا – قۇرا نەرسە كۆرۈنسىمۇ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ھەتتا سىلەردىنمۇ گۇمانسىراپ ئىسمىمنى «ھەلىمە»دەپ يالغان ئېيتتىم. مېنىڭ ئىسمىم ئەسلىي قۇندۇزئاي.

پەلەكنىڭ تېگى – تەكتىگە يەتكەن ھۆرىخان ئانىنىڭ خۇنۈك ۋە قورۇق باسقان يۈزىدىن تارام – تارام ياش ئېقىپ چۈشتى. مۇزەپپەرنىڭمۇ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ دىمىقىپ كەتتى. ھەلىمەنىڭ ئانىسى، مومىسى ۋە دادىسى ئۈچۈن ئالغان قىساسى دەھشەتلىك

بولغانىدى. ھۆرىخان ئانا بۇ يۇمران گۆشنىڭ شىجائىتىگە، قورقماس شىر يۈرىكىگە ئاپىرىن ئوقۇۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى:

— پاھ، بالىلىق قەرزىڭنى ئادا قىلىپسەن، بالام. ئۆلگەنلەر گۆرىدە ئەمىنلىك تاپىدۇ، كەتكەنلەر ھايات بولسا، ساڭا دۇئا قىلىدۇ. ئەجەلسىز بىلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەس دېگەندەك، دوزاخ ئازابىنى تارتقان بولساڭمۇ نىيىتىڭنىڭ رۇسلۇقىدىن خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ. سېنى بىز يەنىلا ھەلىمە دەپ ئاتاۋېرەيلى، قىزىم، ئەسلىي ئىسمىڭنى ھېچكىم بىلمىسۇن.

— سىز، — دېدى، مۇزەپپەر قىزدىن سەل ئەيمىنىپ، — تاغ - داۋان، چېقىل - ھاڭلاردىن ھالقىپ، بۇ تەرەپلەرگە كېلىشنى قانداق ئويلاپ قالدىڭىز؟

— مەن 12 يېشىمدا ئاتام مېنى تاغ ئارىلاپ، قۇرۇق تاغلىرى دېگەن يەرگە ئاتلىق ئېلىپ كەلگەن، — ھەلىمەنىڭ كۆزلىرى نەگىدۇر تىكىلىپ قالغانىدى، — شۇ چاغدا ئۇ تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېگىز - پەس بەللىرىنى كۆرسىتىپ: «مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا بوستان دېگەن نەشپۈتلۈك يۇرتنىڭ ناھىيە - يېزىلىرى بار» دېگەنىدى. مېنى تۇتماقچى بولغانلار ئەلۋەتتە كىچىك بىر قىزنىڭ تاغ يوللىرىنى بىلمەيدىغانلىقى ۋە قورقىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار يالقۇنتاغ ئەتراپىدىكى چوڭ - كىچىك يۇرتلارنى ئاختۇرۇشى تۇرغانلا گەپ.

— پاھ، پاھ، ئەقلىڭگە باركاللا، ئوقۇمۇشلۇق بولغانلىقىڭ ئۇچۇنلا، زالىملارنى ئازدۇرۇپ ئاجىز جېنىڭنى ساقلاپ قالدىڭدە، — ھۆرىخان ئانا باش لىڭشىتتى، — خوش، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئانا، مەن... — ھەلىمە مۇزەپپەرگە قاراپ قىزارغىنىچە گېپىنى قىلالمىدى، — مەن.. مەن...

— بالام مۇزەپپەر، تىكەنلىكتىن ئازراق جىغان ئورۇپ كەل،

www.uyghurbiz.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆيدە ئوتتۇن ئۆكسۈپ قاپتۇ.

— ماقۇل ئانا.

ئەھۋالىنىڭ تېگىگە يەتكەن مۇزەپپەرنىڭ يۈرىكى تۇيۇقسىز ئاتتەك تېپچەكلەپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ھەلىمەنى كۆتۈرۈپ ئېپكېلىپ، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ تازىلىغاندىن بېرى، نېمە ئۈچۈندۇر بىر شېرىن تۇيغۇ بۆشۈكىدە تەۋرەنمەكتە ئىدى. شۇڭا ئانىسى قىزنى كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولغىنىدا، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر يېرى ئېچىشىپ ئاغرىغان بولسىمۇ، ئاغزىدىن زىنھار چىقىرالمىدى، مانا ئەمدىلىكتە ئانىسىنىڭ ئۇنى ئوتتۇنغا بۇيرۇشى، قىزنىڭ قىزىرىپ گەپ قىلالمىغانلىقى، ئەلۋەتتە ياخشىلىقتىن بېشارەت بولماي نېمە؟

— ھە، نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟— ھۆرىخان ئانا ھەلىمەنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ئەمدى سۆزلە.

—ئانا..— ھالىمە قىزىرىپ تامدا ئېسىقلىق تۇرغان دۇتار، راۋاب، نەيلەرگە قارىۋالدى، — مەن.. مەن سىلىگە بالا بولۇپ كەتسەمچۇ؟..

— قانداق بالا بولماقچىسەن؟

— ئۆزلىرى قانداق بالا قىلسىلا مەن.. رازى..

— ھىم..— ھۆرىخان بېشىنى لىڭشىتتى، — ئەگەر كېلىن بالا قىلىۋالسامچۇ؟

قىز كىگىزدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە، ھۆپپىدە قىزىرىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئۇنىڭ بۇنداق ئىزا تارتىشى، ئىستىھزا بىلەن يەرگە بېقىشى كۆڭۈل تىلەكلىرىنىڭ زورىدىن بولغان دېسەك ھەرگىز ئۇشۇق كەتمەيدۇ. ھەلىمەنىڭمۇ ئۆزىنى تىكەنلىكتىن يۇدۇپ ئېلىپ كەلگەن مۇئەللىم مۇزەپپەرنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىغا ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى گۇۋاھ بولاتتى. شۇڭا ئۇ تولىمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— مەيلى.

— ئارىسالدى بولىدىغان يەرلىرىڭ بولسا ئۇچۇق ئېيىت قىزىم. سەن 17 ياشقا كىرىپسەن، ئوغلۇم بولسا 25 ياشقا كىردى. سەندىن سەككىز ياش چوڭ.

— تېخى مۇزەپپەر ئاكام نېمە دەيدۇ؟

قىزنىڭ بۇ جاۋابى ھۆرىخان ئانىنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىچىدە: يەتتە ئىقلىم ئىچىدە بۇنداق چىن ئەقىللىق قىز تېپىلماس، دەپ ئويلىدى. «چوڭ بولسىمۇ تېگەي» دېگەن گەپنى يېزا يوللىرىدا غىلىتاڭشىپ، ئۆزىنى شامالغا سالىدىغان داپشاقلارلا دەيدۇ. لېكىن قىز ئۇنداق دېيىشنىڭ ئورنىغا ئەجەب ئەپلىك جاۋاب بەردا!

شۇ كۈنى كەچتە روزى مۇزەپپەرنى ئىزدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ گۆھەرنىڭ مېھمانلىرىدىن ماقۇل جاۋاب ئالغان ئۈچ كۈندىن بېرى، تويىنىڭ تەييارلىقىغا چۈشكەندى. روزى «ھۆرىخان ئانا»دېگەچ بوسۇغا ئاتلىدى. لېكىن ئۇ ئۇچاق مانتىسىدا قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇپ ئولتۇرغان قىزنى كۆرۈپ، ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. بادام يۈزلۈك، قوشۇما قاشلىق، لەۋلىرى نېپىز، ئېڭەكلىرى چۆجە تۇخۇمىدەك ئوماق، غۇنچە بويلۇق بۇ قىز روزىنى كۆرۈپلا قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— مۇزەپپەر كۆرۈنمەيدۇغۇ؟— روزى لاتاپەتلىك قىزدىن ئەيمىنىپكىنە سورىدى، — بىر يەرگە كەتكەنمىدى؟

— مۇزەپپەر ئاكام مەكتەپكە چىقىپ كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— بولىدۇ، مەن مەكتەپكە بېرىپ باقاي.

روزى ھويلىغا چىقىپلا چاۋاك چېلىۋەتتى:

— ئا-ھاي! مۇزەپپەرگە خۇدايىم بېرىپتۇ... بەرگەندىمۇ تۈرۈلغىدەك ئوماق مەسۇم سەنەمنى بېرىپتۇ. قارا، بۇ كاساپەتنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭ كەلگىنىنى!





— ھەي، نېمانداق ئۆزۈڭگە ـ ئۆزۈڭ سۆزلەپ كەتتىڭ، — مۇزەپپەر ھويلىغا كىرىپ كەلگەنىدى، — گۆھەرنىڭ ئېشىقى، ـ پىراقىدا ئېلىشىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

— ھەي خۇمپەر، — روزى بىگىز قولىدا ئۆينى ئىشارە قىلدى، — ئەجەب بەلەن پەرىشتىدەك بىر قىز تېپىۋاپسەنغۇ، ھېلىقى كېچىدىكى شوغۇ دەيمەن.

— شۇ، يۇر، سىرتتا پاراڭلىشايلى.

مۇزەپپەر روزىنى باشلاپ چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇ خىلىغىچە ئۈندىمەي جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تېرىكىپ قالغان روزىنىڭ بىردىنلا سەپرايى ئۆرلىدى:

— ئا.. نەدىن بولسا باشلىمامسەن، نېمانداق ئىنجىقلاپ ئولتۇرىسەن.

— ئۇ قىزنىڭ ئىسمى ھەلىمەكەن، تۇرپاندىن تاغ ئاتلاپ قېچىپ چىقىپتۇ.

— تاغ ئاتلاپ؟ — روزىنىڭ كۆزلىرى چىمچىقلاپ كەتتى، — قايسى تاغنى دەيسەن؟

— تەڭرى تاغلىرىنىڭ بىر تارمىقى بولغان قۇرۇق تاغدىن ھالقىسىلا بىزنىڭ تىكەنلىككە چۈشىدۇ، ئەمەسمۇ.

— بىر قىز بالا تۇرۇپ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى قارا، — دېدى روزى ھەيرانلىق ئىلكىدە، — شۇنچىۋالا خەتەرنى باشقا ئالغۇدەك نېمە ئىش بوپتىكەن؟

— سۆزلىسەم گەپ تولا، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېسەم، — مۇزەپپەر ئاچچىقىدا يەرگە تۈكۈردى، — ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت ـ نادامەتلەر، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلسىمۇ چىدىشىمىز ناتايىن.

— پاھ، راسا جىگەرى بار قىز ئوخشىمامدۇ؟

مۇزەپپەر ھەلىمەنىڭ ئانىسى گۈلئەنبەر، دادىسى نادىرخان ئەلى، مومىسى نازىلخان ھاجىمنىڭ بېشىغا كەلگەن قارا قىسمەتلەرنى ھاياجان بىلەن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلىدى. ئەدناسى قاچقۇن قىز بىلەن ئانىسى ھۆرىخاننىڭ مەخپىي سۆھبەتلىرىگىچە ئالا قويمىدى. خوشاللىق ۋە خاپىلىقنى يوشۇرمايدىغان روزى ئاغىنىسىنىڭ دولىسىغا بىرنى سالدى:

— بولدى، مۇزەپپەر ئاداش، يىگىت قولدىشى ئۆزۈم بولىمەن.

— يىگىت قولدىشى بولغۇدەك چوڭ توي قىلمايدىغان بولدۇق، — دېدى مۇزەپپەر بوش ئاۋازدا، — بىر نەچچە قولۇم - قوشنا، يېقىن - يورۇقلار بىلەن نىكاھ رەسمىيىنى ئۆتىسەكلا بولدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قىزنىڭ تەلىپى شۇنداق، داغدۇغا كۆتۈرۈشنى خالىمايدىكەن. ھەتتا ئانام «ناھىيىدىكى سىڭلىمنىڭ ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ قايتا ياتلىق بولغاندى، قىزنى ئۆگەي قولىغا قارىتىشنى خالىمىدىم» دەيدىغان بولدى.

— بۇمۇ قىزنىڭ ئارزۇسىمۇ؟

— شۇنداق، ھازىرقى ئىسمىمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەسكەن، ئەسلىي ئىسمى قۇندۇزئاي ئىكەن.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، ھۆرىخان ئانىنىڭ ئاددىي غەمخانىسىغا يەتتە - سەككىزدەك يېقىن - يورۇقلار، شاھىتلار، نىكاھ قىلغۇچى موللىلار يىغىلىشتى. ھۆرىخان سىڭلىسىنىڭ ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ياقا يۇرتلارغا ياتلىق بولۇپ كەتكەنلىكى، ھەلىمەنى ئۆگەي ئەر قولىدا خورلانمىسۇن دەپ ئەكېلىۋالغانلىقى، ئەمدىلىكتە ئوغلى بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇۋەرسىمۇ شەرىئەتتە يامان بولىدىغانلىقى ھەققىدە بىر مۇنچە گەپلەرنى دەپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغان - ياۋىداق گەپلىرىگە ئۆزى ئىشىنىپ قېلىپ يىغلىدىمۇ ياكى بارلىق

كۆرسىتىش ئۇچۇن ياش تۆكتىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. قىسقىسى، نەچچە كۈننىڭ ياقى ئۇچرىغانلا ئادەمگە تولا تەكرارلاپ، ئۆزىگە ياد بولۇپ كەتكەن بۇ سۆزلەرنى جامائەت ئالدىدا بىر دەۋىلىپ كۆڭلى تىنغاندەك بولدى. نىكاھ پاتىھەدىن كېيىن ئۇ ئوغلى بىلەن كېلىنىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ: «خۇدايىم بەختىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا يار قىلسۇن...» دەپ تىلەك تىلىدى. ئاندىن مۇزەپپەر بىلەن ھەلىمەنى ھويلىدىكى ياساپ جابدۇلغان بىر ئېغىز ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇشتى.

يالقۇنتاغ ئوت يۇرتىنىڭ ھادىس گۈزەل ئورمانزارلىقىدا ئۆزۈم دانىسىدەك چوڭ بولغان ھەلىمە تەڭرىنىڭ قۇدرىتى بىلەن رىزقى سۆرەپ كەلگەنمۇ نېمە، تىكەنلىكتە جۈپتى ھەمراھلىق بولۇپ قالدى. رەڭگى ـ رۇخسارى دائىملا پاكىز تۇرىدىغان مۇشۇ كەم سۆز، سۆيۈملۈك ئۇچۇق چىرايغا قارىسىلا، مۇزەپپەر «بۇ ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟» دېگەندەك بىر نەچچە زامان گاراڭلا بولۇپ قالدى.

يىللار خۇددى ئاقۋاش تاغ چوققىلىرىدىكى بولۇتلاردەك بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ نەگىدۇر ئالدىرىشاتتى. مۇزەپپەرنىڭ تۇنجى قىزى پەخرىنىسا تۇغۇلۇپ بۆشۈك تويى بولغان كۈنى، روزىنىڭ ئايالى گۆھەرخان مەختۇمنىسانى تۇغدى. ھەلىمەنىڭ ئىككىنچى بالىسى پەخرۇللا تۇغۇلۇپ بىر ياشقا كىرگەندە، ئىكرام دۇنياغا كەلدى... ئەمما ھەلىمە ئۇچىنچى بالىسى ئەمىرنىسانى ئىككى يىل كېچىكىپ تۇغقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. چۈنكى بۇ بالا تەتۈر كېلىپ قىيىن تۇغۇت دوقمىدا ئۈچ كۈن قىينالغانلىقىنىڭ ئاسارىتى ئىدى.

سەۋر ـ تاقەتلىك كىتابخان، سىلەرنى يىراق ئۆتمۈش دەشتلەرنى ئايلاندۇرۇپ، قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى ئالغانلىقىمدىن تولىمۇ ئۆزرىلىكمەن. پەخرۇللا ۋە ئىكرامدىن ئىبارەت ئىككى ئۆسمۈرنىڭ بالىلىقى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئەگرى ـ

## هايات تىستى (1)

توقاي قىسمەتلەرگە تولغان كەچمىشلىرىنى بايان قىلىمەن دەپ، سىلەرنى ئۈزۈن - قىسقا يوللاردا ماڭدۇرۇپ هاردۇرۇۋەتكەن بولۇشۇم مۇمكىن. شۇڭا دەرھال بىز يەنىلا «ئېزىتقۇقۇم» جاڭگىلىغا قايتىپ، ئوتتۇنچى باللارغا ھەمراھ بولايلى. ھارۋا چاقىغا يۆلىنىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە خىيال قۇملۇقلىرىدا قايمۇقۇپ يۈرگەن پەخرۇللا تاتلىق، ئاچچىق، قىرتاق، چۈچۈمەل ئەسلىمىلەرنى، ئاڭلىمىغان ھېكايەتلەرنى ئەسلەشنى يەنە داۋام قىلغانمۇ بولاتتى. ئەمما ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتكەن ئىكرام ئۇنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ھەي، كۈن قايرىلىپ كېتىپتۇ، نېمىشقا مېنى ئويغىتىپ قويمىدىڭ؟

— سېنى ئويغىتىشقا كۆزۈم قىيمىدى.

— گېپىڭنى قارا، ئەمدى كەنتكە كىرگۈچە قاراڭغۇدا قالىدىغان بولدۇقتە. تۇرە، ئۇلاغلارنى قاتىلى.

ئىككى ئۆسمۈر ئورنىدىن دەس تۇرغىنىچە، ئېشەكلەرنى بېشىدىكى تۇۋرىلاردىن خالاس قىلدى - دە، ھارۋا شوتىلىرىغا توغرىلىدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

## قەدىناسلار

داستىخانغا ئورالغان تۇگۇنچەكنى قولتۇقلىغان ھەلىمىخان ئانا: «ھاي گۆھەرخان بارمۇسەن؟» دېگىنىچە، ئوچۇق قالغان قوشقاناتلىق كىچىك دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ قىڭغىر ـ قىيسىق ياغاچلار بىلەن تىكلەپ قويغان تال بارىڭى تېگىدىكى توپا پېشايۋانغا قەدەم ئېلىشى، ئاپتاپتا قىيسىپ كەتكەن ئۆي ئىشكى «غىيىق» قىلىپ ئېچىلىپ، 19 ياشلار چامىسىدىكى تولغان بىر چوكان كۆلۈپ چىقىپ كەلدى. ئۇ چوڭقۇر تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ھەلىمىخاننىڭ ئىككى مەڭزىگە ئىككى يۈزىنى ياقتى، ئاندىن ئېچىلىپ يېيىلىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— ۋاي- ۋۆي ھەلىمىخان ئانا، ئۇكام ئىكرامنىڭ سىلىنى «شەپقەتلىك ئانا» دېيىشى ھەرگىز لاپ ئەمەس جۇمۇسىلا، تەڭرىمنىڭ ئاق تاڭ ئاتقان كۈنى ئانامنى يوقلىغانلىرى ئاز كەلگەندەك تېخى قۇرۇق كەلمەيلا،

— ھە مەختۇمنىسا، سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ، ئېرىڭىز بىلەن غېرىتىڭ ـ سىرتىڭ دېيىشىپ قالمىغانسىز؟

— ياقەي، ئۇكام ئىكرام جاڭگالغا ئوتۇنغا كىرىمەن دېگەچكە، ئانامنى ئىسسىقسىز قالمىسۇن دەپ...

مەختۇمنىسا ئىشىكنى چوڭ ئېچىپ مېھماننى باشلىدى. ھەلىمىخان دائىم كىرىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن تۆل خوتۇننىڭ ئۆيىگە «بىسمىللا» دېگىنىچە قەدەم ئالدى. مورا ئوچاقتا بىر

نەچچە تال توغراق ئوتۇنلىرى پاراسلاپ كۆيۈۋاتاتتى. بويۇن، تۇتقۇچلىرىغىچە قارىداپ كەتكەن چۆگۈن توختىماي شىخىلداپ قايناپلا دەپ قالغانىدى. ئوتقا مەيدىسىنى قاقلاپ ئولتۇرغان گۆھەرخان ئورنىدىن قوپماقچى بولۇۋىدى، ھەلىمخان ئىتتىك كېلىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ «بولدى قوزغالما، بايقۇش» دەپ قويدى. ئاندىن ئۆزىمۇ كۆرپىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى.

— ئۇلۇشكۇنلا خويمۇ مەززىلىك ئۇگرە ئەكىرتىپسەنكەن، — دېدى گۆھەرخان بېلىگە بوشقىنە مۇشتلاپ، — بۇگۈن يەنە داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپسەنغۇ؟

— ۋاي ئادىشىم، گېلىم قىسىلىپ شۇ، — ھەلىمخان داستىخاننى ئېچىپ، بىر كورا پولۇنى ئالدى، — كەپتەر گۆشى بېسىپ پولۇ ئەتكەن، سېنى ئېغىز تەگسۇن دېدىم شۇ.

— ھەلىمە بۇ جىق پولۇكەن، ئىككىرامغا بۆلۈپ ئېلىپ قويايلى، ئۇ جاڭگالدىن مېنى يەۋەتكۇدەك بولۇپ كېلىدۇ.

— يائاللا، ھەلقۇمدىكى دانىنى باللىرىغا ياندۇرۇپ بەرگەن ئانا قۇشتەك، بالا، بالا دەپلا يۈرىسەن.

— ئانا، ئەمدى قازان ئاسمىسامۇ بولا؟ — مەختۇمنىسانىڭ چىرايىدىن ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — شاق - شۇقلا چاي دەملەپ بېرەي بولامدۇ؟

— بولدى، ئۆيۈڭگە كەت، — دېدى گۆھەرخان سەل ئاچچىقى بىلەن، — بالاڭ بۆشۈكتە مىرقىرىغىلى تۇرسا، سەپرا ئېرىڭ بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالمىسۇن يەنە.

— مەختۇمنىسا سىز كېتىۋېرىڭ، — ھەلىمخان دەسمال بىلەن قۇم چۆگۈننى ئالدى، — چاينى ئۆزۈم دەملەيمەن.

مەختۇمنىسا كەتكەندىن كېيىن، ئىككى قەدىناس بىرلىكتە چاي دەملەپ پىيالىلەرگە قۇيدى. مىننەتدارچىلىقتىن ئېرىپ كەتكەن گۆھەرخان: «كۇندىلا ھالىمدىن خەۋەر ئالساڭ، مەن خىجىل بولىدىكەنمەن» دېگەنىدى، ھەلىمخان: «نېمە، سەن مېنى

قوغلىماقچىمۇ، بىردەم - يېرىمدەم مۇڭدىشاي دەپ كىردىم...» دەپ دوق قىلدى.

— ھەي گۆھەر، — ھەلىمخان گۆھەرخاننىڭ مەزگىلسىز ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرىغا، قورۇق باسقان يۈزلىرىگە زەن سالدى، — مەختۇم ئېرى بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىدۇ؟

— ئېرى راسا سوبۇ بىر نېمە، ئېتىزدا كەتمەن چاپسىلا بولىدۇ، — گۆھەرخان كۆڭۈلسىزگىنە كۈلۈپ قويدى، — خوتۇن كىشىنى ۋىللىدە ئېرىتكۈدەك بىر ئېغىز شېرىن گەپ قىلىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

— مەختۇمنىسانى بوزەك قىلمىسىلا بولمىدىمۇ.

— ئەركىشى دېگەنچۇ بىرەر شاپىلاق ئۇرسىمۇ، دۆشكەلىسىمۇ، خوتۇن كىشى ۋىللىدە ئېرىپ كەتكۈدەك گەپلەرنى قىلالىسا، ماۋۇ قانجۇقمۇ شۇنداق بىر ئەر سارىڭى چىقىپ قالدى دېگىنە، «ئاۋۇتۇم، بىزنىڭ ئاۋۇت، بالىنىڭ دادىسى» دېسە، جاۋغايلىرىدىن شۆلگىيىنىڭ ئېقىپ چۈشكىنىنى تۇيمايدۇ...

— ئەمسە ئۇلاردىن خاتىرجەم بولساڭ بولغۇدەك.

— قانداق دەيسەن؟

— ئۇلار كۈندۈزى دېيەلمىگەننى كېچىسى يوتقاندا دەيدىغان چېغى...

ھەلىمخاننىڭ پىچىرلاپ دېگۈدەك دېگەن بۇ سۆزىدىن ھەر ئىككىلىسى ئاسمان باقتى بولۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ھەتتا گۆھەرخان ئاغزىدىكى چاينى پۈركۈۋەتكىلى تاس قالدى.

— راست دەيسەن، — گۆھەرخان كۆزلىرىنى سۈرتۈپ قويدى، — ھايۋان تۇياقتىن، ئادەم قۇلاقتىن سەمرىيدۇ دېگەن گەپ بىكار ئەمەسكەن. سەن مۇزەپپەرنى تىكەنلىكتىن يۇدۇپ كەلگىنى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاچچىق - چۇچۇك گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇچ كۈن ئىچىدىلا «ئىمان» ئېيتتىڭ... «بۇ ئەپەندىچاق بوپقالدىكەن» دەپ ئۆزۈڭنى ئاتتىڭ...

— سەن ئۆزۈڭنى تاختىۋىشىغا ئېلىپ قويمايدىغانسەن — دېدى ھەلىمىخان دەرھاللا. — ئەجەب مېنى چىشلەپ تارتىپ كەتتىڭا...

— رەھمەتلىك روزى، — گۆھەرخان ھەسرەتلىككىنە تىنىپ قويدى، — ئۆزى قوپال بولغىنى بىلەن كۆڭۈل ئېلىشنى بىلەتتى، نەلەردىن تېپىپ كېلەتتىكىنتاڭ، بەزىدە شۇنداق سەت ئەمما قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرەتتىكى كۈلۈپ تېلىقىپ قالغىنىمدىن تامبىلىمغا جىرتتىدە چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالاتتىم.

— ئۇنداقمۇ دېدۇق، مۇنداقمۇ دېدۇق، مەختۇمنىڭ تۇرمۇشىغا شۈكۈر قىل، — ھەلىمىخان باش چايقىدى، — ئالىمادىس ئېرى بەڭۋاش، ئويۇنپەز، كىمبىرى ئۇستۇن ياكى لايغەزەل چىقىپ قالسا، تۇرغان تۇرقى دەردىسەر دېگىنە... قالدىسىنى ئۆزۈڭ دەڭسەپ كۆر.

— دېگىنىڭمۇ توغرا، ئۇلار ھازىرغىچە ماي تارتىشىپ باقمىدى، ئاناڭ - قىزىڭ دەپ تالاش قىلىدىغان ئىشلار ئەسلا يوق.

— مانا بىزمۇ پەخىرنىسانىڭ تويىغا قوپۇۋاتىمىز، — ھەلىمىخان ئۇھ دەپ چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — ئولتۇرسام - قوپسام بېشىمدا بىر قوچاق غەم.

— قۇدا بولغۇچىلار كىملەركەن؟

— ئەركەك قۇدا باجخانىدا ئىشلەيدىكەن، چىشى قۇدا كىيىم تىكىش كارخانىسىدا ماشىنىچىكەن، بىزگە كۆيئوغۇل بولغۇچى باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىم ئوخشايدۇ.

— سەنىڭمۇ ئەلھۆكمىلىللا دېسەڭ بولغۇدەك، ئەگەر كوممۇنانىڭ ئەزاسى بولۇپ قالسا قانداق قىلاتتىڭ، — گۆھەرخان باش چايقىدى، — مانا بىزنىڭ ھالىمىز نېمە بولۇۋاتىدۇ، ئىكرام ئوقۇۋاتىدۇ، مەختۇم بولسا ئەردە، مەن بولسام «بەشتە





كاپالەتلىك» بولۇپ، ئەترەتنىڭ بەرگەن قوناق، ئارپا ئۇنلىرىغا ھەق ئىللالىلا دېگەندەك قول سوزۇپ ئولتۇرىمەن.

بۇ ئىككى قەدىناس ئەنە شۇنداق بىر - بىرىنى سەنلىشەتتى. توختالغان ئاياللاردەك مۇڭدىشاتتى، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ئىشلارنى سۆزلىشىپ كەتسە، ئەتىگەندىن زاۋالغىچە سىر - ئەسرالىرى تۈگىمەيتتى. 38 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ھەلىمىخان ياشلىقىدىكى سۆباتىدىن قالمىغان بولۇپ، ئاق سۆزۈك چىرايى سۇرتۇلگەن چىنىدەك پاكىز تۇراتتى. قاپقارا قاش، قويۇق كىرپىكلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنغان چوڭ كۆزلىرىدىن ھېلىھەم ئۇچقۇنلار چاچراپ، بادامسىمان يۇزلەرگە بىر سىرلىق ھايا يوشۇرۇنغانىدى. پەقەت تاغار قىقىندىسى ئەمىرنىسانى تەۋەللۇت قىلغاندا، قىيىن تۇغۇت ئۆتكىلىگە دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىر ئاسارىتى — تۇتقاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا پارچە كېسەللىرى يوق ئىدى، چارلىشىپ، يۇزلىرىگە ئەگىم - ئەگىم قورۇقلار ئىز سالغان گۆھەرخاننى بۇ يىل 40 ياشقا كىردى دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

قىسقىسى، بۇ ئىككى قەدىناس ناتىۋانىنىڭ ياشلىق گۈلى پورەكلەپ ئېچىلىشمۇ ئۆزگىچە بولدى. تەڭرىنىڭ تەقدىر - قىسمەتلىرىگە بىر نېمە دېمەك تەسكەن. نادىرخان ئەلىدەك كاتتا سودىگەرنىڭ قىزى ھەلىمەنىڭ يەتتە - سەككىز شاھىتلار بىلەنلا نىكاھ پاتىھەسى جىمجىتلا ئوقۇلۇپ، ئۆمۈرلۈك ئىشى ھەل قىلىنغان بولدى، ئەمما گۆھەرخاندەك بىر نامرات دېھقاننىڭ قىزىنى روزى ئاتىنىڭ ئالدىغا مىندۇرۇپ ئېلىپ كەلدى. ئېشەكلەرگە ئارتىلغان ناغرىلار چېلىنىپ، سورۇنلار ياڭرىدى. سەھرانىڭ ئەگرى - بۈگرى كاتاڭ يوللىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا - چاڭلار ئەتراپىدىكى قاغا جىگدە، باغۋارانلار ئۈستىگە تويلۇق ئۇپا بولۇپ چېچىلدى... ئەمما كونىلار: «چىرايلىق يازلارنىڭ زىمىستان قىشى، بىر خۇشاللىقنىڭ بىر يىغىسى بولىدۇ» دەپ

بىكار ئېيتماپتىكەن. روزىنىڭ تويى بولۇپ ئىككى ئاي ئۆتمىدى بولغاي، ئەما موماي جەننەتخان بىر سەھەرلىكى ئالەمدىن ئۆتتى... مەرھۇمەنىڭ تۇتقان ئاددىي روزغارى، ئۆي ئەشيانلىرى گۆھەرخانغا باقىمەندە بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھەلىمخان بىلىندۇرمىدى. ئوت يۈرتىدىن رىزقى سۆرەپ كەلگەن بۇ نازىنىن كەنتتىكى ھېچقانداق قىز ـ چوكانلار بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلمىغىنى بىلەن گۆھەرخاننىڭ سىردىشى، مۇڭدىشى، دىلدىشى ئىدى. ئۇ ئېتىز ـ ئېرىق ۋە يوللاردا ئالىمادىس بىرەرى ئۇچراپ قالغۇدەك بولسا، چوڭقۇر تەزىم قىلغاچ، قىزارغىنىچە غىپپىدە ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۆي ئىشىدىن بىكار بولسىلا گۆھەرخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ مۇڭدىشاتتى. سىر ـ مۇڭلىرىنى تۆكەتتى. مومىسى نازىلخان ھاجىم، دادىسى نادىرخان ئەلى، پەرىشتىدەك ئانىسى گۈلئەنبەرلەر ھەققىدە دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپ، جۇدالىق نادامەتلىرىنى سۆزلەپ، تاقەتسىز سېغىنىش پىراقلىرىنى باساتتى. يىغلاپ ـ يىغلاپ، تېلىقىپ، بوغۇلۇپ ئىچ ـ قارنىنى بوشىتاتتى. باغرى يۇمشاق گۆھەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ مۇڭلىنىپ، ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلىغىنىچە دەردىگە دەرمان، رەنجىگە شىپا بولاتتى. شۇڭا گۆھەر ھەلىمەنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشىدەك بولۇپ كەتكەندى.

تووۋا، يورغا يىللار قاچانلاردا قارىسىنى كۆرسەتمەي ئۆتۈپ كەتتىكىنتاڭ، ھەلىمە تۇنجى قىزى پەخرىنىسانى تۇغۇپ قىرىق كۈن بولغاندا روزىمۇ قىز پەرزەنت كۆرۈپ، ئىسمىنى مەختۇمنىسا قويدى. ھەلىمە ئىككىنچى قېتىم گويا ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكى بىلىنۋالغاندەكلا ئوغۇل پەرزەنت تەۋەللۇق قىلىپ پەخرۇللا (ئاللانىڭ پەخىرلىك كىشىسى) دەپ ئىسىم قويدى. ئاغىنىسىنىڭ بىر ئوغۇللۇق بولۇپ قالغانلىقىدىن ئىچى تارتىلغان روزىنىڭ ئىلتىجاسى تەڭرىگە يەتكەن چېغى، پەخرۇللا بىر ياشقا كىرە ـ كىرمەي گۆھەر ئوغۇل يۈزى كۆرۈپ، كۆزى

يورۇدى. تېكەنلىكتىكى مۆتىۋەر بىر ئاخۇنۇم بالىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلاپ، «ئىكرام» (ھۆرمەت، ھۆرمەتلىك كىشى) دېگەن ئىسمىنى قويۇپ قويدى. مانا بۇ قىيامەتلىك ئاغىنىلەر ھاينى ھۆي دەپ بولغىچە قىز - ئوغۇللۇق بولۇپ قالدى.

ئۆلكە ئازاد بولۇپ، يېزىلاردا يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى چاقماق تېزلىكىدە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى. پومېشچىك، باي دېھقانلاردىن تارتىۋېلىنغان يەر، ئاشلىق، كالا - ئات، قوي - ئۆچكىلەر، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلار يەر ئىسلاھاتى مېۋىسى قاتارىدا نامرات دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى. بۇ دەبدەبىلىك ھەرىكەت ئاياغلىشىپ، يېزىلاردا ھەمكارلىق گورۇپپىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت، ئەمر - پەرمانلىرى بىلەن ئىككى - ئۈچ، تۆت - بەش دېھقان ئائىلىلىرى ھەمكارلىشىپ دېھقانچىلىقنى باشلىدى. يېزا ئىگىلىكىدە بۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ يېڭى تۈزۈم دەرھاللا ئۆزلىشىپ كېتەلمەي، دېھقانلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ھەمكارلىق گورۇپپىدىكى بىرى: «ئۇينى مەن چىقارمىسام، يەرنى قانداق ھەيدەيتتىڭ» دېسە، يەنە بىرى: «ساپان بولمىسا دېھقانچىلىق قىلالامتىڭ؟» دەپ ھۆرپىيەتتى. ھەتتا: «مېنىڭ ئائىلەمدىن بەش ئەمگەكچى ئىشلىسە، نېمىشقا تەڭ تەقسىمات قىلىدىكەنمىز...» دېيىشىپ، چۇقان - سۈرەن كۆتۈرگەنلەرمۇ بولدى. ئاقىۋەت بەزى ھەمكارلىق گورۇپپىلار ئۆزلۈكىدىن چۇۋۇلۇپ، گورۇپپا ئەزالىرى ئۆزلىرى قاتقان ئۆكۈز، ئات، ساپان، تىرنا، ئارغامچە - توقۇناقلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى. يېزا - كەنتلەردىكى بۇ ھەرىكەت ئىزىغا چۈشمەي لىڭگىرتاقتاق ئويناۋاتقان چاغلاردا، ھەممە ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ قېلىپ، مەكتەپ بالىلىرى تارقىلىپ كەتتى. ئاتا - ئانىلار ھەمكارلىق گورۇپپىسىغا بىر كىشىلىك ئەمگەك كۈچى قىلىپ قاتىمىز، دېيىشتى. ئۇنىڭسىزمۇ بىر سىنىپلىق 19-20 بالىنى

مۇزەپپەر ھەركۈنى يىغىپ ئەكېلىپ، جۇلىقى چىقىپ كەتتى. تېخى ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك بۇرۇن مائاش ئورنىدا بېرىۋاتقان سەككىز چارەك بۇغداي، بەش چارەك قوناق، ئىككى قېرى خام، بىر دانە كىر سوپۇنمۇ يېڭى ھۆكۈمەت ئالماشقاندىن كېيىن توختاپ قالدى. يېزىلارغا چۈشكەن كادىرلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن ھېسابى يوقمىدى.

ئوقۇتقۇچىلىقتىن قالغان مۇزەپپەر قوشنىسى روزى بىلەن بىرلىشىپ ھەمكارلىق گۇرۇپپا قۇردى. ئۇلار سايانىنى تاپسا، تارتىدىغان ئۆي تاپالماي، تەسلىكتە ئۇرۇقنى تېپىپ كەلسە، ئوغۇت يوق دېگەندەك جاپالاردا ئۆزلىرىگە تەگكەن يەرگە ئۇرۇقنى چۈكۈرۈۋالدى. دېھقانلار ئەزەلدىن سۇيى قىس، قۇمساڭغۇ توپىلىق تىكەنلىكتە كۆڭۈل تىنغۇدەك ھوسۇل ئالالمايتتى. مۇزەپپەر بىلەن روزىنىڭ يەرگە چاچقان ئوغۇتىنىڭ ئازلىقىدىن بولدىمۇ ئىشقىلىپ يازلىق بۇغدايلىرى باش چىقىرىپلا «پالڭ[1]» بولۇپ كەتتى. بۇغدايلارنىڭ ئورنىغا تەرگەن چىلگە قوناقلىرى بىرەر تالدىن باش ئالغان بولسىمۇ، دانسىز، مەدەكلىرى كۆپ ئىدى. بىر كۈنى ئىككى ئاغىنە ھوسۇلسىز ئېتىزلارغا يۈرىكى پۇچۇلانغان ھالدا قاراپ باشلىرىنى چايقاشتى.

— مۇزەپپەر، — دېدى روزى كەيپى چۈشكۈن ھالدا، — بۇنداق جاننى قىيناپ نېمە كەپتۇ، مەن شەھەرگە كىرىپ مەدىكارچىلىق قىلىمەن، سەنچۇ؟

— مەن، — مۇزەپپەر تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — مەن ھازىرچە تىكەنلىكتىن كەتمەيمەن. ئىككى بالامنى ئۆزۈم ئوقۇتۇۋاتىمەن، ئۇلار ئوقۇشسىز قالىدۇ. يەنە ياشانغان ئانامنى تاشلاپ قويۇپ، خاتىرجەم بولالمايمەن.

— بوپتۇ، — روزى دەرھاللا قوشۇلدى، — ئۇنداقتا گۆھەر بىلەن ئىككى بالامغا كۆز - قۇلاق بولۇپ قوي.

[1] پالڭ — باش چىقىرىپ دان تۇتماسلىق.





— بۇنىمۇ دېيىش كېتەمدۇ.

بۇ چاغلاردا، ئالتە ياشلىق پەخرۇللا، بەش ياشلىق ئىكرام ئاچىلىرى پەخرىنىسا، مەختۇمنىسالارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ تىكەنلىكتە ئۆچكە باقاتتى، قورساقلىرى ئېچىپ كەتسە، تىكەنلىك جىگدىلەرگە چىقالماي تاش، تاياق ئاتاتتى. قېقىلىپ چۈشكەن قىرتاق قاغا جىگدىلەرنى ۋاراسلىتىپ چاينىغىنىچە كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتەتتى. بەزىدە ئېگىز شاخاراپ كەتكەن لويلا، ئەمەن، سۇتلىگەنلەرنىڭ ئارىسىغا ئۆمىلەپ كىرىپ، قاپقارا مونچاقتەك ئىت ئۈزۈملىرىنى تېرىپ يەيتتى. بىر ياش دېگەنمۇ ئەلۋەتتە خېلىلا چوڭ پەرقكەن، ئىكرام ئۆزىدىن بىر ياش چوڭ پەخرۇللانىڭ ئارقىسىدىن قالماي، ئۇ نېمە قىلسا، بۇمۇ شۇنى دوراپ باقاتتى. پەخرۇللا چوڭ سەركىلەرگە مىنىۋېلىپ چاپتۇرسا، ئىكرامۇ سەركە قوغلاپ ھېرىپ كېتەتتى. پۇتلىرىغا تىكەن كىرىپ كەتسە، ئاسمان باقتى بولۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. پەخرۇللا ئۇنىڭ ياش، پوتلا، شۆلگەيدىن شالتاق بولۇپ كەتكەن يۈزىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدە سۈرتۈپ قىزارتىۋېتەتتى.

ئۇلار تىكەنلىكتە ئۆچكە باقسۇن، قورساق ئاچلىقتىن قىرتاق، ئاچچىق نەرسىلەرنى يېسۇن، پاشا ـ كۇمۇتىلار چېقىپ يۈز ـ بويۇنلىرىنى قاپارتىۋەتسۇن، پۇتىغا تىكەن كىرىپ قاناپ كەتسۇن، غورىگىل تۇرمۇشتىن جۇدەپ يادىسۇن... بۇمۇ كېتىپ بارىدۇ. ئادەم دېگەن ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان چىداملىق مەخلۇق ! بىراق، ئىگىسى بەندىسىنى دانالار ئېيتقان ئۈچ بەختسىزلىكنىڭ بىرەرىگە دۇچار قىلمىسۇن! ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى، باللىق چاغلىرىڭدا ئاتا ـ ئاناڭدىن ئايرىلىپ قېلىش؛ ئىككىنچىسى، ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا جۈپتى ھەمراھىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش؛ ئۈچىنچىسى، قېرىغاندا باللىرىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش... ئىكەن. مەختۇمنىسا بىلەن

ئىكرام ئەنە ئاشۇنداق بەختسىزلىككە دۇچار بولغان بالىلار!

روزى تىرىكچىلىك غېمىدە بوستانغا كېتىپ قىلمىغان كاكۇلچىلىقى قالمىدى. ئاقىۋەت قۇرۇلۇشتا ئىشلەۋېتىپ قازاغا ئۇچراپ، قەدىنىسى گۆھەرخاننى، سەككىز ياشلىق قىزى مەختۇمنىسانى، ئالتە ياشلىق ئوغلى ئىكرامنى داغدا قويۇپ، باقىي ئالەمگە رەھلەت قىلدى. بىر ئائىلىدىكى ئۈچ جاننىڭ يېمەك - ئىچمىكى، كىيىم - كېچىكى، تۇرمۇش لازىملىقى ئەمدىلا 28 ياشقا قەدەم ئالغان تۇل ئانىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەندى. ئۇ ئۆچكە يۇڭلىرىنى، مازلارنى تىتىپ، ساۋاب، ئۇلارنى ھەرخىل بوياقلاردا بوياپ، چاقىدا ئېگىرەتتى. ئاندىن باپكارلىق دۇكىنىغا رەڭلىك پالاس، خۇرجۇن، تاغار، ھەتتا تالىما ئىشتان باغلارغىچە توقۇيتتى، شۇنداقتىمۇ تاپقان - تەرگىنى ئەتىيازلىق سېرىقتال چاغلارغا ئۇلىشالمايتتى. ھېلىمۇ ياخشى روزىنىڭ قىيامەتلىك جانجىگەر ئاغىنىسى مۇزەپپەر بولۇپ قاپتىكەن. ئۇ نېمىلا تاپسا ئىككى ئائىلىگە تەڭ بۆلۈپ ئاپىراتتى. مۇئەللىم چاغلىرىدا ھەرئايلىق مائاش ئورنىدا بېرىلگەن سەككىز چارەك بۇغداي، بەش چارەك قوناقتىن يىغىلىپ قالغان ئاشلىقنى ھەر ئىككى ئائىلىگە سەرپ قىلىشتى، ئۇنىڭدىن باشقا مۇزەپپەر باغ - ھويلىلارغا تەرگەن كاۋا، قوناق، چامغۇر، كۆكتاتلارغىچە سۇنۇپ تۇراتتى. پەخرىنىسا، مەختۇمنىسا، پەخرۇللا، ئىكراملارغا ھەركۈنى ئۆز ئۆيىدە دەرس ئۆتەتتى. ئەگەر مۇزەپپەر جاڭگالغا ئوتۇنغا كەتسە ياكى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ قالسا ھەلىمخان دەرس ئۆتەتتى.

1953- يىلىنىڭ زىمىستان قىشلىرى ئاخىرلىشىپ، ئەتىياز پەسلى تولىمۇ جۇتچىلىق بىلەن باشلاندى، تىكەنلىكتە ياشاپ، بالىلىرىنى قاتارغا قېتىشقا كۆزى يەتمىگەن مۇزەپپەر ناھىيىگە بىرلا بېرىپ كېلىپ، كۆچۈپ كېتىش كويىغا چۈشتى. چۈنكى، ناھىيىدىكى يېقىن - يورۇقلىرى ئۇنىڭغا توغراققا كۆچۈپ

كېلىش مەسلىھەتىنى بەرگەنىدى. مۇزەپپەر ئانىسى مۆرىخان، ئايالى ھەلىمەلەر بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ، گۆھەرخان بىلەن ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىش قارارىغا كېلىشتى. روزى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ كەتكەنىدى. مۇزەپپەر ئالدى - بەردى ئىشلار بىلەن ۋاقتى يەتمىگەندە، بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ئىككى قىز، ئىككى ئوغلى ھەلىمىخان ئانىدىن دەرس ئالاتتى. كۆپ ھاللاردا ئاش - تاماقتىمۇ بىللە ئىدى. ئىككى بالىسىنىڭ غەم - ئەندىشىسىدە كېچە - كۈندۈز باپكارلىق دۇكىنىدىن چۈشەلمەي يىغناغۇچەتەك بولۇپ قالغان گۆھەرخانمۇ: «يەنىلا سىلەردىن ئايرىلمىغىنىم تۈزۈككەن، بولمىسا گاڭگىراپ قالغۇدەكمەن...» دەپ مىچچىدە يىغلىۋەتتى.

ماي ئايلىرىنىڭ ماڭلايلارنى كۆيدۈرۈپ، دوللارنى قىزىتىۋاتقان قۇياشلىق بىر كۈنى ئېشەك ھارۋا، كالا، ئات، ئېشەك، موزايلارغا نەرسە - كېرەكلىرىنى ئارتقان، ئۆزلىرىمۇ ئۇششاق چوڭ دېمەي، لاقا - لۇقىلارنى يۈدۈشكەن ئىككى ئائىلە كىشىلىرى، توغراق ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى ئەتراپىدىكى چىلانلىق مەھەللىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. شۇ يىلى ئۇلار كوپىراتىپقا ئەزا بولۇپ كىردى. دېھقان ئاكتىپلار ئىچىدىن كادىر تاللىغاندا بىرىنچى بولۇپ مۇزەپپەر نامزاتلىقتا كۆرسىتىلدى. ئۇ چاغلاردا بۇنداق خەت ساۋاتى ياخشى، مۇئەللىم بولغان ئەھلى ئىلىملىك ئادەمنى كۈندۈزى پانۇس يېقىپمۇ تاپقىلى بولمايتتى. بىراق مۇزەپپەر كوپىراتىپنىڭ سودا ساھەسىگە تاللاندى. ھەلىمىخانمۇ شۇ يەردىكى بىردىنبىر ئوقۇمۇشلۇق ئايال سۈپىتىدە چىلانلىق باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قالدى.

ئىكرام پەخرۇللا بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيمەن دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلار ئىككىسى بىر سىنىپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

بولۇپ بىر پارتىدا ئولتۇراتتى. تېخى ئىككىسىنىڭ ئۇستازى ھەم سىنىپ مۇدىرى ھەلىمىخان ئانا ئىدى. مۇزەپپەر يېزا سودا كوپىراتىپىنىڭ مال سېتىۋالغۇچىسى بولغاچقا، دائىم ئۆيدە تۇرالمايتتى، ئۇ چاي، تۇز، يىپ ـ يىڭنە، رەخت، ئارغامچا... دېگەندەك نەرسىلەرنى ئات ـ ئۇلاغقا ئارتىپ ساتقىلى چىقىپ كەتسە، قايتىشىدا سېتىۋالغان يۇڭ، تېرە، ئۇچەيگە ئوخشاش خام ماتېرىياللارنى ئېلىپ كېلەتتى.

— باللىرىم، — دەيتتى مۇزەپپەر سودا ئىشلىرىدىن قايتىپ كەلگەندە، — بۇ پۇللارنى رەتلىشىپ بېرىڭلار.

خۇرجۇندىكى پۇرلىشىپ، ئىلىشىپ، قاتلىشىپ كەتكەن پۇللار سۇپا ئۈستىگە تۆكۈلەتتى. پەخرىنىسا، مەختۇمنىسا، پەخرۇللا، ئەمىرنىسا، ئىكراملار يىغىلىپ، پۇللارنىڭ قاتلاشلىرىنى تۈزۈپ، رەت ـ رېتى بويىچە سەپلەپ بېرەتتى.

— دادا، — دېدى پەخرۇللا پۇللارغا قاراپ، — شۇنچە جىق پۇل بولغاندىن كېيىن ئازراق ئېلىۋالساق بولمامدۇ؟

— ھەي نادان، ھەي نادان، — مۇزەپپەر ئاچچىق كۈلدى، — ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئومۇمنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلى دېمەكلىك «پادىشاھلىق خەزىنە» دېمەكلىك. كىمكى پادىشاھلىق خەزىنىگە يامان نىيەتتە بولسا، ئۇ ئۆمۈرۋايەت خار ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ، ئۇقتۇڭما؟

— ئۇقتۇم.

كوپىراتىپ بويىچە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئەڭ ئالدىراشچىلىقتا ئۆتەتتى. مۇزەپپەرنىڭ ئەتىگىنى قانداق ۋاقىتتا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى باللار بىلمەيلا قالاتتى. ھەلىمىخان بولسا سەھەردە ھويلا ـ ئارامنى سىيرىپ ـ سۈپۈرۈپ، ناشتىلىقنى ئالدىراپ تەييار قىلىپ بېرىپلا مەكتەپكە ماڭاتتى. گۆھەرخانمۇ كوپىراتىپنىڭ كۆنچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەپ، تېرە ئاشلاش، پاتلاش، قىرىش ھۈنەرلىرىنى خېلىلا ئىگىلىۋالدى. ئۇ «ئەمدى

بالىلىرىمىزنىڭ ھال - كۆنى كاپالەتلىك بولدى» دەپ كۆڭلىنى توق تۇتقاچقىمۇ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ، ئىمجان تېنىگە ئەت قونۇپ خېلىلا ئىسكەتكە كىرىپ قالدى.

— خوتۇن، — دېدى بىر كىچىسى مۇزەپپەر ئايالى بىلەن مۇڭدىشىپ يېتىپ، — گۆھەرخانغا بىرەر لايىق تاپساق بولارمۇ؟

— ئەجەب بۇنى خىيال قىلىپ قاپسىزغۇ؟ — ھەلىمىخانمۇ ئويلىنىپ قالدى، — دېمىسىمۇ گۆھەر ئوتتۇز ياشقا كىرمىدى، ياش تۇرۇپلا تۇللۇق ئازابىنى تارتىۋاتىدۇ دېسە.

— شۇ ئەمەسمۇ، سەن بىر چېكىپ باققىن، تومۇرى سوقىدىكەن بولسا لايىقىنىڭ غېمىگە چۈشەيلى.

— خاپا بولۇپ قالامدىكىنتاڭ، كۆڭلى بەك نازۇك.

— ئوقۇتقۇچى تۇرۇقلۇق، شۇنچىلىك گەپنىمۇ قاملاشتۇرۇپ دېيەلمەمسەن.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، ھەلىمىخان راستىنلا «چېكىپ» باققانىدى، گۆھەرخان قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، پاتلاۋاتقان تېرىنى مۇجۇپ خېلى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغلاردىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ھەلىمىخانغا قارىمايلا، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— مۇزەپپەر ئاكامنىڭ، سىزنىڭ ياخشى كۆڭلۈڭلار ماڭا تېگىل بولدى. لېكىن، مەن ھازىرچە قايتا ياتلىق بولۇشنى ئويلىمىدىم، قىز بالىغۇ كىم چىرايلىقراق كىيىم - كېچەك قىلىپ بەرسە، شۇنى دادام دەۋېرىدۇ. لېكىن، ئىكرامنىڭ كۆڭلى بەك ئىنچىكە، ئۇنىڭغا ئازار بەرگۈم يوق...

كەپتەر باسقان پولۇنى يېگەچ گۆھەرخان بىلەن ھەلىمىخان جاھاننى بىر تاسقاپ چىقتى. توۋا، ئۇلار ئارا كۈندە بىر ئۇچرىشىپ مۇڭدىشىپ تۇرسىمۇ، خۇددى ئىچىدە بىر ئىدىش گەپ باردەك. سىرى - ئەسرالىرى تۈگىمەيدۇ. تېخى ھەر ئۇچراشقىنىدا يېڭىدىن - يېڭى كەچمىش - قىسمەتلەر خالتىسى

ئېچىلىپ تۇرىدۇ.

— شۇ چاغدا «ماقۇل» دەۋەتكەن بولساڭ، — دېدى ھەلىمىخان تاردا تەخسە - چىنىلەرنى يۇيۇۋېتىپ، — بۇ چاغقىچە بالىلىرىڭمۇ ئۇنچىۋالا يېتەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، — گۆھەرخان پوسۇققىدە كۈلۈۋەتتى، — مەن تىكەنلىكتىكى ئۆچكىلەردىن بولمىسام، يىلىغا ئىككى قېتىم ئوغلاقلايدىغان.

— خىيالىڭدا روزىغا ھېچقانداق ئەرنى ئوخشاتمايسەن. شۇنداقمۇ؟

— راست دەيسەن، دۇنيادا مۇزەپپەر ئاكامدەك. روزىدەك ئادەملەر كەم تېپىلىدۇ. سەن ماڭا لايىق توغرىلىق گەپ قىلغىنىڭغا ئون يىل بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئون يىلدا نۇرغۇن - نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلارنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش - جېدەللىرىنى، بىر - بىرىنى سازايە قىلىپ رەسۋايىئالەم بولۇشقانلىرىنى كۆردۈم. ھەتتا خېلى - خېلى مەردانە ئەرلەر چېغىدا خوتۇنىدىن يوشۇرۇن ئىشلارنى قىلىدىكەن، خۇدا قوشقان ھەمراھى تۇرۇپ دىنى قېيىقكەن، خوتۇنىدىن سىر ساقلايدىكەن.

— ئۇلارنى كۆڭلىگە ئالسا، خوتۇن كىشى بىر ئۆمۈر ئەرگە تەگمەي تەنھا ئۆتكىنى ياخشى..

— ھەببەللى، مېنى ئەمدى چۈشەنگەندەك قىلىسەن! روزى نامرات بولغىنى بىلەن ئاجايىپ بەندىتى..

— توغرا دەيسەن، مۇزەپپەر گەرچە مەندىن سەككىز ياش چوڭ بولغىنى بىلەن ئۇ تەڭرى ماڭا ئاتا قىلغان نېمەت!— قانداقتۇر ئىشلار ئېسىدىن كەچكەن ھەلىمىخان گۆھەرخاننىڭ ئالدىدا چوقچايدى، — ئۇ خۇش چاقچاق، چىقىشقاق، تاياقتەك تۈز كەتكەن مىجەزى بىلەن ئەل - جامائەت ئالدىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. ئۇ يوق چاغلاردا ئۆي نېمىشقىدۇر سوكۇتكە چۆكۈپ، ھەممە يەرنى غېرىبلىق قاپلىغاندەك بىلىنىپ كېتەتتى.

— مۆزەپپەر ئاكام كەلدىمۇ، — گۆھەرخان كۈلدى. — كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - ساز دېگەنلەرمۇ تەڭلا پەيدا بولاتتى. قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قىزىق - قىزىق ئىشلارنى ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ ھەممىنى كۈلدۈرەتتى. تاڭ قالدۇراتتى.

— پەخرۇللاغا ئالتە يېشىدىن تارتىپ راۋاب، نەي، دۇتار چېلىشلارنى ئۆگەتكەن ئەمەسمىدى، — ھەلىمىخان ئېرىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا قېتىپ قويدى. — قىسقىسى ئۇ ئائىلىسىنىلا سۆيۈپ قالماي، كوللېكتىپنىڭ، ئومۇمنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ مال - مۈلكىنىمۇ ئاجايىپ ئۇلۇغلايدىغان ئادەم!

دەرۋەقە، مۆزەپپەر ئاكا ھەلىمىخان ئېيتقاندەك پەخىرلەنگۈچىلىكى بار ئادەم ئىدى. ئۇ ئايالى، باللىرى، ئائىلىسىگە كۆيۈنۈپ قالماي، ئىدارىسى ھەم دۆلەت مۈلكىنىمۇ شۇنچىلىك قەدىرلەيتتى. بىر كېچىسى ھاۋا دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپ، بوران چىقىشقا باشلىدى. سودا كوپىراتىپىنىڭ قورۇسى خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئۈيغۇر، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئولتۇراتتى. ھويلىنىڭ ئۆيەر - بۇ يەرلىرىگە تايلانغان، پرېسلانغان، تاغارلارغا قاچىلانغان يۇڭ، پاختا، قۇرۇق يەل - يېمىش، گەزمال ۋە ھەرخىل تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بېسىلغانىدى. يامغۇر تامچىلىرىنىڭ دېرىزە كۆزنەكلىرىگە تاراسلاپ ئۇرۇلۇشىدىن ئويغىنىپ كەتكەن مۆزەپپەر، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ تاش پەنەرنى ياندۇردى. ئاندىن ئۆيدىكىلەرنى بىر - بىرلەپ ئويغىتىپ، ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. بوران كۈچەيگەنسېرى، يامغۇر ئىتتىكلەشكە باشلىدى، تاش پەنەرنى كۆتۈرۈۋالغان مۆزەپپەر، ئۆيىمۇ ئۆي يۈگۈرۈپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى قېقىپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— تېز ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، ھويلىدىكى ماللارنى يۆگىۋېتەيلى.

مۇزەپپەرنىڭ ئۆيدىكىلىرى ھەم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىغىلىشتى، بىر دەمدىلا ئامباردىن بىرىزىنت يۇپۇقلارنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇيـاقـقـا تارت، بۇيـاققا چۇشۇر دېيىشلەر باشلىنىپ كەتتى. بىرقانچە يەرگە دۆۋىلەپ بېسىلغان ماللار ئارقا - ئارقىدىن يۆگەلمەكتە ئىدى.

— ئەجەب ئەستايىدىل ئادەمدە بۇ، — دېدى ھويلا قاراۋۇلى بېشىنى چايقاپ، — يامغۇردا قالسا ھۆكۈمەتنىڭ قالىدۇ دېمەي، بالىۋاقلىرىنىمۇ ئويغىتىپ چىققىنىنى كۆرمەمدىغان.

چوڭ - كىچىك ھەممەيلەن بىرەر سائەت ھەپىلىشىپ، كوپىراتىپنىڭ ماللىرىنى ئوراپ - يۆگەپ بولدى. ئۇلار ئەمدىلا ئۇھ دېيىشىگە يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى.

مۇزەپپەر ئۆز خىزمىتىدىن باشقا، ئائىلە ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ مەكتەپ خىزمىتىنىڭ نەقەدەر جىددىي، ئېغىر، شۇنداقلا مۇھىملىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئايالىنى توغرا چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ بەزى ھاللاردا ئالدىغا پەشتامىنى تارتىپ تاماق ئەتسە، بەزىدە نانمۇ ياقاتتى. بىر كۈنى ئۇ تونۇر بېشىدا قاغىدەك چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ نان يېقىۋاتاتتى. ئۇنى يېقىن - يورۇقلىرى كۆرۈپ چاقچاق قىلىشتى.

— مۇزەپپەر، نان يېقىشنى خوتۇنغا بېرىپ، بىزگە ئوخشاش بەگدەك ياشاڭلار دەيمەن.

— بالىلىرىڭلار يەيدىغان ناننى ئۆز قولۇڭلار بىلەن يېقىپ بەرسەڭلار، بەگدەك ياشاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتىڭلار.

ئەدەتتە خۇش چاقچاق، ئويۇن - كۈلكىگە ھېرىسمەن، ناخشا - سازلارغا ئامراق مۇزەپپەر بالىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە، بىردىنلا تورگۈن، چۈس مىجەزگە ئۆزگىرەتتى:

— پەخرىنسا قىزىم، تاپشۇرۇقلىرىڭىزنى ئەكېلىڭا، كۆرۈپ باقاي.





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— ماڭا دادا، تېخى بايىلا ئىشلەپ بولغان.

— ھەم... — تاپشۇرۇقلارنى بىر - بىرلەپ كۆرگەن مۇزەپپەر ئوغلىغا قارىدى، — ھە، پەخرۇللا مۇئەللىمنىڭ سىنىپى «ھېسابتا سەل چېكىنىپ كەتتى، سىناق ئىمتىھان ئالساق نەتىجىسى تۆتكە چۈشۈپ قاپتۇ» دەيدۇ، بۇ قانداق گەپ.

ئىزا تارتقىنىدىن يەردىن باش كۆتۈرەلمىگەن پەخرۇللانىڭ كۆڭلىدىن: ۋاي خۇدايىم، دادام مۇئەللىم بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ بوپتۇ - دە، دېگەن ئوي ئۆتۈشى بىلەن ئاستاغىنە غۇڭشۇپ قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن تىرىشاي، دادا.

مۇزەپپەرنىڭ كۆپ ۋاقتىلىرى كوپېراتىپنىڭ سودا ئىشلىرى بىلەن سىرتتا ئۆتكەچكە، بالىلارنىڭ، ئائىلىنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى، يەنىلا ھەلىمىخان ئانىنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى. ئۇنىڭ بالىلارغا قويغان تەلىپى مۇزەپپەرنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئۇ بالىلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئىشىدىلا مەسئۇلىيەتچان بولۇپ قالماي، تۇرمۇش ئىشلىرىغىمۇ جىددىي مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى پەخرۇللا بىلەن ئىكرام تاماق ئۈستىلىنى قويۇپ، ھېساب دەرسىدىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەۋاتاتتى. ھەلىمىخان ئوغلىنىڭ كىيىملىرى مەينەت، چاچلىرى چۇۋۇق، يۈزىنىڭ مورلانغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشقان بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرماي سورىدى:

— كىيىملىرىڭ بۇلغىنىپ كېتىپتۇ، ئۇرۇشتۇڭما؟

— نۇرمەمەت بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم.

— نېمىشقا؟

— كىتابىمنىڭ تېشىنى يىرتىپ يۈزۈمگە ئاتقانىدى، مەنمۇ قاراپ تۇرمىدىم. باشقىلارغا ئوخشاش مېنىمۇ بوزەك قىلاي دېۋىدى، چىچقىچە سالدىم.

پەخرۇللانىڭ سىنىپىدا بىر مۇشتۇمزور ئوقۇغۇچى بار

ئىدى. ئۇ يېشى چوڭ ھەم بويىمۇ باشقىلاردىن ئېگىز بولغاچقا، دائىم بالىلارنى بوزەك قىلاتتى. مۇئەللىملەرمۇ ئۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمەي بىزار بولۇپ كەتكەنىدى.

ــ ئۇنداقتا، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ توغرا قىپسەندە؟

ــ ئىشقىلىپ خاتا قىلمىدىم، ئۇنداق ئەسكىلەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسە، ئادەمنى داۋاملىق بوزەك قىلىۋېرىكەن.

«جاڭ» قىلىپ ئۇرۇلغان زەربىدىن تاماق شىرەسى تىترەپ كەتتى. ئىكرام چۆچۈپ بىشىنى كۆتۈردى. پەخرۇللا بولسا قورقىنىدىن شۈمشىيىپلا قالدى. بۇ چاغقىچە بۇنچىلىك قاتتىق چېچىلىپ باقمىغان ئانىنىڭ مېھرىبانلىق شولىلىرى يېلىنجاپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئورنىغا، غەزەپلىك كۆزلەر ئالماشقانىدى.

ــ خاتا قىلمىدىم دەيسىنا، ئۇرۇشقىنىڭنىڭ ئۆزى خاتا ئىش ئەمەسما؟ نۇرمەھەممەتقۇ ئەسكى بالا ئىكەن، ئۇنداقتا سەنمۇ ئەسكى بالىما؟ ياخشى باللار ئۇرۇشامدا؟ سېنىڭ ئەسكى نۇرمەھەممەتتىن نەرىڭ قېلىشىدۇ، كىتابىڭنى يىرتقان بولسا مۇئەللىمىڭگە ئېيت!

مۇزەپپەر ۋە ھەلىمىخان ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بولغاچقىمۇ، پەرزەنت تەربىيىسىگە بەكمۇ ئەستايىدىل قارايتتى. بىر كۆچەتنى كىچىكىدىن باشلاپلا هارام شۇڭلىرىنى پۇتاپ، ياۋا شاخلىرىنى كېسىپ تۇرمىسا، ئاقىۋەت ئۇ ئوتۇندىن ئۆزگىگە يارىمايدىغان بىر قوچاق چاۋار ـ چاتقالغا ئايلىنىدۇ، دەپ بىلەتتى، شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، قىزى پەخرىنسا بىلەن ئوغلى پەخرۇللانى مەكتەپ بويىچە ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەلا دەرىجىدە كۆچۈپ، ھەممىنىڭ زوق ـ ئىشتىياقىنى قوزغىدى. لېكىن، ئۇلار ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 6 ـ سىنىپىغا كۆچكەن يىلى مۇزەپپەرنىڭ ئانىسى ھۆرنىخان توگەپ كەتتى. ئىكرامنىڭ ئانىسى گۆھەرخانمۇ بەل ئاغرىق كېسىلى

سەۋەبىدىن كۆنچىلىك دۇكىنىدىن چىكىنىپ چىقىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا كوممۇنا ئەزاسى بولۇپ قالدى.

... ھەر قېتىم مۇڭداشقاندا چىقمىغان دۆڭ، چۇشمىگەن چوقۇر قالمايدىغان ئىككى قەدىناس بوگۇنمۇ «ئۇنداقەي، مۇنداقەي، بولمامدىغان، مۇنداق ئەتمەمدىغان» دېيىشىپ، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى. ئۆزلىرىمۇ ھېرىپ قالغان چېغى، بىردەم مۆكۈپ جىمىپ قىلىشتى.

— شۇ چاغدا، — دېدى ھەلىمىخان بېشىنى كۆتۈرۈپ، — كۆنچىلىك كارخانىسىدىن چېكىنىپ چىقمىغان بولساڭمۇ بىر پىتىكەن.

— ئۇنى بىر دېمە، — گۆھەرخان كۆڭۈلسىزگىنە كۈلۈپ قويدى، — ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە مائاش بېكىتىپ بەردى. مانا مەنچۇ كوممۇنامغا يۈك بولۇپ، «بەشتە كېپىل» دېگەن سەت قالپاقنى كىيىپ ئولتۇردۇم.

— سەت دېگىنىڭ نېمىسى، ئۇمۇ قول ئىلكىدە يوق، قارىغۇچىسىز، ئاجىزلارنى يۆلەيدىغان ھۆكۈمەتنىڭ تۈزۈمى تۇرسا.

— ۋاي دەرىخا، ئاشۇ تۈزۈملەردىن ئايلىنىپ كېتەي، — گۆھەرخان تامىقىنى چېكىلداتتى، — سەن شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن كوممۇنا ئەزالىرى تۇمشۇقلىرىنى ئۈرۈپ، سىپىق ئوسۇرۇپ، دېمەيدىغىنى قالمايدىكەن.

— ئۇلارنىڭ ئاق - كۆك دەيدىغانغا نېمە ھەددى، توۋا خۇدايىم، — ھەلىمىخان ياقىسىنى تۇتتى، — خۇدايىم بەرسە، خۇدا بەردىنىڭ كۆتى ئېچىشىپتۇ دەپ ئەجەب قىلىپ كېتىدىكىنا...

— ۋاي، ۋۇي، دېمەيلا قوي «ئانىسىنى يېتىلەپ مېڭىۋىدۇق، ئەمدى بالىسىنى قولتۇقلىتىپ قويدى» دېسە، بەزىلەر كۆيدۈرگۈلۈك قىلىپ: «بىز ئامانىنى - زامانغا بەرمەي

ئىشلەيمىز، «بەش كېپىل»، «قۇتقۇزۇش» دېگەن ئاچ پاقىلار يەڭلىرىنى تۇرۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ يېتىپ كېلىدۇ» دەپ ئۇ قوۋرۇغاڭدىن بۇ قوۋرۇغاڭغا ئۆتۇپ كېتىدىغان گەپلەرنى قىلىشىدۇ.

— بولمىسا، گېزىت - ماتېرىياللاردا كوممۇنانى «سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتىدىغان ئالتۇن كۆۋرۈك» دەپ تەرىپلىشىدۇ، — ھەلىمىخان ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — شۇنداق بولغاچقا نامراتلارنى يۆلەۋاتقاندۇ، باشقىلارنىڭ ھۆرۈ - پۆرۈ دېيىشىگە نېمە ھەققى بار؟

— ئوش، قۇرۇپ كەتسۇن ئالتۇن كۆۋرۈك دېگەنلەر، مەن - مەن دېگەن تۇممىقى قىرلاقلىق ئەرلەر كۈن چىققاندىن كۈن پاتقىچە ئىشلىسە ئون نومۇر ئالغان، يىل ئاخىرىدا ئون نومۇرى يەتتە - سەككىز فۇڭ توختاپ، گالنى باقالماي قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىۋاتقان. شۇڭا، نامراتلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ھۆكۈمەت بىرنى يۆلىسە، ئونى يىقىلىۋاتقان...

ھەلىمىخان ھەر كۈنى سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە قاتنىشىپ، گېزىت، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ تۇرغاچقىمۇ، گۆھەرخاننىڭ سۆزلىرى قۇلىقىغا يات ئاڭلاندى. شۇڭا، ئۇ ۋەزىيەت، تۈزۈم، سىياسەت، سىنىپىي كۈرەش ھەققىدە چۈشەنچە بەرمەكچى بولدى. لېكىن، دەرۋازا غارىلداپ ئېچىلىپ ئىكرام ئوتتۇن بېسىلغان ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ كىرىپ كەلدى. ئۇ: «ئانا، مەن كەلدىم» دېگەچ، ئېشەكنىڭ چۆلۈۋۈرىدىن يېتىلەپ ئېغىل تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

— مەنمۇ چىقاي، — ھەلىمىخان تارغا چۈشۈپ ئايىغىنى كىيدى، — پەخرۇللا بالامنىڭ قورسىقى ئېچىپ، مەيدىلىرى ئېچىشىپ كەتكەندۇ، ئۇلار تۈن نىسپىدە چىقىپ كەتكەنچە.

— چىقامسەن؟ — گۆھەرخان ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى، — ئەمىسە ئارقاڭدىن چىقمىدىم.

— بولدى، سەن بىلىگىنى كۆتۈرۈپ، قوللىرىڭغا تايىنىپ ئىنجىقلاپ قوپقىچە چۈش - پېشىن بولىدۇ.

ھەلىمىخان داستىخانغا ئورالغان كورىنى قولتۇقلىغىنىچە چىقىپ كەتتى، ئاڭغىچە ھارۋىدىن چىقىرىلغان ئېشەكنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قاتتۇرۇپ قويغان ئىكرام ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ تۇمشۇقىنى سوزۇپ ئۆينى ھىدلىغانچە:

— ئانا، ئەجەب مەززىلىك بىر نېمە پۇرايدۇغۇ، ئاچام بىر نېمە ئېتىپ بەرگەن ئوخشىمامدۇ، — دېدى - دە، يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ، داستىكى يۇندىنى كۆمۈكلۈك ئۈزۈم باراڭ ئېتىزىغا تۆكۈۋېتىپ، يېنىپ كىردى. ئاڭغىچە گۈھەرخان بىر قولىدا بىلىنى تۇتقىنىچە، داستىخاننى كىگىزگىلا يېيىپ بىر قاچا پولۇنى ئېلىپ كەلدى.

— ياپىرەي، ئانا پولۇكەنغۇ، — ئىكرامنىڭ خوشاللىقىدا كۆزلىرى ئويناپ كەتتى، — ماينى نەدىن تاپتىڭ، ئاچام ئەكەپتۇما؟

— ئاچاڭنىڭ ئېرىنىڭ گۈسمۇستەك غولى بولغان بىلەن تېرىقتەك ئىنساپى يوق نېمە ئۇ، — دېدى گۈھەرخان مورا ئوچاق ئىچىدىكى شىڭىلداۋاتقان چۆگۈننى ئېلىپ، — بۇ ئاشنى ھەلىمىخان ئاناڭ ئەكىرىپتۇ.

— ئانا، ئاۋۇتكامنى ئەيىبلەۋەرمە، ئۇمۇ كوممۇنا ئەزاسى بولغاچقا، ئەترەت باشلىقلىرىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاچامنى كۈندە دېگۈدەك ئەۋەتىپ ھالىڭدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇغۇ.

— بولدىلا، زورۇقمايلا قوي، كېلىپ ئىشىڭنى يە.

ئىكرام قىزىق چاينى پۈۋلەپ ئىچىپ، پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ لەززەت - ھوزۇرىنى سەزمىگەندەك ياكى ئاغزىغا تېتىمىغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، كۆزلىرى كىگىزنىڭ چوغ چۈشكەن تۆشۈكىگە قادىلىپ قالغانىدى. ئەمما،

ئۇنىڭ قولاق تۈۋىدە پەخرۇللانىڭ: «قاراتال ناھىيىسىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ بارمىكەن؟»، «ھەربىلى ناھىيىلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر نەدە ئوقۇيدۇ؟»دېگەندەك يۈرەكتە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىدىغان سۆزلىرى كۆمۈش قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇراتتى. ئەگەر ئىكرام بۇ يىل 7ـ، 8ـ ئايلاردا بوستان ۋىلايىتىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە بارالىسىلا ھېلىقى ئاق جىنەستىدەك ئوماق، سۈزۈك، مەرمەردەك چاقناپ تۇرغان پەرۋىنەنى قايتا كۆرەلەيدۇ. ئاما ئانىسى ئۇنى ئوقۇتۇشقا قوشۇلارمۇ؟ «ياق بالام، ئەمدى مېنى باق» دەپ تۇرۇۋالسىچۇ، ئۇ چاغدا ئىكرامغا «ئەلھوكمىلىللا» دېمەكتىن باشقا چارە يوق! لېكىن گۆھەرخاندەك جاھىل مەزلۇمغا تەتۈر گەپ قىلىش ئارقىلىقلا كۆزلىگەن رىجىگە يەتكىلى بولاتتى. شۇڭا، تەۋەككۈل دەرياسىغا يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپلا كېمىنى سېلىپ باقسۇنمۇ، يا سايرامدىن چىقار، يا قايىنامدىن!

— ئانا، — دېدى ئىكرام بېشىنى كۆتۈرۈپ — ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ شەھەرگە كىرىپ ئوقۇمايمىكىن دەيمەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ساڭا ئاش ـ تاماق ئېتىپ، سېنى كۈتۈپ، پۇت ـ قولۇڭنى، بەللىرىڭنى تۇتۇپ قويۇپ...

— يوق يەپسەن، جوھۇت، — گۆھەرخانىنىڭ كۆزلىرى ئالايدى، — مەن ئۆلگەندىن كېيىن كىمنى كۈتىسەن؟ كىمنىڭ بەللىرىنى تۇتۇپ قويىسەن ـ ھە؟ داداڭ رەھمىتى: «مۈزەپپەردىن خەت يېزىشنى، ئوقۇشنى كۈنجۈتتەك بولسىمۇ ئۆگىنىۋالغىنىمغا كۆزۈم يورۇپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. گۆھەر، ئىكرامنى ئاخىرغىچە ئوقۇتايلى» دېگەنىدى.

— دادام راستىنلا شۇنداق دېگەنمىدى، ئانا؟— ئىكرام خوشاللىقىدا ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى، — يا ئۆزۈڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گېپىمۇ؟

— ئاناڭغىمۇ ئىشەنمەمسەن، قارا كۆسەي؟ — گۆھەرخان قاچىدىكى ئازغىنە ئاشقا قارىدى، — گورۇچ دېگەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىشى، ئۇقتۇڭما دەلتە، مانا مۇشۇ ئۇنچىدەك چىشلار گۇۋاھ، بۇ دېگەن داداڭنىڭ نەسىھىتى.

شىرىن خىياللار ئىلكىدە كىچىچە ئۇيقۇسى كەلمىگەن ئىكرام، ئەتىسى ۋاقىچە قوپتى. ئۇ ھويلىغا چىققاندا قىزىرىپ كەتكەن قىش قۇياشى، يالىڭاچ دەرەخلەر ئارىسىدىن ماراپ تۇراتتى، ئىكرام نېمىگىدۇر خۇش ھەم ئۆزىنى شۇنچە تېتىك، چەبدەس ھېس قىلاتتى. ئۇ يۇلغۇن سۈپۈرگىنى ئېلىپ ھويلىلارنى سۈپۈردى، ئەخلەتلەرنى ئېشەك ئېغىلىغا تۆكتى. ئاندىن ھارۋىغا بېسىلغان ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈپ، ئېغىلنىڭ بىر بۇلۇڭىغا رەتلىك باستى. قىشلىق تەتىل ئاخىرلىشىپ قالغان بولۇپ، ئۆگۈنلۈككە ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە يىغىلاتتى. دەرس باشلىنىپ كەتسە، مەكتەپ مەشغۇلاتلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن باش كۆتۈرگىلى بولمايتتى. ئىكرام ئانىسىنىڭ ئىككى يېنىغا قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چوڭ پالتىنى ئاچىقىپ ئىككى ھەپتە يەتكۈدەك ئوتۇن ياردى. قىسقىسى، ئۇ ئۆي ۋە ھويلىدىكى ھەممە ئىشلارنى بىر قۇر سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغىچە كۈن قىيىلغانىدى.

ئىكرام ئاچىسى يۆيۈپ قاتلاپ قويغان كۆڭلەك، ئىشتانلىرىنى يەڭگۈشلەپ سىرتقا چىقتى. ئانىسى بىلەن بولغان ئاخشامقى سۆھبەتنى پەخرۇللاغا يەتكۈزۈشكە ئالدىراۋاتقانلىقى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەرلەردە قارا سوغۇق قاتتىق بولۇپ، يامغۇر ئانچە ياغمىغاچقا قىش كۈنلىرىمۇ يوللاردا قۇمساڭغۇ، شورلۇق توپىلار پۇرقىراپ تۇراتتى. ئىكرام ئەمدىلا چوڭ يولغا چىقىشى، ساۋاقدىشى ئىمىنجان يولۇقۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن قاراتالدىكى كانكى مۇسابىقىسىدىن بىللە قايتىپ

كەلگەندىن بىرى كۆرۈشمىگەنىدى:

— نىمە پىشانىلىرىڭ تەرلەپ كېتىپتۇغۇ، — دېدى ئىكرام سەل ھەيران بولۇپ، —، خۇددى توخۇ ئوغرىلاپ قاچقاندەك.

— يائاللا، ئىكرام، ئاغزىڭدىن تۇزۇك گەپ چىقمايدۇ ـ دە، — ئىمىنجان تېرىكتى، — ئابلەت تاھىر مۇئەللىم غۇلجىدىن قايتىپ كەپتىكەن، چامادان ۋە يۇك ـ تاقلىرىنى ئاپىرىشىپ بەردىم.

— ۋۇي راستىما؟

— ئىشەنمىسەڭ بۇ ياغلىققا ئورالغان ئالمىغا قارا، مۇئەللىم ئاناڭغا ئالغاچ كەت دەپ بەردى.

— چاقچاق قىلدىم، خاپا بولما ئاداش.

ئىكرام مەكتەپ يولىغا تەمشەلدىيۇ، لېكىن يالغۇز بېرىشنى بىئەپ كۆردى. ئۇ يۇگۈرۈپ دېگۈدەك مۇزەپپەر ئاكىنىڭ چوڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. يىراقتىنلا كالا ئېغىلىدىن قىغ چىقىرىۋاتقان پەخرۇللانى كۆرۈپ، ئۇمۇ ئېغىل غارىلىدىن لىككىدە ئاتلاپ چۈشتى.

— ئاۋايلا، نېمانچە ئالدىرايسەن، — ۋارقىرىدى پەخرۇللا، — كالا پوقىغا دەسسەپ، كۆتۈكچە چىلىگە ئولتۇرۇپ قالما يەنە.

— پەخرۇللا، خۇش خەۋەر، — ئىكرامنىڭ كۆزلىرىمۇ كۈلۈپ تۇراتتى، — ئابلەت تاھىر مۇئەللىم غولجىدىن قايتىپ كەپتۇ.

— راستىما؟ كىمدىن ئۇقتۇڭ.

— ئىمىنجاندىن، يۇك ـ تاقلىرىنى ئۇ ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

— ئەمسە ماۋۇ قىغلارنى چىقىرىۋېتەي، بىللە بارايلى.

— كەل، ئىككىمىز قول ـ قولچە چىقىرىۋېتەيلى.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام كالا قىغلىرىنى سىرتقا چىقىرىپ، ئېغىلغا سېرىق سامان چاچقاندىن كېيىن، پېشايۋاندا يۈز قوللىرىنى يۇيۇپ، دەرۋازىدىن بىللە چىقتى. ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيە بازىرى ئىچىدە ئىدى. ئۇلار ئىككى قەدەمنى بىر ئېلىپ

مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. ئابلەت تاھىرنىڭ ياتىقى ئوقۇتقۇچى بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى بىر قەۋەتلىك ئۆزۈن بىنادا بولۇپ، بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇراتتى. يىراقتىنلا ئېغىز گارمونىنىڭ ياۋروپا ئاھاڭىغا چېلىنغان بىرخىل مۇڭلۇق ساداسىنى ئاڭلىغان پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ھاياجانلانغان ھالدا ئىشىكنى چەكتى. ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئىجازەت بېرىلىپ بولغىچە، ئۇلار ياتاققا ئېتىلىپ كىردى ــ دە، ئابلەتنى قۇچاقلىۋېلىشتى.

ــ مۇئەللىم، يۇرتتىكى تۇغقانلىرىڭىز تىنچلىقمىكەن؟

ــ مۇئەللىم، ئانىڭىز ئوبدان تۇرۇپتۇمۇ؟

ــ مۇئەللىم، ئانىڭىزنى كۆرگەندە يىغلىدىڭىزمۇ؟

ــ مۇئەللىم...

ــ ھەممىسى تىنچلىقكەن، ئەممازە ئاپامنىڭ چاچلىرى سۇۋارى ئاقىرىپ كېتىپتۇ.

ــ مۇئەللىم تايىنلىق، ــ ئىكرامنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى، ــ ئانىڭىزنىڭ چاچلىرى سىزنى سېغىنىپ ئاقىرىپ كەتكەندۇ؟

ــ ئېھتىما، ئېھتىمال... لېكىن ئاپام قېرىپ قالدىم دېدى.

ــ مۇئەللىم، مەن بىلدىم. ئانىڭىز چوقۇم، ــ پەخرۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ، ــ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئايىغان گەپ، ئانىلارنىڭ باغرى ئاشۇنداق يۇمشاق بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن. باللارنىڭ «مۇئەللىم... مۇئەللىم...» دېگەن بۇ ئىلتىجالىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق دەۋرلىرىم يادىمغا چۈشۈپ كۆزلىرىمدىن ياش ئەگىدى. دەرھەقىقەت ئانىلار بالا تۇغىدۇ. ئۇنىڭغا ئاق سۈت بېرىپ باقىدۇ. ئاق سۈت ئەمەس بەلكى يۈرىكىدىن تامچىپ چىققان ھايات قەترىلىرىنى بەخش ئېتىدۇ. بالىنى ساغلام، كۈچتۇڭگۇر، بەردەم قىلىپ قاتارغا قاتىدۇ. ئەمما، ئەقىل ــ پاراسەت، ئەخلاق ــ پەزىلەت، پاك ئېتىقاد شەربەتلىرىنى ئېمىتىپ، ئادەم ھەم

ئادىمىيلىك خىسلەت ئاتا قىلىدىغىنى يەنىلا مۇئەللىم! شۇڭا تەڭرى بالىلارنىڭ غۇبارسىز قەلبىگە مۇئەللىمنىڭ ئىشتىياقىنى سىڭدۈرۈپ، ھۆرمەت ـ ئىكرام زەمزەملىرىنى قانلىرىغا قېتىۋەتكەندۇر! ... ئۇلار ھەر نۆرە «مۇئەللىم... مۇئەللىم...» دېيىشكەنلىرىدە كۆڭۈل ئاسمىنىدا بىر ھارارەتلىك قۇياش نامايان بولىدۇ. مانا بۇ مۇئەللىمنىڭ سىيماسىدۇر!

ــ ھە، بالىلار قىشلىق تەتىلىڭلار كۆڭۈللۈك ئۆتكەندۇ؟ــ سورىدى ئابلەت ئىككىسىگە تەڭلا قاراپ، ــ مەن قىشلىق تەتىلدىن بۇرۇن كېتىپ قالغاچقا، مەكتەپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بىخەۋەر.

پەخرۇللا ئىكرامنى قاراتالدىكى كانكى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرىنچىلىكنى ئالغانلىقى، ئۆزى بولسا دادىسىنى بوستان ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ داۋالاتقانلىقى، ئاندىن ھەربىر پەنلەردىن بېرىلگەن تەتىللىك تاپشۇرۇقلارنى ئىشلىگەنلىكى قاتارلىق تەتىل پائالىيەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

ــ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بالىلارنى كىم باشلاپ ئاپاردى؟

ــ قازاق مۇئەللىم تۆلەگەن، ــ دېدى ئىكرام، ــ ئۇ تەنتەربىيە مۇئەللىمى بولغاچقا، مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بالىلارنى كېچە ــ كۈندۈز مەشىق قىلدۇردى.

ــ يەنە نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ــ ئابلەت ئوقۇغۇچىلىرىنى سېغىنغانىدى، ــ بىر ئايلىق تەتىل بىردەمدىلا توشۇپ قالمىغاندۇ؟

ــ ئىكرام ئىككىمىز ئېزىتقۇقۇم جاڭگىلىغا كىرىپ، ئوتۇن ئېلىپ چىقتۇق.

ــ دېمىدىممۇ، سىلەر جىم يۈرىيدىغان بالىلار ئەمەس، يازلىق تەتىلدىمۇ ئىككىڭلار قارا كېسەك قۇيۇپ، ھەممە ئوقۇش چىقىمىڭلارنى ئۆزۈڭلار تاپتىڭلار.

بایاتىن بىرى ئۇستىدىكى يېڭى ئىغىز گارمونىغا زوقلىنىپ قالغان پەخرۇللا ئۇنى چېلىپ باققۇسى كەلگەن بولسىمۇ، مۇئەللىمدىن ھېيىقىپ قول ئۇزىتالمىدى. ئابلەت تاھىر ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، قىز - ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن، يەكشەنبە كۈنلىرى خەلق باغچىسى، ئۇلانباي تاللىقى، مۇتەللىپ باي قارىياغاچلىقى قاتارلىق ساياھەت ئورمانلىقلىرىدا گارمون، ئىغىز گارمونىسى، گىتار چېلىشىپ، ياۋروپا ئاھاڭىدىكى ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى. بولۇپمۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىكى رۇس ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش - ئېيتىش مودىغا ئايلانغانىدى. ئابلەت تاھىر تەقسىمات بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى چەكسىز قۇملۇق ھەم توغراقلىقلار قاپلىغان بۇ يۇرتقا كەلگەندىن كېيىن، مۇساپىرچىلىق ئەسىر قىلغان تەنھالىق كۈنلىرىدە مۇڭ بىلەن ناخشا ئېيتىپ، ئىغىز گارمونى، بەزىدە ئىسكىرىپكىنى مىسكىن ئاھاڭغا چالاتتى. ئۇ سىنىپتىكى پەخرۇللاغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. كىچىكىدىنلا دادىسىدىن راۋاب، دۇتار، نەي چېلىشنى ئۆگەنگەن پەخرۇللا ئەمدىلىكتە مۇئەللىمدىن ئىغىز گارمونى، ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. ئۇ ئۇستەل ئۇستىدىكى ئىغىز گارمونى، بۇرۇن چېلىپ يۈرگەن ئىغىز گارمونى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

— مۇئەللىم، بۇ ئىغىز گارمونى بۇرۇنقىسى ئەمەسكەن، — دېدى پەخرۇللا ئىغىز گارمونىغا ئېڭىشىپ قاراپ، — يېڭى ئالدىڭىزما؟

— شۇنداق، — ئابلەت چامادىنىدىن قاپلىق ئىغىز گارمونىدىن بىرنى ئېلىپ، پەخرۇللاغا بەردى، — ئۇرۇمچىدىن ئىككىنى ئالدىم. بىرنى ساڭا، بىرىنى ئۆزۈمگە، بۇرۇنقىسى بەك كونىراپ كەتكەچكە، بەزى ئاھاڭ تىللىرى جىغىلدايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ۋاي!... — پەخرۇللانىڭ خوشاللىقىدىن كۆزلىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى، — نېمىدېگەن ياخشى، بۇ... بۇ تەرسىنى چۈشۈمدىمۇ ئويلاتتىم...مەن.. مەن پۇلىنى چوقۇم تۆلەپ بېرىمەن.

— پۇلىنىڭ گېپىنى قىلىساڭ، مەكتەپنىڭ كۆلىگە تاشلىۋېتىمەن.

باللار كېتىدىغان چېغىدا ئابلەت تاھىر قولىياغلىقلىرىغا ئالما چىگىپ بېرىپ: «ئىككىڭلار ئاپاڭلارغا بېرىسىلەر» دەپ قويدى. ئۇلارمۇ «چوقۇم شۇنداق قىلىمىز» دېيىشتى.

— مۇئەللىم، غولجا دېگەن يەردە قىش كۈنىمۇ ئالما بارما، — دېدى ئىكرام بىر ئالمىنى پۇراۋېتىپ، — ئەجەب مەززىلىك پۇرايدىكەن.

— ھاۋاسى تەڭشەلگەن ئامبارلار 4-، 5- ئايلارغىچە ساقلىيالايدۇ، — ئابلەت باللارنى ياتىقىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، — پەخرۇللا، ئىكرام ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزىدىغانغا ئارانلا بەش ئاي ئەتراپىدا ۋاقىت قالدى. ئاندىن شەھەردىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كېتىسىلەر. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ يىللىق ئىمتىھان ئېسىڭلاردا بولسۇن. سىنىپتىكى باللار ئىچىدە سىلەر ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىسىلەر. شۇڭا، مېنىڭ يۈزۈمنى سۆرۈن قىلماڭلار.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مۇئەللىم، بىز چوقۇم ياخشى ئوقۇيمىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىششىق ئادرېسى

## تۆتىنچى باب

# تاشتىن قاتتىق خەۋەر

بوستان ۋىلايىتىگە قاراشلىق قاراتال، ئاقتام، توغراق، چىمەن، تاشقۇم، يۇلغۇنباغ، قۇمبۇلاق، قۇمۇشكۆل ناھىيىلىرى ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق ئىمتىھانلىرى ئىلگىرى – كېيىن ئاخىرلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئانكېت، جەدۋەللىرى تولدۇرۇلۇپ، بىر – ئىككى پەندىن ئۆتەلمىگەنلەر قايتا ئىمتىھان بېرىپ، قولىغا ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسى ئېلىپ بولغىچە ئىيۇلنىڭ 9-، 10- كۈنلىرى بولۇپ قالدى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرى ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بەھەيۋەت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. مەكتەپ قورۇسى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ بولۇپ، پۇتبول، ۋالىبول، ۋاسكېتبول مەيدانلىرى ئايرىم – ئايرىم بولۇپ، يۈگۈرۈش مۇسابىقە مەيدانلىرى پۇتبول مەيدانى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بىر نەچچە قات يۈگۈرۈش بەلگە سىزىقلىرى، توختاش نۇقتىلىرى رەڭدار خىشلار بىلەن ياسالغاچقا، تولىمۇ كۆركەم كۆرۈنەتتى. مەيداننىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى خېلىلا ئۇزۇن بولۇپ، سىنىپ دېرىزىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان سۇس ھاۋارەڭ يىپەك پەردىلەر ئاپتاپ نۇرىدا كۆز چاقنىتىپ يالتىرايتتى. مەيداننىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى چاققانغىنە ئورمانلىق كۆپكۆك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈكلەر، گۈللۈكلەر ئارا خىش

ياتقۇزۇلغان چىغىر يوللار بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئوڭ ھەم سول تەرەپلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قەۋەتلىك ياتاق بىنالىرى رەتمۇ رەت تىزىلىپ تۇراتتى. مەكتەپنى تېخىمۇ كۆركەم كۆرسىتىپ تۇرغىنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى قاتار ياپيېشىل ياشىرىپ تۇرغان ئارچا دەرەخلىرى ئىدى. بىنانىڭ پەلەمپەيلەر ئارقىلىق چىقىدىغان كەڭ مېغىزرەڭ ئىشىكلىرى، يىراقتىكى دەرۋازىغا ئۇدۇل بولۇپ، يولنىڭ ئىككى چېتى يەنىلا ئارچا، ئەرمۇدۇن، تۇخۇمەك دەرەخلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇرغاچقا، ئاستىغا كۈن نۇرى چۈشمەيتتى.

مۇشۇ بىزنىڭ مەكتىپىمىز - ھە! دېگەن مەغرۇرانە خىيال كاللىسىغا كىرىۋالغان پەخرۇللا بىلەن ئىكرام كۆكرەكلىرىنى كېرىپ، گىدەيگەن ھالدا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىگە قەدەم ئالدى. ئۇلار كارىدورغا كىرىپلا گاڭگىراپ قېلىشتى.

ئوڭ ھەم سول تەرەپتىكى تىزىملاش ئىشخانىلىرىنىڭ ئالدى ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قوللىرىدا ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىلىرى بار ئىدى. ھەر ئىككىلا ئىشخانىنىڭ ئىشىك ئالدىغا يىغىلىۋالغان باللار، قىسلىپ كىرىۋالغۇچىلارغا ئالىياتتى ياكى «ھەي، ھەي، بۇ يەردە نۆۋەت بار جۇما» دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. پەخرۇللا «قايسى ئىشخانىدا ئادەم ئازدۇ؟» دەپ تىمىسقىلاپ يۈرسە، ئىكرام قونداق ئىزدەۋاتقاندەك توخۇدەك ھەممە يەرگە بويۇنداپ، كىمنىدۇر ئىزدەپ يۈرەتتى. ئۇ ئىككى ئىشخانا ئالدى، ئىچى ۋە كارىدور سىرتلىرىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ، لەسسىدە بولۇپ قالدى. بۇنى سېزىپ قالغان پەخرۇللا ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ، باللار نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان يەرگە ئېلىپ كەتتى.

— مەكتەپكە تىزىملىتىپ بولۇپ، — دېدى پەخرۇللا ئاستا پىچىرلاپ، — ئاندىن ئىزدەيدىغاننى ئىككىمىز تەڭ ئىزدەيلى،





كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولامدۇ؟

ئىكرام ئۈمىدسىزلىك بىلەن مۆلـۈلدەپ تۇرغان كـۆزلىرىنى پەخرۇللاغا تىكتى ـ دە، خىجىل بولغان ئەلپازدا يەرگە قارىۋالدى. ئاڭغىچە ئۇلارغا نۆۋەت كېلىپ قالدى، پەخرۇللا گۇۋاھنامىسىنى تىزىملاۋاتقان ياشقىنە ئايال ئوقۇتقۇچىغا بەردى. ئۇ گۇۋاھنامىدىكى ئىسىم، فامىلە، ئادرېس، پۈتكۈزگەن مەكتىپى، ئىلمىي نەتىجىسى قاتارلىقلارنى جەدۋەلگە ئورۇنلاشتۇرۇۋېلىپ پەخرۇللاغا قاردى:

ـــ ئىسمىڭىز پەخرۇللا مۇزەپپەر، توغراق ناھىيە بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، توغرىمۇ؟

ـــ توغرا.

ـــ قايسى سىنىپتا ئوقۇغىڭىز بار؟

ـــ سىفەن سىنىپتا.

ـــ ئوقۇتقۇچى بولغۇڭىز باركەنده؟

ـــ شۇنداق، ـــ پەخرۇللا كۈلۈپ قويدى، ـــ بەكمۇ ئوقۇتقۇچى بولغۇم بار.

ـــ ياخشى، قېنى سىز، ـــ ئايال ئوقۇتقۇچى ئىكرامنىڭ گۇۋاھنامىسىنى قولغا ئالدى، ـــ ئىكرام روزى، توغراق ناھىيە بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن، توغرىمۇ؟

ـــ شۇنداق، خانىم.

ـــ قايسى سىنىپتا ئوقۇغىڭىز بار؟

ـــ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتا ئوقۇغۇم بار.

ـــ سىزنىڭ يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇغىڭىز باركەنده.

ـــ خۇدايىم بۇيرۇسا.

ئىكرامنىڭ سۆزىدىن ئەتراپتىكى ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ـــ ئەمىسە، سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە سەككىز، يىگىرمە

توققۇزىنچى كۈنلىرى كېلىپ تىزىمغا ئالدۇرىسىلەر، ــ دېدى ئايال ئوقۇتقۇچى، ــ ئىككى كۈن سىنىپلارغا ئايرىلىپ، چوڭ تازىلىق ئېلىپ بارىمىز. ئاندىن توققۇزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى دەرس باشلىنىدۇ. كېچىكىپ قالساڭلار تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈلىسىلەر.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام تىزىملاش ئىشخانىسىدىن قايتىپ چىققاندا، كارىدوردىكى بالىلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىرلىكتە ئۇياق ـ بۇياققا قارىماقتا ئىدى. پەخرۇللا پەرۋىنەنى تونۇمىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئىكرامنىڭ سۈرەتلەپ بېرىشى بويىچە ئۆزى چىرايلىق غۇنچە بوي، رەڭگى ـ رۇخسارى پاكىز قىزلارنى كۆرسىلا، ئىكرامغا ئىشارەت قىلاتتى:

ــ ئاۋۇمۇ؟

ــ ۋا، نەدىكى پاناقنى..

ــ ئەمىسە، ئاۋۇ تامغا چاپلىشىپ تۇرغان چىرايلىق قىزمۇ؟

ــ ۋاي، ۋۇي، ئۇنچىلىك بولسا، ئىزدەپ نېمە قىلاتتىم.. نەدىكى يەر پاپىسىنى

ــ ھەي، دوقا ماڭلاي، ئۆزۈڭ قانچىلىك نېمىتىڭ، شۇنچىلىك چىرايلىق قىزلارنى بىرىنى پاناق، بىرىنى پاپا دەپ ياراتمايدۇ تېخى.

ــ ھەي، مەن ساڭا قانچە قېتىم دەيمەن. پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە باشقا بىر دۇنيا، قىزلار يەردىكى پىل ـ پىل كۆيىدىغان شام چىراغ بولسا، ئۇلار دېگەن ئاسماندىكى چولپان!

ــ پاھ، پاھ، پاھ، نەدىكى بىر ئورۇس خوتۇننىڭ بالىلىرىنى ماختاپ كەتكىنىنى، پەخەس بول چىشلىرىڭمۇ تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن يەنە!

ــ ئىزدەش ساڭا خۇشياقمىسا كەت بۇ يەردىن!ــ ئىكرام راستىتىنلا تېرىكتى، ــ مەن ساڭا يېلىنغىنىم يوق، ئەمما باشقىلارنى كەمسىتىپ تىللىما.

ئىكرام يۈزىنى شارتلا ئۆرۈپ، تەتۈر قارىۋالدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئازابلىنىپ تۇرغان ئىكرامنىڭ كۆزلىرىنى لىپمۇلىق سۇيۇق ياشلار قاپلىۋالغانىدى. پەخرۇللا خىجىللىقتىن ئۆزىنى قويار يەر تاپالماي قالدى. كونىلار: «لەيلىگە مەجنۇننىڭ كۆزى بىلەن قارا» دەپتىكەن. ئۇنىڭ تىپتىنچ تۇرغان قەلب كۆلىگە تاش تاشلاپ، تۇنجى قېتىم تەۋرىتىۋەتكەن ئۇ قىز، ئىكرام ئۇچۇن جەننەتنىڭ ھۆرلىرىدىنمۇ ئارتۇق، ئەلۋەتتە! ئۇ توغراقتىن شەھەرگە كىرگۈچە قانچىلىك شېرىن خىياللارنى سۈرمىدى؟! ۋىسال ئۇچۇن ئىنتىلمىدى! راستتىنلا پەرۋىنەنىڭ شېرىن سۆيەت سۆزلىرى، پاك، غۇبارسىز پەزىلىتى، كەمتەر، ئاق كۆڭۈللۈكى، بۇ 16 ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ يۈرىكىدە غەرەزسىز چىن دوستلۇق رىشتىسىنى بىخلاندۇرغانىدى.

— ئىكرام، خاپا بولما، — پەخرۇللا ئۇنىڭ دولىسىنى پەپىلىدى، — بۇ بىر چاقچاق، مەن ھەرگىز چىن كۆڭلۈمدىن دېگىنىم يوق، ماڭا ئىشەن.

— ئۇلار ئوقۇمايدىغان بولۇپمۇ قالمىغاندۇ؟

— ئويلاپ باقمامسەن، ئىمتىھاندىن كېيىن مەكتىپىمىزدە ساماساقىنىڭ تۆۋىنى يۇمشىتىشتىن، قوناققا توپا يۆلەش، كۆكتات ئېتىزلىرىنى ئوتاش دېگەندەك ئەمگەكلەر بىلەن يەتتىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ كەتتى. ئۇلار بەلكىم يەتتىنچى ئاينىڭ باشلىرىدىلا تىزىملىتىپ كەتكەندۇ.

ئۇلار پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە توغرۇلۇق ھەرخىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىپ تۇرۇشى، كانكى مۇسابىقىسىگە بىللە قاتناشقان باللاردىن ئىككىسى يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، ئىكرامنى قۇچاقلاپ نەچچە پىرقىرىتىۋەتتى ھەم ئۇلار ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ، ئەھۋال سوراشتى.

— بۇ بالا تۇرسۇنتاي، — دېدى ئىكرام ئېگىز ئورۇققىنا بالىنى كۆرسىتىپ، — يولغۇنباغ تاھىيىسىدىن، كانكى

مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغان. ماۋۇ ئىگىنز ئاغىنەم نىيازا ــ نىياز پاكار بولغاچقا، ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، ــ ئاقتام ناھىيىلىك، ئۆزى ئىگىز بولغاچقا، كانكى مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى دەرىجىلىكنى ئالدى.

ــ ياخشىمۇسىلەر، ــ پەخرۇللا قول ئۇزاتتى، ــ تونۇشۇپ قالدۇق، بۇنىڭدىن كېيىن ئىزدىشىپ ئۆتەيلى.

ــ بۇ يەردە تۇرۇپسىلەرغۇ؟ــ سورىدى تۇرسۇنتاي، ــ بىر كىمنى ساقلاپ تۇرامسىلەر؟

ــ شۇنداق، ــ پەيزۇللا گەپنى توغرىلىدى، ــ قاراتالدىن كېلىدىغان بىر قانچە تونۇشلار بار ئىدى، تىزىملىتىپ كەتتىمۇ ياكى تېخى كەلمىدىمۇ بىلەلمەي...

ــ قاراتالنىڭ بالىلىرىنى غۇلجىلىق ئىسمەت قادىر مۇئەللىم تىزىملاۋاتىدۇ، ــ دېدى ئاقتاملىق نىياز پاكار، ــ شۇنىڭدىن سورىساڭلار تىزىملىككە قاراپلا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى دەپ بېرەمدۇ.

ــ توغرا، قارا، ئىسمىزگە كەلمىگەنلىكىنى، ماقۇل ئاغىنىلەر، يەنە كۆرۈشەرمىز.

پەيزۇللا بىلەن ئىكرام قاراتاللىق ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاشقا مەسئۇل بولغان غولجىلىق ئىسمەت قادىر مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. بىراق ئۇنىڭدىن ھېچقىسى گەپ قىلالماي قالدى. سارغۇچ يىرىك چاچلىرى ئارقىغا تارالغان، پېشانىسى كەڭ، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ياڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، ئاق سېرىق، ئىگىز گىنە ئىسمەت قادىر ئۇلارغا چاقچاق قىلدى:

ــ ھە، قېقىۋەتكەن تاشئالمىدەك تورۇكلاپلا كىرىپ كەلدىڭلارغۇ، بىرەر ئىشىڭلار بارمىدى؟

ــ مۇئەللىم، ــ پەخرۇللا دۇدۇقلاپ كەتتى، ــ قا... قاراتاللىق بالىلارنىڭ ھەممى..ھەممىسى كېلىپ بولدىما؟

ــ ھە، نېمە ئىشتى؟





— كىچىك ئانامنىڭ ئىككى قىزى كەلمەكچىدى، شۇنى يىلەي دېگەن...

— قېنى مەن جەدۋەلگە قاراپ باقاي..

ئىسمەت قادىر مۇئەللىم تىزىملىككە كۆز يۈگۈرتۈپ، قاراتاللىق ئالمۇرات، نۇرزات، ئاينۇر، ئەختەرنىسا قاتارلىق 10 نەچچە بالىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇغاندى، پەخرۇللا بىلەن ئىكرام سولتىيىپ قالدى. ئەمما ئىكرام مۇئەللىمگە ئۈمىد بىلەن قارىدى:

— مۇئەللىم، ئالمۇرات، نۇرزات، ئاينۇر، ئەختەرنىسالار قانچىنچى چېسلا تىزىملاتتى؟

— تېخى بايىلا تىزىملىتىپ بولۇپ، مەكتەپ ئىچىنى كۆرىمىز دەپ چىقىپ كەتكەن.

— ئىكرام، مەن ئالمۇرات دېگەن ئىسىمنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەنغۇ، — دېدى پەخرۇللا كارىدورغا چىقا – چىقمايلا — ئەجەب تونۇش ئىسىم.

— ساڭا نەچچە قېتىم دەپ بەرگەن تۇرسام، ھېلىقى مەن بىلەن مۇشتلاشقان بالا شۇ.

— ئۇ، ئەھۋالنى بىلىشى مۇمكىن، — پەخرۇللا ئىكرامغا قارىدى، — لېكىن ئۇنىڭدىن سورىغىلى بولارمۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن، بىز ئۆز ۋاقتىدىلا قول بېرىشىپ ياخشى - خوپ بولۇشقان.

— ئىكرام!

قاتتىق ۋارقىراشتىن ئىكرام بىلەن پەخرۇللا تەڭلا چۆچۈپ كەتتى. دۈپدۈگىلەك ئوروۋۋالغان بۇ بالىلار قارىتال كانكى مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بولغان چىمەن ناھىيىلىك سىدىق نۇر، تاشقۇملۇق غالىب تۇرسۇن، قۇمبۇلاقتىن سادىر ئابدۇللا، قومۇشكۆل ناھىيىسىدىن ناسىر تۇردى، بوستاننىڭ ئۆزىدىن ئەركىن تالىپ قاتارلىقلار

ئىدى. ئۇلار دوپپۇرلىشىپ كېلىشتى-دە، ئىكرامنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ، نەچچە پىرقىرىتىۋەتتى. ئىكرام پەخرۇللاغا ئۇلارنى بىر - بىردىن تونۇشتۇردى. پەخرۇللامۇ قولىنى بېرىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ھال سورىدى.

— ئىكرام، قاراتاللىق ئالمۇرات سېنى ئىزدەپ يۈرەتتى، — دېدى چىمەن ناھىيىلىك نۇر، — كۆرۈشتۈڭما؟

ياق، — ئىكرام ھاياجانلاندى، — نېمە... نېمە گېپى باردۇ؟

— ئۇقمىدۇق، ئالمۇرات قارىتاللىق بىر نەچچە قىز - ئوغۇللارنى باشلاپ مەكتەپ مەيدانىغا چىقىپ كەتكەن.

— ئەمىسە ئاغىنىلەر، — ئىكرام ئالدىراپ تۇراتتى، — سىلەر بىلەن بىردەم تۇرۇپ ئوبدان مۇڭدىشىمەن، بىز ئالمۇراتنى ئىزدەپ باقايلى.

— ئىكرام كېتىپ قالما، جۇما، ھەممىمىز بوستان دەريا بويىدىكى قايماقلىق ئەتكەنچاي ئىچىدىغان خوتۇننىڭ ئۆيىگە بارىمىز.

— بولىدۇ، چوقۇم كېلىمەن.

ئىكرام پەخرۇللانىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ، پۇتبول مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ھەر تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ تۇرۇشى، بۇككىدە ئورمانلىق ئىچىدىن بىر توپ قىز - ئوغۇللار چىقىپ كەلدى، ئۇلار قاراتاللىق ئالمۇرات، نۇرزات، ئاينۇر، ئەختەرنىسالار ئىدى. رىقابەت مەيدانىدا تونۇشقان بۇ دوستلار، ئەمدىلىكتە سەممىي ھەم ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئىكرام پەخرۇللانى تونۇشتۇرۇۋىدى، ئاينۇر ۋە ئەختەرنىسا يەر تېگىدىن قاراپ قىزىرىپ كەتتى.

— مېنىڭ «كانكى ئۇستازىم»دەپ ماختاپ بەرگەن دوستىڭىز شۇكەنده، — دېدى ئاينۇر پەخرۇللانىڭ قامەتلىك ھەم تەمكىن چىرايىغا زەن سېلىپ، — راستلا ماختىغۇچىلىكى باركەن، خېلىلا ئىسكەتلىك بالىكەن.

www.uyghurkitap.com

— دوستلار، دوستلىرىنى ماختاش ئارقىلىق پەخىرلىنىدۇ، دېگەن شۇدە، — ئەختەرنىسامۇ چاقچاققا قوشۇق سالدى، — شۇ چاغدا پەخرۇللانى ماختاش ئارقىلىق ئۆزىڭىزمۇ بىر پەخىرلىنىۋالدىڭىزدە.

— بولدى قىلىڭلار، قىزلار، — ئالمۇرات قولىنى كۆتۈردى، — بىرەر ئادەمنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى بىلىپ ئاندىن ھەزىل قىل دېيىشىدىكەن، قاراڭلار پەخرۇللانىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى.

— بوپتۇ، بىردەم - يېرىمدەم كۈلۈشۈۋالدۇق، — دېدى پەخرۇللا كۈلۈپ تۇرۇپ، — شۇنىڭ ئۆزى غەنىيمەتتە. پەرەز قىلىشىمچە سىز ئاينۇر، بۇياق ئەختەرنىساغۇ دەيمەن.

— ئالماشتۇرۇپ قويدىڭىز، — دېدى ئەختەرنىسا، ئىككىلا قىز تەڭلا كۈلدى، — مەن ئەختەرنىسا، ئۇ قىز ئاينۇر.

قىز - ئوغۇللارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى تۈگىمىگەنىدى، تاقەتسىزلىنىۋاتقان ئىكرام، ئالمۇراتنىڭ يايما قاپاقلىرىغا، سۇزۇنچاق ئاقپىشماق يۈزىگە، قېلىن كالپۇكلۇق ئاغزىغا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. بۇنىڭ بىئاراملىق ھالىتى پەخرۇللانى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. شۇڭا ئۇمۇ «گەپ بولسا تېزراق دېسەڭچۇ» دېگەندەك ئالمۇراتنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— ئىكرام ئاداش، — ئالمۇرات ئېغىر تىنىپ قويدى، — مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك خوشال ئۇچراشقاندا، ساڭا خوش خەۋەر ئەمەس بەلكى شۇم خەۋەر يەتكۈزگىنىمدىن بەكمۇ تەڭلىكتە قېلىۋاتىمەن.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — بىردەمدىلا ئىكرامنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، — قېنى دېگىن.

— بىز ھەممىمىز ئەڭ ياخشى ئىككى دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، — ئالمۇرات سەل تۇرۇۋالدى، — راخمانوف پولكوۋنىڭ ئىلى ھەربىي رايونىغا يۆتكەلمەكچى بوپتۇ، شۇڭا پەزلىيە بىلەن

پەرۋىنە ئۆزىنى تىزىملىتىشقا كەلمىدى.

— ئۇقتۇم، — ئىكرامنىڭ ئاۋازى ئارانلا چىقتى، — ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ خىزمىتى يۆتكىلىدىكەندە.

— شۇنداق، — ئالمۇرات يەر باققىنىچە سۆزلەۋاتاتتى، — پەرۋىنە «ئىكرامنى كۆرسەڭلار سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىمنى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇمايمەن...» دەيدۇ.

— رەھمەت.

ئىكرام كەينىگە قايرىلىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرىغا گويا تۇگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، پەخرۇللا باللارغا «خوش»دەپ قويۇپ، ئۇمۇ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئىكرام ئالدىغا تۇپتوز قارىغىنىچە نىشانسىزلا كېتىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇ ئۆزىگە ياندىشىپ مېڭىۋاتقان پەخرۇللاغىمۇ قارىمىدى. ئەمما، ئۇنى چۈشىنىدىغان بۇ دوستى بېشىنى سالغىنىچە تەپەككۇر ئوي - خىياللىرىغا پاتقانىدى.

بۇ 16 ياشلىق ئۆسمۈرنىڭ يۇمران يۈرىكىگە چۈشكەن مۇھەببەت مۆلدۈرىمىدۇ ياكى بىر - بىرىگە كۆز قىيمىغۇدەك دوستلۇق رىشتىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈش ئازابىمىدۇ؟! ئەلۋەتتە، ئەمدىلا تۇگۈلگەن چىن دوستلۇق غۇنچە - پورەكلىرىنىڭ بىمەھەل خازان بولۇشىمۇ يۈرەكتە ئۆچمەس داغ، ساقايماس جاراھەت قالدۇرىدۇ! دەرۋەقە، ئادەم دېگەن تولىمۇ نازۇك ھەم چىڭ نېمە، تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك ئازاب، زۇلۇم، قايغۇ، ئەلەملەرگە چىدىغان ئىنسان، يۈرەككە تالىق تېرىقتەك ھېسسىيات چىگىشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەي دەز كېتىدۇ.. ئېھتىمال كونىلارنىڭ: «كۆڭۈل شىشىسىدەك نازۇك نەرسە يوق..» دېگىنى شۇ ئوخشايدۇ...

— ئىكرام كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، — دېدى پەخرۇللا ئۇنىڭغا قايرىلىپ، — ئادەمنىڭ ئۆمۈر مەنزىلىدە نېمە ئىشلار





بولمايدۇ دەيسەن.

— ماڭا... ماڭا ھېچنېمە بولمىدى. بىر نۆرى ئېتىقاتىدا ياخشى بولدى، — ئىكرام «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر تىنىدى، — ئارىمىزدىكى بۇ دوستلۇق كېيىنچە قېنىشماس، چاڭقاق «دوستلۇق»قا تەرەققىي قىلىپ كەتسە، تېخىمۇ تەس بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئاسماندىكى ئاي، مەن بولسام يەردىكى پارقىراق قوڭغۇز.

— ئۇنداق دېمە ئىكرام، سەندىكى ئەخلاق - پەزىلەت، ئادىمىيلىك خىسلەت خىلى - خىلى ئادەملەردە تېپىلمايدۇ!— دېدى پەخرۇللا جىددىي تەلەپپۇزدا، — ھەددىدىن ئارتۇق كەمتەرلىك ئۆزىنى خورلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— ئەسلىدە قايدۇ دەرياسىدىكى كانكى مۇسابىقىسىگە بارمىسام بوپتىكەن.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام توغراقلىقا قايتىپ كەلدى. ئوقۇش باشلاشقا يەنە بىر يېرىم ئاي بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ھەر يازدا قىلىدىغان ھۈنىرى قارا كېسەك تۆكۈش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. چىلانلىق مەھەللىسىنىڭ سېغىز توپىلىق دۆڭلۈكلەر بىلەن قاپلانغان تىك يارلىقلىرى قارا كېسەك تۆكۈشكە ئىنتايىن ئەپلىك ئىدى. يامغۇر - يېشىن ئاز، ئاپتاپ پەسلى كۆپ، قارا سۇلىرى ئەلۋەك بولغاچقا، كۆچ - مادارلىق يەتسىلا، كېسەك تۆكۈشتەك ئېغىر ئىشقا بىلىك چىدىسىلا، تۆككەن كېسەكلەرنى ئۆي، ئېغىل، قوتان، ئامبار، پاسىل تام سالىدىغانلار پۇلىنى تۆلەپ ئېلىپ كېتەتتى. ئەلۋەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاماق پۇلىنى دۆلەت، كوممۇنا، مەكتەپ بىرلىشىپ كۆتۈرگەن بىلەنمۇ، دەپتەر، قەلەم، كىتاب، سىياھ ۋە بەدەل پۇللىرىنى ئوقۇغۇچى ئۆزى تۆلەيتتى. ئەگەر پەخرۇللا بىلەن ئىكرام بۇ يېرىم ئاي ۋاقىتنى چىڭ تۇتمىسا، بىر يىللىق مەكتەپ چىقىمىنى تىرىلدۇرۇپ ئالالمايتتى.

# ھايات قىسمىتى (1)

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام كەچ كۈزگۈم بىلەن تەڭ تىك يارلىقلارنى چاناپ، ئازگاللارنى توپا بىلەن تولدۇراتتى. ئاندىن كەتمەن دەستىسىنى توپىغا پاتۇرۇپ، نۇرغۇن «تۇكۇش» سالغاندىن كېيىن سۇ باشلايتتى. ئازگال قىنى تاشقۇدەك سۇ بىلەن تولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتەتتى. ئۇلار ئەتىسى تاڭ سەھەردە كېلىپ، بەزلىشىپ كەتكەن لاي خامىنىغا سۇ سېپىپ، قۇم چېچىپ، كەتمەن، كۈرەكلەردە لاي چىقىراتتى. 800 ياكى 1000 كېسەكلىك لاي تەييارلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا سۇ سېپىپ ھۆل تاغار، ھۆل پالاس، بورىلارنى يېپىپ قويۇپ ئەتىگەنلىك تاماققا ئۆيگە كېلەتتى. ئۇلار تاماق يەپ قايتىپ كەلگىچە لاي سۇ يەپ، راسا قىيامىغا كېلەتتى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ئەتىگەندىن چۈشكىچە، چۈشتىن كۈن پاتارغىچە كېسەك تۆكۈپ، ئاندىن يەنە بىرخاماندىكى تۈنۈگۈنكى ئەكچىگەن كېسەكلەرنى ئۆرىدەپ تىكلەپ، بەللىرىنى ئالالماي قالاتتى.

ئۇلار بىر يېرىم ئاي ئىچىدە ئۈچ قېتىم كېسەك ساتقان بولسىمۇ ئىككى خاماندا تېخى قۇرۇمىغان، ئەمما تىزىلىپ تامغا ئېلىنغان 10 مىڭدىن ئارتۇق كېسەك بار ئىدى. بىراق پەخرۇللا بىلەن ئىكرام تارىمنىڭ تىنماس شاماللىرىدا، قاقىرام ئاپتاپلىرىدا كۆيۈپ، قارىداپ، جۇدەپ، كۆسەيدەك بولۇپ قالغانىدى. تېخى تاپانلىرى يېرىلىپ، كالپۇكلىرىنى گەز باغلاپ، ئالىقانلىرى زاغرا ناندەك قېتىپ، كۆز قارىچۇقلىرىمۇ گوداڭغا چۈشۈپ كەتكەن قارا مارجاندەك پىلدىرلاپلا قالدى. ئۇلار پۇلنى كۆڭلى تىنغۇدەك تېپىپ خۇشاللىقتا چۆمدى. ئەمما ھەلىمىخان ئانىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ كەتكەچكە، پەخرۇللا بوستان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئانىسىنى داۋالىتىشقا ئىشلەتتى. ئۇلار مەكتەپكە مېڭىشقا بىر نەچچە كۈن قالغاندا، ئىككى خاماندىكى 10 مىڭ كېسەككە خېرىدار كېلىپ باھادا كېلىشتى. لېكىن ئىكرام بۇ 10 مىڭ كېسەكنىڭ پۇلىنى





www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

پەخرۇللاغا ئۆتۈنۈۋەتتى. پەخرۇللا «تەك بۆلۈشىمىز» دەپ چىڭ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئىكرام زادىلا ئۇنىمىدى.

— مېنى تولا تەڭلىككە سالما، — ئىكرام كۆزلىرىنى ئالايتىپ ۋارقىرىدى، — نۇرغۇن پۇلۇڭنى ھەلىمىخان ئانامنى داۋالىتىشقا ئىشلەتتىڭ. چوپچوڭ بولغاندا، ئاتا - ئاناڭدىن دەپتەر - قەلەم، كىتاب پۇلى، بەدەل پۇلى دەپ سوراشقا يۈزۈڭ چىدامدۇ؟ شۇڭا، يېنىڭغا سېلىپ قوي.

ئىكرام ھازىر قېرى ئادەملەردەك ئېغىر - بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، تەمكىن، كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ خاماندىكى ئىككى كۆزلۈك قېلىپتا تۆكۈلگەن كېسەكلەرنى قۇرلار بويىچە ساناۋېتىپلا ئادىشىپ كېتەتتى، يەنە قايتىدىن سانايتتىيۇ، ئوتتۇرىغا كەلمەي تۇرۇپ نەچچە دېگەنلىكىنى ھەم قايسى قۇردا توختىغانلىقىنى ئاڭقىرالماي توختاپ قالاتتى. ئاندىن ئۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قانداقتۇر قۇشنىڭ قارىسى يوقالغىچە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالغان پەخرۇللا يوشۇرۇن ھالدا بېشىنى چايقاپ ئېغىر تىناتتى. ئۇ:

— ئىكرام، بولدى سانىما، بۇنىڭ بەشيۈز كېسەك تۆككىلى بولىدىغان خامان ئىكەنلىكىنى بىلىسەنغۇ، — دەپ سەممىي كۈلۈمسىرەپ قوياتتى.

دەرس باشلاشقا ئىككى كۈن قالغاندا، توغراقلىق بالىلاردىن پەخرۇللا، ئىكرام، ئىمىنجان، ئەختەرنىسا، كانىكى مۇسابىقىسىنىڭ فىگۇرا تېپىلىش تۈرىدە چېمپىيونلۇقنى ئالغان دىلەيسەملەرنى مۇزەپپەر ئاكا ناھىيىلىك سودا كوپىراتىپتىن خام مال توشۇغىلى كەلگەن يۈك ماشىنىسىغا سېلىپ قويدى. شىغىللىق تاشيوللاردا جالاقلاپ، نەچچە سائەت ئىرغاڭلاپ ماڭغان ماشىنا بوستان شەھىرىگە يېتىپ كېلىش بىلەنلا شوپۇر بالىلارنى 1- تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. بالىلار مەكتەپنىڭ پاسىل تاملىرىغا قىزىل سىر بىلەن

يېزىلغان «يېزا ئىگىلىكىدە داچەيدىن ئۆگىنەيلى»، «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىپ، پولات مەھسۇلاتىنى ئەنگلىيىدىن ئاشۇرۇپ، ئامېرىكىغا يېتىشۋالايلى»، «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ، سىنىپىي ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرايلى» دېگەندەك نۇرغۇن شوئارلارغا بىردەم قاراپ تۇردى. بولۇپمۇ، چوڭ دەرۋازىنىڭ ئىككى يېنىغا گەجدە قاپارتما قىلىپ چىقىرىلغان: «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش! — لېنىن»، «ياخشى ئۆگىنىپ، كۈنسېرى يۇقىرى ئۆرلەڭلار! — ماۋزېدۇڭ» دېگەن خەتلەر بەكمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. باللار يوك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قول سومكىلىرىنى بىلەكلىرىگە ئۆتكۈزۈپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىشتى. موڭغۇل دەرۋازىۋەن لامجاپ: «ياخشى كەلدىڭمۇ باللار..» دەپ كۈلۈپ قارشى ئالدى. ئاڭغىچە مەيدان تازىلىقىنى قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلاردىن بىر قانچىسى يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ئۇلار يۇلغۇنباغدىن تۇرسۇنتاي، ئاقتاملىق نىياز، قاراتاللىق ئالمۇرات، ئاينۇر، چىمەن ناھىيىلىك سىدىق نۇرلار ئىدى. بۇ باللار قايدۇ دەرياسىدىكى كانكى مۇسابىقىسىدە ۋە 7- ئايدا تىزىملىتىشقا كەلگەندە تونۇشۇپ كەتكەچكە، خۇددى كونا دوستلاردەك سەنلىشىپ، قىزلارنى سىزلىشىپ كۆرۈشۈپ كېتىشتى، ئاندىن يوك - تاقلارنى بىللەن كۆتۈرۈشۇپ مەيدانغا كەلدى. 7- ئايدا كەلگەندە پەخرۇللا بىلەن ئىكرامغا چاقچاق قىلغان غولجىلىق ئىسمەت قادىر مۇئەللىم ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى ھەم ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەتتى.

مەكتەپ ئىچى ھەسەل ھەرىسى ئۇۋىسىدەك شاۋقۇن - سۈرەنگە، شادىمانلىققا چۆمگەن بولۇپ، داغدۇغىلىق تازىلىق پائالىيىتى كېتىپ باراتتى. يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانىيىدىن «سوتسىيالىزم ياخشى» دېگەن ناخشا ياڭرىماقتا ئىدى. بۇنىڭغا تەڭكەش بولۇپ، باللار سىنىپ دېرىزىلىرىنى يۇيۇپ پارقىرىتىپ سۈرتمەكتە... ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن نادىر ئەتىۋارلىق گۈللەر ئارىسىدىكى چىغىر يوللارنى سۈپۈرۈپ، ئەخلەتلەرنى

تۆكۈۋاتقان قىزلار «سوتسىيالىزم ياخشى»غا جور بولۇپ تەڭ ئېتىشىپ ئىشلىمەكتە. سىنىپ ئىچىلىرىدە بولسا پارتا ئورۇندۇق، دوسكا ھەتتا سىرلىق تاملارنى سۈرتۈپ، ئانا مەكتىپىگە ھۆرمەت ـ ئېپتىخارنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى. بۇ خۇشاللىق ۋە جەڭگىۋار ھالەتتىن روھلانغان ئىكراممۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇ توشۇپ، سۈرتكۈچ لاتىلارنى يۇيۇپ، قىزلارغا سۇنۇپ بېرەتتى، تېخى ئۈستەل ئۈستىگە ئورۇندۇقلارنى قويۇپ، دېرىزە يۇيۇۋاتقان قىزلارغا قاراپ: «ھە، ھە، قولىڭىز تۇرغان يەر، يا، ياق، سەل پەسرەك، ھەببەللى...» دەپ ئەينەكتىكى داغلارنى كۆرسىتىپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق خۇشال كەيپىياتىدىن مەمنۇن بولغان پەخرۇللا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقايتتى.

ئوقۇغۇچىلار گەرچە تولۇق يىغىلىپ بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار تۈنجى قېتىم ئانا مەكتىپىنىڭ كەچلىك تامىقىغا ئېغىز تەگدى. ئىككى ئوقۇغۇچىغا بىر تەخسىدىن ياڭيۇ قورۇمىسى، ئاق نان ۋە قىزىق چاي بىلەن ئۇزۇقلانغان باللار تولۇپ تاشقان بىر روھ بىلەن مەكتەپ قورۇسىغا چېچىلىپ كەتتى. ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولسىمۇ، كۈن يەنىلا ئۇزاق بولغاچقا، شىپىشىدەك سۈزۈك كۆك ئاسماندا قۇياش ئۆتكۈر نۇرىنى سەپمەكتە ئىدى. ئوغۇللار پۇتبول مەيدانىدا توپ تەپسە، قىزلار ۋالىبول ئوينىشاتتى. ۋاسكېتبولغا قىزىقىدىغانلار ئىككى گار ئوتتۇرىسىدا قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرمەكتە ئىدى. بەزى قىز ـ ئوغۇللار ئېسىلىدىغان، سەكرەيدىغان، ئۇچىدىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئوينايتتى. بەزى سىرداش، مۇڭداش ھەم چىقىش دوستلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ئورمان، گۈللۈكلەر، كۆچەتزارلىقلار ئارىسىدىكى شادا ئورۇندۇقلاردا، چىملىقلاردا، چىنارلارنىڭ سايىلىرىدە ئولتۇرۇشۇپ، قانداقتۇر تېمىلاردا سۆزلەشمەكتە ئىدى.

چوغدەك ئېچىلىپ كەتكەن ئوروس گۈللىرى، گاۋزىبان،

بىدەشكەك دورا گۈللىرى، تاجخوراز، قامچىگۈل، تۆگە قۇيرۇقى، قىزىل ھەم سېرىق سەبدە گۈللىرى، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك مودەن گۈللەر، مەخمەلدەك تاۋلانغان قىزىل گۈللەر ھەتتاكى ئەڭ ياۋاش ۋە نازۇك پىلپىل، سىماب گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ ئەتراپىدا، يول قىرلىرىدا ياش ـ ياش مەجنۇنتاللار ئەۋرىشىم سۇمبۇللىرىنى لەرزان يەلپۈپ، ئاستىدىكى شادا ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان بىر توپ قىز ـ ئوغۇللارغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئوغۇللار بوم، قىزلارنىڭ زىل ئاۋازىدا:

— قېنى بولۇڭە، يەنە بىر قېتىم چېلىپ بېرىڭ، — دەپ چۇرقىرىشاتتى.

— ۋاي ۋۇي بولساڭچۇ، ئەجەب ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ.

باللار ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان پەخرۇللا ئېغىز گارمونىنى باشقىچە ئاڭلىمىغان مۇڭلۇق بىر ئاھاڭغا چېلىۋەتتى. ھەرقايسى ناھىيە ۋە بوستاندىن كەلگەن تۇرسۇنتاي، نىياز، ئالمۇرات، نۇرزات، ئاينۇر، سىدىق نۇر، غالىب تۇرسۇن، سادىر ئابدۇللا، ناسىر تۇردى، ئىمىنجان، دىلەيسەم، خانئاي ۋە ئىكراملار شۇنچىلىك سوكۇت ئىچىدە ئاڭلىماقتا ئىدىكى، بۇ ئەسنادا گۈللۈكلەر ئوتتۇرسىدىكى يولدىن ياتاققا كېتىۋاتقان ئىككى قىز قوللىرىدىكى يۈك تاق، سومكىلىرىنى قويۇپ مۇزىكا ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى.

— ۋاي خۇدايىم، «بېرىك مارسكوي»[1] غا چېلىۋاتىدۇ — دېدى ئېگىز، سىن ـ سىياقى قاملاشقان قىز، — جۇرگىنە يېقىنىراق بېرىپ باقايلى.

— مېنىڭ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — غۇنچە بوي، ۋىجىكرەك قىز خورسىندى، — ئاپام بۇ ناخشىنى «بايان»[2] دا بەك مۇڭلۇق

① «بېرىك مارسكوي» — پاراخوت نامى، ۋەتەن ئۇرۇشىدا پارتىزانلار بىلەن بىللىلا دېڭىزغا غەرق بولغان.

② بايان — گارمونىنىڭ بىر تۈرى.

چالاتتى.

ئىككى قىز يۈك ـ تاق، سومكىلىرىنى جايىدا قويۇپ، ئۆزلىرى توپنىڭ ئارقىسىغا كەلدى، دوستىدىن پەخىرلەنگەن ئىكرام ئالىقانلىرىدا ئېڭەك تىرەپ، خىشلىق يولدىلا پەخرۇللاغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئېغىز گارمونىدىن كېلىۋاتقان مۇڭ يېنىك كۆچىنىشلەر بىلەن يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى ھېلىقى ئېگىزگىنە، سۇمباتلىق قىز ئىچىدە غىڭشىپ ناخشىسىنى ئېيتماقتا ئىدى. مۇزىكا ئاخىرلىششى بىلەن ھەممەيلەن بىر نەچچە دەقىقە جىمجىت سۈكۈتتە تۇرۇپ قالدى ـ دە، بىردىنلا قاراسلىتىپ چاۋاك چېلىنىۋەتتى.

— كەچۈرۈڭ ساۋاقداش، — دېدى سۇمباتلىق قىز توپنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ، — گارموشكىنى بەك چىرايلىق چالىدىكەنسىز، ھازىر چالغان ئاھاڭنىڭ ناخشىسىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەن، مۇئەللىم ئابلەت تاھىر ئۆگىتىپ قويغان.

توپتىكى ھەممە قىز ـ ئوغۇللار ئىنتايىن چىرايلىق ھەم مەدەنىي كىيىملەرنى كىيگەن بۇ ئىككى قىزغا قىزىقسىنىپ قاراشتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىدىن چىققان ئېسىلزادە خېنىملار ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىشتى. بۇ چاغدا ئىكرام يەردە ئولتۇرغىنىچە، بىر يۇرتلۇق ساۋاقدىشى دىلەيسەم بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— تونۇشۇپ قويايلى، مەنمۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، — قىز قولىنى سۇندى، — ئىسمىم پەزلىيە!

— پەخرۇللا، — قىزنىڭ ھۆسنى لاتاپىتى، سالاپىتى ـ سۈپىتىدىن ھېيىققان پەخرۇللا سەل دېدىققاندەك بولدى، بۇ ئەسنادا تونۇشلا ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەن ئىكرام قايرىلىپ قارىدىيۇ چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمىگەندى.

— پەزلىيە!..

— سىز... سىز ئىكرامغۇ؟

ئىكرام شارتلا قايرىلىپ تونىنىڭ ئارقىسىدا ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان پەرۋىنەنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرۇشى، پەزلىيە بىلەن پەرۋىنەنى تونۇيدىغان قىز - ئوغۇللار دەرھال ئۇلارنى ئورىۋالدى.

— پەزلىيە، پەرۋىنە، — دېدى دىلەيسەم ھەيرانلىق ئىلكىدە، — سىلەرنى ئىلىغا يۆتكىلىپ كېتىدىكەن دەپ ئاڭلىغانتۇق.

— راست، — ئالمۇراتمۇ ھەيران بولۇپ سورىدى، — ئۆزىڭىز شۇنداق دېگەنتىڭىزغۇ.

— ئەسلىدە سىلىگىيۇەن تېلېفوندا دادامنىڭ ئىلىغا يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى، — پەزلىيە تەمكىن ھالدا چۈشەندۈردى، — لېكىن ئاخىرقى ئۇقتۇرۇشتا بوستان ۋىلايىتى شۆبە ھەربىي رايونىغا يۆتكىلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى.

— پەرۋىنە، بۇ... بۇ.. ئەجەب ياخشى ئىش بوپتۇ - ھە!— ئىكرام پەرۋىنەنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — شۇڭا، بۇگۈن كەپسىلەردە؟

— شۇنداق ئىكرام، — پەرۋىنە كۈلۈپ تۇرۇپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، — تېخى ھازىرلا ھەدەم سىفەن سىنىپىغا، مەن تولۇق ئوتتۇرىغا تىزىملاتتۇق.

— مەنمۇ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا تىزىملاتتىم، — ئىكرامنىڭ كۆزلىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى، — لېكىن پەخرۇللا سىفەن سىنىپتا ئوقۇيدىغان بولدى.

ئوغۇل باللار بۇ ئىككى قىزنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتە - كۆتە قىلىپ، قىزلارنىڭ ياتىقىغا ئېلىپ كېتىشتى. ئىكرام پەرۋىنەنىڭ يۈك - تاقىنى يۇدۇپ، تاختاي سۇپىغا قويۇپ، ھەدە - سىڭىلنى بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

— ھازىرچە ياتقاچ تۇرۇڭلار، — دېدى ئىكرام يۈك - تاقىنىڭ ئارغامچىسىنى يېشىۋېتىپ، — سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ بولغاندىن كېيىن، ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇش باشقىدىن بولىدۇ.

پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە ئورۇنلىشىپ بولغان ھامان بالىلار: «ئەمسە ئارام ئېلىڭلار» دېيىشىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەخرۇللا يوق ئىدى. لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بىرخىرەلىك، پەزلىيەنىڭ كۆڭلىگە سايە سېلىپ ئۆتتى. بۇ تەمكىنلىكمۇ ياكى خورىكى ئۈستۈنلۈكمۇ؟ دېگەن ئوي كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ تونۇشلۇق بەرگىنىدىن خورلۇق ھېس قىلدى. بۇ خورلۇق پۇشايمان - ئۆكۈنۈشنى سۆرەپ كەلدى. شۇڭا، ئۇ پەرۋىنەنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان ئىككىرامغا يەر ئاستىدىن ئالىيىپ قويىدى. رەسىدىلىك بوسۇغىسىغا قەدەم ئالغان قىزلارنىڭ تاۋى نازۇك، خورىكى ئۈستۈن بولىدۇ، ئۇلار قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىكى ئەقەللىي مۇناسىۋەتلەرگىمۇ بەك چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزىدۇ. كۆز قىرىغا ئېلىپ قويغان ئادەمنىڭ كىملەرگە كۆپرەك قاراپ سۆزلەشلىرى، كۈلۈشلىرى، كۆز، ئېغىز، قول ھەرىكەتلەرنىڭ يۆنىلىشى، ھەتتاكى سۆز ئورانىدىكى يوشۇرۇن مەنىلىرىگىچە نەزەر - گۈزىرىدىن چەتتە قالمايدۇ. بولۇپمۇ، پەزلىيەدەك يۇقىرى تەبىقە قىزلىرى تېخىمۇ شۇنداق! ئۇلار ئۆزلىرىگە تەمەننا قويۇشتا شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەرقانداق يىگىت ئۆزىنىڭ ئاياغلىرىدا ئۆمىلىشى، چوكۇلداپ يېلىنىشى، جېنىنى قۇربان قىلىشى، يۆتەلسە يۆتىلىشى، كۈلسە كۈلۈشى، ھەتتا چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ئاستىدىن ئېتەمدۇ ياكى ئۈستىدىنمۇ، بۇنىمۇ دورىشى كېرەك. ئەلۋەتتە، ھاياتتا، رېئاللىقتا بۇنداق ئاستىن - ئۈستۈن پەرق قىز - يىگىتلەر ئارىسىدا بولىدىكەن، ئۇ مۇھەببەتنىڭ راۋاللىققا يۈز تۇتۇشىدۇر. دوستلۇق ھەم مۇھەببەت باراۋەرلىك، سەمىمىيلىك ۋە ئۆزئارا ۋاپادارلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزگىسى ساختىلىقتۇر. پەزلىيە نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن بالىلار ئارىسىدا پەخرۇللانىڭ بولماسلىقىنى ھار ئالدى. ھار ئالدىلا ئەمەس بەلكى ئۆزىدەك بىر

نازىنىنغا ئېگىلمىگەنلىكىگە گەجگىسى قورۇدى. شۇ نەرسە ئەستە بولسۇنكى، دۇنيادا ئاجايىپ ئادەملەر بار، ئۇلار كۆزلەرنى ئەما قىلغۇدەك نۇر - زىيا ئىچىدە ياشايدۇ، بىلىم، كەسىپ، هۇنەر، كەشپىيات، ئېتىقادنى مەڭگۈلۈك ئاشنا تۇتقانلار كۆڭۈلگە تالىق ئىشق - سەۋدالىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدۇ. گۈزەللەرنى شەيتان، هەتتا دۈشمەن دەپ بىلىدىغانلارمۇ بار. چۈنكى ئۇلار پانىيغا ئەمەس، باقىيغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەنلەردۇر.

— سىلەرنى، — دېدى ئىكرام ئىشلىرىنى بىر قۇر تۈگىتىپ، — مەكتەپ ئىچىنى ئايلاندۇرۇپ كۆرسىتىپ كېلەيمۇ؟

— بولدى، مەن هېرىپ قاپتىمەن، ئارام ئالاي، — پەرلىيەنىڭ ئىمىگىدۇر خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى، — سىلەر چىقىپ ئايلىنىپ كېلىڭلار.

— ئەمىسە، بىز چىقىپ كەتتۇق، — پەرۋىنە هەدىسىگە لەپپىدە قاراپ قويدى — ئانا مەكتىپىمىزنى بىر كۆرۈپ باقايلى.

ئىكرام بىلەن پەرۋىنە چىقىپ كەتتى. يوتقان - كۆرپىسىگە يۆلىنىپ، ئاستىدىكى ئەدىيالدا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇرغان پەرلىيەنىڭ كۆز ئالدىدا ئېگىز، كۆكرەكلىرى كەڭ، گەۋدىلىك، قىزىل يۈز، كۆزلىرى مۆلايىم، تۇرقىدىن كەم سۆزلۈكى بىلىنىپ تۇرغان بىر سىيما دەممۇ دەم پەيدا بولاتتى. ئۆزى قامەتلىك، سۈيكى چىرايلىك بۇ بالا كۆز ئالدىدىن كەتمىگەنسېرى پەرلىيەنىڭ جۇدۇنى ئۆرلەپ، ئۆزىنى باسالماي قېلىۋاتاتتى. تارىم توغراقلىقىدىن كەلگەن نەدىكى بىر سەهرالىق ئۆزىگە قىر كۆرسىتىۋاتقىنىنى قارا! تووۋا، مۇشۇنداق تۈم تۈۋاقىمۇ: «تونۇشۇپ قالايلى، مەنمۇ مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى، ئىسمىم پەرلىيە» دەپ ئۆزىنى پەسلەشتۇرگىنىنى كۆرمەمدىغان.. پەرلىيە بىر تاغار گەپ قىلسا، ئۇ «پەخرۇللا..» دەپ قويۇپ گۆشىيىپ تۇردا، گومۇش... ئىززىتىنى بىلمىگەن

ھېسسىياتسىز مەخلۇق! ھەممە باللار بەس ـ بەستە تالىشىپ، بۆلۈشۈپ نەرسە ـ كېرەكلىرىمنى كۆتۈرۈۋاتسا، ئۇ بىر يېرىنىڭ قىسىلچىقىغىمۇ ئالماي تۇرغىنىنى دەيمۇ. چوقۇم «پولكوۋنىكنىڭ قىزى بولساڭ ئۆزۈڭگە، ماڭا نېمىستىڭ» دېگىنى بولماي نېمە! ئىست، ئىست، نېمىشقىمۇ ئالدىراپلا تونۇشلۇق بەرگەندىمەن. ئاشۇ لەنىتى «بېرىك مارسكوي» بولمامدۇ. پەرۋىنە دېگەن جاۋىلداق قۇشقاچمۇ: «مېنىڭ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئاپام بۇ ناخشىنى باياندا بەك مۇڭلۇق چالاتتى»دەپ مېنىمۇ قارا باستۇرغىنىنى دېمەمدىغان ... خەپ توختاپتۇر پەخرۇللا دېگەن چالما، ئىككىنچى يۈزۈڭگە قارايدىغان بولسام پەزلىيە دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتەرمەنا! تېخى قىشتا توغراقلىق باللار «كانكىنىڭ پىرى، بىز ھەممىمىز شۇنىڭدىن ئۆگەنگەن ... چالمايدىغان سازى يوق، ئالامەت قابىلىيەتلىك بالا» دەپ داملىسا، مەن سارائىمۇ غايىۋانە ھۆرمەت قىلىپ يۈرۈپتىمەن. ئۇنىڭ بار ـ يوق دەسمايىسى «قامەتلىك» گەۋدىسىكەنغۇ شۇ... ئۇنداق گەۋدە تۆگىدىمۇ بار.

ئۆزىدىن ئۆزى تېرىكىپ، كىملەرنىدۇر ئەيىبلەپ، تىللاپ ئولتۇرغان پەزلىيە ئاخىر ھاردىمۇ نېمە جىمىپ قالدى، جىمىپ قېلىشى يەنە ھېلىقى سەھرالىق چالما، گومۇش، ھېسسىياتسىز مەخلۇق تۆگە... كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئۇ ئاچچىقىدا ماموق ياستۇقنى قۇلاق، كۆزلىرىگە باستۇرۇپ ياتتى. پەزلىيە ئەنە شۇنداق تېرىكىپ تۇرغان بۇ پەيتتە ئىكرام بىلەن پەرۋىنە مەكتەپنىڭ ئورمانلىقىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئېرىق قىرلىرىدا يانمۇ يان ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئېگىز خىش تامنىڭ ئۇ تەرىپى چوڭ يول بولغاچقا، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىشى، قوي ـ ئۆچكىلەرنىڭ مەرىشى، مايسىراپ كەتكەن ھارۋىلارنىڭ سوزۇپ غىچىلدىشى، ئەدناسى ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىنى تىللاپ مېڭىشلىرىغىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پەرۋىنە قىشتىن بۇيان، ئائىلىسىدە بولغان پاجىئە ۋە ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ، يۇم ـ يۇم ياش تۆكمەكتە ئىدى. كانكى مۇسابىقىسىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەر يانۋارنىڭ ئاخىرىدا قايتقاندىن كېيىن، پەرۋىنەنىڭ ئاپىسى فېدۇتىيە 2ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنى ئۈرۈمچىدىكى ھەربىي دوختۇرخانىدا قازا قىلغانىدى. جاھان ئاپئاق، ھال رەڭ، سېرىق چېچەكلەرگە پۈركىنىپ، يېشىل لىباسنى كىيگەن راسا ماي ئايلىرىدا شۆبە ھەربىي رايونى رەھبەرلىكى قاراتال ناھىيىسىدە قوراللىق بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقان پولكوۋنىك راخمانوفقا زەينۇرە ئىسىملىك ئايالنى توي قىلىپ ئېلىپ بەردى. دېمىسىمۇ راخمانوف مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان قىزلىرى بىلەن تۇرمۇشتا قىيىنىلىپ قالغانىدى.

ـــ ھازىرقى ئاپىڭىز زەينۇرە، ـــ ئىكرام ئەيمىنىپكىنە سورىدى، ـــ ئۆگەيلىك قىلمايدىغاندۇ؟

ـــ زەينۇرە ھەدەم بەك ياخشى، ئۆگەيلىك قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەدەم ئىككىمىزنى ئۆز بالىسىدىنمۇ چارە كۆرىدۇ. ھازىر، ـــ پەرۋىنە قىزىرىپ يەرگە قارىدى، ـــ ئۇ ئېغىر ئاياغ، تۆت ئايلىق بولغان چېغى.

ـــ پەرۋىنە، بىر ئىشنى سورىسام خاپا بولامسىز؟

ـــ سوراۋېرىڭ، قىشتىمۇ سىزگە غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان گەپ بولمىسىلا، ھەرگىز خاپا بولمايمەن، دېمىگەنمىدىم.

ـــ سىزنىڭ ئاپىڭىز قانداق بولۇپ رۇس بولۇپ قالغان؟

ـــ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا مېنىڭ ئاپام دەسلەپتە سېستىرا، كېيىن رادىست بوپتىكەن، ـــ پەرۋىنەنىڭ كۆزلىرىدىن پەخىرلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، ـــ ئۇ چاغدا دادام ئىززۇۋوت كوماندىرى ئىكەنتۇق، ئۇ ئىككىسى يوشۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈپتۇ. كېيىن ئاپام قوماندانلىق شتابىغا كىرىپ: «مەن راخمانوفنى ياخشى كۆرىمەن ھەم توي قىلىشنى خالايمەن» دەپ ئېيتىپتۇ.

— پاھ، ئەجەپ جۈرئەتلىك ئايالكەن.

— ئاپام پىئانىنو، گارمون چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى بىلەتتى. تېخى كانكى تېپىلىشقا تېخىمۇ ئۇستا ئىدى.

— ئاپىڭىزنىڭ ئاتا - ئانىسى يوقمۇ؟

— غۇلجىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاپامنىڭ بىر قىز، ئىككى ئوغۇل ئىنى - سىڭىللىرىنى ئېلىپ سوۋېتكە ئۆتۈپ كېتىپتىكەن. ھازىرغىچە خەۋىرى يوق، — پەرۋىنە بىردەم جىمىپ قالدى، — ئىكرام، بىز غۇلجىدا تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولدۇق، شۇڭلا «ئاپا، ھەدە» دېيىشىمىز، سىزگە غەلىتە ئاڭلىنامدۇ؟

— ياقەي، ئۇ سۆزلەردىن شىمالنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىكەن.

ئىكرامۇ ئانىسى گۆھەرخان، ئاچىسى مەختۇمنىسا توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى ھەم ئالتە ياش چاغلىرىدا دادىسى روزىنىڭ قانداق پاجىئە بىلەن ئۆلگەنلىكىنىمۇ دېدى. ئاندىن كىچىكىدىن تارتىپ، پەخرۇللانىڭ دادىسى مۆزەپپەر ئائىلىسىگە قانات يېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

— مەن پەخرۇللا بىلەن، — ئىكرام ئېسەدەيتتى، — بىر يوتقاندا يېتىپ چوڭ بولدۇم دېسەممۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقىمىز گۆدەك چېغىمىزدىن تارتىپلا باشلانغان.

— ئىكرام، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى، ئەمدى كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى پەرۋىنە قولياغلىقىنى ئۆزىتىپ، — بىلەمسىز، مەن سىز بىلەن ئەمدى كۆرۈشەلمەيدىغان بولدۇم دەپ شۇنچىلىك ئۈمىدسىزلەندىم. شۇڭا، خەتمۇ يازغاندىم.

— خەت؟ — ئىكرام ھەيران بولۇپ قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — نېمە خەت ئۇ، مەن خەت تاپشۇرۇۋالمىدىمغۇ؟

— ئۇ خەتنى مەن ئاينۇر ياكى ئەختەرنىساغا بېرەي

دېگەنىدىم. لېكىن ئۇلارغا ئىشىنەلمىدىم. قىزلارغا بۇنداق ئىشلار تېپىلمىغۇسىزلا، بىرگە ئوتنى قوشۇپ غەيۋەت - شىكايەت قىلىشقا ئامراق.

— خەت يېزىپتىكەنسىزدە، — ئىكرام تېگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، — ئۇ خەتتە نېمىلەرنى دېگەنتىڭىز؟

— مانا ئۇ خەت، — پەرۋىنە تۇمارچە قىلىپ قاتلانغان خەتنى بەردى، — لېكىن، كېيىن ئوقۇڭ بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ھازىر گۇگۇم چۈشۈپ قالدى. ئەتە مەشەگە كېلىپ ئوقۇيمەن، — قايتىشقا تەرەددۇتلەنگەن ئىكرامنىڭ كۆڭلىگە تۇيۇقسىزلا بىر ئىش كېلىپ قالدى، — ھە، راست پەرۋىنە، دادىڭىزنىڭ خىزمىتى ئەمدى يۆتكەلمەس.

— يىللاندىن قورقۇپ كەتكەن ئادەم، ئارغامچىدىنمۇ قورققاندەك گەپ قىلدىڭىزدە، — پەرۋىنە كۈلۈۋەتتى، — دادام ئەسلى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەربىيىلەش بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى. بوستانغا ئەمدى كەلدۇق. دادامنى ھەربىي تۈزۈم بويىچە قانداق خىزمەتكە بەلگىلىسە شۇنى ئىشلەيدۇ.

— بوستانغا يۆتكىلىپ كەلگىنىڭلاردىن ئائىلەڭلار خۇشمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسىز، خۇشاللىقىمىز ئالەمچە بار، لېكىن...

پەرۋىنەنىڭ ئوماق چېھرى بىردىنلا خىرەلىشىپ، كۆزىنىڭ ئەتراپلىرى قىزاردى. ئىكرام سوئال سورىغىنىغىمۇ پۇشايمان قىلىپ يەرگە قارىدى.

— كەچۈرۈڭ، سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى سوراپ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلدىم.

— ياق ئىكرام، ھېچقىسى يوق، — ئۇلار ياتاققا قايتىشتى، — شۇنچە چىرايلىق بىر يۇرۇش كۆركەم ئۆيلەر، گۈللۈك، نەشپۈتلۈك ھويلىلار، بەدەن چېنىقتۇرۇش ئەسلىھەلىرى قاتارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئازادە مۇھىت، يۇقىرى تەمىناتلىق ھەربىي ئائىلە. ئويلاپ كۆرۈڭ كىممۇ شادلانمىسۇن. بىراق،

پەزلىيە ھەددەم ئىككىمىز سىرتقا چىقىپ، بىر ـ بىرىمىزنى قۇچاقلاپ قانغۇچە يىغلاشتۇق.

ـــ ھىم.. مۇنداق دەڭ.. ئاپاڭلارنى ئەسلەپسىلەردە!

ـــ توغرا پەرەز قىلدىڭىز... ئاپام ئائىلىنىڭ جاپاسىنى بولدى دېگۈچە تارتقاندى. راھەت كۆرىدىغان چاغدا، راھەتنى باشقا ئايالغا ئۆتۈنۈپ بېرىپ كېتىپ قالدى. بۇنى ئويلىساق يۈرىكىمىز پارە ـ پارە بولۇپ كەتمەمدۇ. ئويلىماپتىكەنمىز، ئاپام ئوتتۇز ئالتە يېشىدا بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ھەرقايسى ناھىيىلەردىن ۋە بوستان ئۆزىدىن يىغىلغان باللار ئۈچ قېتىملىق پۈشتەك چېلىنىشى بىلەن مەكتەپ مەيدانىغا توپلاندى. ھەربىر توپ باللار ئۆز ناھىيىسى بويىچە تىزىلىپ، تەقدىر ـ ئىقباللىرىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بۇ يىغىلغانلار «A ۋە B» سىفەن سىنىپلىرىغا ئايرىلىدىغان باللار بولۇپ، تولۇق سىنىپ بىر بولغاچقا، ئۇلارنى ئايرىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئىكرام، پەرۋىنە، خانئاي، نۇرزات، تۇرسۇنتاي، غالىب، تۇرسۇن... قاتارلىق بىر تۈركۈم باللار توپقا يېقىن كەلمەي، مەيداندا ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناۋاتاتتى. ئەمما مەيدانغا يىغىلغانلارنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك ئىدى. چۈنكى ھەركىم ئۆز يۇرتلۇقلىرى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىك قولىدىكى جەدۋەلگە قاراپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. ئىسمى ئاتالغانلار ئالدىغا ئۈچ قەدەم چىقاتتى.

ـــ سىفەن A سىنىپىغا بۆلۈنگەن باللار پەخرۇللا مۇزەپپەر، ناسىر توختى، ئەركىن تالىپ، تۇنىساگۈل سەپەر، ئايىم توختى، نىياز ئىمىن...

ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىك يەنە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن بىرمۇنچە ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىغانىدى،

ئۇلار ئالدىغا ئۈچ قەدەم چىقىپ، ئىنتىزام بويىچە تىك تۇردى. سىفەن A سىنىپىنىڭ سىنىپ مۇدىرى ئابباس ئەخمەت ئۇلارنى تىزىلدۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. مەيداندا قېپقالغان پەزىلىيە، ئاينۇر، ئەختەرنىسا، ئالمۇرات، ئىمىنجان، دىلەيسەم، سىدىق نۇر، سادىر ئابدۇللا قاتارلىق بىر توپ بالىلار سىفەن B سىنىپقا تەئەللۇق ئىدى. بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى غولجىلىق ئىسمەت قادىر قىزىقچىلىق قىلىپ:

— قېنى مېنىڭ بايراقلىرىم، ئارقامدىن مېڭىڭلار، — دېگىنىچە سىنىپقا ئەكىرىپ كەتتى.

پەزىلىيەنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانى ئەمەلگە ئېشىپ، B سىنىپقا تەقسىم قىلىندى. بۇ سىنىپتا قاراتاللىق ساۋاقداشلىرى خېلىلا كۆپ ئىدى. بىراق قېرىشقاندەك، بەزى سىنىپ مۇدىرلىرى قولىدىكى ئانكېتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ: «ماڭا ئەلاچىدىن بەش بالا تەقسىم قىلىنىپتۇ، يەنە بىر سىنىپقا سەككىز كەن...»، «مېنىڭ سىنىپىمدا ئوتتۇرا كۆچكەنلەر كۆپكەن..» دېگەندەك ئۆكتە قوپقانلىقى ئۈچۈن، A ۋە B سىنىپلارنىڭ بالىلىرىنى قايتا تەڭشەشتە پەزىلىيە B سىنىپتىن A سىنىپقا ئۈچ قېتىم يۆتكىلىپ، يەنە ئۈچ قېتىم B سىنىپقا قايتىپ كىردى. ئۇ A سىفەن سىنىپقا ئۈچ قېتىم كىرگەندە دەسلەپتە كۆرگىنى ئېگىز ھەم قاۋۇل، قاغا پېيىدەك قارا قاشلىرى قوشۇمىسىغا يىغىلىپ، تەمكىن ۋە سالماق روھىي ھالىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان پەخرۇللا بولدى. پەزىلىيە بىرىنچى قېتىمدا كىرگىنىدە ئۇ بىلەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، تەزىم بەجا كەلتۈرگەندەك بېشىنى سەللە ئەگكەنىدى. بىراق پەزىلىيە قايىقىنى تۇرۇپ نەگىدۇر قارىۋالدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىمدا كىرگىنىدە پەخرۇللا بېشىنى كۆتۈرۈش ئەمەس، ئەدناسى قىمىرلاپمۇ قويماي ئالدىدىكى ماتېرىيالغا تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ ئىش قىزغا يەنە تىك كەلدى. توۋا، ئەجەب بىر بەزدەك بالىكىنا...سىنىپىدىكى شۇنچە بالىلار

دۇررىدە باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى. ئوغۇللار ھەۋەس بىلەن تىكىلسە، قىزلار ھەسەت قىلىپ قاراشتى. كىملەردۇر قىزىقسىنىپ كۇسۇرلاشتى. ھەتتا تامىقىنى چاكىلداتتى. لېكىن ئۇ... ئۇ... بۇ سىنىپقا ھۆسنى گۈزەل، ئېسىل بىر قىز كىردىمۇ ياكى پەلەپتىش، ئېلىشما ساراڭدىن بىرى ئېزىپ ـ تېزىپ كىرىپ قالدىمۇ، نەزىرىنىمۇ سالمايدا... بۇنداق جىمجىت سىنىپقا بىرەر چىۋىن غىڭشىپ كىرىپ كەلسىمۇ قارايدىغۇ كىشى... ۋۆي بېشىڭنى يەيدىغان، ئىززىتىنى بىلمىگەن سەھرالىق داڭگال...

تۈنۈگۈندىن بېرى پەزىلىيەنىڭ پىكىر ـ خىيالى پەخرۇللا بىلەن قالغانىدى، ئاخشام ياتاقتىكى تاختايلىق سۆكىدە 22 قىز شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدىمۇ، ئۇ يەنىلا تارىمدىن كەلگەن توغراقلىق بالا بىلەن خىيالەن ئۇرۇشۇپ چىقتى. ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ، يېنىدىكى ئاينۇرنىمۇ ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئۇيقۇلۇق گۇڭۇراپ:

— پەزىلىيە، ئادەمنىڭ ئورنى ئۆزگەرسە، ئۇخلىيالمايدىغان ئىش بار. شۇڭا، قايتا ـ قايتا يۈزگىچە سانا، — دەپلا ياستۇققا بېشىنى قويدىيۇ ئۇخلاپ كەتتى. پەزىلىيەنىڭ بىرەر كىمدىن كۆڭلى قالسا ياكى بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسىلا، سىڭلىسى پەرۋىنە بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئادىتى بار ئىدى. لېكىن ئۇ ياتاقلارنى قايتىدىن بېكىتكەندە، تولۇق سىنىپلار ياتىقىغا يۆتكىلىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ تۇرقىدا كەچلىك تاماقتىن كېيىنكى دەم ئېلىش ۋاقتى، تۈنۈگۈنمۇ مۇشۇ چاغدا ئىكرام بىلەن چىقىپ كېتىپ، گۇگۇم بىلەن پەيدا بولدى. مانا ھازىرمۇ يوق ئۇ شورتۇمشۇق! تاينىلىق بىرەر پىنھاندا ھېلىقى قارا قومچاق، ئەگرى كىرپىك ئىكرامنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرىدىغاندۇ! باللارنىڭ گەپ تېپىشىدىن قورقمامدىغاندۇ! پەرۋىنەغۇ بىر ئۆششۇق، ئەمدى توغراقلىق قارا كۆسەيمۇ تازا تېتىقسىز، لاۋزا

بىر نېمە ئوخشىمامدۇ!

پەزلىيە ئىكرامنى غايىۋانىسىغا تىللاپ، ئۆزىنى ئۆزى بەزلەۋاتقان مۇشۇ چاغدا، ئىكرام مەكتەپ ئورمانلىقىغا كىرىپ، تونۇگۇنكى قىر ئۈستىدە قولىدىكى خەتكە قاراپ يالغۇزدىن ـ يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ گەرچە تۈنۈگۈن كەچ پەرۋىنەگە «ئەتە ئوقۇيمەن» دەپ ئەھدە قىلغان بولسىمۇ، « خەتتە نېمىلەر دېيىلگەندۇ؟» دېگەن بىر شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ ئولتۇرغىلى قويمىدى. ئاخىر تاقەتسىزلىنىپ كەتكەن ئىكرام ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەتخانىسىغا كىرىپ، چىۋىن پوقى بولۇپ كەتكەن چىراغ تۈۋىدە ئالدىراپ ـ تېنەپلا بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار كىرىپ قالسا، ھەرخىل گۇمانلارنى قىلىشى ھەتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئىنكاس قىلىشىمۇ تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندىن باشلاپ كەچكىچە ئىككى قېتىم چالا ـ پۇچۇق ئوقۇيالىدى. مانا ھازىرلا ئارامخۇدا ئوقۇپ، خەتنىڭ مېغىزىنى چاققان ئىكرام خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ پات ـ پاتلا خەتكە قاراپ قوياتتى. ئۇنى دەھشەتلىك ئىزتىراپقا سېلىپ قىيىنىغان خەت، مۇز بىلەن قاپلانغان قايدۇ دەرياسىنىڭ بىر ئايدىڭ كېچىسى ئۆزى توغرۇلۇق دەپ بەرگەن «تۆت ئۇنىۋان» بىلەن باشلانغانىدى:

«‹قوپال جىسىم›، ‹توڭكاي›، ‹يۈزىدە تۈكى بار›، ‹تىكەنلىك كىرپە› ئۇبدان تۇردىڭىزمۇ؟ سىز بىلەن خوشلاشقىلى مانا بۈگۈن بەش ئاي، ئون سەككىز كۈن بوپتۇ، ئويلاپ باقسام ھازىرغىچە سىزدەك دوستۇم ياكى ساۋاقدىشىم بولماپتۇ. راست مېنىڭ ئەتراپىمدا نۇرغۇنلىغان دوست، ساۋاقداشلىرىم بار. ئۇلارنىڭ كۆپلىرى خۇشامەتنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ.(ئوغۇل بولسۇن، قىز بولسۇن ئوخشاشلا) بولۇپمۇ، يۈزتۇرا ماختىغان، كۈچۈكلەنگەن باللارغا تېخىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ. گويا ئۆزۈمنى ھۆل تاياقتا

دۇمباللىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. «ئۇلاردا غۇرۇر، ۋىجدان، ئادىمىيلىك خىسلەت نەگە كەتكەندۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمدىن سورايمەن. ئاشۇ مېنى ماختاپ ئۇچۇرغانلار، كۆچۈكلىنىپ پۇل - پۇچەكلىرىمنى خەجلىگەنلەر ئاڭلىسام «ئۇنداقچى شور تۇمشۇق»، «گېپى سېسىق»، «ھاكاۋۇر» دېيىشىپ، ئارقامدىن مېنى غاجايدىكەن. بەزىدە ئاپام رەھمەتلىكنىڭ: «سېنى ئورۇنسىز ماختىغان ئادەم، سېنى ئورۇنسىز ئەيىبلىيەلەيدۇ..» دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ قالىمەن. بۇنداق تازا خوپ - خوپچى، لەتخور چۇپرەندىلەرنى كېلىشتۇرۇپ دۇمبالىغۇم، دۆشكەلەپ مۇشتلىغۇم كېلىدۇ. مۇشۇ ئىشلارنى ئاپام فدوتىيەگە دەپ بەرسەم، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «ھەي.. سەن تېخى خام توپا-دە، خام توپا، پىشمىدىڭ. بۇلارنى چۈشەنمەيسەن» دەيتتى، ئەمما مەن ئاپامنىڭمۇ گەپلىرىنى چۈشەنمەيتتىم.

ئىكرام، بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىۋەتتىم، نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەن سىز بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىپ، گەپلەشكەن چېغىمدىن باشلاپلا سىزگە ئامراق بولۇپ قالدىم. چۈنكى سىزنىڭ مىجەزىڭىز، خۇي - پېئىلىڭىز، گەپ - سۆز، ھەرىكەتلىرىڭىز، ھەتتا كۈلۈشلىرىڭىزگىچە شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە ساپ، سەممىي! بولۇپمۇ سىزنىڭ ئوغۇل بالىچىلىقىڭىز مېنى بەكمۇ تەسىرلەندۈردى. ھەدەم پەزلىيە سىزنى قەستەن يىقىتىۋەتسىمۇ سىز چېمپىيونلۇقتىن ئىبارەت شان - شۆھرەتتىن ۋاز كەچتىڭىزكى، بىر قىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈشنى خالىمىدىڭىز. بۇ مەن - مەن دېگەن ئوغۇل بالىلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان مەردلىك! ئوغۇل بالىلارنىڭ ئوغۇل بالىچىلىقىنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم مەردلىك دېيىلىدىكەن. سىز ئاشۇ ئۆلچەمگە ئەڭ لايىق بالا!

ئىكرام، مەن ھازىر 14 ياشنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرۇپتىمەن. مۇشۇ ئازغىنە ئۆمرۈمدە ئەڭ سادىق، سەممىي، مەرد،

ياسالمىلىقتىن خالىي دوستىتىن بىرنى تېپىۋالدىم دەپ خۇشاللىقىم چەكسىز ئىدى، «بۇ يىل ياز بوستانلىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە چوقۇم ئۇچرىشىمىز، بىز مەڭگۈ ـ مەڭگۈ دوست بولۇپ ئۆتىمىز» دېگەن ئۈمىدلىرىم ئالەمچە ئىدى. بىراق دادامنىڭ خىزمىتى ئىلىغا يۆتكىلىدىغان بولۇپ، مېنىڭ ئۈمىد چىراغلىرىم ئۆچتى.. ئارزۇ چېچەكلىرىم توزۇدى... كىچىككىنە يۈرىكىم غېرىبسىنىپ قالدى.. ئېھتىمال بىر چاغلار كېلىپ ئۇچرىشىپمۇ قالارمىز... ئەمما ئۇ چاغلاردا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر!.. بۇلارنى ئويلىسام يىغلىغۇم كېلىدۇ.. خەير- خوش ئامان بولۇڭ، مېنى ئەسلەپ تۇرارسىزمۇ؟!..

پەرۋىنە راخمانوفتىن»

ئىكرام خەتتىكى «مەن سىزگە ئامراق بولۇپ قالدىم»، «مەڭگۈ ـ مەڭگۈ دوست بولۇپ ئۆتىمىز...»، «كىچىككىنە يۈرىكىم غېرىبسىنىپ قالدى»، «مېنى ئەسلەپ تۇرارسىزمۇ؟!» دېگەن سەھىپىلەرنى ئىچىدە قايتا ـ قايتا زىكىر قىلىپ پىچىرلايتتى ھەم ئۆزىدىن ـ ئۆزى كۈلۈمسىرەتتى. بۇ مەكتۇپ ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىنى ئويغا سالاتتى. ئىكرام خىياللار ئىلكىدە ئارقىدىن كېلىۋاتقان شەپىنى تۇيماي قالدى. بىر كىمنىڭ قولى دولىسىغا چۈشكەندىلا قايرىلىپ قارىدى.

ــ پەخرۇللا كەلدىڭما، ئۇلتۇر

ــ ئىككى كۈندىن بېرى قاراڭنى كۆرسەتمەسلا بولۇپ كەتتىڭ، ــ پەخرۇللا ئىكرامنىڭ قولىدىكى خەتكە نەزەر تاشلىدى، ــ نېمە خەت ئۇ؟

ــ كۆرۈپ باق، مانا.

ــ بۇ خېلىلا بۇرۇن يېزىلغان خەتتەك قىلىدۇغۇ، ــ دېدى پەخرۇللا خەتكە كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ، ــ قالتىس قىزكەن جۈمۇ، خەتنىڭ ئۇرانىدىن تەربىيە كۆرگەنلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ.

ــ دادىسىنىڭ ئىلىغا يۆتكىلىش خەۋىرىنى تېلېفوندا

ئاڭلىغاندىن كېيىن يازغان خەتكەن.

— شۇنداق تۇردۇ، — پەخرۇللا ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ بىردەم تۇردى، — ساڭا بىر گەپ، بۇندىن كېيىن مەكتەپ ئىچى ياكى سىرتى بولسۇن پەرۋىنە بىلەن كۆرۈشمە، بالىلار ئاسانلا گەپ تاپىدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇقۇپ قالسا، ئۆزۈڭگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىسەن.

— ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولمىسا.

— خەق گەپ تاپسا، ئىش بار، يوق دېمەي تاپىدۇ.

ئەسلىدە پەخرۇللا ئىكرامنى باشقا ئىش توغرۇلۇق ئىزدىگەنىدى. لېكىن ئۇ دېمەكچى بولغان گېپىدىن بىردىنلا يالتىيىپ قالدى، پەخرۇللا ئۆزىمۇ ھەيران، پەزلىيە «تونۇشۇپ قالايلى» دەپ قول بەرگەندىن تارتىپ، ئۇنى كۆرگۈسى، پاراڭلاشقۇسى كېلىپلا تۇراتتى. بىراق ئىككىسى ئارىدىن ھېچ ئىش ئۆتمەيلا بىر - بىرىگە ئالىيىپ، بويۇن قېقىشىپ، تۇمشۇقلىرىنى ئۆرۈپ، خۇددى دۈشمەنلەرگە چۈشىدىغان رەقىبلەردەك بولۇپ قېلىشتى. پەخرۇللا ئۆزىدىن قانداق سەۋەبلىك ئۆتۈلگەنلىكىنى بىلمەي، ئىچى تىتىلدايتتى. شۇڭا ئۇ «ۋاي بولدىلا» دەپ ئۆزىگە - ئۆزى ھاي بېرىپ، سىنىپىدىكى قىز - ئوغۇللار ئىچىدە ئېغىز گارمونىنى چېلىپ يۈرۈۋەردى. ئاۋازى ياڭرىغان ھامان پەزلىيە يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ، ياتاق ئىشىكى ئالدىدا تامغا يۆلەنگىنىچە ئۆرە ئاڭلايتتى. پەخرۇللا: «بۇ ياققا كىرىڭ پەزلىيە» دېسە، شاپپىدە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ نېمىدۇر بىر نەرسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەندەك پەخرۇللانىڭ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالاتتى.

— مېنى ئىزدىگەنىمىدىڭ؟ بىرەر گەپ بارمىدى؟ — سورىدى ئىكرام پەخرۇللانىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ، — نېمانداق تۇتۇلۇپ كەتتىڭ، بىر كىم بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانمىدىڭ.

— ھېچ ئىش بولمىدى، قارىسام كۆرۈنمەيسەن، شۇڭا ئىزدەپ

كېلىشىم.

— يوق ئەمىسە كېتەيلى، دىجورنى مۇئەللىمنىڭ ياتاقلارنى تەكشۈرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ.

ئۇلار ئورمان ئىچىدىكى يۇمشاق سەمەنگايىم ئوتلىرىنى دەسسەپ قايتىشتى. يەردىن ئۆستۈن قارىماي كېتىۋاتقان پەخرۇللا قانداقتۇر چېگىش خىياللار ئىچىدە ئۇندىمەي كېتىۋاتاتتى.

— ئىكرام، پەزلىيە دېگەن قىز مەن توغرۇلۇق بىر نىمە دېمىدىمۇ؟

تامدىن تاراچ چۈشكەندەك سورالغان بۇ سوئالغا نىمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمىگەن ئىكرام «نىمە؟» دېگىنىچە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

ئاڭغىچە پەخرۇللا:

— بولدى، بولدى، ھېچ.. ھېچنىمە... — دەپلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى. تاقىا ـ تۇققا گەپلەردىن ئاغزى ئوچۇقلا قالغان ئىكرامنىڭ كۆڭلىگە غەلىتە خىياللار تۇگۇچى چىگىلىپ قالدى…

www.uyghurkitap.com

## بەشىنچى باب

# بىر جۈپ ئەتىرگۈل

بوستان ۋىلايەتلىك 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە دەرسلەر باشلىنىپ كەتكىنىگە بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. كەڭ، ئازادە سىنىپلاردىن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزى سىنىپلاردىن «تەتۈر مۇسبەت ھەم ئوك مۇسبەت زەرەتلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئېرىتىش كۈچى...» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئوقۇتقۇچىنىڭ دوسكىغا تاقىلدىتىپ ئۇرغان ئاۋازى كەلسە، بەزىلىرىدىن «جاراڭلىق ۋە جاراڭسىز تاۋۇشلارنىڭ ئىشلىتىش مەنبەلىرىنى سۆزلەپ بېرىڭ...» دېگەن قايسىدۇر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلتىجاسى ئاڭلانسا، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئىسمەت قادىرنىڭ:

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئېچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدە يايرىغاي كيسەم كۆلاھۇ جەندىمەن. ①

دېگەن دېكلاماتسىيىسى ھەممە يەرگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەممىلا ئوقۇغۇچىنىڭ قەلب ئاسمىنىدا يۇلتۇز چاقنايتتى. شۇڭا، ئۇلارغا بىرەر كىم ھەيدەكچىلىك قىلمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنەتتى، تىرىشاتتى، ئىزدىنەتتى. ئاز ساندىكى دەرستە تۆۋەن ۋە ناچار ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ

① تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» دېگەن شېئىرىدىن.

كەملىككەندىن ئارقىدا قالاتتىكى، بوشاڭلىق ياكى ئويۇن - تاماشىدىن خالىي ئىدى.

بۈگۈن ئادەتتىكى بىر شەنبە ئىدى. كەڭ، ئازادە دېرىزىلەردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆككۆلمەيدانلىق قورۇغا ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلىرى، كارىدوردىن كېلىۋاتقان خىلمۇ خىل ئەكس سادالار جىددىي دەرس ۋاقتىدىن بېشارەت بېرەتتى. چۈشتىن كېيىن بالدۇراق قويۇپ بېرىلگەچكە، بوستان شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كەنت - مەھەللىلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ، يەكشەنبە كەچلىك يىغىلىشقا ئۈلگۈرۈپ كېلەتتى. بوستان شەھىرىدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بار چەت ناھىيىلىك باللارمۇ يېقىن - يورۇقلىرىنى ئىزدەپ كېتىپ قېلىشتى.

بىردىنلا كارىدوردىكى توك قوڭغۇرىقى قاتتىق چېلىنىپ، دەرستىن چۈشۈشكە سىگنال بەردى. سىگنال بىلەن تەڭ مەكتەپ قورۇسىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇقىرى ئاۋازلىق رادىئو كانايلىرىدىن ئىنقىلابىي ناخشا - مۇزىكا سادالىرى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ ئىككى سائەت دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋاقتى ئىدى.

چوڭ ھەم ھەيۋەتلىك پۇتبول، ۋاسكېتبول، ۋالىبول مەيدانلىرى رەت - رەت تىزىلغان مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار بىلەن تولدى. ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىنا ئالدى، گۈللۈكلەر ئارا سەپراس تىزىلدى. رادىئو گىمناستىكىسى باشلىنىش بىلەن بىرخىل رىتىمدە سوزۇلغان قوللار، كۆتۈرۈلگەن پۇتلار، ئېگىلگەن بەللەر گۈزەللىك ھەرىكىتى سىمفونىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئاجايىپ بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى.

گىمناستىكا ئاياغلىشىشى بىلەن رادىئو كانىيىدىن ئىنقىلابىي ناخشىلار ياڭراشقا باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

گۈگۈشىدا ياشىغان ياپيېشىل پىلەك،
شۇ پىلەكتىكى قوغۇن ئەزالار.
پىلەك قوغۇننى يېتەكلەپ ماڭار،
پىلەك ئاينىسا قوغۇن بولار..
ئا... ئا.. ئا... ئا... ئا...

گىمناستىكا ئاخىرلاشقان ھامان تولۇق سىنىپنىڭ ھەم دارىلمۇئەللىمىن A ۋە B سىنىپنىڭ بالىلىرى توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىق پەنلەردىن سوئال ـ جاۋاب شۇنداقلا تېپىشماق خاراكتېرلىك مۇنازىرىلىشىش، بەسلىشىش، ئادەت بولۇپ قالغانىدى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ تولۇق سىنىپتىكى ئىكرام، پەرۋىنە، خانئاي، نۇرزات، تۇرسۇنتاي، غالىب تۇرسۇنلار، سىفەن A سىنىپىدىكى پەخرۇللا، ئەركىن تالىپ، تۇنىساگۈل نىيازلار، سىفەن B سىنىپتىن پەزلىيە، ئاينۇر، ئەختەرنىسا، ئىمىنجان، دىلەيسەم، سىدىق نۇرلار توپلىشىپ ۋارقىراشماقتا ئىدى:

ـــ قاراڭلار، ـــ پەرۋىنە قولىدىكى تەرمەچتە يەرگە جىجىلىدى، ـــ ئاسماندا بىر توپ غاز، يەردە بىر توكۇر غاز. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يۈز غاز» دېدى توكۇر غاز. «بىز 100 غاز ئەمەسمىز، بىزگە بىزدەك، بىزنىڭ يېرىمىمىزدەك، يەنە يېرىمىزنىڭ يېرىمىدەك قوشۇلسا، سېنىڭ بىلەن بولىمىز يۈز غاز» دەپتۇ ئاسماندىكى غازلار قېنى تېپىڭلارچۇ ئاسماندىكى غاز قانچە؟

ـــ مەن ئىغىزچە جاۋاب بېرەي، ـــ پەخرۇللا قولىنى كۆتۈرۈپ، ـــ بولامدۇ؟

ـــ ياق، پەخرۇللا ھازىرچە جاۋاب بېرىشكە بولمايدۇ.

پەزلىيە، ئىكرام، خانئاي، نۇرزات، ئىمىنجان، دىلەيسەم،

ئەختەرنىسالا توپىغىلا فورمۇلىلىرىنى يېزىپ ھېسابلىماقتا. پەزلىيەنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان پەخرۇللا نېمىدۇر دەپ پىچىرلىغانىدى، پەرۋىنە يۈز - خاتىر قىلماي ۋارقىرىدى:

— پەخرۇللا، پەزلىيەگە دەپ بەرمە.

— ۋىيەي، ماۋۇ ساراڭنى، — پەزلىيە قىزىرىپ كەتتى، — پەخرۇللا دەپ بەرمىسە، ئاددىيغىنە فورمۇلىنى ھېسابلاپ چىقىرالمادىم.

— تەڭ، ئوتتۇز ئالتە، — ۋارقىرىدى ئىكرام، ئاڭغىچە باشقىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن چۇرقىرىشىپ كېلىشتى. ئوتتۇز ئالتىنىڭ يېرىمى ئون سەككىزنىڭ يېرىمى توققۇز. جەمئىي جەمئىي توقسان توققۇز، يەردىكى توكۇرغاز بىلەن يۈز غاز...

— ئەمىسە باللار، — پەرۋىنە يەنە قولىنى كۆتۈردى، — بىر توپ دەرەختە بىر توپ قۇشقاچ كېلىپ قوندى. جۇپتىن قونۇۋىدى. بىر قۇشقاچ ئېشىپ قالدى. تاقتىن قونغانتى بىر شاخ ئېشىپ قالدى، ئۇنداقتا قۇشقاچ قانچە، شاخ قانچە؟

ئوقۇغۇچىلار يەرگە فورمۇلىلىرىنى يېزىپ بولغىچە دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ كەتتى.

— ئەمىسە، كېيىنكى تەنەپپۇسقىچە جاۋابىنى چىقىرىپ بولۇڭلار.

پەخرۇللا ئۆزىگە قايرىلىپ قاراپ، بىلىنەر - بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلغان پەزلىيەگە كۈلۈمسىرەش ئارقىلىق جاۋاب بەردى. بۇ بەرنا قىز پەلەمپەي ئۈستىگە چىقىپ، كارىدورغا كىرىپ كېتىۋېتىپمۇ يەنە بىر قېتىم كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار ھازىر ئۈچرىشىپ قالغانلىرىدا ئەنە شۇنداق كۆز سالىمى قىلىدىغان، تاتلىققىنا تەبەسسۇم ئارقىلىق كۆڭۈل ئىزھارىنى بىلدۈرىدىغان بولدى. ئەگەر ئادەم يوق پىنھانلاردا يالغۇز - يېرىم ئۇچراپ قېلىشقىنىدا، ئەتراپىغا قورۇنۇپقىنا قارىۋېتىپ، بىر - ئىككى ئېغىز گەپلىشىپمۇ ئالاتتى. تاسادىپ بىرەرى كېلىپ

www.uyghurkitap.com

قالغۇدەك بولسا ئۇلار، « ئۇھۇ- ئەھە...» دېگىنىدەك سالاپەتلىككىنە يۆتىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىخلاسمەن چىرايلىرىغا قاراپ ھېچكىممۇ گۇمان قىلمايتتى.

ئۆزىنىڭ ھۆسن - جامالىغا، تەبىقە ئىمتىيازىغا تەمەننا قويغان پەزلىيە «سەن ئېگىلمىگىچە، مەن ساڭا ئېگىلمەيمەن» دېگەن مەنمەنلىك كىبىرى بىلەن پەخرۇللاغا قىر كۆرسىتىپ، ئاران بىر ھەپتە چىدىيالىدى. قىزلار ئالدىدا ئېگىلىشنى، يېلىنىشنى ئۆلۈمدەك ئېغىر بىلىدىغان پەخرۇللامۇ يۈرىكى بىئارام قىلىنىۋاتقان ھىس - تۇيغۇلارنى زورىغا بېسىپ، بىپەرۋا قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئۇنىڭ بىغەم چىرايىنى كۆرگەن پەزلىيە ئاخىر تاقەت قىلالمىدى. بىر شەنبە كۈنى ئۆيىگە كېتىۋېتىپ سىڭلىسى پەرۋىنەگە قورساق كۆپۈكىنى دېدى:

— بېشىنى يەيدىغان ھېلىقى پەخرۇللا دېگەن ئەجەب ئەسكى نېمىكەنتا، ھەممە بالىلار بىلەن شۇنداق ئەپ ئۆتۈۋاتىمىز، لېكىن ئۇ كۆندۈرۈلمىگەن بۇقىدەك قاپىقىنى ئۇششۇتۇپلا يۈرىدىكەن.

— ھەي، ئاۋۋال ئۆزۈڭنى تارازىغا سېلىپ باقە، قانچە سەر، نەچچە مىسقال كېلىسەنكىن، — ئىككىلامدەك يۈز - خاتىرىنى بىلمەيدىغان پەرۋىنە ھەدىسىنىڭ يىغىرىغا تەگدى، — ئۆزۈڭچە «مەندەك ساھىبجامالغا ھەممىلا ئادەم يەتتە تەزىم قىلسۇن» دەپ ئويلامسەن؟ پەخرۇللا دېگەنچۇ مەكتەپنىڭ كۆزى! ئوقۇش باشلىنىپ بىرەر ئاي بولمايلا، سىنىپ باشلىقى، ئاندىن ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ھەيئىتى بولدى.

— مەنمۇ سىنپىنىڭ B سىنىپىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى بولدۇمغۇ.

— لېكىن، مەكتەپتە پەخرۇللادەك ئىناۋىتىڭ يوقتە، — پەرۋىنە ئاستا پىچىرلىدى — ھازىرچۇ ئۇنىڭغا نى، نى، نى.. قىزلار كۆز تىكىپ يۈرۈيدۇ.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ سارالڭ، — پەزلىيە بىردىنلا ئۆكدى، —

ھېلىتىنلا نېمە كەپتۇ...

— ھازىر ھاپىلا قىلىپ يۇتۇۋالغىلى ياكى نەشپۇتتەك يانچۇقىغا سېلىۋالغىلى بولمايدۇ. ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان چاغدا «گۇملا» قىلىپ ئاتىدىغان گەپ.

— ئاتىدىغان؟— پەزلىيەنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئاتىدىغان دېگىنىڭ نېمىسى؟

— شۇنىمۇ ئاڭقىرالمىدىڭمۇ ئاڭقاۋ، مۇھەببەت ئوقىنى ئاتىمادۇ.

— ۋاي خۇدايىم، دېمەيدىغان گېپىڭ، چالمايدىغان دېپىڭ يوقكىنا سېنىڭ. كىچىككىنە تۇرۇپ نەلەردە بۇنداق قاغدالما بولۇپ كەتكەنسەن.

— مەندىن بىر ياش، بىر ئاي، بەش كۈن چوڭ بولغىنىڭغا مېنى كىچىك دەپ كەتكىنىنى. دەپ باقە، پەخرۇللاغا نېمىشقا ئۆچ بولۇپ قالدىڭ؟

پەزلىيە مەكتەپكە كەلگەن كۈنى، باشقا باللار نەرسە - كېرەكلىرىنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكى، لېكىن پەخرۇللا قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىگەنلىكى، ھەتتا سىنىپلارغا تەقسىم قىلغاندا، پەزلىيە A سىفەن سىنىپقا ئۆچ قېتىم كىرگەندىمۇ، پەخرۇللانىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىغانلىقى قاتارلىق رەنجىشلىرىنى دەپ بەردى.

— توۋا، — پەزلىيە ياقىسىنى تۇتتى، — بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي دەۋاغا دېگەندەك. ئەسلىدە ئۆزۈم قارىماي قويسام بولاتتى. ئەمما ئۇ باتناپ يۈرۈيدۇ دېسە.

— ئاۋۋال ئۆزۈڭ قېيىداپ ئۇنى تەسلىم بولۇشقا قىستىغانسەن. بىلىپ قوي، ئۇ ئاسانلا ئاق بايراق كۆتۈرۈپ چىقىدىغان باللاردىن ئەمەس.

پەزلىيە بىردەم دىمىقىقاندەك بولۇپ جىمىقىپ قالدى.

دەرۋەقە، «پەخرۇللاغا نى، نى، نى.. قىزلار كۆز تىكىپ تۇرىدۇ» دېگەن ئاددىيغىنە بىر سۆز ئۇنىڭ ئالمىدەك يۈزىنى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ پەرۋىنەدىن ئاسماقچىلاپ سوراپ، بۇ ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىگە يەتمەكچى بولدى.

— جېنىم ئۇكام، ھېلىقى سۆزلىرىڭ راستما؟

— قايسى سۆزلىرىمنى دەيسەن؟

— با ...بايا..دېگەن ھېلىقى «كۆز تىكىپ تۇرىدۇ..» دېگەندەك لاۋزا، تېتىقسىز گەپلەرچۇ؟

ئەقىللىق ھەم زېھنىلىك پەرۋىنە، ھەدىسى پەزىلىيەنىڭ نېمە ۋەجىدىن بۇ ئىشلارنى سوراۋاتقانلىقىنى پەملەپ بولدى. شۇنداقتىمۇ ئۇقماس ـ بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، پەزىلىيەنى گەپكە سالدى:

— راست بىلمىدىڭمۇ ياكى خۇپسەنلىك قىلىۋاتامسەن؟— پەرۋىنە ھەدىسىنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، — ياتاقتىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلگەن يەردە سەن ئۇقماي قالامسەن؟

— يا..ياق، راستتىنلا مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدىم، — پەزىلىيەنىڭ كۆزلىرىدىن، چىرايىدىن ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى، — ئېنىقراق دەپ بەرگىنە.

پەرۋىنە بىردىنلا ئاغزىنى تۇتقىنىچە قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇ كۈلكىسىنى بىرھازا باسالماي كۆزلىرىنى سۈرتتى ـ دە، پەزىلىيەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلدى:

— ھەي، ساڭا كىم قويدى نوچىلىق، پوچىلىق قىلىشنى! سەن ئەسلىدە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىماي، سەممىي نىيەت بىلەن ئاۋۋال دوستلاشقىن، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلار، ئاندىن مۇھەببەت دېگەن ئاستا ـ ئاستا بىخلىنىپ ياشىرىپ مېۋە بەرمەمدۇ.

— ۋايجان، ماۋۇ قىرى مومايىنى، خۇددى ئۇن ئەرگە تەگكەن

خوتۇندەك نەسىھەت قىلىپ كەتكىنىنى! كىم توغرا قىلىقنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالغان پەزلىيە يوق!

— سەن مۇشۇنداق ئاتتىن چۈشسەڭمۇ، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي تۇرۇۋالساڭ، ئەڭ ياخشى نەرسىلىرىڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن! دوستلۇق، مۇھەببەت دېگەن سەممىيلىك، ۋاپادارلىق، باراۋەرلىك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. «ئاۋۋال سەن ئېگىل، ئاندىن مەن...» دېيىش، ئەڭ ساۋابلىق ئىشلارنىڭ مىتە قۇرتى!

— دەۋاتقانلىرىڭنىڭ تولىسى كىتابلاردا بار گەپلەر، سەن مېنى تولا كولدۇرلاتما.

— مەن ئوقۇغان سوۋېت رومانلىرىنى سەنمۇ ئوقۇغان. كىتاب دېگەننى ئوقۇش ئۈچۈنلا ئوقامدا؟— پەرۋىنە ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — توۋا قىلدىم، پەخرۇللامۇ ئىچىدە ئازابلىنىپ تۇرۇپ بوينى قاتتىقلىق قىلسا... سەن بولساڭ مەنمەنلىك تورىغا چىرمىلىپ قېلىپ، گىدىيىپ تۇرۇپ يىغلىساڭ.

— نېمە، نېمە، پەخرۇللا ئۇ؟

— ئىكرامدىن ھەممىنى ئاڭلىدىم. سېنىڭمۇ تېشىڭدا ھېيت ئويناپ، ئىچىڭدە روزا تۇتۇۋاتقىنىڭ خېلىدىن بېرى ماڭا ئايان، سىلەر ئىككىڭلارنى چۈشەنگىلى بولمايدىكەن. ئېسىڭدە بولسۇن دوستلۇققا سەممىيلىك كۆرسەتمىگەن ھەرقانداق ئادەم داغدا قالىدۇ.

— ئەجەب ئەۋلىيادەك گەپ قىلىپ كەتتىڭا.

— گەپنى يالىڭاچ دېسەم، سەندىكى مۇشۇ كىبىر ۋە تەمەننالا بولىدىكەن، پەخرۇللانى سىنىپىڭدىكى دىلەيسەمگە تارتقۇزۇپ قويىسەن.

— دىلەيسەمگە؟

— شۇنداق، دىلەيسەم ۋە دىلەيسەمخانلارغا!

سىڭلىسى بىلەن بولغان مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن پەزلىيە ئويدانلا سەگىپ قالدى. ئۇنىڭ پەخرۇللانى يوشۇرۇن ياخشى

كۆرۈپ قالغىنى ئېنىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ يۇقىرى ئىمتىيازلىق بۇ قىزنىڭ توغراقلىق ئاددىي سەھرا بالىسىغا بويۇن ئەگكۈسى كەلمىدى. ئەمما دىلەيسەمنىڭ گېپى چىقىۋىدى، ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدىن تارتىپ تۇيىقىغىچە سىرقىراپ كەتتى. بولۇپمۇ، ئۇنى خۇشال قىلىۋەتكىنى. پەخرۇللانىڭمۇ ئۆزىگە «ئىچ - پەش» تارتىپ قالغانلىقى ئىدى.

پەزلىيە ئەتىسىدىن تارتىپ پەخرۇللانى كۆرسە كۈلۈمسىرەپ، باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان، بەزىدە لەپپىدە قاراپ سۆسقىنا تەبەسسۇم قىلىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇلار گەپلىشىشتەك ئېگىز سېپىلدىن ئۆتەلمەي تۇرغىنىدا، مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان بىر ئىش ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى باھالاش ئارقىلىق بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىپ، ئايلىق تۇرمۇش پۇلى بېرىلىدىغان بولدى، پەزلىيە ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان تۇرمۇش پۇلىنى نامرات دېھقان بالىلىرىغا ئۆتۈنۈۋەتتى. بۇ ئىش مەكتەپتە تارقىلىش بىلەن باشقا تۇرمۇشى ياخشى بالىلارمۇ پەزلىيەدىن ئۆگىنىپ، تۇرمۇشى تۆۋەن ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلدى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن پەخرۇللا بىر كۈنى ئاشخانىدا يالغۇز قالغان پەزلىيەنىڭ قېشىغا قورۇنۇپقىنە كەلدى.

— پەزلىيە، بۇرۇن مەن سىزنى ئانچە چۈشەنمەپتىكەنمەن، — دېدى پەخرۇللا قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ، — سىز سىنىپىي كۆز قارىشىڭىز روشەن، مەيدانىڭىز مۇستەھكەم، شەرەپلىك ھەربىي ئائىلىسىنىڭ پەرزەنتى بولۇشقا مۇناسىپ ئاق كۆڭۈل قىز كەنسىز.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىز پەخرۇللا، — پەزلىيەمۇ ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى، — ئۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بۇرچۇم، دادام بىزنى شۇنداق تەربىيىلىگەن.

— دادىڭىز پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي جەڭچىسى!

ھەربىرىلەر بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتى گۆش بىلەن قان، بىلىق بىلەن سۇدەك چەمبەرچاس باغلانغان.

— رەھمەت سىزگە!

— نامرات دېھقانلارنىڭ بالىلىرىغا ھەممەت قولىڭىزنى سۇنغانلىقىڭىزغا تەشەككۇر!

مانا مۇشۇنداق بىر - بىرىنى قەغەز ئايروپىلاندا ئۇچۇرۇشتەك مەدھىيىلەشلەردىن كېيىن، ئۇلار ياخشى - خوپ بولۇشۇپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار قويۇپ بېرىلدى. بوستان شەھەر ۋە بوستان ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەپتىدىن بېرى يىغقان ئاق نانلىرىنى سومكا ۋە خالتىلىرىغا سېلىپ، ئالدىراپ مېڭىشتى. ئۇلار ئۆيلىرىدىن ئېلىپ كەلگەن زاغرا، جىرىس نانلىرىنى ئۆزلىرى يەپ، مەكتەپتىن بەرگەن ئاق ناننى ئۆيىدىكى بوۋاي، موماي، ئاغرىقچان ئاتا - ئانىلىرىغا ئېلىپ قوياتتى.

پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنە سومكىلىرىنى ئېسىپ بىللە قايتىشتى. ئۇلار شەنبىلىك سىنىپ يىغىنلىرى ئېچىلىپ، قويۇپ بەرمىگىچە بىر - بىرىنى ساقلايتتى. ئۆيىگە يالغۇز كىرىپ قالغۇدەك بولسا، راخمانوفنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇلارغا بىللە قايتىش ئادەت بولۇپ كەتكەندى. پەرۋىنەنىڭ يولدا بارغىچە قىلمىغان شوخلۇقى قالمايتتى. ئۇ بەزى ئوقۇتقۇچىلىق ئۇستاپلىرىغا دىققەت قىلماي دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنى دوراپ، ھەممىسىنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدىمۇ چەمەك بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىدىكى چاچ ئارىسىغا تىقىپ، «كىرت، كىرت، كىرت» تاتىلىغاچ، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى روشەنگۈل مۇئەللىمنى دورىدى:

— بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى ھۆل ئىسسىق

بولۇپ، — ئۇ چەمەك بارمىقىدا قولىقىنىڭ ئارىسىدىكى چاچ ئارىسىنى جىددىي تاتىلىدى، — بۇ يەردە ھەرخىل جان-جانىۋار كىشىگە ئارام بەرمەيدۇ...

— ھا.. ھا..ھا... — پەزلىيەنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، — ھەي شەپشەك «بۇ يەردە ھەرخىل ھايۋانات ياشايدۇ..» دېگەندۇ، تېخى كىشىگە ئارام بەرمەيمىش...

— ئىشەنمەمسەن، تېخى تارىخ مۇئەللىمى پەتتار ئىمىن دەرسنى مۇنداق ئۆتىدۇ، — پەرۋىنە ئوڭ قولىنى چاپىنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، سول بىقىنىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە، قاپىقىنى تۈرۈپ جىددىيلەشتى، — ئات ئۈستىدە ماكان تۇتقان موڭغۇللار ئەگرى قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، «قۇۋ» دېگىنىچە نەرە تارتىپ، قىپچاقلارنىڭ كاللىسىنى كارت، كارت، كارت ئالغىلى تۇردى.

پەزلىيە قاتتىق كۈلۈشتىن نەپەس ئالالماي يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ جەينىكىدىن ئىتتىرىۋاتقان پەرۋىنە «كارت، كارت»دېگەن سۆزى بىلەن تەڭ قولتۇقىنى كارت، كارت تاتىلىماقتا ئىدى ھەم ئۆز ئورنىدا يېنىككىنە سەكرىگەندەكمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى پۈرۈشۈپ، كۆزلىرى قىسىلىپ، غەلىتە قىلىقلار ئارقىلىق تارىخ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرس مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ قولتۇقىنى تاتىلىشنى دورايتتى.

— ھەي، بۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىملەرنى دورايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلما، بۇ دېگەن ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈش، يۈزىنى تۆكۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— مۇئەللىم بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە دىققەت قىلىسۇنىدە، — پەرۋىنەمۇ بوش كەلمىدى، — ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسىدىكى تىكلىمە ئەينەكنى بىكارغا قويۇپ قويمىغان، سىنىپقا ئۆزىنى رۇسلاپ كىرىشى كېرەكتە. بەزى مۇئەللىملەرنىڭ تۈگمىلىرى ئېگىز ـ پەس ئېتىلگەن. ھەتتا ئىشتىنىنىڭ ئالدى ئوچۇق،

ھەتتاكى قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپ، يۈزىنى چالا ـ بۇلا يۇيۇپلا، ژۇرنالنى قولتۇقلاپ كىرىدۇ. قارىساڭ يۈزلىرىگە قانداقتۇر قەقەچتەك بىر نېمىلەر چاپلاشقان، كۆزلىرىدىكى چاپاقلار چىقىپ كەتمىگەن.

— ياللا، ساڭىغۇ ھېچنېمە يارىمايدۇ، — پەزلىيەتنىڭ بىردىنلا چىرايلىق قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، — ھەي، ئەتىگەن ئەجەپ يۈزسىزلىك قىلدىڭا؟

— نېمە يۈزسىزلىك قىپتىمەن؟

— بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا «پەخرۇللا، پەزلىيەگە دەپ بەرمە» دەپ ۋارقىرىدىڭغۇ.

— ۋارقىرايمەن، ۋارقىرىمىسام بولامتى، پەخرۇللا بىلەن ئىككىڭلار بىر ـ بىرىڭلارغا قارىمىغان بولۇپ كۆسۈرلاشقان تۇرساڭلار.

— كۆسۈرلاشسىلا تېپىشماقلىق ھېسابىنىڭ جاۋابىنى دەپ بەرگەن بولامدا؟

— ئەمىسە، نېمىدەپ كۆسۈرلاشتىڭلار؟

— بۇ... بۇ.. ئەمدى... بۇنىمۇ دەپ بېرىش كېتەمدا؟

— ھە.. ماقۇلە.. ئەمدى ئۇقتۇم، — پەرۋىنە كۆزلىرىنى ئويناتتى، — پەخرۇللا بىلەن يوشۇرۇن گەپلىشىۋاپسىلەردە!

— سەن.. سەن تولا ھەددىڭدىن ئاشما.. خەپ دادامغا دېمىسەم..

— دادامغا «پەخرۇللا بىلەن كۆسۈرلاشقىلى قويمىدى» دەمسەن؟!

— بولدىلا، ساڭا گەپ توشاتقىلى زادى بولمايدۇ...

ئازادە مۇھىتتا يېتىلگەن، راخمانوف ۋە رۇس ئانىسىدىن ئەركىن مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالغان، يوقسۇزلۇق ئازابىدىن چىگىلمىگەن، توققۇزى تەل بۇ بىر جۈپ ئەترگۈللەر ئەنە شۇنداق ئاڭ ۋە مەدەنىيەتكە ئىگە قىزلاردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ

ئايرىم ـ ئايرىم ھۆجرىلىرى بولۇپ، پالىلداپ تۇرغان ئەينەك جاھازلىرى كىتابلار بىلەن تولغانىدى. ئەينى يىللاردا پۈتۈن كىتاب جاھازلىرىنى ئىگىلىگەن سوۋېت رومانلىرىدىن: «ھەل قىلغۇچ قەدەم»، «ئالتۇن يۇلتۇز كاۋالىرى»، «قۇتلۇق قان»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «ئاكا ـ ئۇكا يېرشوفلار»، «ئالتۇن ۋادىدىن شامالLار»، «سەلكىندە باھار»، «بۇ ۋەقە رووۋنو ئەتراپىدا بولغان»، «كۈنلەر ۋە تۈنلەر»، «زويا ۋە شورا»، «باباتاغ ئۈستىدە قۇياش»، «پولات ۋە گۈلرۇھ»، «قۇللار»، «ئادىنە»، «تېھران» قاتارلىق ئەڭ يىرىك رومانلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ جاھازلىرىدىن تېپىلاتتى. راخمانوف ئىلى، ئۈرۈمچىلەرگە يىغىن ياكى باشقا پائالىيەتلەرگە بېرىپ قالغۇدەك بولسا، ئىككى قىزىغا ئېلىپ كېلىدىغان سوۋغات چوقۇم يېڭى چىققان كىتابلار بولاتتى. پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە كىتابلارنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇپ، «نەگە قويسام تاپالمايدۇ» دەپ تىقىمىغان ھېچ يەر قالمايتتى، ھەتتا يوشۇرۇپ قويغان يېرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىرەر كۈنگىچە تاپالماي، ھۇجرىنى ئەرەختىن ـ پەرەختىن قىلىۋېتەتتى.

پولكوۋنىك راخمانوف بۇ ئىككى قىزىدىن سۆيۈنەتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئوخشاش كىيىم كىيىپ ھەتتا ئاياغ ـ پايپاقلىرىغىچە بىر پار بولۇپ يۈرگىنىنى كۆرسە، شادلىقىدىن ئالىقانلىرىنى ئۇۋۇلاپ، يوق بۇرۇتىنى سىلاپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى. بۇ بىر جۈپ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ بىراقلا بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپكە چىققانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. شۇڭا ئۇ ياخشى ئوقۇش، خەلقىنىڭ يارامىلىق ئىز باسارلىرىدىن بولۇپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتتە ئۆزىگە مەڭگۈ ھەمراھ قىلىش ھەققىدە داۋاملىق تەربىيە بېرەتتى. تەلەپنى قاتتىق قوياتتى. پات ـ پاتلا مەكتەپكە بېرىپ سىنىپ مۇدىرلىرى، مەكتەپ رەھبەرلىرى بىلەن ئەھۋاللىشاتتى. شۇڭا، بۇ بىر جۈپ

ئەتىرگۈللەرمۇ دادىسىدىن ئېھتىيات قىلاتتى، تەپ تارتاتتى، تىرىشىپ ئوقۇيتتى.

يەزلىيە بىلەن پەرۋىنە قول سومكىلىرىنى تۇتقىنىچە بازار رەستىسىدىن ئۆتتى. يول بويى باققاللار، كۆكتاتچىلار، زاسۇيپەزلەر ۋارقىرىشىپ خېرىدار چاقىراتتى. ئاپتاپنىڭ بۇرنىنى ئىگىلەپ چاچ ئېلىۋاتقان ساتىراشلار، ئەسكى چەملەرگە سۇ پۈركۈپ، ساقاللىرىدىن سۇ ساقىۋاتقان ياماقچى، موزدۇزلار، مەشنىڭ كانىيىنى ياساۋاتقان تۈنىكىسازلار... قىسقىغىنە بازارغا ھاياتى كۈچ ئاتا قىلغانىدى.

— ھەي، ھەي قاراڭلار، — نەشپۈت سېتىۋاتقان تاقىرباش بالا تامىقىنى چاكىلدىتىپ، — ھەربىي ھويلىدىكى بوي يەتمەيدىغان بىر جۈپ ئەتىرگۈللەر كەلدى... پاھ... پاھ... مەيدىسى ئوبدانلا كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ كاساپەتلەرنىڭ ...

— بۇ بىر جۈپ قوشماقلار، تۇفىي! — كاماك ياماقچى ئاياغ چەمىگە سۇ پۈركىگەنىدى ئېغىزلىرىدىن سارقىپ چۈشتى، — پولكوۋنىك راخمانوفنىڭ مەيدىسىدىكى بىر جۈپ مېدال دەڭلار... كىم ئۇنىڭ مەيدىسىگە قول سۇنالىسۇن!

— بەئەرۇللا بەرھەق، — قېرى ساتىراش بىر دوقا باشقا بارماقلىرىنىڭ سۇيىنى ساقىتىۋېتىپ، — ئۇلار دېگەن قاراشقا بولىدىغان، يۇراشقا بولمايدىغان ئەتىرگۈللەردە...

— بۇنداق پەرىشتىلەرگە، — خىرقىرىدى ساقىلىنى ئالدۇرۇۋاتقان قېرى، — قارىۋالساڭمۇ ئادەم ئۇششاق كېسەل بولماي، يۈرىكىڭ شىپالىق تاپىدۇ... كۆزلىرىڭ روشەنلىشىدۇ ـ ھە، مانا...

— ھەي قارىيكا، — دېدى باققال بالا، — ئۇششاق كېسەل بولماي، يۈرىكىڭ شىپالىق تېپىپ كۆزلىرىڭ روشەنلىشىپ كەتكىنى بىلەن ئاغزىڭدا بىر تال چىشىڭ يوق، بىلىڭدە ماغدۇر بولمىسا، بوسۇغا داۋاندىن قانداق چىقالايسەن؟

— ھەي كومشا، نېمە تىلىڭنى چاينايسەن، چىشىم بولمىسا، شوراپمۇ تونگىتىۋېتەلەيمەن... بوسۇغا داۋاندىن ئۆمىلەپ بولسىمۇ چىقىپ كېتەرمىنا!...

— ھا ... ھا ... ھا ...

بازار رەستىسىدىكى خەقلەرنىڭ ھەممىسى ئاسمان باقتى بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە خېلىلا ئۆزاپ كەتكەنىدى. ئۇلار يەنە قىزىق گەپلەر بىلەن پاراڭلىشىپ شۆبە ھەربىي رايون قېشىغا كېلىپ قالدى. دەرۋازىۋەننىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ئىككى پوست ھەربىيچە سالام بېرىشى، ئۇلارمۇ باش لىڭشىتىپ قويۇشتى. ھەربىي رايون قورۇسى چوڭ ۋە بىنالىرى ئايرىم - ئايرىم كىچىك ھويلا تەرتىپىدە سېلىنغان بولۇپ، ھەربىر كىچىك ھويلا بىرەر ھەربىي باشلىقنىڭ ئىدى. قىزلار ھويلىغا كىرىشى، قورسىقى خېلىلا يوغىناپ قالغان زەينۇرەم ئارغامچىغا كىر يېيىۋاتاتتى.

— ۋىيەي ھەدە، ئۆزىمىز يۇياتتۇق ئەمەسمۇ، — دېدى پەزلىيە داستىكى كىرلەرنى يېيىشىپ بېرىۋېتىپ، — سىز بۇنداق قىلسىڭىز بىز ئەنسىرەپ قالىدىكەنمىز.

— ھېچقىسى يوق، — 36 - 37 ياشلاردىكى زەينۇرە ياشلىقىدىكى گۈزەللىكىنى تېخى يوقاتمىغانىدى، — ئۆيگە كىرىڭلار، داداڭلار گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ.

زەينۇرە ھەقىقەتەنمۇ ئىشچان، ئەخلاقلىق، سەممىمىي، ۋاپادار ئايال بولۇپ، پەزلىيە بىلەن پەرۋىنەنى ئۆگەيلەش ئەمەس، ئۆز قىزىدەك كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، ئۆرۈپ، كىيىملىرىنى پات - پاتلا يەڭگۈشلەپ، چىرايلىق ياساپ قوياتتى. قىزلارمۇ ئۇنى قەۋەتلا ئەزىزلەيتتى.

— ھەدە، — دېدى پەرۋىنە ئاستاغىنە، — ئۆيدىكى كىرلەرنى ھەدەم ئىككىمىز يۇيۇۋېتەيلى بولامدۇ؟

— يۇيۇپ چايقاپ بولدۇم، داسنى كۆتۈرۈپ ئەپچىقىپ

بەرسەڭلا ئۆزۈپ يېيىۋېتىمەن.

پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنە داستىنىڭ ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ، يۈيۈلغان كىيىملەرنى ئاچىقىپ بەرگەندىن كېيىن، يۈندىنى ئەچىقىپ ئەۋرەزگە تۆكتى. ئاندىن دادىسى ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ راخمانوفقا سالام بېرىشتى.

— ئوھوي، مېنىڭ ئىككى پەرىشتەم كېلىپ قاپتۇغۇ، — راخمانوف ئىككى قولىنى سوزدى، — كېلىڭلار قىزلىرىم، مەن سىلەرنى كۆرمىگىلى تۇپتۇغرا بىر ھەپتە بوپتۇ... كۆز قارىچۇقلىرىمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭلار.

قىزلار دادىسىنى قۇچاقلاپ يۈزلىرىنى يېقىشتى. راخمانوفمۇ ئۇلارنىڭ پېشانىسىگە بوشقىنە سۆيۈپ، مەڭزىلىرىنى سىلاپ قويدى. ئۇ 40 ياشلار ئەتراپىدىكى ئوتتۇرا بوي ـ تەمبەل كەلگەن ئادەم بولۇپ، قاتاڭغۇر چىرايىدىن ئۇنىڭ كۆچتۈگگۈرلۈكى، ئەستايىدىللىقى ۋە مىجەزىنىڭ ئىتتىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما قاتمۇ قات جىيەكلىك چوڭ كۆزلىرىدىن ئاتىلىق مېھرى يېلىنجايتتى.

— قېنى، پەرىشتىلىرىم، ئېيتىڭلارچۇ، مەكتىپىڭلارغا ئۆزلىشىپ كەتكەنسىلەر؟

— شۇنداق، دادا، — پەزىلىيە لەپپىدە سىڭلىسىغا قاراپ قويدى، — مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنى بىر نەچچە دەرىجىگە ئايرىپ، تۇمۇش پۇلى بېرىشنى بېكىتكەندى، سىڭلىم ئىككىمىز نامرات دېھقان بالىلارغا ئۆتۈنۈۋەتتۇق.

— ئەجەب بەلەن ئىش قىلىپسىلەر، غۇنچە ـ پورەكلىرىم، — راخمانوف پەرۋىنەنىڭ يۈزىنى بوشقىنە چىمداپ قويدى، — سىز گەپ قىلمايسىزغۇ، ئاق جىنەستەم.

پەزىلىيە پوسۇققىدە كۈلۈۋېتىپ، ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان راخمانوف ئىككى قىزىغا تەڭلا قاراپ سورىدى:

www.uyghurkitap.com

— نېمە، مەن بىرەر گەپنى خاتا قىلدىمما؟ — پەرۋىنە قىزىرىپ كەتتى، سىز بولسىڭىز كۈلۈۋاتىسىز.

— ياق دادا، باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، سىڭلىم پەرۋىنەنى مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ھەممىسى «ئاق جىنەستە» دەيدۇ، سىزمۇ خۇددى بىلگەندەكلا دەپتىڭىز، كۈلۈپ سالدىم.

— مۇنداق دەڭ، ئەجەب چىرايلىق، نەپىس، ئۇماق مېۋىگە ئوخشىتىپتا، — راخمانوف تىزلىرىغا ئۇردى، — سىلەر جىنەستىنىڭ راسا مەي باغلاپ پىشقىنىنى كۆرگەنمۇ؟

— قاراتالدا كۆرگەن، — پەزلىيە پەرۋىنەگە قاراپ قويدى، — بىغىشنى غۇچچىدا قاپلاپ كەتكەن ئاق ھەم ھال رەڭ جىنەستىلەر خۇددى مەرمەر ساقىدەك يالتىراپ كۆزنى چاقاتتى.

— توپتوغرا، خۇددى گۆھەر ياكى ئالماس شارچىلىرىنى يېشىل بىغىشقا چاپلىۋەتكەندەك، ھادىس چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — راخمانوف پەزلىيەگە يۈزلەندى، — خوش، ئۇنداقتا سىزنى نېمە دەيدۇ؟

— مېنى... مېنى ھېچنېمە دېمەيدۇ...

— يوشۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، — پەرۋىنە ھەدىسىگە قارىدى، — ئۇ سەت گەپ بولمىغاندىن كېيىن.

— مەن نېمىنى يوشۇرۇپتىمەن؟ مېنى ھېچنېمە دېمەيدۇ.

— دادا، ھەدەمنى ھەممىسى «پەرىشتە» دەيدۇ. ئوقۇتقۇچىلارمۇ، ئوقۇغۇچىلارمۇ!

— «پەرىشتە»؟ پاھ، پاھ، بۇ سوپەت پىچىپ تىكىلگەن كىيىمدەكلا سىڭىشىپ كەپتۇ.

پەزلىيە قىزارغىنىچە يەر بېقىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۇنى تېخىمۇ گۈزەل، بەرنا، لاتاپەتلىك پەرىشتىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

راخمانوف ئىككى قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئىجازەت

بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىلىرىغا چىقىپ كەتتى. پەزىلىيە ۋە پەرۋىنە شۇ كۇنى كېچە بىر ۋاقىلارغىچە تاپشۇرۇق ئىشلەپ، دەرس تەكرارلاپ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ ھەر ئىككىلىسى ئۆز ھۇجرىلىرىدا رومان ئوقۇدى، خاتىرە يازدى، ئاندىن كەچتە مەكتەپكە قايتتى.

پەزىلىيە ھەر قېتىم يەكشەنبە مەكتەپكە قايتىپ كەلگەندە، گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى شادا ئورۇندۇقتا رومان ياكى دەرسلىك كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بۇ بىر شەرتلىك بەلگە ئىدى. توغراق ناھىيىسى يىراق بولغاچقا، ئۆيىگە قايتالمايدىغان پەخرۇللا ھەر يەكشەنبە كەچتە ئاشۇ گۈللۈكتە پەزىلىيەنى كۈتەتتى، گەرچە ئۇلار بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرمىسىمۇ، پەس ئاۋازنى ئاڭلىغۇدەك ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىماي ئانچە ـ مۇنچە گەپلىشەتتى. لېكىن بۇگۈن پەزىلىيە كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىچە ساقلىسىمۇ پەخرۇللا كەلمىدى. پەرۋىنەنىڭ «دىلەيسەمگە تارتقۇزۇپ قويىسەن» دېگەن سۆزى ئېسىگە كېلىش بىلەن كۆڭلىگە ئەندىشە چۈشكەن پەزىلىيە ئورنىدىن تۇرۇپ باغلارنى ئايلاندى. بىردىنلا ئۇ سارغىيىۋاتقان چىمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەدەشقانىنى قۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان ئالمۇراتنى كۆرۈپ قالدى.

ــ ئالمۇرات، يالغۇز ئولتۇرۇپسەنغۇ؟

ــ سىزمۇ يالغۇز ئايلىنىپ يۈرۈپسىزغۇ؟ ــ ئالمۇرات پەزىلىيەنىڭ كىمگە ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتى، ــ ھە، راست بۈگۈن ئەتىگەن پەخرۇللا بىر يۈك ماشىنىسىغا چىقىپ توغراققا كېتىپ قالدى.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئانىسىنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى تۇتۇپ، ھوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ.

ــ ۋاي خۇدايىم، بۇ بىر شۇم خەۋەركەنغۇ...

پەزلىيە بىردىنلا سولتىيىپ ئاستا كېتىپ قالدى. ئالمۇرات ئۇنىڭ قارىسى گۈللۈكلەردىن چىقىپ تا كوچىتلەر ئارا غايىپ بولغۇچە قاراپ تۇرۇپ، چوڭقۇر تىنىپ قويدى. 18 ياشلارغا كىرىپ قالغان ئالمۇرات پەزلىيەنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپلا ياخشى كۆرەتتى. گەرچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشىگە رۇخسەت قىلىنمىسىمۇ، لېكىن باللار ئىچكى جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ئانچە ـ مۇنچە يوشۇرۇن پاراڭلىشىپ، ئۆز كۆڭلىنى ئىندۇرۇپ يۈرۈۋېرەتتى. ئالمۇرات پەزلىيەگە نەچچە يىل ئىشتىيا ساقلاپ كۆزلىگەن رىجىسىگە يېتەلمىدى. قىشتىكى كانكى مۇسابىقىسىدە ئۇ ئىكرامدىن گۇمانلىنىپ مۇشتلىشىپمۇ كۆردى. بىراق، پەزلىيەدىن دەشنام ئىشىتىپ ئۆزىنى لەت قىلىنۇالدى. مانا ئەمدىلىكتە بوستانغا كېلىۋالدى. پەخرۇللا پەيدا بولدى. بۇ توغراقلىق تارىم بالىسىنىڭ دەرسلەرگە ئۇستىلىقى، ئۆزىدىن چوڭ ـ كىچىكلەرگە بولغان مۇئامىلىسى، سىلىق، سالماقلىقى، پەزىلىتى خۇددى 60 ياشلىق ئادەمنى 17 ياشلىق قىلىپ قويغاندەكلا ئىدى. بۇ ئەقىللىق، زېھنىي ئۆتكۈر، تەلەپچان، ئاق كۆڭۈل بالىغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن ئالمۇرات دەرد ـ پىغانىنى ئىچىگە يۇتۇپ سەھنىدىن چېكىندى. ئۇ ھازىر پەزلىيەگە خام تەمەدە بولغان ئەخمەقچىلىقلىرىنى تاشلىدى. ھازىرقىدەك يالغۇز ـ يېرىم ئۇچراپ قالغىنىدا چوڭقۇر خورسىنىپ قويىدۇ، خالاس!

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ قايتىپ كەلگەن پەخرۇللا كىچىك ـ كىچىك ئىككى خالتىنى كۆتۈرگەن ھالدا سىفەن B سىنىپقا كىرىپ كەلدى. بۇ ئىختىيارىي مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى. ئۇ خالتىنىڭ بىرىنى ئىمىنجانغا، يەنە بىرىنى دىلەيسەمگە تۇتقۇزۇپ: «توغراق توقچى، ئاناڭلار ئەۋەتتى» دەپ قويدى.

ئاندىن ئىمىنجانغا گەپ قىلغان بولۇپ، پەزلىيەگە دېمەكچى بولغانلىرىنى دەۋالدى.

— ئۆزۈڭگە ئايان، ئىمىنجان، كىچىك سىڭلىم ئەمىرىنسا دۇنياغا كەلگەندە، — دېدى پەخرۇللا پەزلىيەگە قاراپ قويۇپ، — ئانام قىيىن تۇغۇتتا دوچ كېلىپ، تۆت كۈن قىينالغاندى. ئاشۇ قىيىن تۇغۇتتىن قالغان ئاسارەت — تۇتقاقلىق، بۇ قېتىم ئانامنىڭ جېنىنى ئالغىلى تاس قالدى. شۇڭا، دادام ئۇنى مەكتەپتىن چېكىندۈرۈپ، ئۆيگە ئەپچىقىۋالدى...

— ھازىر قانداقراق؟

— خېلى ياخشى، خىزمەت بېسىمى بولمىغاندىن كېيىن سەل ئازادىلىشىپ قالىدىغان گەپكەن.

پەخرۇللانىڭ بېشىنى چاندۇرماي ئېگىپ، يۇشۇرۇن تەبەسسۇم قىلىشى، پەزلىيەمۇ بادام قاپاقلىرىنى لەپپىدە تاشلاش ئارقىلىق جاۋاب بەردى ـ دە، چىقىپ كېتىۋاتقان پەخرۇللانىڭ ئارقىسىدىن باش كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويىمىدى. گەرچە ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ مۇھەببەتلەشمىگەن بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى غايىۋانە ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا، شۇنچىلىك ئېھتىيات قىلىشاتتى. چۈنكى، مەكتەپنىڭ مۇھەببەتلەشكەن ئوقۇغۇچىلار ئاشكارىلىنىپ قالغان تەقدىردە، يېنىكلىرىگە «چوڭ گۇناھ» بېكىتىش ھەم تەكشۈرۈشنامە يېزىش، ئېغىرلىرىنى مەكتەپتىن ھەيدەشتەك قانۇن ـ تۈزۈملىرى بار ئىدى. شۇڭا سىنىپلار ئارا ۋاسكېتبول، ۋالېبول مۇسابىقىلىرى ياكى ئىمتىھان پائالىيەتلىرى بولغان كۈنلەردە ئۇلارنىڭ «كۆز سالىمى»، «ئۈنسىز سۆھبەت»لىرى، «قېنىقىۋېلىش»، بىر نەچچە ئېغىز «كۆڭۈل سۆز»لىرىنى دەۋېلىش ئۈچۈن پۇرسىتى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇنداق مۇسابىقە، پائالىيەتلەر سىنىپ A بىلەن B سىنىپ ئوتتۇرىسىدا كۆپرەك بولاتتى. ئەمما تولۇق سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئىكرام بىلەن پەرۋىنە خېلىلا تورگۈن باللاردىن

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇلار بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا ئولتۇرغاچقا شۇنداقمۇ ئىشقىلىپ، پۇرسەت تاپسۇن، تاپمىسۇن سىنىپ، كارىدور، ھويلا، باغلاردا ئۇچرىشىپ قالىدىيۇ، بىر نەچچە ئېغىز چاقچاقلىشىپ، قىسقىغىنە «تىللىشىپ» ئالاتتى. بەزىدە باشقىلار گۇمان قىلمىغۇدەك ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپ، سىنىپنى بېشىغا كىيەتتى. قىسقىسى «قىزىل دەۋر»، «قىزىل ۋەزىيەت»تىن قورقۇپ ئولتۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق چىن ۋە تەبىئىي مۇناسىۋىتى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى ھەتتا مەكتەپ رەھبەرلىكىنىمۇ گۇمانغا سالمىدى.

مەكتەپتىكى ئوقۇش ھاياتى بىرخىلدا داۋام ئەتمەكتە! ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك گىمناستىكا، كۈندىلىك دەرس، كەچلىك مۇزاكىرە، ياتاقتىكى مەشغۇلاتلار، ياتاق، مەيدان، سىنىپ تازىلىقىنى تەكشۈرۈش دېگەندەك پائالىيەتلەر بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئالدىراش ئۆتەتتى. بەزىدە پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە ئۇچرىشىپ قالسا، قىزارغان پېتى يەرگە قاراپ ئۆتۈپ كەتسە، بەزىدە ئەتراپىغا ئالاق ـ جالاق قارىغىنىچە، ئەنسىزلىك ئىچىدە بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشاتتى.

بۇنداق ۋەزىيەت مەكتەپ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتى» قۇرۇلغاندىن كېيىن بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى. كەچ كۈز كىرىشى بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىلمىي بۆلۈم بىرلىشىپ، ھەرقايسى سىنىپلاردىن سەنئەت تالانتى بار باللارنى تاللاپ، «1ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتى»نى قۇردى. ئۇنىڭغا پەزىلىيە، پەرۋىنە، ئىكرام، پەخرۇللا، ئىمىنجان، ئاينۇر، دىلەيسەم، ئالمۇرات قاتارلىق 20 دەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلار مەكتەپ كۆلۈبىدا بىر كۈن سىناش ئارقىلىق ئىكرام، پەرۋىنە لەپەر، ئېيتىشىش گۇرۇپپىسىغا، پەيزۇللا، ئىمىنجانلار مۇزىكا گۇرۇپپىسىغا، قالغان قىز ـ ئوغۇللار ئومۇمىي خور ۋە ئۇسسۇلغا ئايرىلدى، ۋىلايەتلىك سەنئەت

ئۆمەكتىن كەلگەن ئىككى ئارتىس ئۇلارغا ھەرخىل نومۇرلارنى ئۆتتى. بۇ سەنئەت ئەترىتى ھەر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ، ئىختىيارىي ھەرىكەت ۋاقتىدا، بەزىدە يەكشەنبە كۈنلىرى نومۇر تەييارلاپ رەپىتىس قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا بىر ـ بىرىنى يۇشۇرۇن ياقتۇرۇپ قالغانلار قانغۇچە مۇڭدىشاتتى. سىردىشاتتى، ئۆزلىرىنى چۈشەندۈرەتتى.

بىرەر ئايدەك مەشىق قىلغان مەكتەپ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتى، نويابىرنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى مەكتەپنىڭ چوڭ كۇلۇبىدا ئويۇن قويۇپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، ئارتىسلارمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. بولۇپمۇ بۇلارنىڭ ئىچىدە «شەرق قىزاردى»، «تاڭ ئاتقاندا» دېگەن ئومۇمخور، ئىكرام بىلەن پەرۋىنە ئورۇندىغان «گۈگۈشىپىمىز گۈل باراقسان» دېگەن لەپەر، شۇنداقلا پەخرۇللانىڭ ئېغىز گارمونى، ئىسكىرىپكىدا ئورۇندىغان بىر قانچە ناخشىلارنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشتى.

مەكتەپ تۈزۈمى بىرخىل رىتىمدا كېتىپ باراتتى. دەرس، مۇزاكىرە، تازىلىق، بۇلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتى ئىدى. دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەردىن ۋالىبول، ۋاسكېتبول، يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرى ئېلىپ بېرىلاتتى. سەنئەت ئەترىتىدىكىلەر ئويۇن تەييارلاش، يېزىلارغا، ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرگە بېرىپ ئويۇن قويۇش قاتارلىقلار مەكتەپنى جانلاندۇرۇۋەتكەندى. پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە مەكتەپتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشاتتى. تەنتەربىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە مۇكاپاتلىنىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ، سەنئەت ئەترىتىدە خېلىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە، ھەتتا كوچا ـ كويلاردىمۇ ئۇلارنى ماختىمايدىغىنى يوق ئىدى.

مەكتەپ سەنئەت ئەترىتىنىڭ سەۋىيىسى كۆتۈرۈلگەنسېرى،

ئۇنىڭ ھۆرمەت ـ ئېتىبارىمۇ شۇنچە بولۇۋاتاتتى. داۋالىنىش ناھىيە، يېزا ـ كەنتلەردىن تەلەپ قىلىپ ھارۋا، تراكتور ئېلىپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا سەنئەت ئەترىتىدىكىلەر ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. ئۇلار بەزىدە كېچىلەپ قايتىپ كېلەتتى. بەك كەچ بولۇپ كەتسە، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ قالاتتى. سەھرالاردىكى بۇنداق ئايدىڭ كېچىلەر پەخرۇللا، پەزىلىيە، ئىكرام، پەرۋىنە ۋە باشقا باللار ئۇچۇن ئۇنتۇلغۇسىز پۇرسەتلەر ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پۈتۈن بوستان قار ئاستىدا قالدى، كۆپكۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بوستان دەرياسى، چەكسىز نەشپۈتزار باغلار، پاكار ـ پاكار ئاۋام ئۆيلىرى، تېلېگراف ئىستولبىلىرى، ھەتتا تېلېگراف سەھنىلىرىغىچە ئاق لىباس يېپىنىپ، تىمتاس ئۇيقۇغا چۆمگەندەك قىلاتتى. نەدىدۇر ئاڭلانغان كۈچۈكنىڭ زىل قاۋىشى، موزاينىڭ مۆڭگۈلۈق مۆرىشى كۆڭۈللەرنى غېرىبسىندۇراتتى. قار باسقان جەنۇب تاشيولىدا ھەرخىل يۈك ئاپتوموبىللىرى ھېلىلا مۆدۈرۈپ يىقىلىدىغاندەك ئىرغاڭلاپ مېڭىشاتتى. ئەمما 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كۇلۇبىدىن ئاڭلىنىۋاتقان داپ ـ دۇتار، راۋاب، ئىسكىرىپكىنىڭ جاراڭلىق ساداسى كىشىگە باھار پەيزىنى ئەسكە سالاتتى.

كۇلۇبتا سەنئەت ئەترىتىدىكى باللار، ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن كەلگەن ئىككى ئارتىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاتتىق رەپىتىس قىلىۋاتاتتى. كۇلۇب ئىچىگە بىرقانچە پارچە گىلەم سېلىنىغان بولۇپ، ھەممىسى پوپايكا، يۇڭ ئىشتان كىيگەن، ئىكرام، ئىمىنجان، سىدىق نۇر، پەزىلىيە، پەرۋىنە، ئاينۇر، دىلەيسەملەر گۇپ ـ گۇپ دەسسەپ ئوينىماقتا ئىدى. مۇزىكا گۇرۇپپىسىدىكى پەخرۇللا، ئالمۇرات، ئەركىن تالىپ، سادىر ئابدۇللا، خانئايلار دۇتار، تەمبۇر، چاڭ، ئىسكىرىپكا، راۋابلار بىلەن مۇزىكا ئورۇنداۋاتاتتى. سەنئەت يېتەكچىسى مۇزىكانتلارغا قول كۆتۈرۈپ، توختاش بەلگىسىنى بەردى:

— مۇزىكانتلار، — سەنئەت يېتەكچىسى ئۇنلۇك ۋارقىرىدى، — مۇزىكا رىتىمىڭلار بىرخىل ئەمەس، سازلار ياخشى تەڭشەلمىگەن، ئاۋاز ئېگىز - پەس، ئاڭلىغىل.

— ئالمۇرات، — دېدى پەخرۇللا پەس ئاۋازدا، — سېنىڭ راۋابىڭ تەڭشەلمىگەندەك تۇرىدۇ.

— پەدە توختىماي، پەقەت سازلىيالمىدىم، سەن تەڭشەپ بەرگىنە.

پەخرۇللا راۋابىنىڭ قۇلىقىغا يىپ يۆگەپ، ئۇنى ھۆللەپ ئاندىن بىردەمدىلا سازلاپ بەردى. ئۇ چالغۇچىلارغا خانىشايىمغىمۇ ئىشارەت قىلىپ:

— خانىشاي، ئەڭ يۇقىرىدىكى بوم ئاۋازنىڭ ئىككىنچىسى بىلەن ئەڭ پەستىكى زىل ئاۋازنى دەرھال تەڭشەڭ، توختاڭ ئۆزۈم قىلىپ بېرەي، — دېدى.

سازلار پەخرۇللانىڭ سازلاپ بېرىشى، پەدىلەرنىڭ يۆتكەپ تەڭشىشى ئارقىسىدا، بىردەمدىلا رەتكە سېلىندى. ئۇلار ئەمدىلا ئۇسسۇلغا چالاي دەپ تۇرۇشى، كۇلۇبنىڭ ئىشكى ئېچىلىپ مەكتەپ مۇدىرى شەمشىدىن ئامان، ئىلمىي مۇدىرى خەيرىدىن مالىك، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردىلار كىرىپ كەلدى - دە، چوڭ چوپۇن مەشنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— ئوقۇغۇچىلار، جاپا چەكتىڭلار، — دېدى شەمشىدىن ئامان قولىنى كۆتۈرۈپ، — سىلەر مەكتىپىمىزنىڭ شان - شۆھرىتىنى كۆتۈرگەن، شەرەپ كەلتۈرگەن ئاۋانگارت قوشۇن. سىلەر ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى شەھەرلەردىلا تەشۋىق قىلىپ قالماي، يېزىلارغىمۇ يۈزلەندىڭلار. بۇ تۆھپەڭلارنى ئانا مەكتىپىڭلار ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئۆلمەس نەتىجە سۈپىتىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ھازىر مەكتىپىمىزنىڭ ئىلمىي مۇدىرى خەيرىدىن مالىك سىلەرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزمەكچى.

ئارتىس باللار «خۇش خەۋەر» دېگەن سۆزدىن جانلىنىپ كەتتى بولغاي، چاۋاك چېلىشتى. خەيرىدىن مالىك گېلىنى

قىرىپ، كانىينى رۇسلىغاندىن كېيىن ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ، ھەممىگە تەكشى قارىدى:

— ئارتىس ۋە ئارتىسكىلىرىمىز، مۇزىكانت سازەندىلىرىمىز، خەيرىدىن مالىك دەبدەبىلىك سۆزلەرنى قوللىنىشقا ئامراق ئىدى، — ئەدەبىيات - سەنئەت مەدەنىيىتىمىزنىڭ گۈل تاجىسىدۇر. مانا شۇ گۈل تاجىدىن شەربەت يىغقۇچىلار نەق سىلەر ئۆزۈڭلار، ئەمما جاپا - مۇشەققەتىڭلار، قىيىنچىلىقىڭلار كۆپ، ۋەزىپىلەر مۇشكۇل بولۇپ، ھېرىپ - چارچايسىلەر. ئىسسىق - سوغۇقلاردا قالىسىلەر... لېكىن مۇدىرىمىز شەمشىدىن ئامان ئېيتقاندەك، تۆھپەڭلار تارىخ بەتلىرىگە ھۆسىن قوشقۇسىدۇر.

خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇۋاتقان ئارتىس ئوقۇغۇچىلار تاققۇ - تۇققۇ مەدھىيىلەردىن بىزار بولدى بولغاي، ئۆز ئارا گۇدۇڭلىشىپ، چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قاياققىدۇر قاراشقا باشلىدى. بۇ ھالدىن ئۆزىنى بىلىۋالغان مۇدىر گەپنىڭ پوسكاللىسىغا چۈشتى:

— ئوقۇغۇچىلار، «دۆڭ ساي» يېزىلىق ھۆكۈمىتى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىۋېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇلار ئادەم ئەۋەتىپ يىغىنىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ كەپتۇ. ئوبدان تەييارلىق قىلىپ، ئويۇننى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

— بۇ قېتىمقى ئويۇن قويۇش سىلەرنىڭ دەم ئېلىش كۈنۈڭلارغا توغرا كېلىپ قالدى، — دېدى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردى، — بۈگۈن شەنبە، چۈشتىن كېيىن دۆڭساي يېزىلىق ھۆكۈمىتى تراكتور ئەۋەتىدۇ، ئېلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى تولۇق ئېلىڭلار. سەنئەت ئەترىتىنىڭ كەسپىي مەسئۇللىرى پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە باللارنىڭ تەشكىل - ئىنتىزام ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ، ئەسمەت قادىر مۇئەللىم ئومۇمىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ. سىلەر

قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەم ئېلىش كۈنۈڭلارنى چىقىرىپ بېرىمىز.

ئەسمەت قادىر مۇئەللىم، پەخرۇللا، پەزلىيەلەر بىلەن يېزا ـ كەنتلەرگە ئائىت نومۇرلارنى تاللاپ، قايتىدىن رەپىتىس ئۆتكۈزدى. ئاڭغىچە دۆڭ ساي ئەۋەتكەن تراكتورمۇ مەكتەپ ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. كوزۇپ ئىچىگە قاتمۇقات كىگىز سېلىنغان بولۇپ، ئەتراپى پاختىلىق بىرېزېنت بىلەن ئورالغانىدى. قاپلىق سازلارنى كۆتۈرگەن باللار ۋارقىرىشىپ، بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ كوزۇپقا چىقىۋاتاتتى. پەردە ـ سەنئەت كىيىملىرى سېلىنغان ساندۇقلارنى ئوغۇل باللار كۆتۈرۈشۈپ، كوزۇپنىڭ ئەپلىك يېرىگە قويدى. يۈز ـ قوللىرىنى روماللىرىدا ئورىغان قىزلار، ياقىلىرىنى ئۆرىدەپ، قولاقچىلىرىنىڭ قۇلاقلىرىنى چۈشۈرگەن ئوغۇل باللار كۆڭلى يېقىن قىزلارنىڭ قوللىرىدىن تارتىپ چىقىرىپ، ياخشى ئورۇنلارنى سايە قىلاتتى، ئىلاج بار ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇش ئۈچۈن سىغدىلىپ كېلەتتى.

تراكتور تا ـ تاتلىغان پېتى قوزغالدى. قىز ـ ئوغۇل ئارتىسلار چۇقان ـ سۈرەنلەر كۆتۈرۈپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار دۆڭ ساينىڭ توپتوز تاشيولىغا چۈشكەندىن كېيىن ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىپ، تراكتورنىڭ داققا ـ دۇققاڭ سىلكىشلىرىنى، ھەربىدەك چېقىۋاتقان سوغۇقنى سەزمەيلا قېلىشتى. پەرۋىنە بىر ناخشا توگىگەن ھامان يەنە بىرىنى باشلاتتى:

— ئۆگىنەيلى لېي فىڭ ئۇلگىسىنى، — پەرۋىنە ئۈنلۈك ئاۋازدا باشلىدى، — بىر ... ئىككى..

ئۆگىنەيلى لېي فېڭ ئۆلگىسىنى،
ئۇ سادىق ئىنقىلاب، پارتىيگە ھەم،
قورالنى مەھكەم تۇتقان قولدا،
دۈشمەننى يانجىپ باسدۇ ئالغا...
باسدۇ ئالغا

«ئۆگىنەيلى لېي فېڭ ئۈلگىسى»نى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن پەرۋىنە باشلىمىسىمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئۆزلىرىلا ئۇلاپ ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇلار «سوتسىيالزم ياخشى»، «ئىشچىلار سىنىپى قاتتىق سۆگەكلىك»، «شەرق قىزاردى»، «گۇڭشېيىم ياپيېشىل ياشىغان پىلەك» قاتارلىق كۆپلىگەن ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئېيتىپ بولغىچە دۆڭ ساي يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىغا كىرىپ بولدى. ئۇلار ئىشخانا مۇدىرى مەھەممەت سەيدىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ياتاقلارغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، نەرسە ـ كېرەك سېلىنغان ساندۇق، گىرىم بۇيۇملىرى، ھەرخىل قاپلىق سازلار ھەم ئورۇندۇقلارنى يېزىلىق ھۆكۈمەت كۇلۇبىنىڭ سەھنىسىگە، گىرىمخانىسىغا يۆتكىدى. ئاندىن گۇڭشېدىكى بىرقانچە ئادەملەر بىلەن سەھنىنى زىننەتلىدى. ئۇلار پەردىلىرىنى تارتىپ بولغىچە سازچى بالىلار سەھنىگە تىزىلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، مەشىقىنى باشلىۋەتتى، ناخشىچىلار ئورۇندىماقچى بولغان ناخشىلىرىنى تامغا قارىتىلىپ ئېيتسا، گىرىمخانىغا كىرىۋالغان ئىكرام بىلەن پەرۋىنە ھەرىكەتسىزلا تېكىستلەرنى پىششىقلايتتى، قىزلارنىڭ كۆپلىرى بىر ـ بىرىگە گىرىم قىلىپ، ئەينەك ئالدىدىن كېتەلمەيتتى.

ئارتىس، مۇزىكانتلار كەچلىك تاماقنى يەپ سەھنىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن كىرىپ بولغۇچە، يېزىلىق ھۆكۈمەت كۇلۇبىدىكى ئۇزۇن ھەم قوپال تاختايلارنى مىخلاپ ياسىغان ئورۇندۇقلار يېزا كادىرلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار خام تاماكىلىرىنى ئوراپ چېكىشۈرگەچكە كۇلۇب ئىچى ئاچچىق ئىسقا تولۇپ كەتكەنىدى. سەھنە ئاستىدىكى ئازغىنە بوشلۇققا كىرىۋالغان سەھرا بالىلىرى پارچە كېسەك، خىش، كونا تاختايلارنى قويۇپ ئولتۇرۇشاتتى، ئۇلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا «باشلىسۇن، باشلىسۇن!» دەپ توۋلاشماقتا ئىدى.

پەردىنى ئېچىپ يېپىشقا مەسئۇل بولغان ئىككى بالا يۇگۇرگىنىچە بېغىررەڭ دۇخاۋا پەردىنى ئىككى تەرەپكە تارتىپ ئېچىۋېتىشى، سەھنىدە پىرامىدا شەكىلدە تىزىلغان ئوغۇل ـ قىز ئارتىسلار ھەيۋەت بىلەن كۆكرەك كېرىپ تۇراتتى. ئالدىغا ئىككى قاتار تىزىلغان قىزلار سۇس ھاۋارەڭ كىرىپ كۆڭلەك ئۇستىگە توق زەڭگەر جىلىتكە كىيگەن بولۇپ، مەيدىسىدە رەڭگارەڭ نەپىس زىننەتلەر يالتىراپ تۇراتتى، ئارقىدىكى بىر رەت ئوغۇللار ئالدى نەقىشلەنگەن سارغۇچ يەكتەك كىيگەنىدى. ئاڭغىچە توزدەك ياسىنىۋالغان گۈزەل پەزلىيە سەھنە ئارقىسىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ھەرقايسى ناھىيە، يېزا، كەنتلەردە ئويۇن قويغاندا ئېلانچىلىق قىلىپ، خېلىلا تەجرىبىلىك بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇ نومۇر ئورۇندىماقچى بولسا، دىلەيسەم ئېلان قىلاتتى. پەزلىيە شۇ تۇرقىدا ھېچ ھودۇقماي ـ تەمتىرىمەي جاراڭلىق ئاھاڭدا ئېلان باشلىدى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، دۆڭ ساي يېزىسىكى ئىنقىلابىي خەلق! ئىنقىلابىي رەھبەرلەر، ئىنقىلابىي كادىرلار! ھازىر بوستان ۋىلايىتى بىرىنچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەنئەت ئەترىتى ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلا يىغىنىغا ئاتىغان سەنئەت نومۇرلىرىمىزنى باشلايمىز! نومۇرىمىزدا خور «ئاتقاندا تاڭ [1]»، دىرىژور دىلەيسەم ئاۋۇت!

دىلەيسەم كۈلۈمسىرەپ، سالام بېرىۋېتىپ، ئارتىس ۋە مۇزىكانتلارغا يۈزلەندى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ بەلگە بېرىشى بىلەن ساز باشلىنىپ ئومۇمخور بىردەك ياڭرىدى:

داھىي ماۋزېدۇڭ قىلغاندا جاكار،
سۈزۈلۈپ بۇلۇت، يۈز ئاچتى ئاسمان.
بېيجىڭغا شۇدەم تىكلەنگەندە تۇغ،
جۇڭگوغا ئېلگە ياغدى شەرەپ ـشان.

---

① ئەلقەم ئەختەمنىڭ «ئاتقاندا تاڭ» دېگەن شېئىرى.

خور يۇقىرى ھاياجان ۋە جەڭگىۋارلىق بىلەن ئېيتىلغاچقىمۇ، كۇلۇب ئىچىدىن گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. خورنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈش نۇقتىسىدا، پەرۋىنە زىل ئاۋازى بىلەن «ئە...ي!» دەپ نەپەس ئاياغلاشقىچە توۋلىشى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئىكرام بوم ئاۋازدا «ئە...ي!» دېگىنىچە ئاۋازىنى ئەڭ يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى. ئۇلار توختىشى بىلەنلا خور گۇرۇپپىسى بىردەك ئاھاڭدا ئۇلىۋەتتى!

ئالتاي ھەم چۆچەك، غولجا ئايلانسۇن،
تەشەككۇر ئېيتىپ كۇلدى دىلدا.

خور ئاخىرلىششى بىلەن دىلەيسەم سەھنىدە پەيدا بولدى. ئۇ سەنئەت كىيىملىرى بىلەن باشقىچىلا چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. مۇزىكانتلار ئىچىدە ئىسكرىپكا چېلىۋاتقان پەخرۇللانىڭ كۆڭلىدىن: ئاتا كەمچىلىكى ئەمەس، لاتا كەمچىلىكى دېگەن گەپ راستكەندە، دېگەن خىيال لىپپىدە قىلىپ ئۆتتى.

— يالغۇز كىشىلىك ناخشا «قىزىل چىراغ» جىڭجۇ تىياتىرىدىن ئارىيە، — دىلەيسەم كۇلۇب ئىچىگە تەكشى قارىدى، — لى تىيمېينىڭ ناخشىسى، ئورۇندىغۇچى پەزىلىيە راخمان.

قىزغىن چاۋاكلار ئىچىدە پەزىلىيە سەھنىگە چىقتى. ئۇ ئۇچىسىغا ئىزمىلىك قىزىل چاپان، كۆك شىم كىيگەن بولۇپ، چاپان، ئىشتانلىرىغا ياماق سېلىنغانىدى. پەزىلىيە كىيگەن كىيىملىرىدىن بەئەينى خەنزۇ قىزغا ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن چىرايىغا قىلىنغان گىرىم، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس گۈزەل لاتاپىتىنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى، ئۇ مۇزىكىنىڭ جىددىي يۈنىلىشىگە ماسلاشتۇرۇپ قاپقارا قاشلىرىنى ھىمىرىپ، چوڭ كۆزلىرىنى كىمگىدۇر نەشتەردەك قاداپ، قول - پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ناخشىسىنى باشلىۋەتتى، ناخشا باشتىن -

ئاخىر خەنزۇچە بولۇپ، ئاخىرقى بىر كۇپلېتىلا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولسىمۇ، تەرجىمىسى ئانچە مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقمىغاندەك قىلاتتى. پەزلىيە سەھنىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ناخشىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بىر كۇپلېت ئۇيغۇرچىسىنى باشلىدى:

دادامنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ،
قادىلىمەن دۈشمەنلەرنىڭ كۆزىگە مىختەك.
مومامنىڭ ھېكايىتى ماڭا مەدەتكار،
ئەجدادلار ئىزىدىن قالمايمەن ئەبەد...

پەزلىيەنىڭ چوڭقۇر تەزىم قىلىشى بىلەنلا، ئىكرام بىلەن پەرۋىنە قايتىدىنلا سەھنىگە ئۇچقاندەك چىقتى-دە، بىر-بىرىنى قوغلاپ، ھەرخىل قىزىقچىلىقلارنى قىلىپ، لەپەرنى باشلىۋەتتى... ئىكرام مەيدىلىرىگە ئۇرۇپ، بىر پۇتىدا تىزلىنىپ، پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن پەرۋىنەگە سۆز تاشلىدى:

كۆكسىمىز گۈل باراقسان، ئۆرگىلەي..
يېزىمىزغا باراملا؟
ئىش - ئەمگەكنىڭ قوينىغا، ئا ... يارەي،
بىللە كەتسەك نېمە دەيلا؟

نۆۋەت پەرۋىنەگە كېلىش بىلەن ئۇ سەھنىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ، ئىكرامغا يۈزلەندى:

پارتىيىمىز چاقىردى، ئۆرگىلەي،
يېزىلارنى گۈللەشكە...
بەللىرى چىدالامدۇ، ئا ... يارەي،
دېھقان بولۇپ كېتىشكە...

پەرۋىنەنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇيۇن كۆرۈۋاتقانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئايدا ـ يىلدا بىرەر قېتىم ئويۇن كۆرۈش پۇرسىتى بولمايدىغان بۇ ئادەملەر ئۈچۈن، بۈگۈنكى ئويۇن ئېيتقۇسىز خۇشاللىق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار سەھنىدە بىرەر نومۇر ئېلان قىلىنسىمۇ، ئارتىسلار سالام قىلىپ چىقىپ كەتسىمۇ قىزغىن ئالقىش سادالار ياڭرىتاتتى. سەنئەت ئەترىتى سەھنىنى سوۋۇتۇپ قويماي، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېيتىشىش، يالغۇز ناخشا، كومېدىيە، ئۇسسۇل، قىزلار خورى قاتارلىقلارنى ئورۇنداپ، دۆڭ ساي خەلقىنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. تېخى پەخرۇللانىڭ يالغۇز كىشىلىك ئىسكىرىپكا، نەي ئورۇنداپ بېرىشى ھەممىنى ھاياجانغا سالدى. تاماشىبىنلار ئۇنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشتى.

ئويۇن ئاخىرلىشىش بىلەن بەزى يېزا ـ كەنت كادىرلىرى سەنئەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىسمەت قادىرنىڭ قولىنى تۇتۇپ «ئۆز كەنتلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان»لىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئارتىسلار ئوغلاق شورپىسىغا نان چىلاپ يەپ، قورساقلىرىنى يومىلىغاندىن كېيىن، يېزا كادىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە قىز ـ ئوغۇللار بويىچە ئىككى ـ ئۈچتىن تەقسىم قىلىندى. پەخرۇللا دېھقان ئۆي ئىگىلىرىگە دېمەيلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئايال كادىرلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، ۋاقىتنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالغان پەزىلىيە، ياتماقچى بولغان دېھقان قورۇسىغا كەلگەندە، ئەتراپىنى سۈرلۈك سۈكۈنات قاپلىغانىدى. خۇددى قورققانغا قوش كۆرۈنگەندەك، ھويلا ئىچى بەك ۋەيرانە بولۇپ، باغ ـ ھويلا تاملىرى ئۆرۈلگەن، دەرۋازىسىمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغانىدى. شۇڭا، كالا ـ قوي، ئېشەكلەر شور تاملاردىن كوچىغا بەخىرامان چىقالايتتى. پەزىلىيە ئۆيگە كىرگەندە، ئېغىر چارچاپ كەتكەن دىلەيسەم بىلەن خانئاي

ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ئايىغىنى سېلىپ، كىيىملىرى بىلەنلا يوتقانغا كىرىشى، قاياقتىندۇر ئېغىز گارمونىنىڭ ئەجەب مۇڭلۇق ئاۋازى خۇددى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. پەزىلىيە بىردە ئۆرلەپ، بىردە كۆچىيىپ كۆڭۈللەرنى ئەپقېچىۋاتقان ئاھاڭنىڭ تېكىستلىرىنى ئىچىدە ھەجىلەپ ئوقۇدى. بۇ ناخشا پەزىلىيەنىڭ ئاپىسى فىدۇتىيەنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىسىنىڭ بىرى ئىدى. كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ئۇنچىدەك ياشلارنى تۇيمىغان پەزىلىيە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ، ئۆتۈكىنى كىيدى ـ دە، ھويلىغا چىقتى. دۆڭ سايىنىڭ رەتمۇ رەت كەتكەن نەشپۈتزارلىقلىرىنى ئاق تۇمان پەردىسى قاپلاپ، قار يېغىۋاتاتتى. بۇنداق چاغلاردا سىرتلارنى ئايلىنىش، چاتقال ـ توقايلىقلار ئارا تىزغىچە قار كېچىپ سەيلە قىلىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى.

پەزىلىيە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، مىسكىن ئېغىز گارمون ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ شور تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، كوچىغا چىقتى. ئاندىن ئالدىدىكى ئاپئاق قارلىق يالاڭلىقتا يالغۇز ئۆرە تۇرغان قارا گەۋدىگە ئاستا يېقىنلاشتى. مۇزىكا مۇڭلىرىغا بېرىلىپ كەتكەن پەخرۇللا بېشىنى سىڭايان قىلىپ، بەدىنىنى گارمون رىتىمىگە ماسلاشتۇرۇپ تەۋرىنىپ چېلىۋاتقاچقا، پەزىلىيەنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى. قىزمۇ مۇزىكا ئاخىرلاشقىچە جىم تۇردى. پەخرۇللا بىر ناخشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەنە بىرگە يۆتكىمەكچى بولۇپ پەزىلىيەنى كۆرۈپ قالدى.

— پەزىلىيە! — پەخرۇللانىڭ ئالەمچە خۇشال بولغانلىقى ئاۋازىدىن بىلىندى، — سىز.. سىز... قانداق بولۇپ...

— مېنى «مېنىڭ ئانام...» دېگەن مۇزىكىڭىز باشلاپ كەلدى.

— «مېنىڭ ئانام؟...»

— شۇنداق، بۇ ئالدىنقى سەپ فرونتقا ماڭغان جەڭچىنىڭ




پويىز ئۆستىدە ئولتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ رومالىنى شامالدا لەپىلدىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان «مېنىڭ ئانام...» دېگەن ناخشىسى.

— بەكمۇ ئېنىق بىلىدىكەنسىز.

— بۇنى ئاپام فىدۇتىيە بايان بىلەن ئېيتىدىغان... دادام ئېگەك تىرەپ ئاڭلايدىغان...

— بىز تۇنجى تونۇشقان چېغىمىزدىمۇ گارمونىنى ئاڭلاپ، بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى بىلەمسىز؟ دەپ سورىغانىدىڭىز.

— ئۇ ۋەتەن ئۇرۇشىدا «بېرىك مارىسكوي» ناملىق پاراخوتتىكى دېڭىزدا غەرق بولغان پارتىزانلارنى سېغىنىپ ئېيتقان ناخشا. ئاپام بۇ ناخشىلارنى بەكمۇ مۇڭلۇق ئېيتاتتى. دادام بەزى چاغلاردا ئاپام فىدۇتىيەنى ئەسلەپ قالامدۇ ـ نېمە، ئاۋازى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، غىڭشىپ ئېيتىپ قويىدۇ. تېخى يوشۇرۇن كۆز يېشى قىلىدىغان چېغى، كۆزلىرى قىزىرىپ قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ.

— شۇنداق، كىتابلاردا«تۇنجى مۇھەببەتنى ئۇنتۇماق تەس، چۈنكى ئۇنىڭ غۇبارسىز، پاك يۈرەككە سالغان دېغى چوڭقۇر بولىدۇ...» دەيدىكەن.

پەزلىيە پەخرۇللانىڭ بۇ سۆزىدىن دىمىققاندەك بولۇپ جىمىپ قالدى. بىراق كېچە بولغاچقا، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكى ھېچكىمگە مەلۇم بولمىدى. 17ـ18 ياشلارغا كىرىپ، بىرى يىگىتلىك قىرانىغا، بىرى رەسىدىلىك بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بۇ ياشلار تۇنجى مۇھەببەتنىڭ شېرىن ئازابىنى چۈشىنەتتى. بۇ گەپنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئۆزى ھەيران قالغان پەخرۇللامۇ نومۇس كۈچىدىن بىرھازا گەپ قىلالماي قالدى.

— پەزلىيە، كەچۈرۈڭ...مەن... مەن...

— ھېچقىسى يوق... بىردەم ماڭايلىمۇ، بۇنداق جىم تۇرساق پۈتىمىز مۇزلاپ كەتكۈدەك.

— يۈرۈڭ.

— ئەمىسە، گارمونىڭىزنى مەن ياخشى كۆرىدىغان، ياق، ئىككىمىز ياخشى كۆرىدىغان ئاھاڭغا چېلىپ مېڭىڭ.

— ئۇنداق بولسا «مەن بىر قىزنى ئۇچراتتىم» غا چالاي.

بۇ قىش زىمىستاندىمۇ كۆڭۈللەرگە باھار ئېلىپ كەلگەن بىردە مىسكىن، بىردە پىغان ھەم نالە بىلەن نىدا قىلىۋاتقان مۇڭلۇق ساداتى، لەپىلدەپ چۈشىۋاتقان قار، ئاق داستىخان يېيىلغان چەكسىز دالا، باشلىرىغا سەللە ئورىغان نەشپۈتزار باغلار، لېچەك ئارتقان موملاردەك تەتۈر سۆگەت تاللىرى، سوكوت ئىچىدە ئاڭلىغاندەك قىلاتتى...

ئاق پوسما، بېغىررەڭ پەلتو كىيىپ، بويىنىغا چاقماقلىق يۇڭ شارپا ئارتىۋالغان پەزلىيە ھاياجان ئىلكىدە لەپىلدەپ چۈشىۋاتقان قارغا تويماي قارايتتى. يۈزلىرىنى تۇتۇپ «ئاھ، نېمىدېگەن ھۆزۈر...» دەپ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭغا ياندىشىپ كېتىۋاتقان پەخرۇللاغا كۆل رەڭ كۆرپە قۇلاقچا، قارا ياقىلىق پالىشوپكا چاپان، بويىنىغا ئىككى قات ئورىۋالغان ئەت رەڭ يۇڭ شارپا شۇنچىلىك يارىشىپ كەتكەندىكى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك بولۇپ قالغانىدى.

— پەزلىيە، — دېدى پەخرۇللا گارمونىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — سىز بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق كېچىلەردە يالغۇز - يېرىم سىرتلارنى ئايلىنىپ باققانمۇ؟

— ياق، دادام بىزنى بەكمۇ قاتتىق باشقۇرىدۇ، — پەزلىيە قوغۇشۇندەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ئاسمانغا قارىدى، — سىڭلىم ئىككىمىز ئارزۇ - نىياز قىلاتتۇق، لېكىن ئارزۇ بىلەن رېئاللىق بىر - بىرىگە باقمايدىكەن.

— مېنىڭچە، ئاتا - ئانىلار بالىلىرىغا ئىشەنمەسلىكتىن، ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى كونا ئەقىدە زەنجىرلىرى بىلەن بوغۇپ قويۇشىدۇ، — پەخرۇللا قار توزۇندىلىرىغا يۈزىنى تۇتقىنىچە سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — بەزى بالىلار شۇنچىلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئېتىقاد بىلەن ياشايدۇكى، ناشايان ئىشلار ئىدىيىسىگە تاشلىنىۋەتسەڭمۇ ساق چىقىپ كېتىدۇ.

— توغرا دەيسىز، پەخرۇللا، بىراق قىسمەن باللار باركى، ئۇلارنى ئەقىدە تورلىرىدا چىرماپ، پەزىلەت نۇرلىرىدا پاكلاپ، ئېتىقاد زەنجىرلىرىدە ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرسىمۇ، ئېشەك تىزىكى دالدا بولىۋېرىدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق باللار قاتارىغا كىرەرمەنمۇ؟ — سورىدى پەخرۇللا ئېھتىيات بىلەن، — ئەگەر جاۋاب بەرگىڭىز كەلمىسە، ھەرگىز زورلىمايمەن.

— مېنىڭچە، سىز ئۇنداق باللار قاتارىغا كىرمەيسىز، — پەزلىيە بىھۇدە ماختىۋېتىشتىن ئېھتىيات قىلدى، — ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن يېتۈك باللار دەۋرىمىزنىڭ گۆھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ.

— دادىڭىزمۇ سىزدەك قارارمۇ؟

— بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ئەمدى، ھەربىي ۋە ساقچىلار ھەممىلا كىشىگە دۈشمەن نەزىرىدە قارايدىغاندەكلا بىلىنىدۇ.

— بۇ سىزنىڭ قارىشىڭىز، بىراق ئۇلار ۋەتەن، خەلقنى قوغدىغۇچى پىداكارلاردۇر.

پەزلىيە بىلەن تونۇشقاندىن بېرى ئىككى ئويلۇق بولۇپ كېلىۋاتقان پەخرۇللا «قىز رازى بولغان تەقدىردىمۇ، پولكوۋنىك راخمانوف رەت قىلارمۇ؟» دېگەن ئەندىشە ئوتىدا كۆيۈۋاتاتتى. بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، ئەلۋەتتە. ھەربىي ئىچىدە قىز چىقارماق، ئوغۇل ئۆيلىمەك ھەربىي تۈزۈم بويىچە بولاتتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي قىياپىتى پاك ۋە ئىنقىلابىي بولۇش، قالپاق كىيگەن، تۈرمىدە ياتقان، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي جازالارغا ئۇچرىمىغان بولۇشى، پرولېتارىيات مەيدانى ئېنىق، كۆز قارىشى روشەن قاتارلىق خىلمۇ خىل شەرتلەرنى تەييارلىشى

كېرەك ئىدى. ھەتتا بەزىدە ئۈچ ئەۋلاد سۈرۈشتە قىلىناتتى. ئەمما ھەربىي ۋە ھەربىي رەھبەرلەر ئىچىدە ئۆزئارا قۇدا بولۇش ئوڭاي بولۇپ، سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ئەلگەكتە ئانچە تاسقىلىپ كەتمەيتتى. شۇڭا پەخرۇللا كەلگۈسى بىر كۈنلەرنى ئويلىسىلا يۈرىكى شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك ئازابلىناتتى. پەخرۇللا ئەگەر راخمانوف راستىنلا تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسا، ساراڭ بولۇپ قالارمەنمۇ دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇ پەزلىيەگە كۆڭلەپ ئەمەس، بەلكى مىنۇت ـ سېكۇنتلاپ ئىچىل ـ ئامراق بولۇپ، ئۇنى كۆرمەي قالغان دەم ئىپلىش كۆڭلىرى شۆبە ھەربىي رايون ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى.

ئۇستۇاشلىرى ئاپئاق قار بولۇپ كەتكەن پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسى ھەم ئۆزلىرى ئولتۇرۇشقان دېھقان ئۆيلىرىنى يىراقتا قالدۇرۇپ، سەگۇ تېرەكلىك ئورماندا ئاستا كېتىۋاتاتتى. پۈتۈن كائىناتنى قاپلاپ يېغىۋاتقان ئاپئاق قار يورۇق تۇمانغا ئايلىنىپ، قىزنىڭ ھۆسن ـ رۇخسارىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كالتە قونچلۇق مېغىزرەڭ ئۆتۈكى قېلىن قارنى غۇچۇرلىتىپ، ئاستا قەدەم ئالاتتى. پەخرۇللانىڭ ئۇنىڭغا قانچە يېقىنلاشقۇسى، ھەتتا ئاپئاق يۇمران قوللىرىنى ئالىقانلىرىغا ئالغۇسى، نازۇك بەللىرىدىن قاماللاپ تۇتقۇسى كېلەتتىيۇ، ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالاتتى.

— پەزلىيە، قوللىرىڭىز مۇزلىدىمۇ؟

— پەلەي ئىچىدە تۇرۇپمۇ مۇزلاپ كەتتى دېسە.

— مەن... مەن ئۇۋۇلاپ ئىسسىتىپ قويايمۇ؟

— راستىما؟— قىز پەلىيىنى سېلىپ ئوڭ قولىنى ئۇزاتتى، — تايلىغىن سىزنىڭمۇ قوللىرىڭىزنىڭ ئىسسىقلىقى چاغلىق.

— ھېلى كۆرۈپ تۇرۇڭە، قانداق ئىسسىتىپ قويىمەنكىن.

پەخرۇللا قىزنىڭ قولىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ،

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ تېز سۈركىلىدى ھەم ئاغزىدا ھوردىدى... دېگەندەك يۇمران ئاپئاق قوللار بىردەمدە ئىسسىدى.

— ۋىيەي، ئاغرىتىۋەتتىڭىز... لېكىن خېلىلا ئىسسىپ قالدى...

قولنى ئىسسىتىپ قويۇش پۇرسىتىدىن خېلىلا جانلانغان پەخرۇللا قىزنى سىلىقىنا قولتۇقلىۋالدى، ئۇلار سەگۇ ئورمانلىقىدىن چىقىشى، ئالدىدىكى كەڭ يالاڭلىقتا ئىككى قارا گەۋدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار تۇرۇپلا قاردا يومىلاقلىشىپ كەتسە، بىرى زىل ئاۋاز چىقىرايتتى، يەنە بىرى بوم ئاۋاز قاقاقلاپ كۈلەتتى.

— ۋۇي بېشىڭنى يەيدىغان ئىكرام دېگەن توڭكاي، قاردا تۇتىجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرەي دەمسەن، خەپ سېنى، پەخرۇللاغا دېمىسەم...

— ياقامدىن بىر كالىلەك قار سېلىۋېتىپ، قورساقلىرىم ھۆل بولۇپ كەتتى.

— ئەجەب ياخشى بوپتۇ، سىزغا چىلىشىپ قالساڭچۇ قوغۇنلۇقنىڭ كىرپىسى.

— قوپۇڭە، ئەمدى كېتەيلى.

— مېنى ھاپاش قىلساڭ كېتىمەن...

ئىكرام پەرۋىنەنى ھاپاش قىلىپ، قاردا يۈگۈرگەچ «ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار خالايىق، مەككىنىڭ يولىدىكى رودۇپاي دۇمبەمگە چاپلىشىۋالدى:.. » دەپ ۋارقىرايتى، پەرۋىنە قاقاقلاپ كۈلگەچ «خېھە، شاۋىچى» دەپ قامچىلىغاننى دورايتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق يىقىلىپ - قوپۇپ، قىرقىراپ - چىرقىراپ، بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى سۆرىگەچ، كەنت تەرەپكە ئۆزاپ كېتىشتى. پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە بىر - بىرىگە جىمجىت قاراپ تۇردى-دە، تۇيۇقسىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالغان پەزلىيە تەڭپۈڭلۈقىنى يوقىتىپ قويدى بولغاي،

سەنتۇرۇلۇپ كەلگەنچە پەخرۇللانىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى. ئۇ ھېلھەم كۇلۇۋەتتى:

— توۋا، ئاۋۇ رودۇپايىنىڭ چاپلىشىۋالغىنىنى...

— ئېشەكچىدەك «خېھە، شاۋىچى» دېگىنى قارا... — پەخرۇللامۇ قىزنى بوشقىنە قۇچاقلىدى، — ئۇلار نېمىدىگەن خۇشال - ھە!

پەزىلىيە قامەتلىك پەخرۇللاغا قايرىلىپ قارىدى. ئېرىگەن قارمۇ ياكى پېشانىسىدىن ئاققان تەرمۇ، ئىشقىلىپ، پەخرۇللانىڭ مەڭزىدە بىر تامچە سۇ تۇراتتى...




ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

## ئالتىنچى باب

# بالاغەت بوسۇغىلىرىدا

يىل ئۆرۈلۈپ، زىمىستان قارا سوغۇقلار تولىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن راۋان بولدى. مارت ئايلىرى ئوتتۇرىلىشىپ قالغان بولسىمۇ، ئەتىسى - ئاخشىمى غول قورۇغىدەك سوغۇق بولاتتى. تۇنجى باھارنىڭ ئىسسىق - سوغۇقى ئالمىشىپ تۇرغاچقىمۇ ھەممىلا ئادەم تۇمۇ بولۇپ كەتكەندەك، چىڭقىلىپ يۆتىلەتتى. كۆزلىرىدىن ياش، بۇرۇنلىرىدىن سۇ قۇيۇلاتتى. گەرچە ۋىلايەتلىك 1- تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالدىن مۇداپىئەلىنىش ئۆكۈلى سېلىنىپ، دورا يېگۈزگەن بولسىمۇ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەڭ يېرىمى دېگۈدەك تۇمۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

«شەرق قىزاردى» ماركىلىق قىپقىزىل تراكتور تا - تاتلىغىنىچە شەھەرگە قاراپ جىددىي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا چېتىلغان كوزۇپتا ئاغزى - بۇرۇنلىرىنى يۆگىۋالغان بىر توپ باللار يۆتىلىپ، چۈشكۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئۇلار ئۇلۇشكۈن قوش تېرەك يېزىسىغا ئويۇن قويۇش ئۈچۈن كەتكەن 1- تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەنئەت ئەترىتىدىكى ئوقۇغۇچى ئارتىسلار ئىدى. ئەسلىدە قوش تېرەكنىڭ بىر قانچە كەنتلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇش پىلانلانغان بولسىمۇ، بىراق كۆپ ئوقۇغۇچىلارغا تۇمۇ تېگىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسمەت قادىر مۇئەللىم ئۇلارنى قايتۇرۇپ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭغانىدى.

تراكتور ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنىڭ ھويلىسىغا كىرىشى بىلەن ئىسمەت قادىر مۇئەللىم تراكتوردىن سەكرەپ چۈشتى-دە، كوزۇپىنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېچىۋەتتى، ئۇ تۇمۇ قاتتىق تەگكەن بىر قانچە قىز - ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى ئاۋايلاپ چۈشۈرۈپ، ساق - باللارغا قارىدى.

— پەخرۇللا، سەن پەزىلىيەنى، پەرۋىنە سىز ئىكرامنى، ئالمۇرات سەن دىلەيسەمنى يۆلەپ، كۆرۈش بۆلۈمىگە ئەكىرىڭلار. ھەي ئىمىنجان، سەن نېمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، ماڭ ئاينۇرنى قولتۇقلىۋال بولمىسا مۇدۇرۇپ يىقىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار بىر قۇر تەكشۈرۈلۈپ، تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ كارىۋاتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ۋاقىتلىق ياتىدىغانلىقى ئۇچۇنمۇ، ياتاقلىرى تاختايلار بىلەن توسۇپ ياسالغان مەجلىسخانىدەك يوغان ئۆيلەر بولۇپ، پەقەت ئاسما ئۇكۇل سېلىش، دورا يېيىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. شۇڭا ئەر - ئايال دېمەي ياتقاچقا، پەزىلىيە بىلەن ئىكرام ئارىلىقلىرى يىراق بولسىمۇ بىر ياتاقتا ئىدى. ئىسمەت قادىر مۇئەللىم دوختۇرخانا ئاشخانىسى بىلەن سۆزلىشىپ، تاماقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاچقا، پەخرۇللا بىلەن پەرۋىنە كەچلىك تاماقنى ئاشخانىدا يەپ، پەزىلىيە بىلەن ئىكرامغا ئېلىپ كىردى.

— پەزىلىيە، شويلا ئېتىپتىكەن، شۇنداق ئوخشاپتۇ، — دېدى پەخرۇللا كارىۋات قىرىدا ئولتۇرۇپ، — كېلىڭ مەن يېگۈزۈپ قوياي.

— قانداق بولىدۇ؟ — پەزىلىيە ئەتراپىتىكى بىمارلارغا قاراپ قويدى، — سەت تۇرماسمۇ؟

— قولىڭىزدا ئاسما ئۇكۇل تۇرسا، قېنى ياستۇققا يۆلىنىڭ.

پەخرۇللا شويلىنى پۇۋلەپ قوشۇقتا ئاز - ئازدىن يېگۈزۈپ، ئىستاكاندىكى چاينىمۇ قوشۇقتا ئىچۈرەتتى، تېخى پات - پاتلا پەزىلىيەنىڭ ئېغىز - ئېڭەكلىرىنى سۈرتۈپ قوياتتى. ئاسما

ئوكۇل سېلىنىۋاتقان باشقا بىمارلارنىڭ بەزىلىرى ئۇخلاپ، بەزىلىرى تاماق يەۋاتاتتى. بۇ چاغدا پەرۋىنەمۇ ئىكرامغا قوشۇقتا شورپىلا يېگۈزگەچ، خۇددى بالىسىنى ئەركىلەتكەندەك، چۈچۈك تىللىرى بىلەن نېمىلەرنىدۇر دەيتتى:

— ئانام.. ئانا... ساقا... ساقام... تېخى پۈۋلىمىسە يېمەيدۇ، ئوماق توڭكىيىم...، — پەرۋىنەنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىگە ھەممە بىمارلار زەن سېلىپ تۇراتتى، — ئاغرىڭىزنى ئېچىڭە قوزام... ھەم... ھوشىيا، ھوشىيا .. قوشۇق كېلىپ بولغىچە ئاغزى يوغان ئېچىلىدىغان ئەقىللىقىم.. ئېقىتما شوم.. قارا شالۋاقلىرىنى ساقىتىپ...

بىمارلار قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، پەزلىيەمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئاغزىدىكىنى پۈرقۈۋەتكىلى تاسلا قالدى. پەخرۇللا ئاغزىنى تۇتقىنىچە تەتۈر قارىۋالدى.

پەزلىيە سىڭلىسىدىن ھەقىقەتەن زوقلىناتتى. «مەن قاچانمۇ ئاشۇنداق تۇرگۇن، ئوچۇق - يورۇق، ئۆز سۆزلۈك، تارتىنىپ - قورۇنۇپ، سولكەت قىلىپ ئولتۇرمايدىغان، تۈز مىجەزلىك بولارمەن...» دەپ ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. بۇنداق دىلكەشلىكنى باشقىلاردىن ئۆگىنىپ، قانغا سىڭدۈرمەك بەسى مۈشكۈل! تەڭرى پەرۋىنەنى ياراتقاندا ئاشۇنداق خىسلەت شەربەتلىرىنى ئۇنىڭ زۇۋۇلىسىغا قېتىپ يۇغۇرۇۋەتكەن ! شۇڭا، ئۇ ياسالمىلىقتىن خالىي چىن ئىنسان، چىن قىز. پەرۋىنە «مەن جاھاندا يەكتا گۈزەلغۇ، نەسەبىم كاتتا، رىزقى - نېسىۋەم كەڭ، باشقىلاردىن ئۈستۈن يارالغانمەن!..»دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن يىراق... «ئۇ باشقىلار ماڭا ئېگىلىشى كېرەك. مېنىڭ ھۆسن - رۇخسارىمنى تاۋاپ قىلسۇن! ئالدىمدا چۈكۈلداپ يېلىنسۇن» دەيدىغان تەكەببۇرلۇقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلمىغان... تەڭرى بۇنداق بەندىلىرىنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئەزىز قىلىدۇ. بۇ ھەقتە دانالىرىمىزمۇ:

قومۇشنى كۆرمىدىڭمۇ باش چىقاردى بورىيا بولدى،
ئۆزۈمنى كۆرمىدىڭمۇ يەردە ياتتى، تۈتىيا بولدى، دەپ بېشارەت بەرگەن.

گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى چۈشۈش بىلەن بىمارلارنىڭ كۆپلىرىنى مۇگدەك بېسىپ ياستۇقىغا قىڭغايدى. پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلىشىپ گېپى تۈگىمەيتتى. ئۇلار باشتىكى كارىۋاتقا قارىغانىدى، پەرۋىنە پاكار ئورۇندۇققا ئولتۇرغىنىچە كارىۋاتقا بېشىنى قويۇپ ياتاتتى. ئىكرام ئۇنىڭ چىلگىدەك يۇمىلاق بېشىنى بوش قولىدا سىلاپ ئۇخلىتىپ قويغاندەك قىلاتتى. پەرۋىنە باياتىن بېرى بەش بوتۇلكا ئاسما ئۇكۇل تۈگىگىچە سېستىرا چاقىرىپ ھېرىپمۇ كەتكەنىدى. ئىكرام ياستۇققا يۆلەنگىنىچە تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. گەرچە ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، تېخى ئۇخلىمىغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن ساقىپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش ئېڭەكلىرىدە توختاپ قالدى.

تارىمنىڭ تىكەنلىك، قۇملۇق، توغراقلىق، قىزارغان يۇلغۇنلۇقلىرىدا قېقىلىپ ــ سوقۇلۇپ چوڭ بولغان بۇ بالا گەرچە قوپال بولغىنى بىلەن باغرى يۇمشاق ئىدى. ئالتە يېشىدا دادىسىدىن ئايرىلىپ قالدى. ياپياش تۇل قالغان ئانىسىنىڭ تاپقىنىغا شۈكۈر ــ قانائەت قىلىپ چوڭ بولدى. ئۇ ئاشۇ غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن بالىلىقىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق! ئانىسى باپكارلىق دوكىنىنىڭ تاقىقىنى بېسىپ يورغىلىتىپ، ئۆزۈلگەن يىپلارنى گەز باغلاپ كەتكەن كالپۇكلىرىدا ھۆللەپ ئۇلاپ، قانچە قانچە يوشۇرۇن ياشلارنى تۆككەن بولغىيدى!؟ ئۇنداق ــ مۇنداق دەپ گەپ يورغىلىتىش نە ھاجەت. ئانىنىڭ نەم كىرپىكلىرى، ئوتقاشتەك قىزارغان مۆلايىم كۆزلىرى، مەڭزىلىرىدىكى ياش داغلىرىنىڭ ئۆزىلا كۇپايىغۇ.. كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان بۇ ئەلەملىك ئالامەتلەردىن كىچىككىنە ئىكرامنىڭ مۇشتۇمدەك

www.uyghurkitap.com

يۈرىكى گويا بېغىچىدىن ئۈزۈلۈپ، قوقاستا پۇچۇلانغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتەتتى. بىئامال ـ بىقۇۋۋەل، بىنەزەر قالغان ئانا، ئۆزى ئاچ ـ توق قالسىمۇ ئىككى بالىسىغا قىسىنىپ، گېلىدىن بىر نېمە ئۆتمەيتتى. ھەي.. پەلەك! قانداق قىلسۇن؟ كۈنلىرى بىر ئۈندە، بىر تۈندە ئۆتۈۋاتقاندەك بۇ بىچارە ئانا بالىلىرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ تاتلىقنا ئەركىلىتىپ باقمىنىنى ئەسكە ئالالمايدۇ! ئەدناسى، «ئاغزىڭنى ئاچقىنە بالام» دەپ بىر قوۋۇز، يېرىم قوۋۇز لوقمىنى قولى، ئاغزى ياكى قوشۇق بىلەن تەڭلىگەنلىرى بولۇپمۇ باقمانمىدى؟! مانا پەرۋىنەنىڭ: «ئانام.. ساقام، ساقام.. تېخى پۈۋلىمىسە يېمەيدۇ، ئوماق توڭكىيىم.. ئاغزىڭىزنى ئېچىڭە قوزام...» دېگەن ئەركىلەتمە سۆزلىرى مەيلى ئامراقلىق قىلىپ ياكى زوقى كېلىپ ھەتتا ھەزىل قىلىپ دېگەن تەقدىردىمۇ، بەربىر ئىكرامىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. يېتىمچىلىك قارا كۈنلەر كۆز ئالدىنى باستى... ھەي دەرىخا، ئالدىدا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان مۇشۇ ئوچۇق چىراي، تۇمۇچۇقنىڭ بالىسىدەك ئوماق كىچىككىنە قىز، ئىكرامىنىڭ ئۆزۈن يىللىق كۆڭۈل زېدىلىرىنى، يۈرەك داغلىرىنى يۇيۇۋەتتى. ئىكرام نېمە ئۈچۈن يىغلىمىسۇن، ئۇ خۇداغا ھەمدۇ سانا ئوقۇپ يىغلىدى.. قۇرۇپ قالغان قەلب باغلىرىنى گۈل ـ چېچەككە پۈركىگەن، ھاياتىغا يېڭى باھار ئېلىپ كەلگەن پەرۋىنە ئۈچۈن يىغلىدى...

كارىۋاتتىكى يوتقانغا جەينەكلىرىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان پەرۋىنە ئويغىنىپلا بېشىدىكى ئىكرامىنىڭ چوڭ ئالىقانلىرىنى كۆردى ھەم ئۆيىلىپقىنا قولىنى پەسكە چۈشۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى:

— ۋىيەي، ئىكرام كىرپىنىڭ ئالىقانلىرىدا سېھرىي كۈچ بارمۇ ـ نېمە؟ بېشىمنى سىلاپ قويغانغا ئۇخلاپ قاپتىمەن دېسە.

پەزلىيە بىلەن ئىكرامغا بەلگىلەنگەن بىر كۈنلۈك ئوكۇل

تۇگىگەنىدى. شۇڭا ئىكرام بىلەن پەرۋىنە پەزلىيەنىڭ كارىۋىتىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ھەدىسىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

— پەرۋىنە، قوش تېرەكتە ئىككى كۈن ئويۇن قويۇپ چارچاپ كەتتىڭىز، — دېدى پەخرۇللا ئاستاغىنە، — شۇڭا، مەكتەپكە كېتىپ ئارام ئېلىڭ. ئىكرام بىلەن پەزلىيەگە مەن قارايمەن.

— ئىككىڭلار كېتىڭلار، — پەزلىيەنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى، — ھېلىمۇ بۇگۈن بىر كۈن جاپا چەكتىڭلار، بىز قوپالمىغۇدەك كېسەل بولمىغاندىن كېيىن، كېچىچە قاراشنىڭ ھاجىتى يوق، قانداق دېدىم، ئىكرام؟

— پەزلىيە توغرا دەيدۇ، — ئىكرام باش لىڭشىتتى، — مەكتەپكە بېرىپ قېنىپ ئۇخلىۋېلىڭلار، قوش تېرەكتە ئويۇن قويىمىز دەپ ئىككى كۈن قانغۇدەك ئارام ئالمىدۇق.

پەخرۇللا بىلەن پەرۋىنە قايتىپ كېتىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار ھەر قېتىملىق ئاسما ئوكۇل تۈگىگەندە سېستىرالارنى چاقىرىپ كېلەتتى. ئەتىگەنلىك تامىقىنى يېگۈزۈپ، قايناق سۇنى پۇۋلەپ دورا ئىچۈرەتتى. ئاسما ئوكۇلنىڭ ئۈچىنچىسىنى ئالماشتۇرغاندا، بالنىستىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، ياتاقتا پولكوۋنىك راخمانوف كىرىپ كەلدى.

— دادام، — پەزلىيە بېشىنى كۆتۈرۈشى، پەخرۇللامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم قىلغاندەك قول باغلاپ ئېگىشىپ تۇردى، ئۇ ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، ھەربىي فورما بىلەن سۇرلۇك كۆرۈنۈپ تۇرغان 40 ياشلار چامىسىكى قاش - قاپاقلىرى تۇرۇلگەن پولكوۋنىكقا ئېيمىنىپكىنە قاراپ قويدى،

— دادا، كېپقاپسىزغۇ؟

— مەكتەپىڭلارغا تېلېفون بەرسەم، سىلەرنى مەشەدە دېدى، — راخمانوف پەخرۇللاغا تىكىلىپ قارىدى، — ھەم، بۇ بالا ساۋاقداشىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، قوش تېرەككە ئويۇن قويغىلى بارغان، مۇئەللىم

ماڭا قاراشقا مەسئۇل قىلىپ قويدى.

— دادا، — پەرۋىنە يۈگۈرۈپ كەلگەنچە راخمانوفنى قۇچاقلىدى، — سىزمۇ كەلدىڭىزما؟

— سىز نېمە ئىش قىلىسىز بۇ يەردە؟

— ساۋاقدىشىم ئىكرامغا قارايمەن.

— نېمە سىزمۇ كېسەل بېقىۋاتامسىز، — راخمانوف ئارقىسىدا يەر بېقىپ تۇرغان ئىكرامغا ئالىيىپ قاراپ قويدى، — سىلەرنىڭ مۇئەللىملار غەلىتىكىنا، قىز بىمارلارغا ئوغۇللارنى، ئوغۇل بىمارلارغا قىزلارنى قاراشقا قويىدىكەن.

— دادا... — پەزلىيەنىڭ چىرايلىق قاشلىرى تۈرۈلدى، — ئىلمىيراق گەپ قىلە...

— ھە، بولدى، بولدى... بۇ يەردىن قاچان چىقىپ كېتىسىلەر؟

— ئۈچ كۈنلۈك ئاسما ئوكۇل يېزىپ بەرگەن، ئەتە تۈگەيدۇ.

— ئەمىسە، مەن ئەتە شوپۇرنى ئەۋەتىمەن، ئىككىڭلارنى ئېلىپ كەتسۇن.

— ئەتە كۈنگە پەيشەنبە تۇرسا، — پەرۋىنە ئەركىلىدى، — شەنبە قويۇپ بەرگەندە بارايلى، ئىككى كۈنلۈك دەرستىن قالساق قانداق بولىدۇ؟

راخمانوف چىقىپ كېتىدىغان چېغىدا، پەخرۇللا بىلەن ئىكرامغا يەنە بىر قېتىم ئالىيىپ قويدى. بۇ ئېغىر قاراش، ئىككى بالىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئاچا - سىڭىللارنىڭمۇ يۈرىكىنى سىرقىرىتىۋەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى ئىكرام پەرۋىنەگە، — دادىڭىز ئەجەب سۈرلۈك ئادەمكىنا. قورققىنىمدىن...

— ئىشتانغا چىقىرىۋەتمىگەنسىز؟

پەرۋىنەنىڭ بۇ سۆزىدىن پەزلىيە ۋە پەخرۇللامۇ كۈلۈۋەتتى.

— دادام دېگەن بىردەك ئارتىس ياكى ئوقۇغۇچى ئەمەس، —

دېدى پەزىلىيە تەمكىن ھالدا، — ئۇ دېگەن ھەربىي، ھەربىينىڭ ئۆنچىلىك سىرى، ھەيۋىتى بولمىسا بولامدۇ؟ لېكىن تۇرغۇن ھالقىلىق پەيتلەردە ئىنتايىن ئىلمىي ھەم تەمكىن.

پەزىلىيەنىڭ بۇ سۆزىدىن پەخرۇللا بىلەن ئىكرامنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى. ئەتىسى سېلىشقا تېگىشلىك ئاسما ئۇكۇل ئاياغلاشقان ھامان، ئۇلار مەكتىپىگە قايتىپ كېتىشتى. ئىسمەت قادىر مۇئەللىم پەخرۇللا، ئىكرام، پەزىلىيە، پەرۋىنەلەرنى ئىشخانىغا ئەكىرىپ چاي قۇيۇپ بەردى.

— سىلەر ھازىردىن تارتىپ ئائىلەڭلەردە دەم ئېلىڭلار، — دېدى ئىسمەت قادىر پەخرۇللانىڭ دۈمبىسىگە پەپىلەپ، — بۇ ئىلمىي بۆلۈمنىڭ قارارى.

— ئىلمىي بۆلۈمنىڭ؟— پەزىلىيە ھەيران بولۇپ سورىدى، — نېمىشقا ئەمدى؟

— يېزىلاردا ئۆيۈن قويۇپ، بىرنەچچە قېتىملىق دەم ئېلىشلار ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن يەكشەنبە كەچكىچە چوقۇم كېلىپ بولىسىلەر، دۈشەنبىدىن تارتىپ ئۆيۈن تەييارلايمىز.

— يەنە يېزىلارغا چىقىدىكەنمىز دە، — دېدى پەرۋىنە ھاياجانلىنىپ، — قايسى يېزىكەن؟

— يېزا ئەمەس، — ئىسمەت قادىر دەرھاللا جاۋاب بەردى، — بوستان شۆبە ھەربىي رايونغا بېرىپ ئۆيۈن قويىدىكەنمىز.

— ھەربىي رايوندا؟ — پەزىلىيە دەرھاللا پەخرۇللاغا قارىدى، — بۇ... بۇ مەكتەپنىڭ قارارىمۇ؟

— سەنئەت ئەترىتىمىزنىڭ نامىنى سىل چاغلىماڭ، — ئىسمەت قادىر پەخىرلەنگەن ھالدا قوشۇپ قويدى، — ھازىر ۋىلايەت بويىچە گۈڭشې، زاۋۇت، كان ـ كارخانىلارمۇ تەلەپ قىلىشۋاتىدۇ. بۇ قېتىم شۆبە ھەربىي رايوندىكى ئىككى باشلىق كېلىپ تەلەپ قىلدى.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ھەدە ـ سىڭىللار بىلەن خوشلىشىپ، توغراق ناھىيىسىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق سودا كوپىراتىپى خام مال تارقىتىش پونكىتىغا باردى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە توغراق ناھىيە كوپىراتىپىغا يۆتكەيدىغان ئىككى ماشىنا خىمىيىۋى ئوغۇت بار ئىدى. پونكىت باشلىقى پەخرۇللا بىلەن ئىكرامنى تونۇغاچقىمۇ، كوپىراتىپنىڭ ئۆز ئادەملىرى دەپ بىلەتتى. تېخى ناھىيىدىن ھەر قېتىم خام مال يۆتكىگەندە مۇزەپپەر ئاكىنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى.

ئوغۇت خالتىلىرىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان ئىككى دوست، قېلىن كىيىملەرگە ئورۇنۇپ، قۇلاقچىلىرىنى چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان بولسىمۇ، ماشىنا تېز ماڭغانسېرى سوغۇق شامالدا تىترەشكە باشلىدى. توغراق ناھىيىسى ئەسلىدە بىر سائەتلىك يول بولسىمۇ، لېكىن تاشيوللار ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، بىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا يېتىپ باراتتى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ناھىيە بازىرىغا كىرمەيلا چىلانلىق مەھەللىسىدە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار خوشلىشىپ ئۆز ئۆيلىرىگە ئايرىلىشتى. پەخرۇللانىڭ ئۆيى يول ئۈستىدىلا بولغاچقا، دەرۋازىدىن كىردى، دادىسى مۇزەپپەر بىلەن سىڭلىسى ئەمىرنىسا كالا ئېغىلىدىن قىغ چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ ئۇچقاندەك بېرىپ، دادىسىنىڭ قولىدىن ئارىنى ئالدى.

— دادا، مەن كەلگەندە قىلىمەن ئەمەسمۇ.

— سېنى كېلىدۇ، دەپ كالىلار چىلىگە چىلىشىپ قالسۇنمۇ، — مۇزەپپەر ئۆتۈكىنى تازىلاپ سىرتقا چىقتى، — بۇ چاغقىچە سىڭلىڭ ئەمىرنىسا كۈچىنىڭ يېتىشچە قىلىپ كەلدى. سەن بولساڭ قىشلىق تەتىلدىمۇ قۇيرۇقۇڭنى تۇتقۇزمىدىڭ.

— زاۋۇت، يېزىلاردا ئويۇن قويغان تۇرساق، ئۆزۈڭمۇ «مەكتەپ تەشكىللىنىڭ ئىشىكەن، قاتناشقىن» دېگەن تۇرساڭ.

— بولدى، بولدى، ئاناڭ بىلەن كۆرۈشۈپ چىق، ئاندىن ئېغىلنى تازىلىۋەت.

— ئاكا، — دېدى ئەمىرنىسا ساددىلىق بىلەن— سەن... سەن بىر قوماندانىنىڭ قىزى بىلەن ياخشى ئۆتەمسەن؟

— ساڭا كىم شۇنداق دېدى، — پەخرۇللا ئالدىدا كېتىۋاتقان دادىسىغا قاراپ قويدى، — قاملاشمىغان.

— خانئاي، دىلەيسەم ئاچاملار شۇنداق دەپ بەردىغۇ.

— ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، — دادىسىدىن ئەنسىرىگەن پەخرۇللا گېپىنى يۆتكىدى، — ئوقۇشلىرىڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ، قولۇڭغا تاياق ئېلىپ، بالىلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ ماڭمىغانسەن؟

— مەن ئۇنداق دۆت ئەمەس، — ئەمىرنىسا دومسايدى، — ئانام بىلەن داداممۇ بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن قېلىشىمغا ھەرگىز يول قويمايدۇ.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە، ھەلىمىخان مەشنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئۆچكە تېرىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغلىنىغا ۋاللىدە قاراپ قويۇپ كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈردى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ سەل كۆتۈرۈلۈپ قالغان قورسىقى، مەڭزىدىكى قوڭۇرداغ ھەم كۆزلىرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ قېلىشىدىن ئۇنىڭ ئېغىر ئاياغ ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. تېخى 40 ياشقا كىرمىگەن بۇ ئايال، قوڭۇرئاي چاغلىرىدىكى ھۆسىن ـ رۇخسارىدىن ئانچىمۇ يىراقلىشىپ كەتمىگەنىدى. ھېلىھەم چاچلىرى قۇندۇزدەك ئىدى. ئۇزۇن كىرپىكلىك شەھلا كۆزلىرىدىن يەنىلا نۇر ـ چېقىنلار چېقىپ تۇرغان، قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك قارا قاشلىرى ھىمىرىلگەن، قىرلىق بۇرۇنلىرى يالتىراپ تۇرغان، لاتاپەتلىك ئايال ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇن كەتكەنلىكى راست، بۇرۇنقى ھال رەڭ لەۋلىر قانسىرىغان، مەڭزىدىكى ئاناردەك قىزىللار تاتارغان، ياشلىقتىكى چاپچىپ تۇرغان خۇلق، شوخلۇق مىجەز نەلەرگىدۇر





غايىب بولغان، ئۇ شۇ تۇرقىدىمۇ ئۆز بويلۇق بولۇپ قالغان ئوغلىدىن سەل قورۇندى بولغاي، كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، چىرايىغا تەمكىنلىك، ھەربىر ئىگە ئېغىر - بېسىقلىق سۆزلىرىگە روشەنلىك تۈسىنى بەردى.

— بالام، ئاچاڭ پەخىرنىسا بىر بالىلىق بولۇپلا، ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئارانلا چىقىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى 12 ياشلىق سىڭلىڭ ئەمىرنىسا بىلەن داداڭغا يۈكلەندى. سەن بولساڭ بىرەر ئايدا بىر قېتىم كېلىسەن. قىشلىق تەتىلدىغۇ يەرگە قونغان چاڭدەك غايىب بولدۇڭ. ئەمدى ئەڭ بولمىسا ئۆينىڭ يېقىلغۇسىنىڭ ھۆددىسىدىن بولسىمۇ چىق، كۈزدە جاڭگالدىن ئىككى قېتىم ئاچىققان ئوتۇنۇڭنىڭمۇ قۇيرۇقى ئۈزۈلدى.

— بولىدۇ ئانا، بۇ قېتىمقى كېلىشىمدىكى سەۋەبىمۇ ئېزىتقۇقۇم جاڭگاللىقىدىن ئوتۇن ئەكېلىش، ئاندىن كالا - قوي قوتانلىرىنى ئادالاش، ماللارغا بىرەر ئاي يەتكۈدەك يەم - خەشەك تەييارلاش.

— شۇنداق قىل بالام، ئوغۇل بالا دېگەن ئۆينىڭ ئالتۇن قوزۇقى.

— بالام، — دېدى مۇزەپپەر ئېغىر تەلەپپۇزدا، — ئاناڭنى خىزمەتتىن چېكىندۈرۈپ ئەچىقىۋالغاندىن بېرى، سالامەتلىكى خېلىلا ئەسلىگە كېلىپ قالدى. بىراق يەنىلا كالا ساغىمەن، ماللارغا قارايمەن دەپ چارچاپ قېلىۋاتىدۇ. سىڭلىڭ بولسا ئوقۇيدۇ. مەن بولسام سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىشىم چېچىمدىن تولا، شۇڭا قويدىن بىر - ئىككىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى كالا - توپاقلار بىلەن قوشۇپ سېتىۋېتەيلىمىكىن دەيمەن.

— دادا، ئانامغا سۈت - قايماق بولمىسا بولمايدۇ، — پەخرۇللا ئانىسىغا قاراپ قويدى، — شۇڭا ئىككى توپاق بىلەن

يەتتە ـ سەككىز قوينى سېتىۋەتسەك مال بېسىمى بىر ئاز يېنىكلەيدۇ.

— پەخرۇللا توغرا دەيدۇ، — ھەلىمىخان ئېغىر نەزەردە ئېرىگە قاراپ قويدى، — ئازغىنە مالنىڭ ھۆددىسىدىن ئەمىر نىسامۇ چىقالايدۇ.

— توغرا، — مۇزەپپەر بېشىنى لىڭشىتتى، — ئاز مالنىڭ يەيدىغىنى ئاز، چىقىرىدىغىنىمۇ ئاز بولىدۇ.

پەخرۇللا دادىسىنىڭ ئېغىل تازىلىغاندا كىيىدىغان رېزىنكە ئۆتۈكىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن قوي قوتانلىرىدىكى دەسسىلىپ كۆنجۈرەدەك بولۇپ كەتكەن قىغلارنى تۆمۈر ئارا، تۆمۈر كۈرەكلەردە ئاجرىتىپ سىرتقا ئاتتى. ئاندىن قوي قوتىنىغا سېرىق سامان چېچىپ، قويلارنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداپ بەردى. ئۇ ئەمدىلا كالا ئېغىلىنىڭ غارىلىنى ئېچىپ تۇرۇشى، ئىكرام كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن خۇشال ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ساڭا نېمە بولدى. چىرايىڭ تۇتۇلۇپلا كېتىپتۇغۇ، — دېدى پەخرۇللا قولىغا تۇكۇرۇپ، — گۆھەرخان ئانامنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ؟

— ئانامنىڭ بەل ئاغرىقى قوزغىلىپ، ئۈچ كۈن بوپتۇ ئۇخلىيالمىغىلى.

— ئەمىسە، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى.

— ئانام ئۇنىمايۋاتىدۇ.

— نېمىشقا؟

— «دوختۇرنىڭ دورىسى ئاغرىقنى دەرھاللا توختاتقاندەك قىلغىنى بىلەن يېنىسىلا ئاغرىيدىكەن. تېخى مېيدەمنى ئاغرىتىۋەتتى» دەپ زادىلا ئۇنىمىدى.

— ئەمىسە، قانداق قىلماقچىسەن؟

— ئېزىتقۇقۇم جاڭگاللىقىغا كىرمىسەم بولمىدى.

ئېشەكقوموْشى، قارا ئەمەن، قوڭغۇراقتىكەن تېپىپ كېلىمەي دەيمەن،

— ئالدىنقى يىلى، بولتۇرمۇ شۇنداق قىلدىڭ، ئۇنۇمى بولدىمۇ؟

— ئېشەكقوموْشى، قارا ئەمەن، قوڭغۇراقتىكەنگە، جىگدە قوۋزىقى، ئازراق قارىمۇچ ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، ئۇنى ئاز - ئازدىن ئىچسە، يەنە يۇيۇنسا بەك پايدا قىلىدىكەن. بىر قېتىم قىلساق بەش - ئالتە ئايغىچە ئاغرىقنى يوقلا قىلىۋېتىدىكەن.

— يائاللا، ئىكرام، گۆھەرخان ئانام ئۈچۈن قىلمىغان زىمانىڭ قالمىدى - ھە! بولۇپمۇ، ئېشەكقوموْشى بىلەن قارا ئەمەن تاپىمەن دەپ، جاڭگالدا كۆرمىگەن كۈنۈڭ قالمىدى، بالىلىقنى يەتكۈزدۈڭ جۇمۇ.

— ئەتە مەن بىللە بېرىشىپ بېرەلەمسەن؟

— خاپا بولما، ۋاقتىم يوق.

— ۋاي - ۋۇي، مەن.. مەن يالغۇز كىرەمدىم. زادى نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟

— ئەتە جاڭگالغا ئوتۇنغا كىرمەكچىدىم.

— ما گادايىنىڭ ئەسكىلىكىنى، — ئىكرام بەك خۇش بولغاندىلا پەخرۇللانىڭ لەقىمىنى ئاتايتتى، — بالدۇرراق دېسەڭ بولمامدۇ.

— بۈگۈن كېچىدە ئېشەكنى ئوبدان تويغۇزۇپ، سۇغىرىپ تەييارلىغىن، بۇرۇنقىدەك قاق پودا ماڭمىز.

كىچىككىدىن تارتىپلا ئېزىتقۇقۇم جاڭگاللىقى، ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقى، يۇلغۇنلۇقلاردىن ئوتۇن يىغىپ، تارىم دەرياسى ۋە ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان تارماقلىرىدىن ياغاچ نەيزىدە بېلىق تۇتۇپ، لاي سۇلاردا چۆمۈلۈپ چوڭ بولغان بۇ باللار، جاپا - مۇشەققەت، ھالاۋەتنىمۇ بىللە بولاتتى. سەپەرلەردە كۆڭۈلگە تالىق سىرلىرىنى ئېيتىشىپ، شېرىن، قىرتاق ھېس - تۇيغۇلارغا

چۈمۈلەتتى. ئۇلار بويىغا يېتىپ بۇرنى كۆپكەنسېرى، دېيىشىدىغان گەپلىرىمۇ، مۇڭدىشىدىغان مۇڭلىرىمۇ تولىلاپ كەتتى.

قاراڭ مۇشۇنداق، تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئىككى ھارۋا ئىزىنى قۇقۇم جاڭگاللىقىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئېشەكلەر يەر پۇراپ، ئۆزى ماڭغان كونا يوللارنى تونۇغانىدەك پات ـ پات پۇشقۇرۇپ قويىدۇ. ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ شوتا بالدىقىغا باغلاپ قويغان ئىكرامنىڭ ئېشىكى، باياتىن بېرى مۇڭلۇق تۈگمەيۋاتقان پەخرۇللا بىلەن ئۆز ئىگىسىنىڭ سىرى ـ ئەسىرالىرىنى ئاڭلىماقچى بولغاندەك ئالدىراپ كېلىۋاتىدۇ.

ـــ پەخرۇللا، ھېلىقى قوماندانىنىڭ..

ـــ پولكوۋنىك دېگىنە.

ـــ ھە، ئاشۇ پولكوۋنىكنى كۆردۈڭ، قاپىقى يامان ئادەمدەك قىلىدۇ، ـــ دېدى ئىكرام ئەنسىرىگەن ئەلپازدا، ـــ بىزدەك سەھرالىقلارنى «پوش»دېمەيدىغان ئوخشايدۇ.

ـــ ئۇنىڭ « سىلەرنىڭ مۇئەللىمىڭلار غەلىتىكىنا، قىزلارغا ئوغۇللارنى، ئوغۇللارغا قىزلارنى قاراشقا قويىدىغان» دېگەن گېپى خۇددى سىڭمەي تۇرۇۋالغان لوقمىدەك، مېنى بىر قىسمىلا قىلىپ قويىدى دېسە.

ـــ ئۇنىڭ چىرايىدىن، ـــ ئىكرام ئاستاغىنە پىچىرلىدى، ـــ ئاچچىقى كەلگەنلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ. بىر كۈنلەر كېلىپ، ئىككىمىزنى ئوڭدا قويمىسىلا بولاتتىغۇ. ئۇ چاغدا چوققىمىزنى چېشلىسەك قاتتىق، كۆتىمىزنى چېشلىسەك سېسىق.. راسا بىر دەردتە قالارمىزمىكىن.

ـــ ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ـــ پەخرۇللا ئېشىكىنى «خىتە» دەپ ياغاچتا نوقۇپ قويىدى، ـــ ئىككىمىز راسا ئىگىمىز ئوقۇرغا ئېسىلىۋالدۇق. لېكىن قىزلارنىڭ بىزگە ئېجىل ـ ئامراق بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز بەزلەپ

كېلىۋاتىمىز.

— ئەگەر قىزلار دادىسىنىڭ ئالقىنىدىن ئاجراپ چىققالماي قالسىچۇ، — ئىكرامنىڭ يۈرىكى ئېغىپلا تۇراتتى، — ئۇ چاغدا مەن قانداقمۇ چىدارمەن؟

— مەن بوينۇمغا ئارغامچىنى سىرتماق قىلىپ ئېسىلىپ، بېلىمنى كۆلىدا باغلاپ، — دېدى پەخرۇللا ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇققا قاراپ، — شۆبە ھەربىي رايون دەرۋازىسىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىچە ئولتۇرىمەن.

— مەن ئۇنداق قىلمايمەن، — ئىكرام خورسىنىپ قويدى، — پەرۋىنەنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، پولكوۋنىكنىڭ قېشىغا ئەكىرىمەن، تىزلىنىپ تۇرۇپ: «دادا، پەرۋىنەنى خۇدا يولىدا ماڭا بېرىڭ، بولمىسا مېنى مەشەدىلا ئېتىۋېتىڭ» دەپ كۆكرىكىمنى تۇتۇپ بېرىمەن.

— ئاچچىقىم كەلسە، — پەخرۇللا دىمىغىنى قاقتى، — پەزىلىيەنى ئەپقېچىپ، تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىمەن.

— مەن بىر قىزنى دەپ يالغۇز ئانامنى تاشلىيالمايمەن، — ئىكرام ئېغىر تىنندى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بەك ئۇۋالچىلىققا قالىدۇ، ئەل - جامائەت ئالدىدا يۈزى تۆكۈلىدۇ.

— بۇلارنى ئويلىساڭ بەختسىز بولۇپ قالىسەن، ئۇقتۇڭما؟

— پەرۋىنەنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىكى، ئۆز نەپسىم ئۈچۈن باشقىلارنى ئازابلاشنى، نادامەت ئوتىدا كۆيدۈرۈشنى خالىمايمەن.

— مۇھەببەت دېگەن شەپقەتسىز بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئازابىنى ئويلىغان ئادەم ياخشى كۆرۈشتىن ئېغىز ئاچمىسىمۇ بولىدۇ.

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، پەزىلىيە ئۈچۈن ئاتا - ئاناڭ، قېرىنداشلىرىڭدىن كېچەلەمسەن؟

پەخرۇللا ئۈندىمىدى. چۈنكى، بۇ سوئالغا «شەپقەتسىز بولىدۇ»، «باشقىلارنىڭ ئازابىنى ئويلىغان ئادەم» دېگەن سۆزلىرى بىلەنلا جاۋاب بېرىپ بولغانىدى. چۈنكى، ئۇ «پەزلىيەنى ئېلىشتا ۋاستە تاللىمايمەن» دېگەن ئەھدىسىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كېلىۋاتاتتى.

— ئىكرام، كۆيۈك يۇلغۇن جىلغىسىغا يېتىپ كەلدۇق، — پەخرۇللا هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى، — سەن كەكىدە توققۇز — ئون تال يۇلغۇن تاياقلىرىنى كېسىۋېلىپ ماڭغان يولۇڭغا سانجىپ قوي، بولمىسا يولدىن ئېزىپ قالىسەن.

— ئۇقتۇم، سەن ئىككى هارۋىلىق ئوتۇننى يىغىپ بولغىچە، جاپا چېكىدىغان بولدۇڭ.

— جاپالارغا كۆنۈققۇ بىز، ئىكرام. يولۇڭغا مېڭىۋەر... تېزراق بول، — دېدى پەخرۇللا ئېشەكلەرنى هارۋىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، — قارا ئەمەن بىلەن قوڭغۇراقتىكەننىڭغۇ تاپارسەن، لېكىن ئېشەككومۇشنى تېپىش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس.

ئىكرام شاخ چاتايدىغان تىۋەززۇن ① بىلەن يۇلغۇن تاياقلىرىدىن بىر قولتۇق چاتاپ ئالغاندىن كېيىن، خۇرجۇننى مۈرىسىگە سېلىپ، چەكسىز قۇملۇق دەشتكە كىرىپ كەتتى. ئېگەرسىمان قۇم ئېدىرلىرى، قۇمدىن دولقۇن هاسىل بولغان يانباغىرلار، ئاسماندىن هورنان تۆكۈلگەندەك، دۆمچەك — دۆمچەك قۇم بارخانلىرى، خۇددى پۆپۈچەكلىك تۇرخۇندەك بارخانلار چوققىسىدا پاپىيېشىل تۇرغان يۇلغۇنلار، تىنىمسىز شاماللار يالاپ، ئۇچۇرۇپ يېرىمى قالغان بارخانلار كاۋاكلىرىدىن ساڭگىلىشىپ تۇرغان يۇلغۇن، توغراق، يەنە قانداقتۇر گىياهلارنىڭ يىلتىزلىرى گويا ئۆمۈچۈك تورىدەك چاڭگىلىشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا بەزى قۇم بارخانلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆكىرىپ

---

① تىۋەززۇن — شاخ چاتايدىغان كىچىككىنە ئىتتىك پالتا.





تۇرغان قوتاز قويرۇقىدەك توغراق شاخلىرىنىڭ ئاستىنى كولىغاندا، ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز غول ئايرىپ كەتكەن توغراقلار ئۇچرايتتى.

مارت ئايلىرىنىڭ ئاخىرى بولسىمۇ، چەكسىز قۇم چۆللۈكىدە سوغ شامال تىنىمسىز چىقىپ تۇراتتى. ئېچىلىپ قالغان ئات، تۆگە، ئېشەك سۆڭەكلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. قۇملۇقتا كۆزگە چېلىقىقۇدەك ئارىلىقتا تاياق سانجىپ كېلىۋاتقان ئىكرام ئېگىز - پەس ئېدىرلىق، دۆڭلەرگە يامىشىپ، سىيرىلىپ ھاسىراپ كەتكەنىدى. ئىتتىك مېڭىشتىن ئۇنىڭ بەدەنلىرى تەرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، قول - يۈزلىرى تۆمۈردەك سوغۇق تۇراتتى. ئۇ ئاخىر ئېپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىغا يېتىپ كەلدى-دە، يۇگۇرۇپ يۈرۈپ ھەربىر توغراق تۈۋىگە قارايتتى. بىراق كۆزلىگەن نەرسىسىنى تاپالماي، ئورمانغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەتتى. بەزى نەچچە مىڭ يىللىق قېرى توغراقلارنىڭ قوۋزاقلىرى تۆكۈلۈپ، شاخلىرى سۇنۇپ، ھەريىلى يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ، غوللىرى چىرىپ، سېسىپ، يەنە قۇرۇپ ئاخىر يۇمشاق تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئادەم دەسسىگەن ھامان، ئاياغ موسىسىدا پېتىپ كېتەتتى. قارا ئەمەن، قوڭغۇراقتىكەنلەر مانا شۇنداق يەرلەردە ئۈنۈپ قالاتتى. قارا ئەمەن، تۆت - بەش غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان ئورۇق، زىلۋا گىياھ بولۇپ، دەھشەتلىك سېسىق پۇرايتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر نازۇك نوتىلىرىدا نان جىگدىسىدەك ئەينەكسىمان قوڭغۇراقلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. پەخرۇللا، ئىكراملار كىچىك چاغلىرىدا قوڭغۇراقنىڭ ئۇچىدىكى مونىكىنى ئېلىۋېتىپ، ئىچىدىكى ئىككى تال ئۇرۇقىنى تاشلىۋېتەتتى. ئاندىن ئۇنى پۈشتەك قىلىپ چېلىپ ئوينايتتى.

ئىكرام چۈشكىچە يۇگۇرۇپ يۈرۈپ قارا ئەمەن، قوڭغۇراقتىكەندىن بىر قانچە تۇپ تېپىپ، ئۇنى ئۇششاق كەسلەپ

خورجۇنغا چىڭداپ تىقتى. ئۇ قارا ئەرمەننى كەسلىگەن چېغىدا، سېسىقلىقىدىن كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. تېخى خۇرجۇننى مورىسىگە ئېلىپ مېڭىشى، ھېلىقى بەتبۇي پۇراق دەممۇدەم بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئانىسىنىڭ بەل ئاغرىقىغا شىپا بولىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا ھەرقانداق سېسىق پۇراقلارمۇ بىلىنمەيتتى.

ئىكرام كۆز يېتەر جايدىكى كۆل رەڭ ئېگىز دۆڭلۈككە قاراپ ماڭدى. چۈنكى ئېشەكقۇمۇشى ئەنە شۇنداق ئاپتاپ كۆيدۈرۈپ چۈشىدىغان دۆڭلۈكلەردە ئۈنەتتى. ئۇ ماڭە ـ ماڭە ئاخىر يېتىپ كەلدى. لېكىن كۆل رەڭ دۆڭلۈك، قۇم دۆڭلۈكى بولماي، تەبىئىي دۆۋىلەنگەن ئوتۇن دۆڭلۈكى ئىدى. ئەسىرلەر، يىللاردىن بېرى بوران ـ چاپقۇن، چاقماق، كەلكۈنلەردە يىغىلىپ ئۈستى ـ ئۈستىلەپ دۆۋىلىنىپ، ئاستىدىكىلىرى چىرىپ بەزىلىرى كۆكىرىپ، ئۈستىدىكىلىرى قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ ئوتۇن دۆڭلۈكلىرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە دۆڭلۈك، چوڭقۇرلۇق، ئېگىز ـ پەس قۇم ئىدىرلىقلىرى چەكسىز يېيىلىپ ياتاتتى. ئەگەر بۇ ئوتۇن دۆڭلۈكىدىن ئۇ تەرەپكە ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە بىر كۈنمۇ ئازلىق قىلاتتى. شۇڭا ئىكرام ئوتۇنلارغا يامىشىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ ھەر قەدەم ئالغاندا قاراس ـ قۇرۇس، پاراس ـ پۇرۇس ئاۋازلار چىقاتتى. ھەممىلا يەر ئوتۇن بولغاچقا، ئاۋايلاپ قەدەم ئالمىغاندا پۇتلار نەگىدۇر سېپىلىپ قېلىپ، چىقارغىلى بولمايتتى. بىردىنلا قاراسلىغان، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىكرام بىر چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتتى. ھېلىمۇ ئىكرام ئەتراپىدىكى شاخ ـ شۇمبىلاردىن سىيرىلىپ چۈشكەچكە، يۈز ـ قوللىرى جىجىلىپ كەتكەندىن باشقا ھېچنېمە بولمىغانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئورنىدىن تۇرۇشى، قورقىنىدىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. چۈنكى سېسىپ پۇرلىشىپ كەتكەن

كۆتەك كاۋىكىدا ئادەم بېشىنىڭ سۆڭىكى تۇراتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ چوڭقۇر كۆز ئورنى ئىكرامغا قاراپ ئالىيىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىكرام خۇرجۇننى مۇرىسىگە تاشلاپ، يۇقىرىغا ياماشقاندى، ئۇنىڭ تۇتقان شاخلىرى سۇنۇپ يەنە ئورنىغا يىقىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىرىشىپ – تىرمىشىپ، پۇتلىرى ھەر تەرەپكە سۇنۇپ يۇرۇپ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئوتۇن دۆڭلۈكىدىن ئۇ تەرەپكە ھالقىپ ئۆتۈشى بىر تۇپ پاختا يۇلغۇنغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ، تۈۋىگىچە ئاپئاق تور باغلاپ كەتكەنىدى. ئىكرام خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ۋا.. تاپتىم ... ئاخىر تاپتىم..

پاختا يۇلغۇن ئەتراپىدا خۇددى يۇمىلاق دوپپىنى قۇمغا پاتۇرۇپ قويغاندەك ئۈچ تۇپ ئىشەككۇمۇشى تۇراتتى. ئۇ ياز كۈنلىرى كۆپكۆك كۆكىرىپ تۇرغىنى بىلەن ھازىر توپا رەڭگىدە سارغۇچ كۆرۈنەتتى. بىراق شەكلىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ خۇددى چېۋەر قىزلارنىڭ قولىدا توقۇلۇپ چىققان ئاجايىپ نەپىس تورغىلا ئوخشايتتى. ئىكرام ئۇلارنىڭ تۈۋىنى كولاپ، يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئالدى. ئاندىن بېسىپ ياپىلاق قىلغاندىن كېيىن خۇرجۇنغا سالدى. ئۇ بىر نەچچە قەدەم ئالا – ئالمايلا يەنە توپتەك يوغان بىرنى كۆرۈپ قالدى.

ئاجايىپ سۇرلۇك قۇم دەشتىدە گويا ئوت شارىدەك قىزارغان قۇياش ئاستا – ئاستا پاتماقتا ئىدى. قۇم بارخانلىرىنىڭ چوققىلىرى، توغراق غوللىرى، يۇلغۇن شاخلىرى، ھەتتا ئات، تۆگە سۆڭەكلىرىگىچە بىنەپشە نۇر ئىلكىدە تاۋلىنىپ، كۆگۈم قاراڭغۇلۇقى چاپسان يېتىپ كېلىۋاتاتتى. ئىكرام ئەمدى ماڭمىسا، قۇملۇقلارغا سانجىپ قويغان بەلگە تاياقلارنىمۇ تاپالمايتتى. ئۇ يەنىلا ئوتۇن دۆڭلۈكىدىن مېڭىشقا توغرا كەلدى. بىراق بۇ قېتىم قولىدىكى «ھاسا»سى بىلەن ئۇيەر – بۇيەرنى چوقۇپ، سانجىپ كۆرۈپ قەدەم ئالدى. بەكمۇ تەسلىكتە ئوتۇن

دۆڭلۈكىدىن ھالقىپ چۈشكەندە، كەچكى گۈگۈم تورلىرى قۇم دەشتىنى ئۆز باغرىغا ئالغانىدى. ئىكرام قۇم بارخانلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشەتتى. بىراق يۇقىرىغا يامىشىپ چىققاندا، گويا چىنىنىڭ ئىچىدىن چىقالمايۋاتقان چۈمۈلىدەك سىلىق، يۇمشاق قۇم يانباغىرلىرىدىن ئارقىغا يۇمىلاپ كېتەتتى.

قۇم چۆللۈكىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقى باستى. ئەمدىلىكتە سانجىلىپ قويغان تاياق تۈرماق ھەممە نەرسە ئۆز ئىزنالىرىنى يوقىتىپ، سۇۋۇارى بىر تۇتاش چۆلگە ئايلاندى. ئىكرام قورققىنىدىن ئۈتتۈر كەلگەن تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. تۇرۇپلا ئۇڭغا، بەزىدە سولغا، تېخى ئارقىغىمۇ بۇرۇلۇپ ماڭاتتى. قورققىنىدىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك نەپەس ئېتىشتۇرەلمەيتتى. ئۇ قاياققىلا يۈگۈرمىسۇن، ھەممىلا يەر قۇملۇق، بارخان، ئېدىر، توغراق، يۇلغۇنلۇق ئىدى. ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان ئىكرام يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى:

— پەخرۇللا!... پەخرۇللا!!... سەن قەيەردە؟

«بىپايان قۇملۇقتا، ئىپتىدائىي توغراق ئورمانلىقىدا ئادەم ئازدۇرىدىغان جىن بولغاچقا، 《 ئېزىتقۇقۇم 》 جاڭگاللىقى دەپ ئاتالغان» دېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلەر ئېسىگە كەلگەن ئىكرام دەھشەتلىك ئىزتىراپقا چۈشۈپ، قاياققا مېڭىشنى بىلمەي، ئىل رەڭلىك تىنىق ئاسمانغا قارىدى. سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى بىر تۇتاش يورۇق تۇمانغا ئايلانغان بولسىمۇ، يەر يۈزىنى يەنىلا قاراڭغۇلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولۇپ، ھەممىلا نەرسە قاپقارا كۆرۈنەتتى.

— پەخرۇللا!... پەخرۇللا!! — كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈۋاتقان ئىكرام، بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىماقتا ئىدى، — پەخرۇللا، قېنى سەن؟...

ئىكرام نىشانسىز، بەلگىسىز ماڭە ـ ماڭە، يۈگۈرە ـ يۈگۈرە ئاخىر ھالىدىن كېتىپ، قۇم ئېدىرلىقىغا يىقىلدى. ئۇ ئاسمانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاراپ: نېمانداق بەزى چاغلاردا ئاي چىقمايدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدى. ھەم ئىچىدە «ئېرىتىقۇ جىنىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئېتىپ يورگىچە، مەشەدە ياتاي» دەپ پىچىرلىدى. بىراق ئۇنىڭ كوزى ئۇيقۇغا كېتىش بىلەن قولىقىغا ئەنسىز ۋارقىرىغاندەك، ھۇقۇيتقاندەك، ئۇشقىيتقاندەك، بەزىدە تېخى يىغلىغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلىناتتى. قىسقىسى، سىرلىق چول كېچىكى توندە ئېنىق بولمىغان، سورلۇك، مەھۇم ئاۋازلارغا تولغانىدى.

ئىكرام چوچۇپ كوزىنى ئاچتى. ئۇ خۇددى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. شۇڭا قولىقىنى قومغا يېقىپ بىردەم توردى، دۇپۇرلىگەن ئاياغ تىۋىشى بىلەن «ئىكرام» دېگەن تولىمۇ زەئىپ بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ ئاسماندىكى پىلىلداۋاتقان يۇلتۇزلارغا قارىغىنىچە يەنە تىڭشاپ ياتتى. بىراق ھېلىقى ئاۋاز يېقىنلا بىر يەردە ئاڭلاندى.

— ئىكرام!... ھەي... ئىكرام..

ئىكرام قايرىلىپ قاراپ، ئۇستىدىكى دوڭلوكتە بىر قارا گەۋدىنىڭ قولىنى ئېگىز كوتورۇپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى كورۇپ، خوشاللىقىدا يورىكى يېغىچىدىن ئۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك سەكرەپ ئورنىدىن توردى:

— پەخرۇللا!! مەن مەيەردە، — ئۇمۇ قولىنى كوتورۇپ ۋولاڭلاتتى.

پەخرۇللا يەسكە، ئىكرام يۇقىرىغا قاراپ يۇگۇرۇشتى - دە، يانپاش ئېدىرلىقنىڭ قاپ بېلىدە قۇچاقلاشتى. ئىككىلىسى ھاسىراپ كەتكىنىدىن بىر ھازا گەپ قىلالماي قالدى.

— نېمانداق ئادەم قورقۇتىسەن، — ۋارقىرىدى پەخرۇللا، — بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، گوھەرخان ئانامغا نېمە دەيمەن، زوۋانسىز قارا توڭكاي.

— ھەي گاداي، «ھالىڭ نېچۇك» دەپ سورىماي، يەنىلا تىللايسىنا.

— تىللايدىغان ئىش قىلمىدىڭ، راسا چىچقۇدەك سالىدىغان ئىش قىلدىڭ، كىرپە.

— ئېشەككۇمۇشنى تاپالماي، كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن.

— شۇنداق بولغاندىن كېيىن دەرھال قايتىپ كەلمەمسەن، ئەتىمۇ خۇدانىڭ كۈنى بولغاندىن كېيىن، ئىككىمىز تەڭ ئىزدىمەيمىزمۇ.

— ۋاي بولدىلا، تولا تاپا ـ تەنە قىلىۋەرمەي، يول باشلىغىن، قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى.

پەخرۇللا ئىكرامنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ يۈرۈپ، چۈشكەن جايى «كۆيۈك يۇلغۇن» جىلغىسىغا يېتىپ كەلدى. گۈلخان ئوتىمۇ ئۆچۈپ، بىر نەچچە تال چوغلا قىزىرىپ تۇراتتى. پەخرۇللا ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇق ئوتۇنلارنى تاشلاپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، كىچىكىنە قۇم چۆگۈننى ئوتقا تىقىپ قويدى. ئىكرام كەلگىنىچە سۇدانىدىن گۈپۈلدىتىپ سۇ ئىچىپ، ئۆزىنى قۇمغا تاشلىۋەتتى.

— قوپە ھەي، ئاياققا نان چىلاپ قويدۇم. تېخى قوي سالدىم، — پەخرۇللا زاغرا چىلانغان ياغاچ قاچىنى كۆتۈرۈپ كەلدى، — مەززە قىلىپ بىر يەۋال، خۇددى گۆردىن تارتىۋالغان كونا ئەرۋاھدەك بولۇپ كېتىپسەن.

بىر قولىدا ئاياقنى، بىر قولىدا يۇلغۇن چىۋىقىدا ياسالغان چوكىنى تۇتقان ئىكرام ئېغىپ قالغان زاغرىنى راسا ئاچ كۆزلۈك بىلەن يەۋاتقاندا، كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش تامچىلىرى قولىدىكى ئاياققا چۈشتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان پەخرۇللا چېچىلىپلا كەتتى.

— ھەي نېمىگە يىغلايسەن، ياشلىرىڭ يەۋاتقان نانلىرىڭغا چۈشتى.

— تېنەپ.. تېنەپ... تېنەپ... — ئىكرام ئېسەدەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۆزلىيەلمەي قالدى، — يۈرگەن چېغىمدا ئا... ئانام... قانداق قىلا.. دەپ ئويلاپ كەتتىم... ئۇ... دېگەن يالغۇز تۇرسا... سەن... سەن بىلىسەن.... ئانام 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپ... دادامدىن ئايرىلغان... ئۇنىڭغا قانچە ـ قانچە قېتىملاپ ئەلچى كىرسە.... ئۇ «قىز بالىغۇ كىم چىرايلىقراق كىيىم قىلىپ بەرسە، شۇنى دادام دەۋىرىدۇ، لېكىن ئىكرامنىڭ كۆڭلى ئىنچىكە، ئۇنىڭغا ئازار بەرگۈم يوق» دەپ شۇنچە يىللار يالغۇز ئۆتۈپ، ياشلىقىنى مەن ئۈچۈنلا قۇربان قىلىۋەتتى.

— بولدى، ئۆتكەن ئىشلار ئۆتتى. ئويلىغانسېرى كۆڭۈل بۇزۇلىدىغان گەپ.

— ئەمدى شۇ قوملۇقتا ئېزىپ ـ تېزىپ ئۆلۈپ كەتسەم، راستتىنلا ئانام قانداق قىلىدۇ؟

— مانا ئاغزىڭدا جىق زاغرا، ساق تۇرمامسەن، — پەخرۇللا كۈلۈپ سالدى، — خەقلەر سېنى بىكارغا «قوپال جىسىم»، «توڭكاي»، «يۈزىدە توكى بار»، «تىكەنلىك كىرپە» دېمەيدۇ. چۈنكى سەندە ھېچكىمدە يوق خىسلەتلەر بار. بۈگۈن نېمانداق ئاسلاندەك مىياڭلاپلا تۇرىسەن.

— ئانام... ئانام... ئېسىمگە كەلسىلا...

— ھارۋاڭدىكى ئوتۇندىن ئازراق چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۈستىگە جۇۋامنى سېلىپ بېرەي يېتىپ بارغىن، بەكمۇ ھالىڭدىن كېتىپسەن.

— ياق، ئوتۇننى چۈشۈرمە، چۆلدىن چىققۇچە چىدالايمەن. بەربىر كەنت يولىدا ھارۋىغا چىقىۋالىدىغان گەپ.

— چىدالامسەنكىنتاڭ. قارىسام چىرايىڭ ئانچە ياخشى ئەمەس.

تارىم بويلىرىدا، خۇددى توغراقتەك چىدامىلىق چوڭ بولغان بۇ باللار ئۈچۈن جاپا ـ مۇشەققەت، ئاچ ـ توق قېلىش، قىيىنچىلىق دېگەنلەر مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇلار جان بىلەن

ئويىنىشىدىغان بىپايان قومۇلۇقتا شۇنچە ھەرەج تارتىپمۇ يەنە تون نىسپى بىلەن يولغا چىقتى. تاڭ سەھەردىن كېچە بىر چاغقىچە پىچان، بوغۇز يەپ هاردۇقى چىققان ئېشەكلەرمۇ گۆمبەزدەك ئوتۇن بېسىلغان هارۋىلارنى پۇشقۇرۇپ ھەم يەر چاپچىپ سۆرەپ كېتىشتى. چۆلدىكى قومۇلۇق يوللاردىن كەنت يولىغا چۈشۈش بىلەن ئېشەكلەر هارۋىلارنى كوچىمەيلا تارتتى. شۇڭا، پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ئوتۇن ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۈگدەشكە باشلىدى. چۈنكى، ئېشەكلەر يەر پۇراپ، يولنىڭ «ئەركەك»، «چىشى»سىنى پەرق ئېتىپ ماڭاتتى. تېخى چىلانلىقنىڭ پاسىلىغا كېلە ـ كەلمەيلا ئۆز ئوقۇرىنىڭ ھىدىنى ئالامدۇ ـ نېمە، ئايىغى ئىتتىكلەپ، بىردەمدىلا كەنتكە ئېلىپ كىرەتتى.

كۈن قىزىللىقى بىلەن كەنتكە يېتىپ كەلگەن پەخرۇللا بىلەن ئىكرام چۈشكىچە ئۇخلىدى. چۈشتىن كېيىن ئۇلار قوتان ـ ئېغىللارنى تازىلاپ، توپا، سېسىق سامان چېچىپ، ئاندىن ئىشتىن چۈشتى. كەچتە ھەلىمىخان ئانىنىڭ كەپتەر گۆشى بىلەن ئەتكەن لەغمىنىنى ھۇزۇرلىنىپ يېيىشتى. ئۇلار ئەتە شەنبە كۈنى قىلىدىغان ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئىكرام ئورنىدىن تۇردى.

ـــ ئىكرام بالام، ـــ دېدى ھەلىمىخان داستىخاندا ئورالغان تۈگۈچنى سۇنۇپ، ـــ بو كورىدىكى لەغمەننى گۆھەرخانغا ئالغاچ چىق، مەختۇمنىساغىمۇ تاماق ئېتىپ بەرگەندۇ، بىراق ئۇ مېنىڭ ئەتكەن لەغمىنىمگە بەك ئامراق.

ـــ ھەلىمىخان ئانا، بۇ، ـــ ئىكرام سەل خىجىل بولدى، ـــ ئانامغا ئارا كۈندە تاماق سۇنۇپ تۇرسىز...

ـــ بولدى، بولدى، تېز ئەچىق، سوۋۇپ قالمىسۇن. ھە راست، ئەكەلگەن نەرسىلىرىڭ ئاناڭغا پايدا قىلغاندەكمۇ؟

ـــ پايدا قىلدى، ـــ ئىكرامنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ كەتتى، ـــ ئاپام بۈگۈن ئەتىگەندىلا ئېشەكقومۇشى، قارا ئەمەن، قوڭغۇراق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تىكەن، جىگدە قوۋزىقى، قارىمۇچلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، ئاز ـ ئازدىن ئىچىپتۇ، ئاندىن بېلىدىن تارتىپ، پۇتلىرىغىچە ھوردىتىپ يۆيۈپتۇ. ئانام يېپيېڭىك بوپ قالدىم دەيدۇ. يەنە ئۈچ ـ تۆت قېتىم قايناتقۇدەك ئېلىپ قويدۇق.

— ئەجەب ھەممىگە يېتۇك بالا بولدۇڭغۇ، بولۇشلۇقنىڭ يوقىدىن دېگەندەك، كىچىككىڭدىن تارتىپلا ئەجەب زېرەك، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل بالا ئىدىڭ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ئىككىسى پۈتۈن بىر كۈن جادىدا پاسار، پىچان توغرىدى. بىرى تۇتۇپ بەرسە، بىرى جادىنى باستى. ئاندىن مالغا بېرىدىغان كۈنجۈرىلەرنى سوقۇپ ئايرىم ئىدىشقا قاچىلىدى. توغرالغان پاسار، پىچان، زىغىر سامانلارنى ئايرىم ـ ئايرىم تاغارلارغا قاچىلاپ، ماللارغا بىرەر ئاي يەتكۈدەك يەم ـ خەشەك تەييارلىدى. بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتكەن مۇزەپپەر ئاكا، ئىكرامنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ:

— يارايسەن بالام، پەخرۇللا ئىككىڭلارنى كۆرسەم جانلىرىم سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. بۇ يەردە ئاناڭدىن خاتىرجەم بول. ھەلىمە ھەر كۈنلۈكى ئاناڭ بىلەن بىللە، — دېدى.

— رەھمەت مۇزەپپەر دادا، سىلەر بولغىنىڭلار ئۈچۈنلا مەن شەھەردە خاتىرجەم ئوقۇۋاتىمەن.

ئەتىسى چۈشتە پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ھەلىمخان ئانىنىڭ ئەتكەن چۆچۈرىسىنى ئىچىپ، سودا كوپىراتىپقا باردى. مۇزەپپەر ئۇلارنى يوڭ باسقان ماشىنىغا سېلىپ قويدى. يوڭ قاچىلانغان تاغارلارنىڭ ئۈستىدە قوناقلىقنىڭ مونىكىدەك چوقچىيىپ ئولتۇرغان پەخرۇللا بىلەن ئىكرام بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇلار ھەر قېتىم شەھەرگە قاراپ ماڭغاندا ھاياجانغا چۆمەتتى. بۇ ئەلۋەتتە پەزلىيە، پەرۋىنەلەر بىلەن ئۇچرىشىش شادلىقى ئىدى. بالاغەت بوسۇغىسىدا تۇرغان بۇ ئوغۇل ـ قىزلار

تۇنجى ياخشى كۆرۈشنىڭ نەقەدەر شېرىن ھەم ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى.

— پەخرۇللا، ئۇلار كېلىپ بولغانمىدۇ؟ — ئىكرام ئاستا پىچىرلىدى، — پەرۋىنە چۈشكىچە كېلىپ بولىمەن دېگەنىدى.

— پاھ، سىلەر قالتىسقۇ، كېلىپ - كېتىشنى ئالدىن بەلگىلىۋالىدىكەنسىلەردە، — پەخرۇللانىڭ ئاۋازىغا تەئەددى ئارىلاشقانداق قىلاتتى، — خېلى بەك ئۇزاپ كېتىپسىلەر، توي كۈنىنىمۇ بېكىتىپ بولمىغانسىلەر؟

— ۋۈي، نېمانداق سېسىق گەپ قىلىسەن؟— ئىكرامىمۇ ئۆزگىدى، — «ئىكرام، مەن يەكشەنبە چۈشكىچە قايتىپ كېلىمەن، سەنچۇ؟» دەپ سورىغىنىمۇ بولمامدا، ھەممىلا ئىش سەن دېگەندەك مۇھەببەت باغلاش، توي قىلىشقا باغلىقما، ھازىرمۇ بىر ئۇبدان يۈرۈۋاتىمىزغۇ... نېمانداق ئىلمىكى بار گەپلەرنى قىلىسەن؟

— بولدى، بولدى، چاقچاق قىلىپ قويسام، ئەزۋەيلەپلا كەتتىڭا.

— سېسىق ئۇسۇرۇپ بولۇپ، «پۈرىقى تارقىلىپ كېتىدۇ» دېگەندەك، «چاقچاق» دەپ قويىدىكەنسەن.

ئۇلارنىڭ بالىلىقى چىگىش دوستلۇقتا ئۆتكەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، بەزى چاغلاردا، بەزى ئىشلار ئۈستىدە غاز - غۇزلا تۇتۇشۇپ قالاتتى. ئەڭ ياخشىسى بىر - بىرىگە باتناپ گەپ قىلىشمايدىغان ئىشلار كۆرۈلمەيتتى. يەنىلا ئىكرام ئالدىدىن سۆز باشلاپ، ئارىنى ئېچىۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ پەخرۇللانىڭ نائىلاج ياكى تەستە چىرايى ئېچىلىپ، ئوڭلىنىپ قالاتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ماشىنا شەھەرگە كىرىپ، توغراق ناھىيىسىنىڭ خام مال تارقىتىش پونكىتىغا يېتىپ كەلگۈچە پەخرۇللا جىممىپ كەتتى. ئىكرام تېگىق ئارغامچىلىرىغا ئېسىلىپ يەرگە چۈشۈپ، يۈقىرىغا بويۇنداپ قارىدى:

— پەخرۇللا، ئاۋۋال سومكاڭنى ماڭا سۇنۇپ بەر.




— تۇتە، — پەخرۇللانىڭ خاپىلىقى يانمىغاندەك قىلاتتى. — ئاۋايلا، سومكىدا ئانام قىلىپ بەرگەن لازا قىيامى بار، تۆكۈلۈپ كەتمىسۇن.

— بىلىمەن، ھەر قېتىمدا ھەلىمىخان ئانامنىڭ لازا قىيامى قىلىپ بېرىدىغانلىقى ماڭا ئايان تۇرسا.

ئۇلار مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، ئىككى تەرىپى ئارچا ۋە ھەرخىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان تۈپتۈز يولدىن ماڭماي، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئوڭغا قايرىلىپ، ۋالىبول، ۋاسكېتبول گارلىرى تىكلەنگەن، ئۇزۇنغا سەكرەش قۇم ئورەكلىرى، ئاتلاش جاھازىلىرى، ئېگىزگە يامىشىش ئارقانلىرى، ئىلەڭگۈچ قاتارلىق تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشقان مەيدانغا كىردى. ئىكرامنىڭ بىردىنلا كۆپكۆك سىرلانغان يايسىمان جازىغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. پەرۋىنە ئۇنىڭ پەس بالدىقىغا ئېسىلغىنىچە بارغانسېرى ئۆرلەپ، يەنە ئاستا - ئاستا پەسلەپ چۈشمەكتە ئىدى. ئاڭغىچە پەخرۇللا بىلەن ئىكرام يېتىپ كەلدى. پەرۋىنە شوتا بالدىقىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، يۈپكا - كوپتىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ تەرلەپ كەتكەنىدى.

— كەلدىڭلارمۇ، ئۆي — ئىچىڭلا تىنچلىقمىكەن؟

— تىنچلىقكەن، — دېدى ئىكرام پەرۋىنەگە لەپپىدە قاراپ، — سىزنىڭ ئۆيدىكىلىرىڭىزچۇ؟

— ياخشى، تۇۋا، بۇ تۆت كۈن، تۆت يىلدەك بىلىنىپ كەتتا.

پەرۋىنەنىڭ ساددا، سەمىمىيلىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ پەخرۇللانىڭ ئۇياق - بۇياققا ئوغرىلىقچە زەن سېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ گەپ باشلىدى:

— ھەدەم ئاۋۇ تەتۈر سۆگەت تېگىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتىدۇ، — پەرۋىنە ئاستاغىنە پىچىرلىدى، — لېكىن يىغلاپ بەك بىئارام بولۇپ كەتتى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — پەخرۇللا ھەيران بولۇپ سورىدى، — ئۇ ئادەمنى يىغلىتىۋەتكۈدەك كىتابمىكەن.

— ئابدۇللا قادىرى جۇلقانىباينىڭ «ئۆتكەن كۈنلەر» دېگەن رومانىكەن، — پەرۋىنە چۈشەندۈردى، — ئۇنىڭدىكى مامۇت خوتۇنباز دېگەن ئوغرى، بىر جادۇگەر قىرىدىن ئاتابېك نامىدا ساختا تالاق خېتى كىرگۈزىدىكەن. كۈمۈش بىبى ئۇنى ئوقۇپ، ھويلىدىلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىدىكەن.

— توغرا، — دېدى ئىكرام، — ئاتابېك بىلەن كۈمۈش بىبى سۆيۈقەست بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن جەريان، ھەقىقەتەن ئادەمنى بەك ئۆمىدسىزلەندۈرىدۇ. يۇرۇڭلا، پەزلىيەنىڭ قېشىغا بارايلى.

— پەخرۇللا، ئېغىز گارمونىڭىز بارمۇ؟— سورىدى، پەرۋىنە، — ياخشى، ئۇنداقتا بىزمۇ ئاشۇ گۈل تەكچىلىرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرايلى، پەخرۇللا گارمونىنى مۇڭلۇق پەدىلەرگە چالسۇن، ھەممە ئۆزىلا كېلىدۇ.

— توغرا، — ئىكرام بېشىنى لىڭشىتتى، — بىز بارساق زېھنىنى چېچىپ، كەيپىنى ئۇچۇرۇپ قويىمىز.

ئۇلار گۈللۈك ئەتراپىدىكى شادا ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرۇشتى. ئىكرام بىلەن پەرۋىنەنىڭ ئوتتۇرىسىدا گارمونىنى «ۋەتەندە باھار» ناخشىسىغا چېلىۋاتقان پەخرۇللا، پەزلىيەگە تەشنا بولغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى، شېرىن خىياللىرىنى مۇزىكىنىڭ مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك ئاھاڭلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەندى. ئۇ شۇنچىلىك ئىشتىياق بىلەن چالدىكى، پەزلىيەنىڭ قاچانلاردا كېلىپ بېشىدا قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمىدى. پەرۋىنە ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزغاندىلا، پەخرۇللا «ياخشىمۇسىز» دېگەندەك ئىشارەت بىلەن سالام قىلدى. بۇ چاغدا مەيداندا تەنتەربىيىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى ئويناۋاتقان قىز - ئوغۇللارمۇ بىر - بىرلەپ توپلاندى. مۇزىكا مۇڭلىرىغا مەھلىيا بولغا ھېسسىياتلىق قىزلار

ئاۋۋال پەس، كېيىن بىردىنلا يۇقىرى ئاۋازدا ناخشىسىنى باشلىدى:

ۋەتەندە باھار، ئېلىمدە باھار،
باھار ئىلھامى كۆكسۈمدە يانار.
گۈلزارلىق باغلار، ياساندى تاغلار،
باھار ئەتلىسى كىيىپ سەھرالار...

ناخشا تولۇق تېكىستى بىلەن ئېيتىلىپ بولغاندىن كېيىن پەخرۇللا، ئىكرام، پەزىلىيە، پەرۋىنەلەر ئورنىدىن تۇرۇشتى. باشقا سىنىپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ «رەھمەت پەخرۇللا» دېيىشىپ تارقاپ كەتتى. شۇ چاغدىلا پەخرۇللا پەزىلىيەنىڭ قىزىرىپ، ئىششىپ قالغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ، نېمىدەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئېچىنىشلىق بايانلارنىڭ پەزىلىيەنى شۇنچە بىئارام قىلغىنىدىن ئۇنىڭ قانچىلىك ھېسسىياتلىق قىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— پەزىلىيە، — دېدى پەخرۇللا ياتاققا كېتىۋېتىپ، — سىز كىتاب ئوقۇغاندا ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا بولۇۋاتقاندەك رېئاللىق ئەمەسلىكىنى، ئۆتكەن ئۆتمۈش ئىكەنلىكىنى نەزىرىڭىزدىن چەتتە قالدۇرماڭ.

— ئۇنداق كىتاب ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى نېمە؟ ئۇنىڭدىن ئوقۇمىغان ياخشى. كىتاب ۋەقەلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەلمەي، ئۈستىدە ھەقدا بولۇپ تۇرماي، پېرسوناژلار بىلەن سىرداشماي، تەڭ كۈلۈپ، تەڭ يىغلىماي ئوقۇغان كىتابتىن قانداقمۇ زوق ئالغىلى بولسۇن؟

پەخرۇللا پەزىلىيەنى خۇش قىلىمەن، بەزلەيمەن، دەردىگە دەرمان بولىمەن، دەپ قىلغان سۆزىنىڭ مۇنداق تەسىر بېرىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ھەقىقەتەن توغرا گەپ قىلمىغانلىقىنى ھېس

قىلىپ يەتكىنىدە پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ ياندى. ئەمدى ئۇ گېپىنى ياندۇرۇۋالالمايدىغىنىنى بىلىپ راست گېپىنى قىلدى:

— مەنمۇ شۇ سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنى ئويلاپ كۆڭۈل ياسىدىم، كەچۈرۈڭ.

— بىلدىم، — پەزلىيەمۇ ئارقىسىدا مۆگدىشىپ كېلىۋاتقان ئىكرام بىلەن پەرۋىنەگە كۆز تاشلىدى، — سىزمۇ مېنى ئويلاپ، ئىرادىڭىزگە خىلاپ گەپ قىلدىڭىز...

دۈشەنبىدىن باشلاپ، مەكتەپ سەنئەت ئەترىتىدىكىلەر بىر كۈنلۈك دەرس مەشغۇلاتى تۈگىگەن ھامان ئويۇن تەييارلاش كۆلۈبىغا كىرىپ، رەپتىسىنى باشلىۋەتتى. بۇ قېتىم ھەربىي رايوندا ئويۇن قويۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە نومۇرلار تەييارلىمىسا بولمايتتى. شۇڭا ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكتىن تەكلىپ بىلەن كەلگەن بىر ئەر، بىر ئايال ئىككى ئارتىسنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەر كۈنى كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە يالغۇز ناخشا، ئومۇمخور، لەپەر، كومېدىيە، ھەر مىللەتنىڭ ئۇسسۇللىرىنى ئۆگىنىش باشلىنىپ كەتتى.

ھەربىي رايون ئۈچۈن ئويۇن تەييارلاش ھەركۈنى دەرس، مۇزاكىرىلەردىن چۈشۈپ ئىككى - ئۈچ سائەت داۋاملىشىپ، بىر ھەپتە ئۆتتى. بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، ئارتىسلار چۈشكىچە دەرسكە قاتنىشىپ، چۈشتىن كېيىنكى مۇزاكىرىدە كۆلۈبقا يىغىلىپ، ئويۇن تەييارلاش باشلىنىپ كەتتى. بەزىلىرى ھەر مىللەت ئۇسسۇللىرىنى مەشىق قىلسا، ناخشىچىلار يېڭى ئۆگەنگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، زاڭزۇچە ناخشا تېكىستلىرىنى يادلايتتى. لەپەرچىلەر لەپەر ھەرىكەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرەتتى. پەخرۇللا بىر بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ، ئىسكىرىپكا، نەي، ئېغىز گارمون چېلىپ، يالغۇز كىشىلىك مۇزىكا نومۇرلىرىنى پىششىقلىماقتا ئىدى. ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن كەلگەن يېتەكچى ئارتىسلار ھەممىنىڭ ئالدىغا بېرىپ

www.uyghurkitap.com

تۈزىتەتتى، ئۆگىتەتتى، ئۆزى ئويناپ ياكى ئېيتىپ ئۆلگە كۆرسىتەتتى، بەزى ئارتىسلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا بېرىلىپ سورايتتى.

پەزىلىيە بىر بولۇڭغا كىرىۋېلىپ «قىزىل چىراغ» جىڭجۇ تىياتىرىدىكى تىيېمېينىڭ ناخشىسىنى ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئېيتىۋاتاتتى. پەخرۇللا كېلىپ قالدى.

— كەچۈرۈڭ تىيېمېي، — دېدى پەخرۇللا زوقى كېلىپ، — دىققىتىڭىزنى بۆلۈپ قويدۇم، بۈگۈن ئۆيگە قايتامسىلەر؟

— مەشىق تۈگىگەندە قايتىمىز.

— ئۇنداقتا ناخشا، كومېدىيە، ئومۇمخور، لەپەر تېكىستلىرىنى يازغان خاتىرىڭىزنى بېرىپ تۇرامسىز؟ ماڭا لازىم بولۇپ قالغان.

— توختاڭ، — پەزىلىيە دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ قويغان سومكىسىدىن خاتىرىنى ئېلىپ، پەخرۇللاغا سۇندى، — بۈگۈن ناخشا تېكىستلىرىنى ئۆيدىمۇ يادلىمىسام بولمايدۇ.

— ئىچىدە بىر تېكىستنى كۆرۈۋالساملا بولدى، ھېلى ئەكېلىپ بېرىمەن.

بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، رېپېتىس ئادەتتىكىدىن بىر سائەت بۇرۇن ئاياغلاشتى، سەنئەتكە مەسئۇل بولغان ئىسمەت قادىر مۇئەللىم قىز - ئوغۇل ئارتىسلارنى يىغىپ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئورۇندىماقچى بولغان نومۇرىغا ئاستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىنى قايتا تاپىلىدى:

— ئوقۇغۇچىلار، دۈشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ھەربىي رايوندا ئويۇن قويىمىز، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر دېھقانلارغا ئوخشىمايدۇ. شۇڭا ھەربىر ئورۇندىغان نومۇرلىرىمىز سەۋىيىلىك، سۈپەتلىك، قىزىقارلىق بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر. ئەگەر بىرەر نومۇردا چاندۇرۇپ، دۇدۇقلاپ،

ھەربىكەتلەر بىرلىككە كەلمەي قالسا، ئانا مەكتەپكىلارغا قانداق يۈز كېلىشنى ئويلاپ قويۇشلار.

قىز ـ ئوغۇللار كىيىملىرىنى كىيىپ، سومكىلىرىنى ئېسىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى، پەخرۇللا پەزلىيەنىڭ خاتىرىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەندى، ئۇ ئالدىراپلا سومكىسىغا سالدى. پەزلىيە ياتاققا كىرىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشى، پەرۋىنە كىرىپ ئۇمۇ كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئالدى. ئۇلار يولدا ماڭغۇچە سىنىپ، مەكتەپتە بولغان قىزىق ۋەقەلەرنى، قايسى سىنىپ، قايسى قىز ياكى ئوغۇلنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىچ ـ پەش تارتىشىپ قالغانلىقى، ئاز ساندىكى ساپاسىز مۇئەللىملەرنىڭ دەرس ئۆتكەن ۋاقتىدىكى ناباب قىلىقلىرى قاتارلىقلارنى سۆزلىشىپ، كۈلۈشۈپ ماڭاتتى. بىراق بۇ قېتىم ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ يادلاشقا تېگىشلىك ناخشا، لەپەر تېكىستلىرىنى يادلاپ ماڭدى، پەزلىيە ئۆلگىلىك تىياتىر «قىزىل چىراغ»دىكى تىيېمىيىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ پەردىدە ئېيتىدىغان ناخشىسىنىڭ خەنزۇچە تېكىستلىرىنى قايتا كۆرۈش ئۈچۈن خاتىرىسىنى سومكىدىن ئېلىشى، ئۇنىڭ ئىچىدىن تۆت قاتلانغان بىر قەغەز يەرگە چۈشتى. پەزلىيە ئۇنى ئېچىپلا چۆچۈپ كەتتى ـ دە، خۇددى چوغنى تۇتۇۋالغاندەك، پەرۋىنەگە تۇتقۇزۇپ قويدى...

ئۇمۇ ھەيران بولغىنىدىن:

— ۋاي خۇدايىم، پەخرۇللانىڭ ساڭا يازغان خېتىكەن، — دەۋەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uygurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىگى ئادرېسى

## يەتتىنچى باب

# تۇنجى مۇھەببەت خېتى

سومكىلىرىنى كۆتۈرگەن پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، دادىسى گىلەم ئۈستىگە قويۇلغان ئىش ئۈستىلى ئالدىدا ئولتۇرۇپ گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۈلۈپ قويدى، ئىككى قىز دادىسىغا، ئاندىن ھەدىسى (ئۆگەي ئانىسى زەينۇرە)گە سالام بەردى. ئۈچ ئايلىق بولغان ئەركىن بۆشۈكتە گۇڭۇراپ ياتاتتى، ئىككى قىز ئۇكىسىنى ئەركىلىتىپ، بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھايال بولدى، ئاڭغىچە راخمانوف ئايالى زەينۇرەگە قولىنى كۆتۈردى:

— ئانىسى، تاماقنى ئېلىڭلار، پەرىشتەم بىلەن جىنەستەم كەلدى، دەرقەمتە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى.

بۈگۈن شەنبە، قىزلىرىنىڭ كېلىشى ئېنىق بولغاچقا، راخمانوف بىلەن زەينۇرە ئۇلارغا ئاتايتەن ساقلىغانىدى. زەينۇرە پايپېتەك بولۇپ بىردەم پىلىتىنىڭ ئۈستىگە چاي چۆگۈننى قويسا، تورۇپلا لېگەنگە ئېلىنغان گۆشنانىنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ توغرايتتى. بۇ ئەسنادا قىزلارمۇ سوۋېت كىيىونكىسى سېلىنغان تەپىس رۇس ئۈستىلىنى سۈرتۈپ، يالتىراپ تۇرغان ۋىلكا، قوشۇق (فىدۇتىيەنىڭ يالدامىسى)لارنى كىچىك تەخسىلەرگە ئېلىپ، ھەربىر ئادەم ئالدىغا قويدى. ئاندىن راخمانوف تۇنجى بولۇپ لېگەنگە قول ئۇزاتقاندىن كېيىنلا، باشقىلارمۇ تەخسىلىرىگە گۆشنان ئېلىشتى.

راخمانوف تاماق ۋاقتىدا ئوشۇقچە گەپ قىلىشقا رۇخسەت قىلمايتتى. شۇڭا، «ئوخشاپتۇ ـ ھە»، «مايلىق بوپتۇ»، «زەينۇرە ھەدەم گۈشنانىنىڭ پىرى» دېگەندەك روھنى كۆتۈرىدىغان دەبدەبىلىك گەپلەر ئانچە ـ مۇنچە قىستۇرۇلاتتى. ئۆتكۈر پۇراقلىق چايلار ئىچىلىپ، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن راخمانوف دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاندىن باشقىلار «ئامىن» دېيىشتى. پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ قاچا ـ قۇچا، قازان ـ قومۇچلارنى پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇق لاتىدا سۈرتۈپ پارقىراتقاندىن كېيىن، مەخسۇس ئەينەك ئىشكاپلارغا تىزدى. ئۇلار ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن رەسمىيەت بويىچە دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ «بۇيرۇق»كۈتتى. راخمانوف ئۇلارغا چوڭقۇر نەزەر بىلەن تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ قويدى:

— مەكتەپتىكى ئوقۇشۇڭلار قانداقراق؟— بۇنداق چاغلاردا راخمانوف بەكمۇ سۇرلۇكلىشىپ كېتەتتى، — ئاڭلىسام پەرۋىنە سىزنى مەكتەپتىكى بالىلارنى، ئوقۇتقۇچىلارنى دوراپ مەسخىرە قىلىدۇ، دەپ ئاڭلىدىمغۇ؟

— پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ، — پەرۋىنە كاپىلا ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. بۇنىڭدىن پەزىلىيەمۇ قورقۇپ كەتتى، — ياق دادا، ئۇ ... ئۇلار ... ئالماشتۇرۇپ قويغان چېغى ... مەن ... مەن ... ئۇنداق قىلمىدىم ھەم قىلمايمەن.

— ھەي شەپشەك قىز، بۇنداق سەت گەپلەرنى ماڭا دېگەن يەردە، — راخمانوف چېچىلدى، — سىرتتا ئۇنىڭدىنمۇ يوغىنىنى چىقىرىدىغان ئوخشىمامسىز ـ ھە! قارا بۇنىڭ ئاغزىنىڭ ئەسكىلىكىنى...

— خاپا بولماڭ دادا، دوستلىرىم بىر قانچە قېتىم دەپتى، ماڭمۇ سىڭىپ قاپتۇ.

— شۇنداق دېگەنلەر تەربىيە كۆرمىگەن ياكى ناچار، ناباب ئائىلىلەردە چوڭ بولۇپ، ھەرخىل ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان...




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش

بىراق... ئەستاغپۇرۇللا...

— كەچۈرۈڭ، تۈزىتەي... بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم دىققەت قىلىمەن.

راخمانوف گەرچە بۇ بىر جۈپ قىزنى جاندىن ئەزىز كۆرسىمۇ، سىياسىي ئىدىيىۋى ۋە ئەخلاق جەھەتلەردە قاتتىق قول ئىدى. بولۇپمۇ، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەت، سەت تىل، بولمىغۇر قىلىقلارنى ئۆگىنىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيتتى. شۇ تۇرقىدا پەزىلىيەنىڭ تىزلىرى سۆس تىترەپ، چىرايى تاتىرىپ قالغانىدى. ئۇ خۇددى مېھماندارچىلىقتا بېرىپ، كۆرپىگە سىيىپ قويغان بالىدەك خۇدۇكسىنىپ تۇرالمايلا قالدى. ئۇ ئىچىدە كىملەرنىدۇر قارغاپ تىللىماقتا ئىدى. «بېشىڭنى يەيدىغان پەخرۇللا دېگەن سارائىمۇ ھېچقاچاندا يازمىغان خەتنى بۈگۈن يازغىنىنى كۆرمەمدىغان. ئەگەر پەرۋىنە دادامنىڭ بېسىمىغا، سۆزىگە چىدىماي دەپ قويسا، نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر؟!» چوقۇم «سەن مەكتەپكە ئوقۇغىلى باردىڭمۇ ياكى ئەر تاپقىلىمۇ، ۋۇي ئىززىتىنى بىلمىگەن قېلىن داپشاقلار!» دەپ تىللاپ كەتسە... بۇ... بۇ... ئۆلۈمدىن ئارتۇق ئازابقۇ! ۋاي خۇدايىم، نېمىشقىمۇ ئىنامىمغا پېتىپ يۈرمىگەندىمەن.»

— ھە، پەزىلىيە، — پەزىلىيە چۆچۈپ كەتتى، — سىزنىڭ ئوقۇشلىرىڭىزچۇ؟

— ياخشى دادا، ئىشەنمىسىڭىز مەكتەپ بىلەن ئالاقىلىشىپ بېقىڭ.

— ئۆتكەندە يېزىدا تۇمۇ تەگكەندە، سىزگە قاراشقا ئوغۇل بالىنى قويۇپ قويسا، — راخمانوف ئۇستەلگە ياققىدە بىرنى ئۇردى، — نېمىشقا ئۈندىمەي تۇردىڭىز؟

— ئەمدى... ئەمدى... مۇئەللىملەرگە شەرت قويغىدەك بولماي دەپتىمەن دادا.

— ھىم، پەرۋىنە، — راخمانوف قولىنى شىلتىدى، — سىزمۇ بىر ئۆزۈڭتۇرا ئوغۇل بالىنى كۈتۈپسىز، بۇنىڭدىن

نومۇس ھېس قىلمىدىڭىزما؟

— ياق دادا، — پەرۋىنە يەنە ئاغزىنى تۇتتى، — ئاپام ئۆز ۋاقتىدا سېستىراكەن، ئۇ جىنس ئايرىماي ھەمشىرىلىك قىپتىكەن، مەن ئاپامنىڭ روھىنى خوش قىلاي دەپ كېسەل باقتىم شۇ.

— پاھ، قالتىسقۇ، — راخمانوف ئۆزىمۇ تۇيماي كۈلۈۋەتتى، — قارا بۇنى، گەپكە كۆز چىقىرىشنى بىلىدىكەنسىز ـ ھە!

— دادا، گەپنىڭمۇ كۆزى بولامدۇ؟

— بولىدۇ، دادىسىنى تۈراپ قويغۇدەك گەپنىڭ كۆزى بولىدۇ، — راخمانوف قىزلارغا تەتۈر قاراپ، كۈلكىسىنى ئاراتلا بېسىۋالدى، — مېڭىڭلار ھۇجراڭلارغا كىرىپ، دەرسلىرىڭلارنى تەكرار قىلىڭلار.

ئۇلار ھۇجرىسىغا كىرىپ «ئۇھ» دەپ يېتىك تىندى، ئەمما پەزىلىيە بىردىنلا چېچىلىپ كەتتى:

— ھەي، سېنىڭ يۈرىكىڭ توڭگۇزنىڭ كاللىسىدەك بارما؟

— ئوخشىتىشلارنى جايىدا ئىشلىتە، توڭگۇزنىڭ كاللىسىدەك دېمەيدۇ، ئاتنىڭ كاللىسىدەك دېسەڭ توغرا بولىدۇ.

— نېمىلا بولسا بولسۇن، دادامنىڭ ئالدىدا «پوقنىڭ ئىسسىقىنى يەپتۇ»، «گەپنىڭ كۆزى بولامدا» دەپ جاۋاب قىلىۋاتىسەن، تېخى «ياق دادا» دەپ دادامنىڭ سوئالىنىڭ بېلىگە تەپتىڭ، قورقۇپ ئۆلەي دېدىم.

— لېكىن دادام كۈلگەندۇ؟ — پەرۋىنە كۆزىنى قىسىپ كۈلدى، — ئاشۇ بىر كۈلۈمسىرەش بىلەن غەزەپ ئاچچىقلىرى تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتتى. ھەدە، ھېلىقى «مەن ئالاي سەن تېگەمسەن» دېگەن خەتنى ئوقايلىچۇ.

— قايسى خەت ئۇ؟ ھە راست، پەخرۇللانىڭ خېتى، — پەزىلىيە بىردىنلا ھۇرپەيدى، — ھەي ئاغزى بىزەپ مۇشۇك پوقى، ئۇنى ئۇنداق سەت ئاتىمايدۇ. «تۇنجى مۇھەببەت خېتى»دەيدۇ،

«مەن ئالاي، سەن تېگەمسەن؟» ۋېيەي، مۇشۇ ئويماقتەك ئاغزىڭنى يۇلۇۋالسام.

ئۇلار ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ، گىلەم ئۈستىدىلا ئولتۇرۇشتى. پەزلىيە سومكىسىدىن تۆت قاتلانغان قەغەزنى ئېلىپ ئوقۇغىچە قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، يۈرىكىم ئەجەب بىر سېلىپ كەتتا.

— بىر پارچە خەتكە يۈرىكىڭ سېلىپ كەتسە، ئەگەر سۆيسە ئۆلۈپ قالىدىغان چېغىڭ بار.

— ۋىيەي، ما جىنىنىڭ گېپىنىڭ سەتلىكىنى... نېمانداق ئاغزىڭ ئەسكى سېنىڭ؟

— بولدى، خەتنى ئوقۇغىنە.

پەزلىيە سىڭلىسىغا يەۋەتكۈدەك ئالىيىۋالغاندىن كېيىن خەتكە يۈزلەندى.

«پەزلىيە، مەن بۇ خەتنى يازغىچە يۈرىكىمنى بىر كىم تۇمۇردەك ئالقانلىرىغا ئېلىپ سىقىۋالغاندەك، ئۇنىڭدىن پىراق، نادامەتلەر تامچىلاۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. نېمە ئۈچۈن دەپ سورىسىڭىز، بۇ خېتىم ماڭا بەختتىن كۆرە بەختسىزلىك، ئۈمىدتىن كۆرە ئۈمىدسىزلىك، شادلىقتىن كۆرە ھەسرەت ـ نادامەت ئېلىپ كېلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. گويا سىز: ‹بىزنىڭ ئېچىل ـ ئىناق ئۆتۈشىمىز، دوستلۇقتىنلا ئىبارەت، سىزنى بۇنداق خاتا چۈشىنىپ قالار دېمەپتىمەنكەن› دەيدىغاندەك ھەتتا ‹ئۇنداق بولمىغۇر خىياللاردا بولماڭ، بىزنىڭ ھەربىي رايون ئىچىدە لايىقىمىز بار...› دەپ گەپنى چورتلا ئۈزۈۋېتىدىغاندەك بىر ئەنسىزلىك، بىر قورقۇنچ يۈرىكىمنى ئامبۇردەك قىساتتى. ئۇنداقتا، ماڭا بۇ مەكتەپ بىلىم ئېلىش بۇلىقى ئەمەس، بەلكى ئازابلىق كەچمىشلەر ماكانىغا ئايلانغان بولاتتى.

پەزلىيە، مەن سىزنى تۇنجى قېتىم گۈللۈكلەر ئارا

كۆرگەندە، سىز «تونۇشۇپ قالايلى» دەپ ئاپئاق، نازۇك قوللىرىڭىزنى سۇنغان چېغىڭىزدىلا، سىز يۈرىكىمنىڭ قات ــ قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەندىڭىز. ئىچىمدە «ئەگەر مۇشۇ لاتاپەت ئىگىسى، گۈزەللىك پەرىسى، سۆيگۈ شاھى، جاھاندا يەكتا ئۇماق پەرىشتە ماڭا نېسىپ بولسا، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىغىچە ۋاپالىق يۈرىكىم، ئەرزىمەس ھاياتىم، ئەھدۇ پەيمانىم ئۇنىڭ سەدىقىسى بولسۇن» دەپ نالە قىلدىم... پەزلىيە دېگەن مۇبارەك ئىسمىنى ئىچىمدە خۇددى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك يېنىش ــ يېنىشلاپ زىكىر قىلدىم. چۈنكى سىز دەسسىگەن تۇپراق، سىز ماڭغان يوللار... سىزنىڭ ئوتلۇق نەپەسىڭىز تارقاتقان زېمىن، سىز ياشىغان ماكان مەن ئۈچۈن مەككە ــ مۇكەررەم تاۋاپگاھى بولۇپ قالغۇسى.

پەزلىيە، مەن تەڭرى يولىدا قەسەم قىلالايمەنكى، سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ۋاپادارىڭىز بولاي، كۆزلىرىڭىزدىن تامچە ياش ئاققۇزسام، دوزاخ ئوتىدا كۆيەي... ماڭار يوللىرىڭىزدا پاياندار بولۇپ، خىزمىتىڭىزنى قىلاي...

> بىر كۆرۈپ سېنى جانان،
> يۈرەكىم پارە ــ پارە بولدى.
> بىر قيا باقارسەنمۇ،
> باغرىم قان بىلەن تولدى
> بىر قىيانە باقمىساڭ،
> يا سۆيۈمدە ئاقمىساڭ.
> بۇ ھاياتىن كېچەيمەن،
> گۈل ــ يۈزۈڭنى ياقمىساڭ.»

ــ ۋاي توۋا، پەخرۇللا ئەجەب گەپكە ئۇستىكىنا، ــ دېدى پەرۋىنە خەتنى قولىغا ئېلىپ، ــ تېخى ئۇنى سازلارنى ئوبدان

چالىدۇ دېسەك، تېخى شائىر چىقىپ قالدا.

— بولدى مەسخىرە قىلما، ئىكرام ساڭا ئۇنداق دەبدەبىلىك گەپلەرنى قىلىپ باقمىغاندۇ؟

— ئۇ دېگەن ئەجەب بالا، ئۇنىڭ بارلىق كۆرۈنۈشى يۈرىكىدە، مېنى ئۇ بىرەر قېتىممۇ ماختاپ ئۇچۇرۇپ، ئۆلىمەن، ئۆچىمەن، ئاقمىساڭ، باقمىساڭ دەپ باقمىغان.

— ھەي ساراڭ، پەخرۇللانىڭ خېتىگە تارلىقىڭ كېلىۋاتامدۇ... بۇنداق خەت يېزىش ئىكرامنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، — پەزلىيە قاتتىق گەپ قىلىۋەتكىنىنى ئۆزى سېزىپ قالدى، — بۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە ئېلىپ كەتمە، ئىكراممۇ بىر كۈنلەردە يېزىپ قالار.

— مەن خالىمايمەن، — پەرۋىنە گەپنى ئۈزۈپىلىۋەتتى، — ئۇنداق كۈرمىڭلىغان خەتلەر ۋاقتى كەلگەندە ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ بولۇپ قالىۋېرىدۇ. مەن ئۆمۈر مەنزىلىدىكى رېئاللىقنىلا ئىشىنىمەن.

— گېپىڭ نېمانداق تەيلىك سېنىڭ.

— «مېھرابتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر»، تۈركمەنىستان يازغۇچىسى بېردى كىربابايوفنىڭ «ھەل قىلغۇچ قەدەم»، «پولات ۋە گۈلرۇخ» قاتارلىق رومانلاردىكى ئەنۋەر ۋە رەنا، ئاتابېك ۋە كۈمۈش بىبى، ئارتىق بابانى بىلەن ئائىنە، پولات، گۈلرۇھ... لار ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقەلەر ئېسىڭدىدۇ... ئۇنداق قۇرۇق ماختاش، قۇرۇق ۋەدىلەرگە ھۆپۈپمۇ ئوسۇرۇپ قويمايدۇ.

— ئەمىسە، پەخرۇللا ئەسكى بالىما؟

— ۋاي- ۋۇي، مېنىڭ دەۋاتقىنىم ئومۇملۇق، ھەرگىز پەخرۇللاغا قارا سىنغىنىم يوق... ئۇ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ھەم ئىقتىدارلىق بالا. ئۆزۈڭ قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ مېنىڭچە، سەنمۇ پەخرۇللانى ياخشى كۆرىسەن، ئۇمۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىگۇدەك بالا، شۇڭا زىنخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمىگۇدەك بىر نېمە دە!

— مەن ... مەن... — پەرلىيە ئىككى ئويلۇق بولۇپ قالدى، — هازىر بىز ئوقۇغۇچى تۇرساق، شۇڭا «جاۋابىمنى ئوقۇش پۈتكۈزگەنگە قەدەر ساقلىيالامسىز؟» دېگەندەك مەۋھۇم جاۋاب بەرسەمچۇ.

— هەر ئىككىلا جاۋابىڭ «ماقۇل»غا تەۋە. لېكىن، سەنمۇ بىر ـ ئىككى بەتلىك داستان يازماي ئىككىلىك قەغەزگە بايىقى جاۋابىڭنى بىرەر قۇر يېزىپلا تۈتقۇزۇپ قوي.

— نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

— ئۇششۇق گەپ ئېشەككە يۈك، بۇنىغۇ بىلىدىغانسەن.

— ئۇنىڭ بۇنچە تېز تەلەپ قويۇشىنى ئويلىماپتىمەنكەن.

— بىر بولسا جېنى تاقىلداپ كەتكەن گەپ ياكى سېنى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلاردىن قىزغىنىپ، ئالدىغا ئۆتىۋۋالاي دېگەندۇ، — پەرۋىنە بىردىنلا ئويغا چۆمدى، — هەي هەدە، پەخرۇللانىڭ خېتىنى ئوبدان ساقلا، يىرتىلىپ، تىتىلىپ كەتمىسۇن.

پەرلىيە، پەرۋىنەنىڭ كۆزىگە قاراپلا دېمەكچى بولغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. چۈنكى سىڭلىسىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى ئاجايىپ بىر مەنىنى سېزىپ قالغانىدى. ئۇلار يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈك تامىقنى يەپلا مەكتىپىگە ماڭدى. هەربىي رايوندا ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسى ئىسمەت قادىرنى خېلىلا ئالدىرىتىپ قويغاچقا، ئۇ يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن رەپىتىس قىلىشنى ئۇقتۇرغانىدى. شۇڭا بارلىق ئارتىس ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبقا يىغىلىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى. ئۇلارنىڭ ئالدى، ئارقىسىدىكى باللار كېلىپ تەشۋىشلىنىپ بولغىچە، پەرلىيە ئىككىلىك باغاقچىنى پەخرۇللاغا تۈتقۇزۇپ قويدى. باغاقچىدىكى «بىز مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن كەلدۇق. ئەگەر ماڭا ساقلىسىڭىز، خېتىڭىزنىڭ جاۋابىنى ئوقۇش پۈتكۈزۈش هارپىسىدا بېرەي» دېگەن خەتنى كۆرگەن پەخرۇللا ئىللىقىنە كۇلۇمسىرەپ قويدى.





www.uyghurkitap.com

بۇ كۆلۈمسىرەش، پەزلىيەنىڭ جاۋابىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. پەزلىيەنىڭ يازغىنى مەۋھۇم بىر ئۇقۇم بولسىمۇ، بەربىر يەنىلا جاۋاب ئىدى. چۈنكى خەتتىن «ياق» دېگەن ئۇقۇمنى تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى كۆرسە قىزىرىدىغان بۇرۇنقىدەك پاراڭلىشالمايدىغان، بەزىدە ئۆزئارا تونۇشمايدىغاندەك قىلىقلارنى قىلىپ چاندۇرمايدىغان، پۈت - قوللىرى قولاشماي، ئارقىسىغا قايرىلىپلا كېتىدىغان ھالەتلەر شەكىللەندى. ئەمما بىرەر كۈن كۆرۈشمەي قالسا، كۆزلىرىدە بىر - بىرىنى ئىزدىشەتتى. مەيداندا گىمناستىكا ئويناۋاتقان مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ باش - ئايىغىغا بويۇنداپ قارايتتى. تېخى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالسا، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىشىپ، «ياخشىمۇسىز...»، «تىنچلىقمۇ...»، «كۆرۈنمەيسىزغۇ...» دېگەندەك تەكەللۇپلارنى قىلىشاتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئوغۇل - قىزلار ياتىقى ئۇزۇن كەتكەن بىر كورپۇس ئۆي بولۇپ، ئوغۇللارنى باش تەرەپكە، قىزلارنى ئاياغ تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئوغۇللار تاماقخانىغا ماڭسا قىزلار ياتىقىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى. پەخرۇللا بىر توپ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئوتتۇرىدا ئېغىز گارمونىنى چېلىپ ماڭسا، ياتاقلاردىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك زوق - ئىشتىياقتا تىڭشايتتى. قىزلار ئۆزلىرىنى ياساشنى، دەزمال سېلىشنى، ئىچمۇۋاتقان چايلىرىنى تاشلاپ، دېرىزە، ئىشىكلەرگە يۈگۈرەيتتى. ھەر قېتىمدا چېلىنغان مۇڭلۇق كۈي قىزلارنىڭ قانداقتۇر سىرلىق ھېس - تۇيغۇ، يۈرەككە تالىق ئەسلىمە، خاتىرىلىرىنى ئەسكە سېلىپ، پۈتۈن بەدىنى چىمىرلاپ كېتەتتى.

— ئەجەب پەيزى چالدى - ھە!

— توۋا، كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ، قانداقتۇر يىراق بىر يەرلەر كۆز ئالدىمغا كېپكەتتا...

— پەخرۇللا ئەجەب بەلەن بالا ـ ھە! يەنە چالسا بوپتىكەن.

بۇنداق چاغلاردا پەزلىيە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز، كارى يوق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كىتاب ئوقۇغان، چېچىنى تارىغان بولۇۋالسىمۇ، ئىچىدە خۇشال بولاتتى ھەم قىزغىناتتى. ھەتتا پەخرۇللانىڭ ئېغىز گارمونىنى يېزا ـ سەھرالارنىڭ ئادەمسىز پىنھان سۇ بويلىرىدا، قىپقىزىل يۇلغۇن سايلىرىدا، ساپسېرىق سارغايغان قەدىمىي توغراق تۇۋلىرىدە ئۆزى يالغۇز ئاڭلىغۇسى كېلەتتى.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن، شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ياپېيېشىل كوزۇپلۇق ئاپتوموبىلى ئارتىس ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ ماڭدى. كوزۇپ ئىچىدە ئۆرە تۇرغان ئوقۇغۇچىلار «ۋاڭ جېيدىن ئۆگىنەيلى»، «ئۆگىنەيلى لېي فېڭ ئۆلگىسىنى» «سوتسىيالىزم ياخشى» دېگەندەك ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ ئېيتقىنىچە ھەربىي رايون ئىچىگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىرەر سائەتلىك سەھنە تەييارلىقىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار ئارتىسلارنىڭ گىرىمىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغىچە، چوڭ كۇلۇب ئىچىگە ھەربىيلەر رەتمۇرەت تىزىلىپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار ئويۇن باشلانغىچە «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت»نى ئودىلىنىيلەر بويىچە ئېيتىپ تۈگىتىشى بىلەنلا، پەردە ئېچىلىپ، رەتلىك كىيىنگەن ئوغۇل ـ قىزلار خور ئەترىتى ھەيۋەت بىلەن كۆرۈندى. بۇ ئەسنادا قىزىل گىرىپ كۆڭلەك ئۈستىگە قارا دۇخاۋا جىلىتكە كىيگەن، بېشىغا ئوتۇغات تاقىغان پەزلىيە سەھنىدە پەيدا بولدى.

— ھۆرمەتلىك ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ۋە رەھبەرلەر! سىلەر خەلقنىڭ تومۇرىدىكى قان... سىلەرنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋەتىڭلار گويا گۆش بىلەن قان، بېلىق بىلەن سۇ، قۇش بىلەن قاناتتەك چەمبەرچاس باغلانغاندۇر! سۇ بولمىسا بېلىق ياشىيالماس، قانىتى بولمىسا قۇش كۆكتە پەرۋاز قىلالماس،

ھاۋاسىز ھاياتلىق بولماس! ھازىر بىرىنچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەنئەت ئەترىتى سۆيۈملۈك كىشىلىرىمىزدىن ھال سوراش ھەم خەلقىمىز مىننەتدارلىقىنى يەتكۈزۈش يۈزىسىدىن قويىدىغان ئويۇنىمىزنى باشلايمىز. نومۇرىمىزدا ئومۇمخور «ئارمىيە ـ خەلق مىسلى بىر قورغان».

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. شۇنداقتىمۇ پەزلىيە يەنە خەنزۇ تىلىدا ئېلان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى خور ئەترىتىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈش بىلەنلا، مۇزىكىنىڭ پائۇزىسى ھەيۋەت بىلەن باشلاندى! دىرىژور پەزلىيەنىڭ قول ھەرىكىتى بىلەن تەڭ قىز ـ ئوغۇللار بىردەك خورنى باشلىدى:

«ئارمىيە ـ خەلق مىسلى بىر قورغان،
تۇرار قەد كېرىپ، جوڭخۇا ئېلىدە...»

خور قىز ـ ئوغۇللار سەپلىرى بويىچە ئاككوردلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بىردە قىزلارنىڭ زىل ئاۋازلىرى پەلەككە كۆتۈرۈلسە، بىردە ئوغۇللارنىڭ بوم، تىترەڭگۈ سادالىرى كۆلۈب ئىچىنى زىلزىلىگە سالاتتى. خور ئارىلىقلاردا توختاپ، پائۇزا بېرىلگەندە، پەرۋىنەنىڭ جاراڭلىق ئاھاڭدا قىلغان دېكلاماتسىيىسى بىردىنلا چاۋاك كۆتۈرۈۋەتتى:

قارلىق چوققىدا تىك تۇرار جەڭچى،
گويا خەنجەردەك ياۋغا قادالغان.
گىگانت قورام تاش ئۇنىڭ سىماسى،
چوڭدەك قەلبىمۇ ئەلگە ئاتالغان.

ئەڭ ئالدىدا كوماندىرلار بىلەن ئولتۇرغان راخمانوف ئىككى قىزنىڭ سەنئەتتە خېلىلا يېتىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پەخىرلەندى. بىراق بىردىنلا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشىپ

رۇس ئايالى فىدۇتىيەنى ئەسكە ئالدى. ئەگەر ئۇ پەزلىيە بىلەن پەرۋىنەنىڭ سەھنىدىكى ماھارىتى ۋە يېتىلگەن سىيماسىنى كۆرگەن بولسا، قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەن بولار ئىدى. ئۇ غولجا ھەرەمباغ ئۇرۇشلىرىدا، گومىنداڭنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئېلىشتا ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى. راخمانوفنىڭ ھېلىمۇ كۆز ئالدىدا تۇرۇۋېتۇ، ھەربىي فورما، بېلىدىكى تاسما بەلۋاغ، بېشىدىكى ئىسپانكا شۇنچىلىك يارىشىپ كەتكەن بۇ رۇس قىزى راخمانوفنى قانچىلىك ياخشى كۆرەتتى ـ ھە!؟ ئەپسۇس، ئۇ 36 يېشىدىلا ھەممە بىلەنلا خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

راخمانوف قاتتىق چېلىنغان چاۋاك ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئەسلىگە كەلدى. خور ئاخىرلىشىپ، دوخاۋا پەردە يېپىلغانىدى. ئارىدىن ئاز ئۆتمەي پەردە ئېچىلىپ دىلەيسەم چىقتى ۋە پەزلىيەنىڭ «قىزىل چىراغ» جىڭجۇ تىياتىرىدىن ئارىيە ئورۇندايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. زالدا قىزغىن ئالقىشلار ياڭراپ، قىپقىزىل شىم ـ چاپان كىيگەن پەزلىيە تېيىپىنىڭ بىر قانچە ناخشىلىرىنى خەنزۇچە ئورۇندىشى بىلەنلا، زالدا قايتىدىنلا چاۋاك چېلىنىشىپ كەتتى. ئارقىدىن ئۇ «شاجىيابالڭ» تىياتىرىدىكى ئاچىڭساۋنىڭ ناخشىسىنى يۇقىرى ئاۋازدا ئېيتىپ بەرگەنىدى، ئالقىش ئۇزۇنغىچە توختىمىدى.

ئويۇن ناخشا، لەپەر، كومېدىيە، قىزلار خورى دېگەندەك نومۇرلار بىلەن داۋام قىلماقتا ئىدى. پەرۋىنە بىلەن ئىكرامىمۇ تەلەپ بويىچە ئىككى قېتىم لەپەر ئورۇنداپ، زالدا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى. ئەمما پەخرۇللا ئورۇندىغان يالغۇز كىشىلىك ئىسكىرىپكا ئاۋازى زالنى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلىنغۇدەك جىمجىتلىققا چۆمدۈردى. ئىسكىرىپكا سىملىرىدىن تاراۋاتقان «بۇ تاغلار ئېگىز» ناخشىسىنىڭ مۇڭلۇق ھەم مىسكىن ئاھاڭلىرى ھەممىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چەكمەكتە. ئاجايىپ سىرلىق كۈچىنىشلەر، سىرلىق پەسىيىشلەر... قانداقتۇر بىر





www.uyghurkitap.com

ناتىۋاننىڭ نىداسى، ئانىسىدىن ئايرىلغان بوتىلاقنىڭ چۆلدىكى نالىسى، غېرىبلىق چۆلىدە قالغان غېرىب ـ مۇساپىرلارنىڭ كۆز ياشلىرى... بەجايىكى كىنودەك كۆز قارىچۇقلار ئېكرانىدا ئايان بولماقتا ئىدى. پەخرۇللا مۇزىكىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ تەزىم قىلىش بىلەنلا، تىنىماسلىق ھۆكۈم سۈرگەن زالدا گويا ئۆگزىلەرنى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ خېلىغىچە توختىمىدى. شۇڭا، پەزلىيە چىقىپ، پەخرۇللا بىلەن قولاق قېقىشىۋالغاندىن كېيىن، سەھنە ئالدىغا كەلدى:

— نەي بىلەن ئورۇندالغان مۇزىكا «تارىم دەرياسى ئۆركەشلىمەكتە».

دەسلەپتە بوش ھەم تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن باشلانغان نەي ئاۋازى بارا ـ بارا يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاھاڭ دولقۇنلىرىدىن دەريا شاۋقۇنلىرى ئەكس ئېتىپ، تارىم دەريا بويلىرى... ساپسېرىق سارغايغان قەدىمىي توغراقلار... قىپقىزىل گۈللىگەن يۇلغۇنلار... چەكسىز كەتكەن قۇم دەشتى... زومچەك ـ زومچەك قۇم بارخانلىرى... ئىككى تەرىپى مەرۋايىتتەك قاغا جىگدىلەر بىلەن قاپلانغان سەھرانىڭ توپىلىق يوللىرى... قۇمغا چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرۇپ، يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتقان تارىملىق ئايال... تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولدى... ئۇلار پەخرۇللانىڭ مۇزىكا ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماقتا ئىدى. چاۋاك ئۇزۇنغىچە توختىمىدى. ھەتتا «يەنە چېلىپ بەرسۇنمۇ؟» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. شۇڭا، پەزلىيە پەخرۇللانىڭ قولىقىغا نېمىدۇر دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن ئېلان قىلدى:

— نومۇرىمىزدا ئېغىز گارمونى بىلەن ئورۇندالغان چەت ئەل ناخشا ـ مۇزىكىلىرى... مۇزىكىدا، پەخرۇللا مۇزەپپەر، ناخشىدا، پەزلىيە راخمانوۋا.

باياتىن بېرى ئۆزىگە قادىلىپ، ئىشتىياق بىلەن مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان راخمانوفتىن تېنى بىرئاز ئەيمەنگەن پەخرۇللا

ئىچىدە: «ئۇ مېنى تونۇمىدى» دەپ ئويلىدى. چۈنكى گىرىمىمۇ ئادەمنى تونۇغۇسىز قىلىۋېتىدىغىنى ئېنىقتۇ. ئۇ قايسى ناخشىنى بالدۇر چېلىشنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئەمما شۇ ھامان پەزلىيەنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا نېمىنى چېلىشنى كۆرسىتىپ بەردى: «ئاپام بۇ ناخشىلارنى بەكمۇ مۇڭلۇق ئېيتاتتى. دادام ئاپام قىدۇتىيەنى ئەسلەپ قالامدۇ ـ نېمە، ئاۋازى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ غىڭشىپ ئېيتىپ قويىدۇ. تېخى يوشۇرۇن كۆز ياشمۇ قىلىدۇ...» پەخرۇللانىڭ كۆڭۈل بېغىغا تولىمۇ نازۇك ھەم زىل بىر ئوي سايە سېلىپ ئۆتتى. توغرا راخمانوفنى ئۆتمۇش خاتىرىلەرگە ئېلىپ كېتىش كېرەك...

پەخرۇللا «شۇ يىلى ئانام مېنى» دېگەن ناخشىغا ئېغىز گارمونىنى ئوينىتىۋەتتى. پائۇزىغا ئەگىشىپلا پەزلىيە ناخشىنى باشلىدى:

ئەھ، شۇ يىلى ئانام مېنى،
فرونت تامان ئۇزاتقاندا.
رومالنى بېرىپ دېگەن،
يۇراپ ياتقىن سېغىنغاندا.

پەزلىيە ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىغا كەلگەندە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى، راخمانوفمۇ قولياغلىقىنى چاندۇرماي كۆزلىرىگە باستى.

ھىدلىرىڭنى ئۇنتالمىدىم،
ئۇنتالمىدىم، جېنىم ئانا.
قۇربان بولسام، جەننەت ئارا
كۆرەرمەنمۇ سېنى يانا...

ناخشىنى ئارانلا ئاخىرلاشتۇرغان پەزلىيە يۈزلىرىنى توسقىنىچە گىرىمخانىغا كىرىپ كەتتى. ئاڭغىچە دىلەيسەم

چىقىپ «مۇزىكا، بېرىك مارسكوي» دەپ ئېلان قىلدى.

پەخرۇللا «بېرىك مارسكوي» ناخشىسىنىڭ مۇزىكىسىنى راسا مۇڭ بىلەن چېلىۋاتقاندا، راخمانوف كۈلۈۋېتىپ ئاستا چىقىپ كەتتى. دەرۋەقە، بوستان شۆبە ھەربىي رايونىدا قويۇلغان تۇنجى قېتىملىق ئويۇن، ئوفىتسېر - جەڭچىلەر رازى بولغۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندالدى. ئەمما، راخمانوفنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئارتىسلار ھەربىي ماشىنىدا مەكتەپكە قايتتى. پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە ئىسمەت قادىر مۇئەللىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن قېپقالدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، تۆت ئايلىق ئەركىنىنى كۆتۈرۈۋالغان زەينۇرە ئىچكىرىكى خىزمەت ئۆيىنى ئىشارەت قىلدى:

— داداڭلار سىلەرنى كىرسۇن دېگەنتى، — دېدى زەينۇرە قىزلارغا. — كەيپىياتى ئانچە ياخشى ئەمەس، خاپا قىلىپ قويماڭلار.

پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە ئىشىكنى چېكىپ كىرىپ كەلگەندە، راخمانوف ئۇلارغا قارىمايلا «ئولتۇرۇڭلار» دەپ قويدى. سەل ئەيمىنىپ تۇرغان قىزلار دادىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۆلەنمە ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇردى. ئادەمنى سۈر باسىدىغان جىمجىتلىق خېلى داۋام قىلدى. تاقەت قىلالمىغان پەرۋىنە «بىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ» دېگەندەك گېلىنى قىرىپ قويدى:

— دادا، بارلىق ئوفىتسېر - جەڭچىلەرگە ياققان ئويۇن سىزگە ياقمىدىمۇ نېمە؟ — پەرۋىنە ھەدىسىدەك سۆلكەت قىلىپ ئولتۇرمايتتى. — ئويۇن ھەققىدە بىرەر - ئىككى ئېغىز گېپىڭىز يوقما؟

— ماڭىمۇ ياقتى، بەك ئوبدان قويدۇڭلار، — راخمانوفنىڭ يۈز ئىپادىسىدىن خاپا بولغىنىنى ياكى خۇشال بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى، — ھېلىقى بالىغا ئاپاڭلارنىڭ ئېيتىدىغان ناخشىلىرىنى سىلەر ئۆگەتكەنمۇ؟

— ياق دادا، ئۇ بالا خېلى كۆپ رۇسچە ناخشىلارنى

بىلىدىكەن، — دېدى پەزىلىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، — باشقا ئورۇنلاردا ئويۇن قويغاندىمۇ ئاشۇ ناخشىلارنى نەي، ئىسكىرىپكا، ئېغىز گارمونىدا چېلىپ ئالقىشقا ئېرىشتى،

— ئەجەبا، فىدۇتىيەنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئەجەب تولۇق، مۇڭ بىلەن چالىدىكىنا، نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيتتى. ئۇ نەلىك بالا؟

— تولغراق ناھىيىسىدىن، — دېدى پەرۋىنە، — ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىدا سىنىپ مۇدىرى غولجىلىق ئابلەت تاھىر دېگەن مۇئەللىمدىن ئۆگىنىپتىكەن.

— مۇنداق دەڭ. — راخمانوف رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، — پاھ، ئەجەب تالانتلىق بالىكىنا، سازلارنى چالسىلا ھېساب ئەمەس، ئۇنى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ چېلىپ، باشقىلارنى ھېس - تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈرەلىسە ھېساب.

— ئۇنداقتا، ئاپامنى ئەسلەپ قاپسىزدە، — پەرۋىنە تىلىنى چىقىرىپ، مۇرىسىنى لىككىدە ئېتىپ قويدى.

— ئۇ چالغان ئىسكىرىپكا، نەي، ئېغىز گارمونلىرىدىن تارىغان مۇڭلۇق سادا، ھەرقانداق ئادەمنى سېھىرلەندۈرۈپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرىلەرنى ئەسكە سالىدىكەن. توۋا، كۆڭلۈمنى ئەجەب پاراكەندە قىلىۋەتتا... كارامەت بالىكەن.

پەرۋىنە، بېشىنى سالغىنىچە قىزىرىپ ئولتۇرغان پەزىلىيەگە تۇيدۇرماي كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— دادا، ئۇ بالا مەكتىپىمىزنىڭ كۆزى دەڭا، — پەرۋىنە بۇنداق پۇرسەتلەرنى قولدىن بەرمەيتتى، — ئۇ ناخشا - مۇزىكىلاردىلا يېتۇك بولۇپ قالماي، دەرسلەردە مەكتەپ بويىچە ئالدىدا شۇڭا، ئۇ سىنىپ باشلىقى، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

— ياخشى، ياخشى، كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بالىكەن. قانداق كومسومول ئەزاسىمۇ؟

— كومسومۇللار ئۆگىنىشلىرىگە قاتنىشىپ





www.uyghurkitap.com

تەربىيىلىنىۋاتىدۇ.

راخمانوف تەشتەك گۈللەر قويۇلغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. بۇ ئۇنىڭ قىزلارنى «چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ»دېگەن ئىشارىتى ئىدى. شۇڭا، ھەدە ـ سىڭىل غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇلار زەينۇرەنىڭ قولىدىكى ئۇكىسى ئەركىننى ئېلىپ، بىر ھازا سۆيۈپ، قىيناپ چىرقىرىتىۋەتتى. زەينۇرە بۇنىڭدىن سۆھبەتنىڭ خۇشاللىق بىلەن تۈگىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. بولۇپمۇ، پەزلىيە ئۆزىنى قويار جاي تاپالمىغاندەك، بىردەم قولىغا سۇپۇرگىنى ئالسا، تۇرۇپلا چىنە ـ قاچا ئىشكاپلىرىنىڭ ئەينىكىنى سۈرتۈپ كېتەتتى. ئېخى زەينۇرە ھەدىسىگە يالۋۇرۇپ:

ـــ ھەدە، ئۇكام ئەركىننى تالادا ئوينىتىپ كېلەيمۇ، ـــ دەپ تۇرۇۋالدى. زەينۇرەمۇ:

ـــ بوپتۇ، قېلىنراق كىيگۈزۈپ ئەپچىقىڭ، ـــ دېدى.

ئۇلار ئويۇن قويۇپ چارچاپ كەتكىنىگە باقماي، كېچە بىر ۋاخلارغىچە رومان كۆرۈپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە، سومكىلىرىنى ئېلىپ مەكتىپىگە كىتىپ قالدى... ئۇلار مەكتەپكە ئەمدىلا قەدەم ئېلىشى، گارغا توپ تاشلاپ مەشىق قىلىۋاتقان تەنتەربىيە مۇئەللىمى ئابدۇكېرىم سەئىدى يىراقتىنلا قولىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

ـــ پەزلىيە ، بېرى كېلىڭ. شەھەرلىك ئۇچىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ قىزلىرى بىزنى مۇسابىقىگە تەكلىپ قىپتۇ. شۇڭا، چۈشتىن كېيىن بارىدىغان بولدۇق. بۈگۈن دەرستىن كېيىنلا مەشقنى باشلايمىز.

پەزلىيە سىنىپىدىكى دوستى ئاينۇر بىلەن مەكتەپ ۋاسكېتبول كوماندىسىدا بولۇپ، ئىدارە ـ جەمئىيەت ۋە باشقا مەكتەپلەر بىلەن پات ـ پاتلا مۇسابىقىلەر ئېلىپ باراتتى. ئوتتۇرۇپ قويسا، ھېچكىمگە ئوشۇق ـ تۆشۈك گەپ قىلماي، بىرنەچچە كۈن جىمىپلا كېتەتتى. ئەمما، ئۇتۇپ ئالغۇدەك بولسا

ماختىنىپ سۆزلەپ مەكتەپ مەيدانى تارلىق قىلىپ قالاتتى. مۇسابىقىگە قاتناشقان باللارنىڭ ھەربىرى توپىلاشقان ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا قوللىرىنى شىلتىپ، ئاغزىلىرىدىن كۆپۈك قايىنتىپ سۆزلەيتتى. نېمىلا دىگەنبىلەن مەكتەپ ھاياتى ئۇنتۇلغۇسىز قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك، شاۋقۇن - سۈرەنلىك، مەنىلىك ئىدى. سىنىپتىكى قىزلارنى ئوغۇللارغا چاپلاشلار، تېخى بىر - بىرىدىن قىزغىنىشلار، ناچار ئوقۇغۇچىلار بىلەن دەرستە ياخشى باللارنىڭ ئۆزئارا سۈركىلىشلىرى، سەنئەت ئەترىتىدىكى كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەر كىشى كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. تاماق ۋاقتىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلاردىن باللار ئاشخانا زالىنى بېشىغا كىيىشەتتى. بەزى ئوغۇللار سىنىپىدىكى قىزلارنىڭ قاچىسىدىكى گۆش، ھورنان، مانتىلىرىنى ئېلىپ قېچىشاتتى. قىزلار چىرقىرىشاتتى. ئوغۇللار قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئەنە شۇنداق ھاياتىي كۈچكە تولغان، ئۇنتۇلغۇسىز خاتىرە، ئەسلىمىلەردىن ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى بىلمەيلا قالاتتى.

زەپمۇ چىرايلىق باھار ئايلىرى قىش - زىمىستانلارنى قوغلاپ يەنە يېتىپ كەلدى. پۈتۈن بوستان نەشپۈت چېچەكلىرىدىن ئاپئاق لىباس يېپىندى. شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا - كەنتلەردىن دۆڭ ساي، غوڭرات، قوشتېرەكلەرنىڭ نەشپۈتزارلىرى سۈۋارى ئاق يېپەكتىن تون كىيگەن بولسا، شەھەر ئىچىدىكى قورۇلاردىمۇ گۈپۈلدەپ نەشپۈت چېچىكى پۇرايتتى.

بۈگۈن ئادەتتىكى بىر يەكشەنبە ئىدى. ئىكرام ئەمدىلا غۇنچىلاپ، ئېچىلىش ئۈچۈن چىرايلىق سەھەرلەرنى كۈتۈۋاتقان گۈل تەكچىلىرى ئارا چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يۇمران يوپۇرماقلىرى چاشقان قۇلاق بولغان ئورمانلىق بىلەن پۈتبول مەيدانى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارچا ۋە باشقا دەرەخلەر قەد كېرىپ تۇرغان بىنا ئالدىدىكى تۈز يول ھەم گۈللۈكلەر ئارا بىر قانچە قېتىم ئايلاندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چوڭ

كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

دەرۋازىغا پات ـ پاتلا قارايتتى.

بىر ئايدىن بېرى ئىكرام پەرۋىنەدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. چۈنكى توغراقلىق ئىمىنجان پەرۋىنەنىڭ ئىزىغا چۈشكەنىدى. ئۇلار شەھەردىكى ئىدارە، كان ـ كارخانىلار بولسۇن ياكى بېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويسۇن، ئىمىنجان پەرۋىنەنىڭ ئەتراپىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. بىردەم سومكىڭىزنى كۆتۈرۈۋالايمۇ دېسە، بەزىدە « پەرۋىنە، لۆڭگىڭىز قۇرۇپتۇ» دەپ يېيىپ قويغان لۆڭگە، پايپاقلىرىنى ئەكىرىپ بېرەتتى. تېخى ئويۇن قويغاندا، گىرىمخانىغا سېلىپ قويغان ئاياغلىرىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىپ بېرەتتى. بۇ ئىشلار ئىكرامنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ گويا نىجاسەت دەسسىۋالغاندەك سەسكىنىپ كېتەتتى. ئوغۇل بالىلاردىكى بۇنداق غۇرۇرسىزلىقتىن پەرۋىنەمۇ بىزار ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ئىمىنجاننىڭ «غەمخورلۇق»لىرىنى ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى. بەزىدە: «رەھمەت سىزگە ـ ھە!» دېسە، پارقىراپ كەتكەن ئاياغلىرىنى كۆرۈپ: «ئىمىنجان سىز ئەجەب ياخشى جۇمۇڭ...» دەپ ماختايتتى. تېخى بىرەر ئېرىق ـ ئۆستەڭدىن ئۆتۈش ياكى ماشىنا ـ تراكتورلارغا چىقىش توغرا كەلسە، ئىمىنجان يىراقتىنلا يۈگۈرۈپ، ۋارقىراپ كېلەتتى ـ دە: «ۋۇي، توختاڭ، توختاڭ، ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، ئاۋايلاڭ، تېيىلىپ كەتمەڭ... بولدى مەن بار...» دەپ پوپاڭ كۆتۈرەتتى. پەرۋىنە بىر ئىللىق كۈلۈمسىرەپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى. تېخى ئۇ: «كۆرسۇن، بىلسۇن، ئىچى ئاداپ ئۆلسۇن» دېگەندەك ئىكرامنىڭ ئالدىدىلا قىلاتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەرقانداق ئوغۇل بالىغا تېگ كېلىدىغانلىقىنى بىلمەمدىكىنا؟ پەرۋىنە بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس بىلىدۇ. بىلگەندىمۇ ئۇجۇر ـ بۇجۇرلىرىغىچە بىلىدۇ بۇ قاغدالما! ئەمىسە تارىم توغراقلىقىدىن كەلگەن ئىكرامنى كۆز قىرىغا ئالماس بولۇپ قالدىمۇ ـ يە! ئۇنداقتا، ھېلىقى خەتنى نېمىشقا يازغاندۇ؟ «يۈز تۇرا ماختىغان، كۈچۈكلەنگەن بالىلارغا تېخىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ. ئۇلاردا

غۇرۇر، ۋىجدان، ئادىمىيلىك خىسلەت نەگە كەتكەندۇ؟ دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن سورايمەن»، «تۇنجى ئۇچرىشىپ، گەپلەشكەن چېغىمدىن باشلاپلا سىزگە ئامراق بولۇپ قالدىم...»، «سىزنىڭ ئوغۇل بالىچىلىقىڭىز مېنى بەكلا تەسىرلەندۈردى...» مانا بۇ گەپلەر پەرۋىنەنىڭ پاكىز يۈرىكىدىن چىققان ئەمەسمىدى! «ۋاي، قىز بالا دېگەن گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ يۈرۈيدىغان كېپىنەك، ئۇنىڭ ئەھدە ـ ۋاپالىرىمۇ سوپۇن كۆپۈكىدەك، تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك بىردەملىكلا!» دېيىلگەن گەپلەر راست ئوخشىمامدۇ؟ ياق، بۇ گەپلەر پەرۋىنەگە مۇناسىپ ئەمەس، ئۇ تۇرمۇش، ھايات، مۇھەببەت، دوستلۇق، بۇرچ ھەققىدە سۆزلىسە، گويا 50 ـ 60 ياشلىق پەيلاسوپنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا بىلىنىدۇ. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك ئەقىللىق، زېھنى ئۆتكۈر، پەزىلەتلىك قىزدىن يەنە بىرى بارمىدۇ؟ بولسىمۇ بولار، ئۇنىڭدەك بولماس!

ئىكرام ئۇيان ئويلا، بۇيان ئويلا، پەرۋىنەنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. پەرۋىنەدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ تۈنۈگۈن شەنبە بالىلارنى قويۇپ بەرگەندىلا، پەرۋىنەنى چەتكە تارتىپ: «ئەتە يەكشەنبە چۈشكىچە كېلىپ بولۇڭ. مەن سىزنى گۈللۈك ئەتراپىدا ساقلايمەن» دېگەنىدى.

«پولكوۋنىك راخمانوف بىرەر ئىشنى سېزىپ قالدىمۇ؟»، «ئائىلىدە پەۋقۇلئاددە بىرەر ئىش يۈز بەرمىگەندۇ-ھە!»، «بۈگۈن ئەتىگەندە مىجەزى يوق تۇرغان بولسىچۇ؟...»، «قەستەن كەلمەي قويماس؟...»

بارغانسېرى تاقەتسىزلىنىۋاتقان ئىكرام ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاستا يۈگۈرۈپ، مەكتەپ مەيدانىنى ئايلىنىپ چىقماقچى بولدى. ئۇ يەرگە قارىغىنىچە خىيال بىلەن چوڭ پۇتبول مەيدانىنى ئىككى ئايلىنىپ، قەدىمىنى ئاستىلاتتى. لېكىن ئىلەڭگۈچنىڭ تاختاي بالدىقىدا ئاستا تەۋرىنىپ ئولتۇرغان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

پەرۋىنە، ئىكرامغا قىيا باققىنىچە سول كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە «چىنىقىۋېرىڭ» دەپ پىچىرلىدى.

— ۋايىۋۇي جېنىم «ئاچا»، مەن سىزنى قاچاندىن بېرى ساقلاۋاتمەن بىلەمسىز؟

— ۋاي ئوماق «ئۇكام»، مەنمۇ سېنى ساقلىغىلى نېكەم... ئىككى قېتىم ئالدىمدىن يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتىڭ، قىيا كۆزۈڭنى سالمىساڭ...

— نېمە، مەن يۇگۇرۇپ ئۆتكەندە، سىز مەشەدە بارمىدىڭىز؟

— بولمايچۇ، خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك يەر بېقىپ ماڭساڭ، ماڭا نېمە ئامال؟

— يۈرۈڭ، گۈللۈك ئەتراپىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇرايلى.

— بولماسمىكىن، ئۇكام، مەنچە مەكتەپتىن چىقىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى ئازغان گۈللىرى دالدىسىدا ئولتۇرايلى، ھېلىلا باللار يىغىلغىلى تۇرىدۇ.

ئۇلار دەرۋازىدىن ئايرىم - ئايرىم چىقىپ كەتتى. ئىكرام ئالدىدا چىققاچقا، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ، چاتقاللىشىپ كەتكەن ئازغان گۈلىنىڭ دالدىسىدىكى كۆپكۆك ئوتلاققا كېلىپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە پەرۋىنەمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىردەم بىر - بىرىگە قارىيالماي ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىكرام كۆڭلىدىكى يىغىلىپ قالغان قورساق كۆپۈكلىرىنى ئالدىرىماي ئوتتۇرىغا قويدى. ھەتتا پەرۋىنەنىڭ يازغان خېتىدىن ئايرىم جۈملىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، خېلىلا قايناپ قالدى. پەرۋىنە گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرۇپ، ئىكرامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

— تۇگىدىمۇ گېپىڭ؟ — دېدى پەرۋىنە جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۇنداقتا مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلا. سېنىڭ ۋىجدانلىق، غۇرۇرلۇق، ئوغۇل بالىلىقى كۆچلۈك بالا ئىكەنلىكىڭ ماڭا ئايان، بىراق سەندە بار كۆڭۈل مەندىمۇ بار. ھازىر ئىككىمىز بىردە بىر

بولدۇق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ مەندىن نېمە گۇناھ ئۆتتى؟

— تېخى بىر ئاي بولمىدى، سەن بىزنىڭ ياتاقتا كىرىپ «كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى قاداپ بېرىڭ» دەپ كىمگە ئىلتىجا قىلدىڭ؟

— خانئايغا.

— ماڭا بەرگۈڭ كەلمىدى ، شۇنداقما؟

— بۇ... بۇ... ئىككىمىزدىن گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ..

— ھەي ئىكرام، ئىكرام... مەن سېنى ئۇنداق ئاددىي پىكىرلىك بالا ئەمەس دەپ چاغلايتتىم. شۇ چاغدا ياتاقتىكى 22 قىزنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشتى. مەسخىرىلىك كۈلۈشتى، كۇسۇرلاشتى، نېمىشقا؟ قىزلار ئۆزلىرىدىن ھەممە جەھەتتە ئۇستۇن تۇرىدىغان دوستلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە بەكمۇ شەپقەتسىز بولىدۇ. خورلۇقتىن، ئىزادىن، تىل - دەشنەمدىن يۈزى تۆكۈلسە «خوپ بولدى، ئېسىلزادە خېنىم، سېنىڭمۇ كۆك توپىدا ئۇلتۇرۇپ قالىدىغان چېغىڭ باركەن» دەپ بېشى كۆككە يېتىدۇ.

— ۋاي خۇدايىم، ئۇنداق نازۇك يەرلىرىنى مەن نەدىن بىلەي، — ئىكرام گەدىنىنى قاشلىدى، — تو ۋا، قىزلار ئەجەب بولىدىكىنا.

— ئوغۇللار بىرەر سورۇنغا يىغىلىپ «قانداق ئەھۋالىڭ» دەپ قويسا ياكى بىرەر تال تاماكا سۇنسا، ھەرقانچە ئۆچ - ئاداۋەتلەر يېشىلىپ، «بارمۇسەن، يوقمۇسەن»گە چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن قىزلار بىر - بىرىنى يەر چىشلەتمىگۈچە ئارام تاپمايدۇ.

— ئوغۇللار ئىچىدىمۇ نەچچە ئايلارغىچە باتناپ، ماي تارتىپ، بۇرنىدا نەي چېلىپ يۈرىدىغانلار بار.

— ئۇنداقلار قىزلاردىن ئەندىزە ئېلىپ، ئەزىمايىلا بولۇپ قالغانلار، ئۇلارنىڭچۇ قارا، ئىككى يېنىڭغا قارىماي

«ئىككىتايىن...» دېسەك بولىۋېرىدۇ.

— ياﺋاللا، دېمەيدىغان، بىلمەيدىغان گەپلىرىڭىز يوقمۇ نېمەم.

— سەنمىچۇ قارا، كىتابلارنى جىق - جىق ئوقۇپ بەر. ئاندىن تۇرمۇشۇڭدىكى ئىشلارنىڭ بولسىمۇ تېگىگە يېتەلەيسەن.

— كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى قاداپ بەر دەپ خانئايغا بەرگىنىمگە شۇنچىۋالا ئۆچ ئالدىڭىزما؟

— ئالماي، غۇرۇرۇم ئۇچۇن جېنىم كەتسىمۇ مەيلى، — پەرۋىنەنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىق ئىدى، — مەنمۇ ئىممىنجاننىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ باقاي، قانداق قىلىدىكىن بۇ كىرپە دېدىم شۇ.

— ئىممىنجاننى تاس قالدىم ئۇرۇۋەتكىلى.

— قاراتالدا ئالمۇراتنى ئۇرغاندەكما؟ — پەرۋىنە «ئاھاي» دەپ كۈلۈۋەتتى، — ئۇنداق قىلغان بولساڭ قىزلارنىڭ ئالدىدا، شانۇ شۆھرەت، ئابرۇي، ئاتاق تەختىدە ئولتۇرغاندەك بولاتتىم.

— ئۇششاق سۆز، قولاق ياقتى گەپلەردىن قورقمامسىز؟

— نېمىشقا قورقاتتىم. ئۇلارمۇ «ئىكرام بىلەن سۆيۈشۈپتىمەنمۇ ياكى مۇھەببەتلىشىپتىمەنمۇ، مېنى تالىشىپ ئۇرۇشقان بولسا، بۇ ئۆزىنىڭ ئىشى» دەپ ياقىدىن ئېلىشىمدىن قورقىدۇ. لېكىن بېشىم كۆككە يېتىدۇ.

— بايىقى گەپنى يەنە بىر دەڭا؟

— قايسى گەپنى؟

— ھېلىقى «سۆيۈشۈش»، «مۇھەببەتلىشىش» دېگەن گەپچۇ.

— ۋاي بېشىڭنى يەيدىغان، مەيلىڭ شۇ گەپلەرنى تارتىپ قالدىما؟ — پەرۋىنە دەرھاللا گەپنى ئەپقاچتى، — ئەگەر بۇ قېتىم ئىممىنجان بىلەن گەپ تەگەشمىگەن بولساڭ، سېنىمۇ چاغلىقكەن دەپ كونا يۆگەككە يۆگەپ قوياتتىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟
— مەن سەھنىنى كۆرەشىسىز بىكار قىلىپ بىرىدىغانلارغا ئۆچ، — دېدى پەرۋىنە جىددىي قىياپەتتە، — «ۋاي مۇھەببەت دېگەن قۇشتىن ئەركىن، نەگە قونۇپ، نەدە تۇرسا ئۆزىنىڭ ئىشى» دەپ ماڭقىسىنى بىر غېرىچ ئېقىتىپ، مىچىلداپ يىغلايدىغانلارنى ئوغۇل بالا دېمەيمەن، ئوقتۇڭما توڭكاي.
— سىز ھەقىقەتەن جاۋىلداق قۇشقاچنىڭ بالىسى، جاۋىلدىغىلى ئارانلا تۇرىسىز.
پەرۋىنە كىچىككىنە ھال رەڭ لەۋلىرىنى ئۈچلاپ، قۇشقاچنى دورىدى.
— ۋىچ، ۋىچ، ۋىچ، ئىككىرام دېگەن كىرپە باش... ۋىچىر، ۋىچىر، ۋىچىرۋىچ ئىككىرام دېگەن ئوماق باش... قۇشقىچىنى قاچۇرۇپ، باتناپ قالغان گىلدىڭباش...
پەرۋىنەنىڭ بۇ ئوماق قىلىقلىرىغا، قوشقاچنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاپ قالغان كىچىككىنە لەۋلىرىگە، قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، مۇرىلىرىنى چايقاپ، قوشقاچتەك سايراشلىرىغا پايلىمىغان ئىككىرام ئۆزىگە يانمۇ يان ئولتۇرغان پەرۋىنەنىڭ تۇيۇقسىزلا بويىنىنى قايرىپ لەۋلىرىگە لەۋلىرىنى باستى. ئۇ قىزنىڭ قارشىلىقىغا باقماي خېلىغىچە قويۇپ بەرمىدى...
— ئۇھ، ۋاي... ھا... ھا... ھا... — پەرۋىنە نەپەس ئالالماي ھاسىراپ كەتكەنىدى، — بېشىڭنى يەيدىغان ئۇزۇنتۇرا، تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرگىلى تاسلا قالدا... راستىلا قوپال جىسىمكىنا بۇ... ھەي سارالڭ، ئاشۇنداق سۆيەمسەن؟ زادى نېمىشقا سۆيىسەن...
— خاپا بولماڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، — ئىنزا تارتىپ كەتكەن ئىككىرام تەتۈر قارىۋالغانىدى، — ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن... بىر قولۇم بوينىڭىزدا، ئاغزىم ئاغزىڭىزدا تۇرىدۇ... ئۇقمايلا قالدىم.
— ھەي سارالڭ، مېنى راستىنلا ئاغزىدا دان بېرىدىغان

قۇشقاچ دەپ قالدىڭما؟ —» پەرۋىنە ئالىقانلىرىدا يۈزىنى توسۇۋالدى،— ۋاي ئىسىت، نېمە سەتچىلىك بۇ... نېمە رەسۋاچىلىق بۇ... ئەگەر خەق كۆرۈپ قالسا، مەكتەپتە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر...

— بولدى قىلىڭە، — ئىكرام قىزنىڭ بېشىغا ئالىقانلىرىنى قويدى، — بىرنى سۆيۈپ قويغانغا ئۆلۈپ قالمايسىز... مەنمۇ شۇ ئامراقلىقىمدىن....

— راستما؟ — پەرۋىنە ئالىقانلىرىنى ئازراق ئاچتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى، ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇراتتى، — ۋاي خۇدايىم، ئوغۇل بالا سۆيسە ئەجەب بولىدىكىنا، يۈزلىرىم ئوتتەك قىزىپ، يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. تۇتۇپ باقە، ياق، تۇتساڭ بولمىغۇدەك...

— سىز ئالدىدا مېڭىڭ... مەن ئارقىڭىزدىن ماڭاي، — ئىكرام پەرۋىنەنىڭ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى، — مەن بىردەملا بولمىسام پەخرۇللا ئىزدىگىلى تۇرىدۇ.

— بۈگۈن ئىزدىمەيدۇ.

— سىز نەدىن بىلىسىز؟

— ئۇلارمۇ تونۇگۈن كېلىشىپ قويۇپتىكەن. بەلكىم ئورمانلىقتىدۇر.

كۆڭۈلگە تالىق ئىشلىرىنى بىر - بىرىدىن يوشۇرمايدىغان بۇ ھەدە - سىڭىل بۈگۈنكى ئۇچرىشىشلارنى تونۇگۈنلا دېيىشىپ بولغانىدى. پەخرۇللا بىلەن ئىكرام شۇنچە چىگىش دوستلاردىن بولسىمۇ، بۇنداق ئىشلارنى دېيىشمەيتتى. بولۇپمۇ، پەخرۇللا قىز - ئوغۇللار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان ئىشلارنى دەپ يۈرۈشنى نومۇس دەپ بىلەتتى. ئۇلارنىڭ بۈگۈن ئورمانلىقتا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى پەرۋىنە دەپ بەرمىگەن بولسا، ئىكرام خەۋەرسىز يۈرۈۋەرگەن بولاتتى. شۇڭا مەكتەپكە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئورمانلىققا يىراقتىنلا قاراپ قويۇپ، ئىچىگە كىرمىدى. بۇ چاغدا ئۇلار سۇ

كېلىدىغان سۆڭگۈچ يېنىدىكى سېمونت قىرغاق ئۈستىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىۋاتاتتى.

— ھەربىي رايوندا ئويۇن قويغاندىن بېرى سىز بىلەن ئەسرا بولمىغاچقا، — دېدى پەزلىيە بېشىنى كۆتۈرمەي، — بەزى گەپلەر ئىچىمدە يىغىلىپ قالدى.

— چىرايىڭىزدىن خۇش خەۋەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. قېنى تېزرەك دەڭا.

— ئويۇندىن كېيىن دادام سىزنى خېلىلا سۈرۈشتە قىلىپ كەتتى. «ناخشىلارنى نەدىن ئۆگىنىپتىكەن؟»، «ئۆزى نەلىك؟»، «كومسومول ئەزاسىمۇ؟» دەپ سورىدى.

— سىز نېمە دېدىڭىز؟

— مەن ئۇندىمىدىم. بىراق پەرۋىنە سىزنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈۋەتتى.

— بۇ تەنتەك نېمىدەپ كەتكەندۇ؟

— «مەكتىپىمىزنىڭ كۆزى»، «مۇزىكىلاردا يېتۈك»، «دەرسلەردە مەكتەپ بويىچە ئالدىدا»، «سىنىپ باشلىقى»، «ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، دادامنى ھەيرەتتە قالدۇردى.

— «ئۇنداقتا، چوڭ قىزىمنى بەرسەم بولغۇدەك» دېمىگەندۇ؟

— سەتلەشمەڭا، — پەزلىيە ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، — دادام سىزنى «كەلگۈسى ئىستىقبالى پارلاق بالىكەن»، «پاھ، ئەجەب تالانتلىق ئىكەن»، «كارامەت چالىدىكەن» دېدى، ئۇنىڭ بۇ چاغقىچە بىر كىمنى بۇنداق ماختىغىنىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— دادىڭىزنىڭ بەزى ناخشىلار ئارقىلىق ئاپىڭىزنى ئەسلەيدىغانلىقىنى سىزدىن ئاڭلاپ چالغانىدىم. قارىسام پولكوۋنىك ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى. قولياغلىقىنى كۆزگە تۇتقانلىقىنى چېلىقتۇرۇپ قالدىم.

— دادام «فىدۇتىيەنىڭ ناخشىلىرىنى ئەجەب تولۇق، مۇڭ

بىلەن چالىدىكىنا، تىۋۋا، كىۆڭلىۈمنى ئەجەب يارىكىندە قىلىۋەتتا... سازنى چالغان بىلەن ھېساب ئەمەس، باشقىلارنى ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۈرەلىسە ھېساب...» دەپ كەتتى.

— قارىغاندا، دادىڭىز فىدۇتىيەنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىدىكەن، — دېدى پەخرۇللا تەمكىن ھالدا، — كىتابلاردا: «بىرىنچى مۇھەببەت شۇنچىلىك ئوتلۇق بولىدۇكى، يۈرەكتە ساقايماس جاراھەت، ئۆچمەس داغ قالدۇرىدۇ» دەپ يېزىلغىنى شۇ كەندە.

— بولدىلا، بۇنداق گەپلەرنى قىلمايلىچۇ، سىز بۇ توغرۇلۇق ئىككىنچى قېتىم تەكرارلاۋاتىسىز.

— شۇنداقمۇ؟... — پەخرۇللا چەمەك قولىدا ماڭلىيىنى تاتىلىدى، — لېكىن پەقەتلا ئېسىمدە يوق... راستىما، يادىمغا ئالالمىدىم.

— قىشتا دۆڭ سايدا ئويۇن قويۇپ بولغاندا، قار ئەجەب يېغىپ كەتتى. سىز ئايدالدا ئاپامنىڭ ناخشىلىرىغا ئېغىز گارمونىڭىزنى چالدىڭىز، ئاڭغىچە مەن كەلدىم، ئېسىڭىزگە كەلدىمۇ؟

— توغرا، توغرا، شۇ چاغدا سىز «دادام ئاپام فىدۇتىيەنى ئەسلەپ قالامدۇ نېمە، بەزىدە بۇ ناخشىلارنى غىڭشىپ ئېيتىپ قويىدۇ. ھەتتا كۆز ياش قىلىدۇ...» دەپ بەرگەنلىكىڭىز ئېسىمگە كەلدى.

— شۇ چاغدا سىز نېمىدەپ جاۋاب بەردىڭىز، ئېسىڭىزدە باردۇ؟

— ھەۋم، — پەخرۇللا كۆككە باقتى، — ئۇ چاغدا مەن «شۇنداق، كىتابلاردا: ‹تۇنجى مۇھەببەتنى ئۇنتۇتماق تەس، چۈنكى ئۇنىڭ غۇبارسىز، پاك يۈرەككە سالغان دېغى چوڭقۇر بولىدۇ...› دەپ يېزىلىدىكەن...» دېگىنىم ئېسىمدە. بىر گەپنى ئىككى تەكرارلاپ سالغىنىم ئۇچۇن مىنى كەچۈرۈڭ.

— پەخرۇللا، ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىلەردە دېڭ تۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشا دېگەن ئادەملەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن كۈرەش، پىپەن قىلىنىۋېتىپتۇ، — دېدى پەزلىيە پەس ئاۋازدا، — بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەت بويىچە داغدۇغا قوزغايدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇلار نېمە قىلىدىغان ئادەملەركەن؟

— مەدەنىيەت سىستېمىلىرىنى ئىگىلىگەن ئادەملەرمىش. ئۇلار پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنىنى، ئۈچ قىزىل بايراقنى، چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، پولات تاۋلاش، ھەتتا ئۇلگىلىك تىياتىرلارغىچە ھەممىنى خاتا دەپ چىققان ئادەملەركەن.

— پاھ، نېمىدىگەن يورەك ئۇلاردا.

— دادامنىڭ دېيىشىچە بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، بىلىم ساھەلىرى، بىلىملىك زاتلار، بەلكىم رەھبەرلەرمۇ بىر قېتىم تاسقىلىدىغان ئوخشايدۇ، — پەزلىيە ئەتراپىغا قاراپ قويدى، — شۇڭا دادام «ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشىنى ئوبدان ئوقۇشى، جەمئىيەتتىكى قالايمىقان ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك» دەيدۇ.

— ھەرقانچە ئېغىر ھەرىكەت ئېلىپ بارغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ھەربىيلەر ئىگە بولار؟

— شۇڭا، شىنجاڭ ھەربىي رايونىدىن ھەرقايسى جايلاردىكى ھەربىي باشلىقلارنى ھەربىي مەكتەپكە يىغىپ ئۆگىنىشكە سالىدىكەن.

— ئېھتىمال بۇ ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى، يۆنىلىشى، سىياسىي غەرىزى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشى مۇمكىن، ۋاقتى قانچىلىككەن؟

— دادىلارغىمۇ ئۇقتۇرماپتۇ. دادامنىڭ پەرەز قىلىشىچە، بۇ چوڭ ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ھەرىكەت بولغاچقا، ئاز بولغاندا يېرىم يىل، بولمىسا بىرەر يىلغا سوزۇلۇپ كېتەرمىكىن، دەيدۇ.

— ئەگەر دېڭ تۇ، ۋۇخەن، لياۋمۇشالار مەدەنىيەت

سىستېمىسىدىكى ئادەملەر بولسا، بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ئوتى ھەرقايسى ساھەلەردىكى بىلىم ئەھلىلىرىگە تۇتىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

— مەن دادامدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — پەزلىيەنىڭ چىرايى سارغىيىپ قالغاندەك قىلاتتى، — دادام بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب ھەققىدە راسا سۆزلىگىلى تۇرغاندا كىرىپ قاپتىمەن. ئۇ گېپىنى توختىتىپ، ئوقۇغۇچىلىرىم ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى.

— كىمگە سۆزلەۋېتىپتىكەن؟

— زەينۇرە ھەدەمگە.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، — پەخرۇللانىڭ قاغا پېيىدەك قاشلىرى مىژىدە تۈرۈلدى، — دادىڭىزدەك ئاساسلىق رەھبەرلەرگە ئىچكى ماتېرىياللار كەلگەنلىكى ئېنىق.

— پەخرۇللا كېتەيلى، — پەزلىيە بىلىكىدىكى ئانىسىدىن يالداما قالغان قول سائىتىگە قارىدى، — كەچلىك يىغىلىشقا يۈشتەك چالىدىغان ۋاقىت بوپقاپتۇ.

ئۇلار باشلىرىنى سالغىنىچە ئورماندىكى يۇمشاق ئوتلارنى دەسسەپ، مەيدانغا مېڭىشتى. ئەمما ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ تۇرغان سوئال ئوخشاش ئىدى. ئىنقىلاب، ھەرىكەت دېيىلسە، پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە 57 ـ، 58 ـ يىللارنى يۈرىكى سىرقىرىغان ھالدا غۇۋا ئەسكە ئالاتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان توققۇز، 10 ياشلىق بۇ باللار مەكتەپ قورۇسىغا كىرىشتىنمۇ قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى، «كەڭ ئېچىلىپ سايراش»، «ئىستىل تۈزىتىش»، «ئوڭچىلارغا زەربە بېرىش» دېگەن شوئارلار تولۇلىنىپ، ئالىيېشىل قەغەزلەر تام ـ تورۇسلارغا چاپلىنىپ، موي قەلەمدە قاپقارا خەتلەر يېزىلغان كونا گېزىتلەر سىنىپ، كارىدور، بورا سەھنىلىرىدە خۇددى جىن كۆچتى لاتىلاردەك لەپىلدەپ تۇراتتى. سىنىپلاردىن «يوقىتايلى»، «ئوڭچى، يەرلىك

مىللەتچىلەرگە زەربە بېرەيلى»، «پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ ھەيۋىسىنى ئاشۇرايلى» دېگەندەك شوئارلار ئۆزۈلمەي تـوۋلىنىپ تۇراتتى. قوللىرى باغلانغان، يۈزلىرىگە قارا سۈرتۈلگەن مەكتەپ مۇدىرلىرى، مۇئەللىملەرنى رەستىلەردە سازايى قىلاتتى. تاياق، تاسما بەلۋاغ، تۇرتەكلەنگەن ئارقانلاردا ئۇراتتى. پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە ئۆز يۇرت، ئۆز مەكتەپلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەردىن يۈرىكى ئېغىپ، كېچىچە جۆيلۈپ چىقاتتى. ئەتىسى ئېغىز ـ بۇرۇنلىرىغا ئۇچۇق چىقىپ، يۇمران لەۋلىرى گەز باغلاپ كېتەتتى.

— ئىنقىلاب، ھەرىكەت دېسىلا، — دېدى پەزىلىيە چوڭقۇر تىنغان ھالدا، — ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىمىدىكى ۋەھىمىلىك يىللار، كۆرۈنۈشلەر، ۋارقىراپ ـ جارقىراشلار ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ.

— مەنمۇ ئۇ چاغدا ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇيتتىم، — پەخرۇللا بېشىنى چايقىدى، — ئانام ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، دەرھال قېچىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالاتتىم... پەزىلىيە، ئىككىمىزنىڭ ئىشى قانداق بولۇپ كېتەر؟

— ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ، ئىككىمىزگە باغلىق.

— توغرا، جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ سىزنى قوغدايمەن، بىرەر دەقىقە ئايرىلمايمەن! ھەتتا مەكتەپتىن قوغلانسامـمۇ ئىرادەمدىن يانمايمەن!

— تېز بولۇڭ پۇشتەك چېلىندى.

ئۇلار يۈگۈرگىنىچە ئورماندىن چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

# جۇدۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

## سەككىزىنچى باب

# غەليانلىق يىللار

1966 - يىل 6 - ئاي.

«ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەپ ئاتالغان قىزىل بوران، ئەمدىلا قەددىنى رۇسلىغان نىمجان ۋەتىنىمىزنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىپ، چاقماق تېزلىكىدە تاغ - ئېدىر، شەھەر - يېزا، يايلاق - ئورمان، كان - كارخانا، ئىدارە - جەمئىيەت، زاۋۇت، دوختۇرخانا، مەكتەپ، ئائىلىلەرگىچە توپا - توزان كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇزۇن يىللار يېرىم فېئوداللىق ۋە جاھانگىرلارنىڭ زۇلۇم، ئاسارەتلىرى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن تېنى جاراھەتلەنگەن ئانا ۋەتەن يارىلىرى ساقايماي تۇرۇپلا يەنە، «ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تۆمۈر تاپانلىرى ئاستىدا قالدى. ھەممىلا يەردە «بۇرژۇئا ئىدىيىلىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ئوت ئېچىش»، «ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى چۇشۇرۇش»، «ئاق خالاتلىق لويىلار[①] نى تارتىپ چىقىرىپ ئەدىپىنى بېرىش»، «تۆت كونىنى پاچاقلاپ تاشلاش» دېگەندەك شوئارلار ياڭراپ، ئۇر، چاق، سۇندۇر، پاچاقلا، ئۆلتۈر، ئوت قوي ··· لار ئەۋج ئېلىپ كەتتى. تۆت كونا يىرتىپ تاشلاندى ··· ئۇستەل - ئورۇندۇقلار سۇندۇرۇلدى. دوپپىلار پارچە - پارچە تىتىپ تاشلاندى. كوچىلاردا بوران ئۇچۇرۇپ يۈرگەن كىيىم - كېچەك، چاچ - دوپپىلار قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. ھەتتا يېزا بازارلىرىغا قېتىق،

① ئاق خالاتلىق لويىلار — دوختۇرلار.

سۈت سېتىش ئۈچۈن كىرگەن قېرى مومايلارنىڭ چېچى كېسىلىپ، بېشىغا كۆپكۆك شەپكىلەرنى كىيگۈزۈپ قويۇشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىيلاشقانلىقى ئىدى.

بوستان ۋىلايەتلىك 1 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كۇلۇبىمۇ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن لىق تولدى. مەكتەپ مۇدىرى شەمشىدىن ئامان، ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىك، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردى، ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىللىرىدىن ئەسمەت قادىر، ئاببas ئەخمەت، روشەنگۈل، پەتتار ئىمىن، ئابدۇكېرىم سەئىدىلەر سەھنىدىن ئورۇن ئالغانىدى. شەمشىدىن ئامان كۇلۇبتا ئولتۇرغان مىڭدەك ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا تەكشى قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئېگىز ئورنىتىلغان مىكروفوننى پەسلىتىپ، ئۆز بويىغا تەڭ قىلدى، ئاندىن گېلىنى قىرىپ كانىيىنى رۇسلىدى.

— ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئۇلۇغ ماۋجۇشى ئاتىمىز يىراقنى كۆرەر دانا داھىيدۇر! ئۇ سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ قىپقىزىل رەڭگىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيىگە، ئۇنىڭ چىرىك نەزەرىيە ئېقىمىغا، شيۇجېڭجۇيىچى خائىنلارغا قارشى ئومۇميۈزلۈك قايتارما ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قوزغىدى، — شەمشىدىن ئامان سەل ھاياجانلىنىپ قالدى بولغاي، بىردەم توختىۋالدى، — بىز ھەممىمىز ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ پولاتتەك سېپىدە چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ھەم بەتبۇي ئىدىيىلىرىگە قارشى كەڭ كۆلەمدە بىر مەيدان خەلق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. خۇددى كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر - ئۇرغا قالغاندەك، سۇغا چۈشكەن ئىتنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالىغاندەك، قەيەردە، كىمگە، قايسىبىرلىرىگە سالجىدەك چاپلاشقان بۇرژۇئازىيىنىڭ

ياسانچۇقلۇق، مىشچانلىق، مەنمەنلىك، يوغانچىلىق، ماختانچاقلىق چىرىك مەپكورىلىرىغا ئوت ئېچىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىلار ئۆز ئارا، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆز ئىچىدە چوڭ خەتلىك گېزىت ئارقىلىق بىر-بىرىدىكى يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىشى، كۈرەش قىلىشى، پىپەن قىلىشى كېرەك. ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىن ئوت ئېچىپ ئىنقىلابنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولايلى. ياشىسۇن ماۋجۇشى، تۆمەنمىڭ يىللار ياشىسۇن!

سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ رىياسەتچىسى ئاباس ئەخمەت، ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىكنى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ، جايىغا بېرىپ ئولتۇردى. ئەزەلدىنلا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن پۇرچىقى پىشمايدىغان خەيرىدىن مالىك ئېغىز چىشىمىنى قەيەرگە پاتۇرسام جان يېرىدىن ئالارمەن دېگەندەك بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، مىكروفوننى ئېگىزلەتتى.

— ئىنقىلابىي يولداشلار، ئۇلۇغ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىدىيە، ئاڭ، مەدەنىيەت جەھەتتىنلا ئۆزگەرتىپ قالماي، بەلكى پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرىنى كىچىكلىتىش، چوكىنەملەشتۇرۇش سىياسىي جەھەتتە كورلۇقتۇر. ياسانچۇقلۇق، مىشچانلىق، مەنمەنلىك، يوغانچىلىق، ماختانچاقلىقلار بۇ ئىنقىلابنىڭ زەربە ئوبيېكتى بولسىمۇ، ئاساسىي ئوبيېكت رەھبەرلىكنىڭ كاللىسىدىكى قاتماللىق، نەزەر دائىرىسىنىڭ تار بولۇشى، بيۇروكراتلىق، بۇيرۇقۋازلىق قاتارلىقلار ئىنقىلاب پاراۋوزىنىڭ چاقلىرىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان ئامىللاردۇر، — خەيرىدىن مالىك بۇ چاغقىچە چىقىرالماي كېلىۋاتقان غۇمنى چىقىرىپ قورسىقىنى بوشاتتى، — شۇڭا بۇ قېتىمقى ئىنقىلابتا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى -

خىزمەتچىلەر بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەكتىپىمىز ئىچىدىكى چەرەندە - پەرەندىلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى.

خەيرىدىن مالىكمۇ «ياشىسۇن»دىن بىرنەچچىنى مەكتەپ مۇدىرىدىن ئارتۇق توۋلىۋېتىپ چۈشتى. ئاڭغىچە رىياسەتچى ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردىنى سۆزگە تەكلىپ قىلغانىدى، ئۇ گەرچە كۆپ سۆزلىمىگەن بولسىمۇ، ھەممىنىڭ يۈرىكى سىرقىرىغۇدەك بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ماۋجۇشى ئاتىمىزغا قىپقىزىل يۈرىكىنى ئاتىغان قىپقىزىل ئىنقىلابچىلار، — خۇددى كونا تاختايدىن داتلاشقان مىخنى سۇغۇرغاندەك بىر ئاۋاز مىكروفوننى چىرقىرىتىۋەتتى، — ھەرقايسىڭلارنىڭ دادىل ئىنقىلاب قىلىشىڭلار، ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىشىڭلار، بۇرژۇئازىيىنىڭ جاھىل قورغانلىرىغا، ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىغا توپ ئېتىشىڭلار ئۈچۈن، مۇنداق ئىنقىلابىي تەدبىر قوللانماقچى. پىكىر ساندۇقىدىن ئىككىنى ياساپ، ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىغا بېكىتىپ قويىمىز. ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، رەھبەرلىك ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ھەتتا ئاشپەزلەرگىچە مەسىلە پاش قىلىپ، پىكىر ساندۇقىغا تاشلىساق بولىدۇ. ئىككىنچى مەسىلە، مەكتىپىمىزدە «ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ نامزاتلىرى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى ھەم ئىنقىلابىي كادىرلاردىن تەركىب تاپىدۇ. پىكىر ساندۇقىنىڭ يەنە بىرىگە خالىغان نامزاتلارنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، بىلەت تاشلىساق بولىدۇ.

سائادەت تۇردىمۇ، خەيرىدىن مالىكتىن بىرنەچچە شوئارنى ئاشۇرۇپ توۋلىۋېتىپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىلى ۋە ئىختىيارىي سۆزلىگۈچىلەر ئىنقىلابقا سادىق يۈرىكىنى كۆرسىتىپ، دەبدەبىلىك ئىنقىلابىي ئىبارىلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى.

بىزنىڭ ئادەملىرىمىز مانا مۇشۇنداق پوپاڭلار! بىرەر ھەرىكەتنىڭ شەپىسى كېلىپ بولغۇچە ئىشتان ـ كۆڭلەكنى سېلىپ، قىپيالىڭاچ ئۆزىنى سۇغا ئېتىشقا، چورۇق بىلەنلا خامپىغا سەكرەشكە تەييار تۇرىدۇ. «قانداق ئىش كىمگە پايدىلىق، كىمگە زىيان، يەنە ئۆزۈمنىڭ پۇتىغا ئۆزۈم پالتا ئۇرۇپ سالماي··· » دېمەيدۇ. خۇددى ھەرىكەت ئۇنىڭغا ئاسماندىن چەلپەك تاشلاپ بېرىدىغاندەك، خەقلەردىكى ئەنت ـ قىساسنى بىر يولىلا ئالىدىغاندەك، بۇ ھەرىكەتنىڭ سىرتىدا قالسا، بەخت ۋە ئامەت مەڭگۈ يۈز ئۆرۈيدىغاندەك بەس ـ بەستە يەڭ شىمايلاپ مەيدانغا چۈشىمىز. بىر كىمنى ئۇر دېسە، «ۋۇي، ئەزەلدىن مېنىڭ ئۇنىڭدا ئۆچ ـ ئاداۋىتىم بولمىسا، نېمىشقا بىراۋلارغا ئازار بەرگۈدەكمەن» دېمەيمىز ··· «ئۇرىدىغان ئىش ئوخشايدۇ، ئۇرايلى!» دەپ ھېچقانداق ۋىجدان ئازابى تارتماي، يۈرىكىمىز ئېچىشماي، ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، ياراتقان ئىگىسىدىن قورقماي، دۇمبا ـ تېپىكنى ياغدۇرۇۋېتىمىز ··· تېخى «خەپ، بىرەر ھەرىكەت كەلسە، ئەدىپىنى بەرمەيدىغان بولسام» دەپ بالايىئاپەت تىلەيدىغانلارمۇ يوق ئەمەس!

قاراڭ، مۇدىر شەمشىدىن ئامان، ئوقۇتقۇچىلار ـ ئوقۇغۇچىلار ئارا نىزا تۇغدۇرۇپ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى بىر ـ بىرىگە سېلىپ، ئۆزى تاغ ئۈستىدە مايمۇن تاماشاسى كۆرمەكچى بولدى. بىراق خەيرىدىن مالىكمۇ بوش كەلمىدى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرىغا «ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرىنى كىچىكلەتتى»، «چۈكنەملەشتۈردى»، «سىياسىي جەھەتتىكى كور··· » دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ تۇنجۇقتۇرۇۋەتتى. تېخى «كاللىسى قاتمال»، «نەزەر دائىرىسى تار»، «بيۇروكرات»،

«بۇيرۇقۋاز···»، غا ئوخشاش سىياسىي ئىبارىلەر ئارقىلىق قورقاق سالدى ··· سائادەت تۇردى بولسا ئۇنىڭغا، «سەنمۇ شاشما، توختاپ تۇرۇڭ يارى، سىزگىمۇ بىر كۈن بارەي»نى شىپى كەلتۈرۈپ، ئىلمىي مۇدىردىن ئىبارەت «ئىلىم نوپۇزلۇق»نى چىشلەپ تارتتى ··· ھەتتا «ئىككى ساندۇق»، «كەشپىيات»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممىنىڭ تۇيىقىدىن تارتىپ، مۇڭگۈزىگىچە سىرقىرىتىۋەتتى.

تۇۋا دەپ ياقا چىشلەشتىن باشقا چارە يوق. ئۇلار خېلى يىللاردىن بېرى بىللە ئىشلەپ كېلىۋاتقان سەپداشلار، خىزمەتداشلار، كەسىپداشلار ئەمەسمىدى؟ ئۇلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ شەپىسى كېلىپ بولغۇچە بىر ـ بىرىگە نېمانچە قىر كۆرسىتىپ، خىرىس قىلىشىدىغاندۇ؟ دەرھەقىقەت زىددىيەتتىن خالىي يەر بولمىسا كېرەك. ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار مەسىلىلىرى، ھەرخىل پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلار، ئىلمىي مۇھاكىمىلەردىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر، نەمۇنىچى سايلاش، مائاش باھالاش، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش ··· تەك نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىر بىرلىكىگە كېلەلمەسلىك، زىتىغا تېگىپ قويۇش، ھەتتا ئۇرۇشۇپ قېلىشلاردىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھاياتلىق — زىددىيەت، كېلىشمەسلىك، شادلىق ۋە قايغۇلار مۇجەسسەمىدۇر. ئەمما. بۇنداق غۇمنى ئىچىدە كۆچۈكلىتىپ، ھەرىكەتتىن ئىبارەت شۇملۇقنى تىلەش — قارانىيەت، مەلئۇننىڭ ئىشىدۇر. مۇدىر شەمشىدىن ئامان، ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىك، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردىلار ئازغىنا قورساق كۆپۈكلىرىڭلارنى دەپ بۇنداق ھېلىتىن «ئاق تاغلىق»، «قاراتاغلىق» بولۇپ، بىر ـ بىرىڭلارغا ئەجەل تىلىمەڭلار، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ قېتىمقى «زور ئىنقىلاب» تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك دەھشەتلىك قىيان ئاپىتى ئوخشايدۇ. قايسىڭلار

قايىنامدىن، قايىسىڭلار سايرامدىن چىقىشىڭلار تەقدىر پېشانەڭلەرگە باغلىق!

شەمشىدىن ئامانىنىڭ سۆزى ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى مەستلىش دورىسىدەك تەسىر قىلدىمۇ نېمە، ئارىدىن بىرەر ـ ئىككى ھەپتە ئۆتمەيلا، قىز ـ ئوغۇللارنىڭ ياتاق، سىنىپلىرى چوڭ خەتلىك گېزىت بىلەن تولدى. تام ـ تورۇسلار يېتىشمەي، پارتا ـ بەندىلەرگىچە يېزىلىپ قالدى. «پالانى، سەن ئىشتىنىڭنىڭ قىرىنى پىچاق بىسىدەك چىقىرىپ، ئاپئاق كالتە يەڭ كۆڭلەك كىيىسەن، بۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىنى پەردازلىغانلىقى بولماي نېمە؟»، «پوكۇنىخان، سەن ھەر كۈنلۈكى كىيىم ئالماشتۇرىسەن، قاش ـ كۆزۈڭنى ياسايسەن. بۇ سېپى ئۆزىدىن مىشچانلىق بولماي نېمە؟ مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇر… »، «ھەي تۇرسۇن، سېنىڭ قولۇڭدىن كىتاب چۈشمەيدۇ. سەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىلىم نوپۇزلۇقى بولماقچىمۇ؟ ياۋاشلىق بىلەن ئىقرار قىل… » دېگەندەك مەزمۇنلاردا يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىتلەر ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى. قىسقىسى، تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى رەتلىك قىز ـ ئوغۇل ئوقۇغۇچىلارنى بۇرژۇئازىيىنىڭ كۆچۈكلىرى، ئاقسۆڭەك مىشچانلىرى، ياسانچۇقلار دەپ تىللاپ، دازىباۋ[①] يازاتتى.

پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە مەكتەپ بويىچە ئەڭ پاكىز، چىرايلىق، رەڭلىك كىيىنىپ يۈرىدىغان قىزلار بولغاچقا، ئالدى بىلەن ئۇلارغا: «بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىسى چىرمىشىۋالغان»، «ھاكاۋۇر… »، «ياسانچۇق»، «بۇرژۇئازىيە پاتقىقىغا مىلىنىپ كەتكەن چوشقىلار… » دېگەندەك ھاقارەت، سەت تىللار بىلەن تولغان دازىباۋلار سىنىپلارغا چاپلاندى. ھەتتا بىرەر قىز ـ ئوغۇل ئۇزۇنراق گەپلىشىپ قالسا ياكى بىرلىكتە دەرس

① چوڭ خەتلىك گېزىت شۇ دەۋرلەردە «دازىباۋ» دەپ ئاتالغان.



www.uyghurkitap.com

تەكرارلىغان بولسا، ئاددىيسى بىللە ماڭسىمۇ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە چاپلاپ، ئىنتايىن قەبىھ تىللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. بۇ ھەقتە پەزلىيەنىڭ غورۇرىغا تېگىدىغان دازىباۋلارمۇ چىققىلى تۇردى. نومۇستىن يېرىلىپ كېتەي دېگەن بۇ ياۋاش قىز مىچىلداپ يىغلاشتىن باشقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، پەرۋىنە ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۆزى توغرۇلۇق چىققان خېلى كۆپ دازىباۋلارغا پەرۋايى پەلەك ھالدا يۇرۇۋېرەتتى. بىراق، بىر كۈنى «پەرۋىنە ئىكرام بىلەن بولغان چىرىك مۇناسىۋىتىگە پاش قىل، بولمىسا ئىنقىلابىي ئامما سېنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ···» دەپ يېزىلغان بىر پارچە كونا گېزىت ياتاق ئىشىكىگە چاپلاندى. غەزەپلەنگەن پەرۋىنە بىر ۋارقىرىغاندى، ئىكرام يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇ چاغدا پەرۋىنە ئىشىكتىكى بىر بەتلىك دازىباۋنى سويۇۋالغاندى. ئۇنىڭ غەزەپتىن تىترەۋاتقان قوللىرىنى، تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىنى كۆرگەن قىزلارمۇ قورقۇپ ئارقىغا داجىشتى.

— ئىكرام، تۇت ماۋۇ شىلىم چېلىكى بىلەن ئەسكى سۆيۈرگىنى، — پەرۋىنە زەردە بىلەن ۋارقىرىدى، — ئىككىمىز بۈگۈن بىر ئىنقىلاب قىلىپ باقايلى، بۇ چاغقىچە بىر كىمنىڭ ئۈستىدە بىرەر پارچە دازىباۋ چاپلىماپتىكەنمەن. يۈر، ئەمدى چاپلايمىز···

پەرۋىنە قولىدىكى سويۇۋېلىنغان دازىباۋنى يۈگۈرگىنىچە، ئەڭ چەتتىكى قىزلار ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى بىر تېپىپ «جاڭگىدە» ئېچىۋەتتى. ياتاقتىكى قىزلار قورققىنىدىن بىر بۇلۇڭغا دۆۋىلەشتى. كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ تۇرغان پەرۋىنە قىزلار ئىچىدىكى خانئاينىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ، غەزەپ بىلەن تارتىشى، خانئاي تاختاي سۆكىگە ئوڭدىسىغا يىقىلدى. پەرۋىنە ئۇنىڭ قورسىقىغا مىنىۋېلىپ، ئىكرامغا ۋارقىرىدى:

— ئىكرام، ماۋۇ دازىباۋغا سۆيۈرگىدە شىلىم سۈۋۈا···

www.uyghurkitap.com

پەرۋىنە شىلىملىرى ساقىپ تۇرغان دازىباۋنى خانئاينىڭ يۈزىگە چاپلىدى···

— سەن دازىباۋ چاپلاشنى بىلمەيدىكەنسەن، رەسۋا ··· مانا مۇنداق چاپلايدۇ.

پەرۋىنەنىڭ ئاستىدا قالغان خانئاي چىرقىراپ، تىپچەكلەپ، يۇلقۇنۇپ قوپالمىغانسېرى، پەرۋىنە ئۇنىڭ يۈزىگە چاپلانغان دازىباۋنى بېسىپ تۇرۇۋالدى.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان ئىش قىلىدىكەن، بۇگۇنغۇ يۈزىگە دازىباۋ چاپلىدىم، ئەمدى خىش بىلەن كاللىسىنى يارىمەن.

ياتاقتىكى قىزلار پەرۋىنەنىڭ غالجىرلاشقان ئەلپازىدىن قورقۇپ يېقىن كېلەلمىدى. ئاڭغىچە ئىكرام ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئەچىقىپ كەتتى. بۇ ۋەقە مەكتەپ ئىچىدە بىر كۈندىلا پۇررىدە تارقالدى. ئىنقىلاب ۋاقتى بولغاچقا ھەممىسى ئۆز غېمىدە بولۇپ، پەرۋىنەگە گەپ قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. چۈنكى، پەرۋىنەمۇ بىر ئىنقىلابىي ئاممىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قىزغا چېقىلىپ دازىباۋ يازىدىغانلار ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئەمما، پەزىلىيە پەرۋىنەنى دورىيالمىدى. بىر كۈنى ئۇ كەچلىك مۇزاكىرىدىن قايتىپ ياتىقىغا كىرگەندى. كىملەردۇر ئۇنىڭ كۆرپىسىنى ئۇزۇن سېلىپ، ئۈستىگە ئىككى تاختا دازىباۋ چاپلاپ قويغانىدى. ئۇنىڭدا «ھەي پەزىلىيە دېگەن ئورۇس كۈچۈكى، بۇ كۆرپىدە پەخرۇللا بىلەن نەچچە قېتىم ياتقىنىڭنى پاش قىل» دەپ يېزىلغانىدى. كۆرپىدىن دازىباۋنى يىرتىپ ئېلىۋەتسە، «ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشىلىق قىلدى» دېگەن قالپاق تەييارلا تۇراتتى. پەزىلىيە يوتقىنىنى سالالماي تۇرغىنىدا، سىنىپ مۇدىرى ئىسمەت قادىر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ دازىباۋنى يۇلۇپ ئالغىنىچە، پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلىۋەتتى. دازىباۋ چاپلاش كېيىنچە سىنىپ، ياتاقتىن تەرەققىي قىلىپ،

ئوقۇغۇچىلار كۆپ پائالىيەت قىلىدىغان ئاشخانا، مەيدان، كۇلۇب قاتارلىق جايلارغا يۆتكەلدى. بۇ چاغلاردا ئوقۇتقۇچىلار كۈندۈزى دەرس ئۆتۈپ، چۈشتىن كېيىن كۈرەش، پىيەنگە قاتنىشاتتى. بەزىدە ھەربىر سىنىپ مۇدىرى سىنىپىدىكى بالىلارنى تەشكىللەپ، يېزىلغان دازىباۋلارنى كۆرۈشكە ئاپىرىپ، سىنىپ، ياتاق، ئاشخانا، مەيدان، كۇلۇبلارنى ئايلىناتتى. ئۆزى ئۈستىدىن مەسىلە پاش قىلىنغان ئوغۇل ـ قىز ئوقۇغۇچىلار باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالاتتى ياكى يىغلايتتى. ئىنقىلاب چوڭقۇرلاشقانسېرى، سىنىپلار ناھىيىلەر، شەھەرلەر بىلەن يېزىلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا دازىباۋ يېزىپ، پىپەن سەھنىلىرىدىكى دازىباۋلارنى يىرتىدىغان، لاي ـ پاتقاق ئاتىدىغان، قارا رەڭ سۇۋاپ كۆرگۈسىز قىلىۋېتىپ بۇنداق ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن ئۆزئارا تىللىشىپ، مۇشتلىشىپ، تاياق، ئورۇندۇق سۇنۇقلىرى، خىش پارچىلىرى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ باش ـ كۆزلىرىنى قىپقىزىل قانغا بويايدىغان ئىشلار مەيدانغا كەلدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار يىغىلغان ۋاقىت ئىدى. ئىسمەت قادىر مۇئەللىم سىنىپىدىكى پەزىلىيە، ئاينۇر، ئەختەرنىسا، ئىمىنجان، دىلەيسەم، سىدىق نۇر، سادىر ئابدۇللا قاتارلىق بىر توپ بالىلارنى باشلاپ، دازىباۋلارنى كۆرۈپ، تىزىملاپ، ئاشخانا، مەيدان، كۇلۇبلارنى ئايلىنىپ سىنىپقا كىرىشى، بىلەنلا تامدىكى ئىككى بەتلىك دازىباۋغا كۆزى چۈشتى. دازىباۋنىڭ شىلىملىرىنىڭ ساقىپ تۇرۇشىدىن ھېلىلا چاپلانغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا: «بۇرژۇئازىيىنىڭ لالما كۈچۈكى پەزىلىيە، پەخرۇللا بىلەن ئورمان ئىچىدە سۆيۈشكىنىنى پاش قىل⋯ » دەپ يېزىلغانىدى. پەزىلىيە قايرىلىپلا جەينەكلىرى بىلەن تامغا يۈزىنى يېقىپ يىغلىۋەتتى.

— مەن ··· مەن ماۋجۇشى رەسمى ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرەي ··· ھەرگىز ئۇنداق ئىشنى قىلمىدىم ··· ھەم قىلمايمەن ··· ۋاي ئۆلەي ··· ئۇ ··· ئۇلار نېمانداق شەرمەندە بالىلاردۇر!···

— بولدى پەزلىيە يىغلىماڭ، بۇ دېگەن ئىنقىلاب، خەق نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋېرىدۇ، — ئىسمەت قادىر چىمەن ناھىيىلىك سىدىق نۇرغا ئىشارە قىلدى، — سېنىڭ بويۇڭ ئېگىز بولغاندىن كېيىن ئېلىۋەت.

سىدىق نۇر دازىباۋنى سويۇپ ئېلىشى، ئىسمەت قادىر ئۇنى يۇرلاپ قوش مۇشتتەك قىلدى ـ دە، سىنىپ ئالدىدىكى ئېرىققا تاشلىۋەتتى. لېكىن، ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەكتەپ ئىچىدە قىيامەت ـ قايىم يۈز بەردى. تولۇق ئىككىنچى سىنىپنىڭ بالىلىرى ۋە بىرنەچچە ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار چەمبەرچاس باغلانغان ئىسمەت قادىرنىڭ يۈزىگە قارا سۈۋاپ، دومباق، جاغ ـ جاغلارنى چېلىپ كوچىدا سازايى قىلدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان يوغان تاختايغا «ئىنقىلابىي يېڭىلىق دازىباۋنى يىرتقان نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئىسمەت قادىر» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. سازايى قىلىش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئۆيۈشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردى ئىدى. ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە يەرگە دەسسىمەيمۇ ـ دەسسىمەيمۇ دېگەندەك گىدىيىپ، ئېڭىكىدە ئاسمان تىرەپ، سۇرلۇك بولۇۋالدى. ھەركۈنى دېگۈدەك ئىككى ساندۇقنى ئېچىپ، ئىچىدىكى پىكىرلەرنى دەپتەرگە كۆچۈرەتتى. بۇ چاغلاردا «مەكتەپ ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن چۈشكەن پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى سائادەت بىلەن پەخرۇللا يېزىپ، رەتكە سالاتتى. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ياكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولسۇن پات ـ پاتلا تارتىپ چىقىرىلىپ، ئادەم ھەيران قالغۇدەك سوئاللارنى سوراپ، ئايرىم ئۆيلەرگە سولايتتى. «پاش قىلمىساڭ ئېتىلىسەن، سولىنىسەن، تۈرمىدە چىرىپ

ئۆلسەن» دېگەن بۇ جىنايى قىلمىشلارنى كەسپىي بۇلاڭچى، قاتىللارمۇ قىلالمايدىغان قورقۇنچلۇق ئىشلار ئىدى. قىسقىسى، پاش قىلىش ماتېرىيالىنىڭ ئاستىغا ئىسمىنى يازماي «ئىنقىلابىي ئاممىا»، «پرولېتارىيات جەڭچىسى»، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى قوغدىغۇچى»، «قىزىل يۈرەك ئاۋانگارت» دېگەندەك مەۋھۇم ئىسىملارنى يېزىپ قويغاچقا، پاش قىلىنغان بۇنداق ماتېرىياللارنىڭ ئىگىسىنى تاپالمىسىمۇ كۆچكە ئىگە قىلىپ، قارىغا كەتكۈچىنى كۆرەش - پىپەن قىلىنىۋېرەتتى. ئىسمەت قادىر مۇئەللىم سازايى قىلىنىپ ئىككى كۈنمۇ ئۆتمىدى بولغاي، يۇلغۇنباغ ئاھىيىلىك تۈرسۈنتاينىڭ بېشىغا قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ مەكتەپتە سازايى قىلىندى. ئۇمۇ ئاشۇ لەنتى پىكىر ساندۇقىدىن چىققان پاش قىلىش ماتېرىيالىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇ بۇلتۇر كۈزدە كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈگۈرۈش پائالىيىتىدە، يولدا كېتىۋېتىپ قاتلاقلىق بىر سوملۇق پۇلدىن ئالتىنى تېپىۋالغانىدى. بۇ قېتىمقى ساندۇقتىن چىققان پاش قىلىش خېتىدە «10 سوملۇق پۇلدىن بىر باغلام»غا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ پاكىتقا ئېسىلىۋالغان سائادەت تۈردى: «پۇلنى تاپشۇرمىساڭ بىز ساڭا ئىگە بولالمايمىز، قولغا ئېلىنىسەن، ئېتىلىسەن...» دەپ ھەر كەچتە سوراق قىلاتتى.

مەكتەپتىكى مىڭدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدە ھەر تۈرلۈك ئىشلار بار ئىدى. قاچاندۇر بىر نېمە دېيىشىپ قالغان، بىر نەرسىنى تالىشىپ، بىرلىككە كېلەلمىگەن ياكى بىر نەرسىسىنى قولىدىن ئەپقاچقان، سورىغان نەرسىسىنى بېرىپ ئالالمىغان دېگەنگە ئوخشاش كۆڭۈلدىن چىقىپ كەتمىگەن ئىشلارنى كۆپتۈرۈپ، يوغىنىتىپ يېزىپ ساندۇققا تاشلايتتى. ھەتتا يوقلا نەرسىلەرنى ئارتىپ كىملەرنىڭدۇر تاماشىسىنى كۆرەتتى. شۇڭا بۇ

ساندۇقلارغا «تۆھمەت ئۆڭكۈرى» دەپ ئىسىم قويۇلۇپ قالدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە پاش قىلىش ماتېرىيالى يازغان بىرقانچە بالا ساندۇق قېشىغا كېلىپ يېقىن بارالمىدى، ھەممىسى بۇرنىنى تۇتۇپ داجىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە سائادەت تۇردى، شەمشىدىن ئامان، خەيرىدىن مالىكلارمۇ يېتىپ كېلىپ، ئۇلارمۇ ئاغزىلىرىنى تۇتۇشتى. ئىككىلا ساندۇقنىڭ قەغەز تاشلايدىغان ئار تۆشۈكىگە كىمدۇر بىرى يوغانغىنە ئولتۇرۇپ قويغانىدى. خۇش بولۇپ كەتكەن شەمشىدىن ئامان تۇمشۇقىنى مۇشتۇمى ئاستىغا يوشۇرۇپ خىرقىراپ كۈلدى. ئاڭغىچە خېلىلا نۇرغۇن باللار توپلىنىپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىر - بىرىدىن سورىماقتا ئىدى.

— نېمە بولماقچىدى، — سويما باش بىر بالا يېنىدىكى ئاغىنىسىگە چۈشەندۈرمەكتە ئىدى، — تۆھمەت ئۆڭكۈرىنىڭ تۆشۈكىگە گۆمبەزدەك چىچىپ قويۇپتۇ.

— ماڭە نېرى، ئۇنچىۋالامۇ چىچمىغاندۇ؟

— قاراپ باقە، كاللامدەك پوق چوقچىيىپ تۇرمامدۇ؟

— ئۇنداقتا ئىچىدىكى، — سۆزلەۋاتقان بالا سائادەتنىڭ ئالىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، — چىرايلىق ماتېرىياللار ھېلىقى بىر نېمىگە چاپلىشىپ قالغان بولسا، قانداقمۇ ئوقۇغىلى بولا؟

— يوقىلىش، — سائادەت غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، — سەن گۆيلارنىڭ بىرىڭ قىلمىساڭ كىم قىلاتتى.

— نېمانچىۋالا ۋارقىرايدىكىنە، — سويما باش بالا ھۆرپەيدى، — تايلىغىن ئاشۇ خوتۇن ئۆزى چىچقان گەپ، ۋۇي پوق قوك.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئوقۇغۇچىلارنى بىزەڭ، قېلىن، تەپتارتماس، ئۇششۇقلاردىن قىلىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇلار ھۆرمەت قىلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ

يۈزلىرىگە قارا سۈۋىلىپ، بويۇنلىرىغا تاختاي ئېسىلىپ، باشلىرىغا قەغەز قالپاقلار كىيىلىپ سازايى قىلىنىۋاتسا، كىم ئۆلاردىن ئەيمىنىپ يۇرسۇن؟!

مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ھاراراتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر مەزمۇن قېتىلدى. ئۇ چاغلاردا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ئىختىلاپلار بىر قىسىم كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ئىچىدە بەس ـ مۇنازىرە قوزغىغان بولۇپ، گېزىت ـ ژۇرنال، ئىچكى ماتېرىياللاردا بىر ـ بىرىگە نەزەرىيە، جەھەتتە ھۇجۇم قىلىۋاتاتتى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. شۇڭا، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تارتىپ چىقىرىلغان، ئەدىپىنى بېرىش قاتارىغا كىرىدىغانلار ئىچىدە «سوۋېتتە تۇغقانلىرى بارلار»، «خەت ـ ئالاقە قىلىشقانلار، ئۆزلىرى بىۋاسىتە باغلانغانلار» قاتارلىقلار «ئىككى يۈرەك»، «شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئىشپىيونى»، «سوۋېتنى ماختىغانلار» دەپ بېكىتىلىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. پەزلىيە، پەرۋىنەگە يېزىلغان دازىباۋلارنىڭ خاراكتېرى، مەزمۇنى كۆپەيدى. مەكتەپنىڭ قەيرىگىلا بارسا: «شيۇجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئارىمىزدىكى ئىشپىيونى پەزلىيەنى ئۇزۇل ـ كېسىل پاش قىلايلى»، «پەزلىيە، ئورۇس ئاناڭنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان ئەكسىيەتچىل مۇناسىۋىتىڭنى تاپشۇر!» «پەزلىيە، ياۋاش بولىۋشۇڭغا رۇخسەتكى، قۇيرۇق كۆتۈرۈۋېلىشىڭغا رۇخسەت يوق… » دېگەندەك چوڭ خەتلىك گېزىت، شوئار، لوزۇنكىلار تام، دەرەخ، ئىستولبىلارغا چاپلىنىپ، پىپەن سەھنىلىرى توشۇپ كەتكەنىدى. پەزلىيە قاياققىلا قارىمىسۇن قىزىل چىلەك[1] ئۆرۈلغان قاراخەتلىك ئىسمىنى كۆرەتتى. ئەمما پەرۋىنە خېلىلا تۇرگۇن،

[1] قىزىل چىلەك ـ x بەلگىسى بولۇپ، ئۆلۈم جازاسى دېگەن مەنىدە.





www.uyghurkitap.com

تەمكىن كۆرۈنەتتى. چۈنكى، ئىكرام نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنى چاقچاقلىقا، ئويۇنغا، ھەزىلگە ئايلاندۇرۇپ، پەرۋىنەنىڭ ئازابلىنىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى، دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ ھەسرەت چېكىشىگە يول قويمايتتى. دازىباۋلارنى يەككە ئوقۇش، ئوپچى ئوقۇش پەيتلىرىدە ئۇنى قەيەرلەرگىدۇر ئېلىپ كېتەتتى.

— پەرۋىنە، بېرى كېلە، — كېيىنكى چاغلاردا ئۇلار بىر-بىرىنى سەنلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى، — قارا ماۋۇ دازىباۋغا، ئەدەبىيات دەرسى بېرىدىغان ئىسمەت قادىر، جۇغراپىيە مۇئەللىمى روشەنگۈل، تارىخ ئوقۇتقۇچىسى پەتتار ئىمىنلار ھەتتا تەنتەربىيە دەرسى بېرىدىغان ئابدۇكېرىم سەئىدىلەرنى شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئايغاقچىسى دېسە، كىم ئىشىنەر؟

— راست، ئىسمەت مۇئەللىمدىن باشقىلىرى ئۇرۇمچىنىمۇ كۆرمىگەنلەر.

— روشەنگۈل، پەتتار ئىمىنلار: سىلەرگە ئايغاقچى بولىمىز دېسىمۇ شىۋجېڭجۇيىچىلار: «ياق، بىرىڭلار دەرس ئۆتۈۋېتىپ بېشىڭلارنى قاشلايدىكەنسىلەر، يەنە بىرىڭلار قولتۇقۇڭلارنى كارتىلدىتىپ تاتىلايدىكەنسىلەر» دەپ ئۇنىماس...

— ساراڭ... — پەرۋىنە كۈلۈۋەتتى، — دېمەيدىغان گېپىڭ يوق سېنىڭ...

— ۋۇي، بىر چاغلاردا ئۆزۈڭ دوراپ بېرەتتىڭغۇ...

— راست، ئەجەب ئەسكى ئىش قىپتىكەنمەن ... ھەي ئىكرام، توغراقلىق قىزلاردىن ئاڭلىسام، پەخرۇللانىڭ ئانىسى تۇغۇپتۇ، لېكىن ئۇ يۇرتىغا بىرەر قېتىممۇ بارمىدى دېسە.

— ھازىر ئۇ بەكرى نامەتنىڭ مۇئاۋىنى تۇرسا ... ئۇ كەتسە ئىنقىلابنى كىم قىلىدۇ؟

پەرۋىنەنىڭ قېشىدا «قوپال جىسىم»، «توڭكاي»، «يۈزىدە تۈكى بار»، «تىكەنلىك كىرپە» ئىكرام بار ئىدى. لېكىن پەزلىيە

بىچارە ناتىۋان يالغۇز قالدى. «ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى»دىكى پەخرۇللا مۇشۇ كۈنلەردە بەكمۇ سىرلىقلىشىپ كەتتى. ئۇ «تۆھمەت ئۆڭكۈرى»دىكى خەت ـ چەك، پاش قىلىش ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ، تۈر بويىچە ئايرىيتتى. مۇھىم دەپ قارالغانلارنى ئايرىم تارتما، ئىشكاپلارغا سېلىپ قۇلۇپلايتتى، باشلىق سائادەتكە كۆرسىتەتتى ۋە يوليورۇقلارنى ئالاتتى. بەزىدە ياتاق، ئاشخانا، كۇلۇبلارغا بىرىپ چاپلانغان دازىباۋلارنىڭ مەزمۇن، تۈر، سانى بويىچە خاتىرىلەپ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ، تۇغۇلغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان سىڭلىسى گۈلبوستاننى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدى. پەخرۇللا بىر كۈنى سىفەن B سىنىپقا كىرىۋىدى، پەزىلىيە تىكەندەك يالغۇز ئولتۇراتتى. ئۇ پەخرۇللانى كۆرۈپ كۆڭلى ۋىللىدە ئېچىلىپ، كۈلۈمسىرىدى. لېكىن پەخرۇللا سىنىپتىكى ئېسىلىپ كەتكەن دازىباۋلارغا قارىدى. پەزىلىيە توغرىلىق يېزىلغانلىرى ھەممىدىن كۆپ ئىدى. سىنىپتا ئادەم بولمىغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە «كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ··· » ياكى «سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ» دەپ قويغان بولسىمۇ، نادامەت ئىچىدە ئۆرتىنىۋاتقان قىز ئۇچۇن گويا شىۋى قەدىرى نۇرىدەك تۇتىيا بىلىنمەسمىدى؟! تۇۋا، بۇ دۇنيادا ئىچ كۆيەر ئادەم قالمىغانمۇ نېمە؟! پەخرۇللا ئەھدە قىلغان قىزنى ھېچ ئايانمايلا تاشلىۋېتىدىغان تەبىئىتى پەس، كۆڭلى سۇيۇق بالىمىدۇ؟ پەزىلىيەنىڭ دىمىغى ئېچىشىپ، چىرايلىق كۆزلىرىگە ياش يۈگۈردى. پەخرۇللا ئۇنىڭغا سۇۋۇشىپ دېگۈدەك سىنىپتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، بىچارە قىز يېنىدا ئالۋاستى كېتىپ بارغاندەك بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى ھەم يۈرىكى لاسىدە ئېغىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. پەخرۇللا راستىنلا قورققانمىدۇ؟ ئۇ قورقۇپتۇ ··· قورققىنىدىن سۆيگەن قىزنىمۇ تونۇماي ئۆتۈپ كەتتى ··· قىزلارنىڭ گۈزەللىكى ۋاپادارلىقىدا، يىگىتلەرنىڭ گۈزەللىكى جەسۇرلۇقىدا، دېگەن گەپلەرمۇ يالغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygurkitap.com

ئوخشايدۇ.

شۇنىڭدىن بېرى، پەزىلىيەنى كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل غەشلىك چىرمىۋالدى. «جېنىم چىقىپ كەتسىمۇ سىزنى قوغدايمەن. بىر دەقىقە ئايرىلمايمەن. ھەتتا مەكتەپتىن قوغلىنىۋەتسىمۇ ئىرادەمدىن يانمايمەن» دېگەن ئەھدە ـ قەسەملەرنى پەخرۇللا قىلغان ئىدىغۇ، ئەمدى ئۇمۇ تونۇماس بولۇۋالغان بولسا، پەزىلىيەنىڭ تېۋىنىدىغان يۆلەنچۈكى قالماپتۇ! ھەممىلا يەرگە چاپلىنىپ كەتكەن خىلمۇخىل رەسۋا سۆزلەر دادىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالسا، نېمە بولۇپ كېتەر؟ ھېلىمۇ ياشى راخمانوف ھازىرغىچە ئۈرۈمچىدە ئۆگىنىش كورسىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

شۇنىڭدىن بېرى پەخرۇللا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان يۈرۈۋەردى. ئۇلار يوللاردا، ئاشخانىدا، مەيدانلاردا ئۇچرىشىپ قالغۇدەك بولسا، بىر ـ بىرىگە گەپمۇ قىلماي ئۆتۈپ كېتەتتى. ھەتتا ئەزەلدىن تونۇشلۇقى يوقتەك چىرايلىرىغىمۇ قارىمايتتى. بۇ ئىشلار پەزىلىيەگە ئېيتقۇسىز ئاھانەت بولدى. خۇددى قاتىللىق، بۇلاڭچىلىق جىنايىتى ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك سىرتلارغىمۇ چىققۇسى كەلمەيتتى. باللارغا كۆرۈنۈشكە ئەسلا رايى يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى.

سائادەت تۇردىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن پەزىلىيەنى ئۈچىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا ئەچىقىپ كورەش قىلغان كۈنى، پەخرۇللا تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى:

— پەزىلىيە، سەن ئاممىنىڭ كورەش، پىپەنلىرىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، كاللاڭنى چىرمىۋالغان بۇرژۇئازىيىنىڭ سېسىق ئىدىيە، قاراشلىرىنى تەلتۆكۈس چىقىرىۋېتىپ، ئىنقىلابىي ئاما سېپىگە قايتىپ كېلىشنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. مەڭگۈ جاھىللىق مەيدانىدا تۇرۇش ئۆلۈم يولىدۇر.

پەخرۇللانىڭ سۆزى ئۇنىڭغا ئۆلۈۋېلىش يولىنى كۆرسىتىپ

بەرگەندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا پەزلىيەنىڭ كاللىسىغا ئۆلۈۋېلىش خىيالى كىرىۋالدى. ھەتتا نەگە بېرىپ، قانداق ئۆلۈۋېلىش ھەققىدىمۇ ئويلاندى. راست، شۆبە ھەربىي رايون ئىچىدە سۇيى كۆپ ھەم تېز ئاقىدىغان چوڭ بىر ئۆستەڭ بار ئەمەسمىدى. تېخى ئانچە يىراق بولمىغان جايدا سۇ تۇسمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى سىرتىدىنلا بىلىنىپ تۇراتتى. پەزلىيە مانا شۇ يەرنى ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش نىشانى قىلىپ بېكىتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى ئىدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپلىرى ئائىلىسىگە قايتىپ كەتكەچكە، مەيداندا توپ ئويناۋاتقان، ئاشخانىنى چۆرگىلەپ يۈرگەن ئازغىنە بالىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەكتەپ ئىچى سۈرلۈك سۈكۈناتقا چۆككەنىدى. «مەسىلىسى بار» دەپ بېكىتىلگەن ئوقۇغۇچى – ئوقۇتقۇچىلارنى سىرتقا چىققىلى قويمايتتى. شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئۇلارغا ئوقۇغۇچىلار نۆۋەتچىلىك بىلەن قارايتتى. سىفەن B سىنىپىنىڭ قىزلار ياتىقىدا پەزلىيە بىلەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئاينۇرلا قالغانىدى. ھەر ئىككىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈرەش مەيدانلىرىدا سورىغان سوئاللىرىغا تەييارلىق قىلىۋاتقان پەزلىيە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

— ئاينۇر، ئىچىم پۇشۇپ كەتتى، مەكتەپ مەيدانلىرىنى بىر ئايلىنىپ كېلەي.

— تولۇق سىنىپ ياتىقى تەرەپكە بارمىغىن. پەرۋىنە بىلەن ئالاقە قىلدى دېگەن ئاتاققا قالىسەن.

— ئۇنىڭغا كىم قاراۋېتىپتۇ؟

— ئىكرام.

— ئىكرام؟ — پەزىلىيە ھەيرانلا قالدى، — ئەجەب ئۇنى قارىغىلى قويۇپتۇغۇ؟

— سىنىپىدىكى بالىلاردىن ھېچكىم قارىغىلى ئۇنىماپتۇ.

چۈنكى، پەرۋىنە قارىغان باللارنىڭ يۈزلىرىنى مورلاپ، ئاستىغا بېسىپ ئۆرۈپتۇ. ئۇنىڭغا ئىكرامدىن باشقىسى قارىيالمايدىكەن.

پەزىلىيە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مەيدان تەرەپكە ماڭماي، ئورمان تەرەپكە ماڭغىنىنى كۆرگەن ئاينۇر سەل ئويلىنىپ قالدى. يەنە تېخى ئۇنىڭ چىرايى سۇپسۇر تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنى ئەيمەنگۈدەك چېقىن چېقىۋاتاتتى. بولۇپمۇ، پەخرۇللا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ سۆزلىگەن كۆرەش يىغىنىدىن كېيىن، پەزىلىيە بىردىنلا جىمغۇرلىشىپ، بىر نەرسىگە تىكىلگىنىچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. تېخى ئۆزىچىلا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى، تۇرۇپلا پوسۇققىدە كۈلۈپ قويۇپ، باشقىلارغا ئېپادىسىزلا قاراپ ھومىياتتى. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر ئاينۇرنى سەگەكلەشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ پەزىلىيەنىڭ ئارقىسىدىن دەرەخ، گۈل، ئىستولبا داڭدىلىرى بىلەن ماڭدى، ئوقۇغۇچىلار دەرۋازا بىلەن مېڭىشىنى يىراق كۆرۈپ، ئورمان ئىچىدىكى پاسىل تامنى شورا قىلىپ قويغانىدى. پەزىلىيە ئورمان ئىچىگە كىرىپ، ئاشۇ شوراتامدىن ئېشىلىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئاينۇرمۇ بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۆرۈنمەي ئىز بېسىپ كېتىۋاتاتتى. پەزىلىيە دەرەخلىك كوچىلار، توپىلىق يوللار بىلەن شۆبە ھەربىي رايوننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. ئېگىز خىشلىق تاملارنىڭ ئاستىدىكى تۆمۈر شادىلىق چوڭ سۇڭگۈچتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇ قاينام ھاسىل قىلىپ ئۆركەشلەپ، ئەتراپقا ئۈنچە ـ مارجانلارنى چېچىپ، سۇ توسمىسىغا كوركىراپ چۈشۈۋاتاتتى. پەزىلىيە توسمىنىڭ ئېگىز سېمونت پەشتىقىغا پەلەمپەيلەر ئارقىلىق ئۆرلىدى. پەشتاقنىڭ تۆت ئەتراپى تۆمۈر سالاسۇن بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاتلاپ سۇغا سەكرىمەك خېلىلا مۈشكۈل ئىدى. پەزىلىيە ئۇيان ـ بۇيان دەڭسەپ كۆرۈپ، سالاسۇنغا يامىشىپ تۇرۇشىغا، ئاينۇر كېلىپ ئۇنى

قوچاقلىۋالدى.

— مېنى قويۇۋەت! ··· مەن خوش بولۇپ كېتەي··· مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ··· مەن ··· مەن ··· ھەممە ··· ھەممىنى ئۇنۇتقۇم بار··· — پەزلىيە قاتتىق قوچاقلىۋالغان ئاينۇردىن بوشىنالماي يىغلىۋەتتى، — ئاينۇر، مېنى ئۆلگىلى قوي ··· مېنى توسما···

— سېنىڭ بۇنچىلىك بوشاڭ، چىدىماس، ئىرادىسىز بىر نېمە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيتىكەنمەن، — ۋارقىرىدى ئاينۇر، — ئەسسىت سېنىڭ ھەربىي ئائىلىسىدە چوڭ بولغىنىڭ ··· سەن پەرۋىنەنىڭ پوقىنى يە، سۈيدۈكىنى ئىچ ··· ئاشۇ قىز مۇشتۇمدەك تۇرۇپ، ھەممىگە تېتىدى ··· جاھىللىق قىلدى. سارائگدەك بولۇۋالدى ··· ئۈششۈقلۇق - مۈتتەھەملىكىنى ئوخشاتتى ··· ئاخىر ھەممىنى بىزار قىلىپ قورقۇتتى···

— ئەمىسە، مەن قانداق قىلاي، — پەزلىيە ئاينۇرنى قۇچاقلىۋالدى، — ھەممە - ھەممىسى مەندىن بىزار تۇرسا، ھەتتا پەخرۇللامۇ ماڭا ئۆلۈم يولىنى تاللا دەۋاتسا.

پەزلىيە بىلەن ئاينۇر باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ساۋاقداش بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىدە قونۇپ دەرس تەكرارلايتتى، بىرگە ئوينايتتى. قاراتال ناھىيە شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرىدىغان قاراۋۇل ئەسكەرلەرمۇ تونۇپ كەتكەچكە، ئاينۇر قورۇغا ئۇسۇپلا كىرىپ كېتىۋېرەتتى. ئۇلار ئەقىلگە تولۇپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى بىرلىكتە پۈتكۈزدى. بوستان ۋىلايىتى 1 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىفەن B سىنىپىتىمۇ يەنىلا ساۋاقداش، دوست، سىرداش، مۇڭداشلاردىن ئىدى. شۇڭا پەزلىيە كۆڭلىدىكى ھەرقانداق گېپىنى ئۇنىڭغا دېيەلەيتتى. كۆڭۈلگە تالىق ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭدىن يوشۇرمايتتى. شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرىپ، مۆل - مۆل ياش تۆكتى.

— سەن ئاشۇنداق ئەخمەقلىق قىلىپ، مەكتەپكە، ئاق كۆڭۈل ئوقۇتقۇچىلىرىڭغا، ئاتا - ئاناڭغا، دوستلىرىڭغا يۈز كېلەلەمسەن؟ — ئاينۇر قايناپ سۆزلەپلا كەتتى، — ئىسمەتە قادىر مۇئەللىم سەن ئۈچۈن ئىككى قېتىم دازىباۋنى يىرتىپ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» ئاتىلىپ سازايى قىلىندى. لېكىن ئۇ مۇئەللىم ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك يۈرمەمدۇ؟ سەن نېمانچە ئەخمەقسەن؟

— سېنىڭ مېنى «بوشاڭ، چىدىماس، ئىرادىسىز» دەپ تىللىغىنىڭ، «ئىست، ھەربىي ئائىلىدە چوڭ بولغىنىڭ» دېگەن سىگنالىڭ مېنى بىردىنلا سەگىتىپ، كۆزلىرىم ۋاللىدا يورۇپ كەتكەندەك بولدى، — پەزلىيەنىڭ نۇرانە كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياش ئۇنىڭ مەسۇم يۈزىنى شەبنەم چۈشكەن گۈلگە ئوخشىتىپ قويغانىدى، — ئويلاپ باقسام بىر ئۆمۈر پارتىيە - ھۆكۈمەت، خەلق خىزمىتىنى، بالىلىرىنى دەپ تۇرمۇشنىڭ قىيىن سىناقلىرىنى باشتىن كۆچۈرگەن جاپاكەش دادامنى، ئاق كۆڭۈل زەينۇرە ھەدەمنى، پەرۋىنە سىڭلىمنى، ئەركىن ئۇكامنى ئويلىمايلا سارائلىق قىپتىمەن.

— بۈگۈن يەكشەنبە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىلىشىغا خېلى بار، — دېدى ئاينۇر دوستىنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ھەربىي رايونغا بېرىپ زەينۇرە ھەدەڭ بىلەن ئەركىن ئۇكاڭنى كۆرۈپ كېلەيلى، كىم بىلىدۇ داداڭ ئۈرۈمچىدىن كېلىپ قالدىمۇ؟

— ئاكتىپلار ئوقۇپ قالسا، ساڭا گەپ كېلىپ قالارمىكىن؟

— ئۇلارغا تېپىپ بەرگۈدەك گېپىم بار، سەنلا ماسلاشساڭ.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ، ھەربىي رايون دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىشى، ئىككى تەرەپتە تىك تۇرغان قاراۋۇللار ھەربىيچە چاس بېرىشتى. ئىنقىلاب باشلانغان ئۈچ ئايدىن بېرى ئۆيىگە كېلەلمىگەن پەزلىيە بوسۇغىدىن ئاتلا - ئاتلىمايلا ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرغان زەينۇرە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئۇمۇ يىغلىدى. پەرلىيە بۆشۈكتىكى ئەركىن ئۇكىسىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ ئويغىتىۋەتتى.

— قىزىم پەرلىيە، دادىڭىزدىن خەت كەپتىكەن، — زەينۇرە ئۇستەل تارتمىسىدىن لىپاپىلىق خەتنى سۇندى، — ئوقۇپ كۆرۈڭ، ئامال بولسا پەرۋىنەمۇ كۆرسۇن. ھە راست، ئۇ قىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ياخشى ھەدە، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ.

— ئامان - ئېسەن بولسىلا بولدى. قالغان ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق.

پەرلىيە خەتنى يېنىشلاپ ئىككى قېتىم ئوقۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى لىپمۇلىق سۈزۈك ياشلارغا تولدى. ئۇ خەتنى ئاينۇرغا بېرىۋېدى ئۇمۇ ئىچىدە ئوقۇپ، مۇنۇ سەھىپىلەرنى پەرلىيەگە كۆرسەتتى: «ئەقىللىق قىزلىرىم پەرلىيە، پەرۋىنە، ھازىر ئىنقىلابىي ئاما ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، بۇ پات ئارىدا تۈزىتىلىدۇ. سىلەر ئوقۇغۇچى بولغاچقا، يامان سۆز - ھەرىكەتلەرگە ئارىلاشماڭلار، كىشىلەرنىڭ يالغان پىتنە - ئىغۋالىرىغا ئىشەنمەڭلار. بۇ ئىنقىلابنىڭ زەربە نىشانى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردۇر…»

— ئەمدى نېمە دەيسەن؟ — ئاينۇر كۆزلىرىنى ئالايتتى، — بۈگۈنكى ساراڭلىقىڭ ئەمەلگە ئاشقان بولسا، ئۇ دۇنياغا شەرمەندە كېتەتتىڭ.

— رەھمەت ساڭا، ئاينۇر، — پەرلىيە دوستىنى قۇچاقلىدى، — سەن ھەقىقىي چىن دوستۇم.

— سېنىڭ كەيپىياتىڭنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، بىرەر ئايدىن بېرى يوشۇرۇن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمەن، يۈر كېتەيلى.

ئۇلار مەكتەپكە قايتىپ كېلىشى، كەچلىك يوقلىما قىلىنىشقا

پۈشتەك چېلىندى. يىغىلغان باللار سىنىپلار بويىچە رەتمۇرەت تىزىلدى. ئاينۇر تولۇق سىنىپ قاتارىدا تۇرغان پەرۋىنەنى كۆرۈپ، كۈلۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. كۈرەش ـ پىپەن سورۇنلىرىدا «قاچانغىچە بۇرژۇئا مىشچانكىلىرىدەك كىيىنىپ يۈرىسەن؟»، «پرولېتارىيات سېپىگە قايت»، «كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلاردىن ئۆگىنىپ، ئاددىي ـ ساددا بول!» دېگەندەك گەپلەر، دوق قىلىشلار بولىۋەرگەچكە، پەرۋىنەنىڭ بىر ئوبدان چاپىنىنىڭ ياماق سالمىغان يېرى قالمىغانىدى. يەڭ، جەينەك، مۈرە، دۈمبىلىرىگە كۆك، قىزىل، ئاق، سېرىق ھەتتا گۈللۈك چىتلاردىن چاپلانغان ياماقلار ئۇنى قۇراق كۆرپىگىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى. بولۇپمۇ سۇس مايسىرەڭ كۆڭلىكىنىڭ ھەممىلا يېرىگە ئاق ماتادىن ياماق سالغاچقا، ئېتەكلىرىدىن ئۈزۈن ـ قىسقا پاختا يىپلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ئىكرام ئاينۇرغا سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ بىگىز بارمىقىنى كالپۇكلىرىغا باستى ـ دە، «چاندۇرماڭ» دېگەندەك ئىشارە قىلدى. ئاينۇرمۇ «يىغىلىشتىن كېيىن ساڭا گېپىم بار» دېگەننى تەستە ئۇقتۇردى. دېگەندەك يىغىلىش تارقىلىش بىلەن ئىككىسى گۈللۈك تەرەپكە كەتتى. لېكىن، كەچلىك گۈگۈم مەكتەپنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئەتراپتىكى دەل ـ دەرەخ، بىنا، گۈللۈك ھەم مەيداندىكى تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرىنى كېپەنلىگەن بىر چاغدا، ئىكرام پەخرۇللانى باشلاپ ئورمان ئىچىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلار كۆزگە چېلىقمىغۇدەك ئىچكىرىلىگەندىن كېيىن، بۇكىكىدە پاخپاق سۆگەتلەر تېگىدە توختىدى. «ئىكرامنىڭ دەيدىغان نېمە مەخپىي گېپى باردۇ؟» دەپ قىزىقىسىنغان پەخرۇللا ئۇنىڭ ئاغزىغا قادىلىپ تۇرۇشى، بىر يوغان مۈشت كېلىپ چېكىسىگە تەگدى. ئۇ ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغاچقىمۇ جايىغا پوكلا چۈشتى.

ــ ھەي تەلۋە، ساڭا نېمە بولدى؟ ــ پەخرۇللا ئورنىدىن

تۇردى، ــ نېمە بىكاردىن ـ بىكار ئۇرىسەن، تازا بىر سارالڭ گۇيكىنا.

ــ بىكاردىن ـ بىكار ئەمەس، بۇنداق مۇشتتىن يۇزىمۇ ساڭا ئازلىق قىلىدۇ، ــ ئىكرام مۇشتۇمىنى پۇلاتلاتتى، ــ ھەي ماز، «پەزىلىيەنى دادىسى بەرمىسە، بوينۇمغا سىرتماق سېلىپ، بىلىمنى كۇلىدا باغلاپ جۇنفىنچۇنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ بېرىمەن» دېگەن سۆز يۇرىكىڭدىن چىققانمىدى ياكى سېسىق كۆتۈڭدىن…

ــ ئاغزىڭنى بوزماي دېمەمسەن، نېمە ئىش بولدى؟ ــ پەخرۇللا ئىششىپ قالغان چېكىسىنى سىلىدى، ــ قاراپ تۇرۇپ مۇشت ئاتىدا بۇ توڭكاي…

ــ ھەي دەلتەك، سەن تېخى بىر مۇشت بىلەن قاپسىنا، سېنىچۇ ئۆلتۇرۇۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، ــ ئىكرام قاپقارا مۇشتۇمىنى يەنە سىلكىدى، ــ «ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى»دا چېۋىنىنىڭ قانتىدەك ئەمەلگە ئېرىشىۋېلىپ، ئۆزۈڭنى شۇنچە قالتىس چاغلاپ كەتتىڭما؟ ئەمەلگە نېمانچە ئاشىق نېمىسەن، ئاشۇ ئەرزىمەس كاتىپلىقىڭ ساڭا مەڭگۇ ئاش ـ نان بولاما؟

ــ مەن ئەمەلگە دۇم چۈشكىنىم يوق، گېپىمگە قۇلاق سال.

ــ سەن كىچىككىڭدىن تارتىپ، ئۆز گېپىڭنى يورغىلىتىدىغان، ئۆزۈمنىڭ راست دەيدىغان جاھىللىقىڭنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەنسەن … ئەگەر ئاشۇ چېۋىن پوقىدەك ئەمىلىڭدىن قورقمىغان بولساڭ، سىفەن B سىنىپقا دازىباۋلارنى تىزىملىغىلى كىرىپسەن. پەزىلىيە چەكسىز ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتسا، «ھالىڭ نېچۇك؟» دەپ قويماي، بۇتتەك كىرىپ، بۇتتەك چىقىپ كېتىپسەن … سېنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن. ئۇ يەردە باشقا ئادەم بولمىسا، بۇ زادى سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئىت پوقىدەك ئەمەلنى پەزىلىيەنىڭ ئۈستىگە قويغىنىڭ بولماي نېمە؟

www.uyghurkitap.com

— زادى شۇ ئىشمىدى، پەزىلىيە مېنى خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ. مەن ئەسلىدە…

— بۇ يەردە خاتا چۈشىنىپ قېلىش مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ سېنىڭ: «كۆڭلىڭىزنى توق تۇتۇڭ، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ» ئەڭ بولمىسا «سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ» دېگەن بىر ئېغىز تەسەللى خاتىرەڭگە تەشنا ئىدى، لېكىن سەن شۇنىمۇ قىلالمىدىڭ.

— شۇ ئىشمىدى؟ كىچىككىنە بىر ئىشنى نېمانچە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىسەن.

— توختا، گېپىم تۈگىمىدى.

ئىكرام پەزىلىيەنى ئۇچىنچى قېتىم كورەشكە سالغاندا، پەخرۇللانىڭ «خىزمەت كۆرسىتىش»، «چەك – چېگرىنى ئايرىش» يۈزىسىدىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا دېگەن گەپلىرى، بولۇپمۇ ئاخىرىدىكى «مەڭگۈ جاھىللىق مەيدانىدا تۇرۇش ئۆلۈم يولىدۇر» دېگەن سۆزىدىن كېلىپ چىققان قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتنى غەزەپ – نەپرەتكە تولغان ھالدا دەۋەتتى. پەزىلىيەنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش پاجىئەسىنى ئاڭلىغان پەخرۇللا شۇ ھامان ھورىدىن چۈشۈپ ئۆزىنى ئاقلىدى. ئۇ «تۆھمەت ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتالغان قىزىل ساندۇقتىن چىقىۋاتقان بەزى چېقىملارنىڭ ئادەمنى ئۆلۈمگە ئاپىرىدىغان خەۋپى بارلىقى، بۇنداق خەۋپلەرنى يوشۇرۇپ، ئادەتتىكىلىرىنى رەتلەپ، يۇقىرىغا سۇنىدىغانلىقى، ئەگەر پەخرۇللانىڭ ئورنىدا باشقىسى بولغىنىدا، نۇرغۇن ياخشى ئادەملەرنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى ئاجايىپ چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن ئىسپاتلىدى.

— ئويلاپ باققىن ئىكرام، ھېلىغۇ پەزىلىيە ئىكەن، مۆرىتى كەلسە ئاتا – ئانامغىمۇ سىرىمنى بىلدۈرمەسلىك ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت سەن دېگەن ئەرزىمەس ئەمەل ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق، باشقىلارغا خىزمەت قىلىشنى كۆزدە

تۇتقانلىقىمدۇر.

كىچىكىدىن تارتىپ كىتاب مەستانىسى پەخىرۇللا، ئۆزىگە تۇشلۇق ناتىق ئىدى. ھېلىقىغۇ ئىكرام ئىكەن، ئۇنى يولدا قويغۇدەك ئەۋلىياسى كەلسىمۇ، گەپ بىلەن ئالدىنى توسۇپ قويالايتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ ئۇ ئىكرامنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. راست ئەمەسمۇ، نۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەملەرنى تۆھمەت توردىن، سۈيىقەست چاڭگىلىدىن، ئەجەل ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىش يولىدا، قانچىلىك ياسالما رەزىللىكلەر، ئادەم يىرگەنگۈدەك ھىيلە ـ مىكىرلەر تونىغا ئورىنىۋېلىپ، ياخشىلارنىڭ ئېرىقىنى چاپسا، بۇ ئالامەت ساۋابلىق ئىشقۇ...

— ئەگەر ئىشلار سەن دېگەندەك بولسا، مېنىڭ تەنتەكلىكىمنى كەچۈر، — ئىكرام قولىنى ئۇزاتتى، — مەن پەزىلىيەگە ھەممىنى چۈشەندۈرىمەن.

— ئېيتىپ قوي، مەن پەزىلىيەنى ھاياتىمدىن ئۇلۇغ قەدىرلەيمەن ... بىراق، ئۇمۇ مېنى چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن باراۋەر.

ھەممىنىڭ كۆڭۈل ئارامىنى ئىزدەيدىغان كۆڭۈلچەك ئىكرام مەكتەپ ئورمانلىقىدا يۈز بەرگەن كىچىلىك غەلىتە ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەتنى ئاينۇر ئارقىلىق يەتكۈزۈپ، پەزىلىيەنىڭ سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولدى. پەرۋىنەمۇ دادىسىنىڭ خېتىنى كۆز ياشلىرىنى بوراندەك تۆكۈپ تۇرۇپ ئوقۇدى. ئەزەلدىنلا غەيرەتلىك بۇ قىز دادىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن ئالەمچە كۈچ ـ مادارغا تولدى. بۇ ئىشلاردىن ھەپتىمۇ ئۆتمىدى بولغاي، كوچا ـ كويلاردا پلاكات ۋە بايراقچىلارنى كۆتۈرگەن نامايىشچىلار قوشۇنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ئۇزۇل ـ كېسىل ھېساب ئالايلى...»، «پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەس جاھىل ھوقۇقدارلارغا زەربە بېرەيلى»، «ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئىنقىلاب تىغىنى




ئامىمغا قاراتقۇچى ھوقۇقدارلارغا ياخشى كۈن يوق» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، كوچا ـ رەستىلەردە توپا ـ توزان كۆتۈرمەكتە ئىدى.

نامايىش باشلانغان كۈننىڭ ئەتىسىلا مەكتەپ ئىچىدە «ماۋجۇشىنى قوغداش» جەڭگىۋار ئىسيانكارلار ئەترىتى قۇرۇلۇپ، سىنىپلاردىن توپ ـ توپ ئوقۇغۇچىلار ئەزا بولۇپ كىرىشتى. ئۇنىڭ باشلىقى تازچاق بەكرى نامەت دېگەن بالا بولۇپ، مەكتەپ بويىچە دەرستە تۆۋەن، ئىنتىزامسىز، كۈندىلا باللار بىلەن ئۇرۇشىدىغان تازا كۆكەرمە، ئۇششۇق ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. ئۇ «ماۋجۇشىنى قوغداش» جەڭگىۋار ئىسيانكارلار ئەترىتىنى قۇرۇپ، بىر كۈندىلا شان ـ شۆھرەت تەختىدە ئولتۇردى ھەم تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، بۇرۇنقى «بەكرى تاز»دىن «بەكرى باشلىق»قا ئۆزگەردى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى دەرسكە كىرگۈزمەي، مەيداندا بىر كۈن يۈگۈرۈش، پەشۋا ئېتىش، غۇلاچلاپ مۇشت بىلەن ئۇرۇش، بېشى بىلەن ئالدى ـ ئارقىسىدىكىنىڭ خامىرىنى ئېزىش، قولىنى بىر قايرىپ گەجگىسىگە ئېلىپ چىقىشتەك ماھارەتلەرنى مەشىق قىلدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا چوڭ پىلاكاتقا: «ئىنقىلاب ئوتىنى ئوقۇغۇچى، ياۋاش مۇئەللىملەرگە قارىتىپ، ئۆزلىرى دەرەخ ئۇچىغا چىقىۋالغان ناكەس ھوقۇقدارلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى» دېگەن شوئارنى چاپلاپ، 400 دەك ئوقۇغۇچىنى تىزىلدۇرۇپ، مەكتەپ مەيدانىنى ئايلاندى. ئاندىن ئىشخانا، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە مالىيە بۆلۈملىرىگە كىرىپ، مۇدىر شەمشىدىن ئامان، ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىك، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردى، ئابباس ئەخمەت، مالىيە بۆلۈم باشلىقى كېۋىر قاسىملارنى بىردەمدىلا يۈگۈزلانغان توخۇدەك قىلىپ ئېلىپ چىقتى. بىرلىرىنىڭ چاپىنىنىڭ يەڭ ـ پەشلىرى سۆكۈلۈپ، يەردە سۆرۈلۈپ يۈرەتتى. مۇدىرنىڭ كۆڭلەك

ياقىلىرى يىرتىلىپ مەيدىسىدە خۇددى لېنتىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. قارىماققا ئۇ مەيدىسىگىچە ئوچۇق كۆڭلەك كىيىدىغان مودا خېنىملارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. خەيرىدىن مالىكىنىڭ بىر پاي ئايىغى نەگىدۇر چۈشۈپ قالغان بولۇپ، چاپىنى بىلەن كۆڭلىكىنىڭ سول يېڭىنى ئىسيانچىلارنىڭ بىرەرى يۇلۇۋالغاندەك قىلاتتى. سائادەت تۇردىنىڭ بوغۇۋالغان سارغۇچ چېچىنى گەدىنىدىن تارتىپ ماڭلىيىغىچە قىرقىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىككى قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا بىر تۇتام چاچ پاخپىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇرنى، يەنە بەزىلىرىنىڭ يۈزى، قاپىقى، ئېڭەكلىرى ئىششىغان ھەم قان يۇقى بولۇپ، روھى تېنىدىن جۇدا بولغان ئادەملەردەك چىرايلىرى بەت رەڭ، جالاقلاپ تىترىشەتتى. ئىسيانچىلار ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە قارا سۈۋاپ، ئەسكى داس، كونا چېلەك، داتلاشقان كانايلارنى چالغۇزۇپ كوچىلاردا سازايى قىلدى. بۇ ئىسيانچىلار ئىچىدە ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارمۇ كۆپ ئىدى. گۇمبۇرلەپ چېلىنغان دۇمباقلار، قاتتىق تۈۋلىنىۋاتقان شوئارلار، بۇلارغا تەڭكەش داس، چېلەك، كانايلارنىڭ خىلمۇخىل داراڭلاشلىرى خېلىلا ھەيۋە پەيدا قىلغانىدى. تېخى «ماۋجۇشىنى قوغداش» جەڭگىۋار ئىسيانچىلار ئەترىتىگە ئەزا بولۇپ تىزىملانغانلار ئەسلىدە 400دەك ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، قالغان ئوقۇغۇچىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇلۇپ، چوڭ رەستىلەرگە بارغۇچە نامايىشچىلار قوشۇنى مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلار ئەتراپتىكى خېلى كۆپ كوچىلارنى ئايلىنىپ، مەكتەپ مەيدانىغا توپلاندى. سازايى قىلىنغانلار مەيدان ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ تۇرۇشاتتى. بەكرى نامەت لوڭ ـ لوڭ دەسسەپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئىسمەت قادىر مۇئەللىممۇ ئالدىغا كەلدى. ئۇ دەسلەپتىلا زەربىگە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئىنقىلابىي ئامما ھېسابلىناتتى.

— بەكرى سىلىڭ، — ئىسمەت قادىر ئۇنىڭ ئەمىلىنى بىر

يولـىلا نەچچـە بالداق كۆتـۈرۈۋەتتى، ـــ يۈزىـگە قارا سۈۋۈلـۈپ، سازايى قىلىنغانلارنى قويۇپ بېرىلىمۇ؟

ـــ ياق يېمـە، ئۇلارنى ئـوقـۇغـۇچـىلار ئـۇيۇشمـىسـىنىڭ مەجلىـسخانىـسىغا سولاپ، دېرىزىلـەرنى تاختـايلار بىـلـەن مىخلىۋېتىڭلار، ـــ بەكرى نامەتنىڭ ئاۋازى چىرقىراپ چىقاتتى، ـــ ئۇلارنى ھەركۈنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ كۈرەشكە سالىمىز.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ كـۈرەش ـ بېـيەن يۆنىلىشى مـەكـتـەپ رەھبـەرلـىرى ۋە ئوقـۇتقۇچـىلارغا قارىتىلدى. تارتىپ چىقىرىلغان ئوقۇتقۇچىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىپ، بىرقانچە ئىشخانىلارغا سولاندى. ئالدىدا ئېلىـپ بېرىلغان ئىنقىلاب «ئەكسىيەتچى لۇشيەن» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئوقـۇغۇچىلار پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىپ، ئۇلارغا تۇرغۇزۇلغان «قارا» دېلولار كۆيدۈرۈلدى.

ئىنقىلابنىڭ زەربە نىشانىدىن بىر يولىلا قۇتۇلغان ئوقۇغۇچىلار ھەر كـۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، مەيداندا ئىنقىلابىي شوئارلارنى توۋلاپ يۈگۈرەتتى. ئاندىن سىنىپقا كىرىپ ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە ياكى «يۈيگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «بېتيۈننى خاتىرىلەيمىز» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يادلايتتى، ئۆگىنەتتى. ئەتىگەندىن چۈشكىچە، چۈشتىن كەچكىچە بولغان ئارىلىقلاردا دەرس ئوقۇماي، مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن دازىباۋ يېزىپ چاپلاش، ئۇلارنى سەھنىلەرگە، سورۇنلارغا سۆرەپ چىقىپ كۈرەش قىلىش، يۈزلىرىگە قازان قارىسى سۈۋاپ، ئەسكى داس، كونا چېلەك، داتلاشقان كانايلارنى چالغۇزۇپ، سازايىغا ئېلىپ چىقاتتى. كەچتە «ماۋجۇشىنى قوغداش» جەڭگىۋار ئىسيانكارلار ئەترىتى تەشكىللىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تارتىپ چىقىرىلغانلارنى نۆۋەتلىشىپ نازارەت قىلاتتى. ئىنقىلاب باشلىنىپلا زەربىگە ئۇچراپ، يۈرىكى مۇجۇلغان پەزلىيە بۇنداق

ھەشەم ـ دەرەملىك پائالىيەتلەرگە ئانچە قاتنىشىپ قالمايتتى. پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا بالىلارغا ئەگىشىپ يۈرەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، مەكتەپتە «قىزىل قوغدىغۇچى» دەيدىغان يېڭىلىق چىقتى. ئۇلار مەخسۇس ماۋجۇشىنى قوغدايدىغان پىداكارلارمىش. بۇنىڭغا ھەربىر ئوقۇغۇچىنى باھالاپ، سىلىشتۇرۇپ ئىنقىلابىي شەرتى توشسا قوبۇل قىلىدى، شەرتى توشمىغانلار قېپقالىدى. پەزلىيەگە ئوخشاش «قاشقىسى بارلار» بۇنى ئويلاشقىمۇ بولمايتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا پۈشتەك ئاۋازى ئەنسىز چىرقىرىدى. مەيدانغا بىلىكىگە «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن يەڭ بەلگىسى تاقىغان، مەيدىسىگە، شەپكىسىگە ماۋجۇشىنىڭ ئىزنىكىنى قادىغان قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋە قىزىل قوغدىغۇچى بولالمىغانلار ئايرىم ـ ئايرىم تىزىلىشتى. يەڭ بەلگىسى تاقىغان بەكرى نامەت، پەخرۇللا، ئالمۇرات قاتارلىقلار ئىنتايىن كۆرەڭ كۆرۈنەتتى. ئۇلار مەيدانغا چىقىپ بىرقانچە شوئار توۋلىدى. ئاندىن بەكرى نامەت چىرقىراق ئاۋازى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

ـــ قىزىل قوغدىغۇچىلار، سىلەر ماۋجۇشىنى قوغداشنىڭ ئاۋانگارت جەڭچىلىرى! شۇڭا ئىنقىلاب دۈشمەنلىرىگە قارىتا بەدىنىڭلاردا تىكەن، بېشىڭلاردا مۈڭگۈز، ئاغزىڭلاردا خەنجەردەك چىشلىرىڭلار بولۇشى كېرەك. رەھىم ـ شەپقەت دېگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسلىمچىلىك ئىدىيىسىدۇر! بىز ھەممىمىز ھوقۇقدارلارنى قوغدايدىغانلاردىن بولماي، ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالايدىغان ئىسيانكارلاردىن بولۇشىمىز كېرەك!

بەكرى نامەتنىڭ ئاشۇ كۈنكى ئالىجۇقا نۇتقىدىن كېيىن مەكتەپ ئىچى خۇددى كۆنىكى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك قالايمىقانلىشىپ كەتتى. دەسلەپتە «پالانى ھوقۇقدارنى قوغدايمىزمۇ ياكى يوقىتىمىزمۇ؟» دېگەن مۇنازىرە باشلىنىپ، بەزىلىرى «قوغدايمىز» دېسە، يەنە بەزىلىرى «يوقىتىش كېرەك»

دېگەندە چىڭ تۇرۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار تەبىئىي هالدا ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلدى. كېيىنچە بۇ گۇرۇھلار «ۋاگون پارچىلىنىپ»، «يوكسەك چوققا»، «مىڭ پاتمان ئۇمۇت»، «تەڭرى باتۇرلىرى[1]» دېگەندەك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ ئۆز ئالدىغا تەشۋىق ۋاراقلارنى تارقىتىشتى. رەڭگارەڭ ئىسىملار بىلەن قۇرۇلغان بۇ تەرەپباز تەشكىلاتلار ئەلەم كۈرىشىنىڭ ھامىيسى بولۇپ قالدى ... شۇنىڭدىن باشلاپ ئوقۇغۇچىلار قوللىرىغا كالتەك ـ توقماق، تۆمۈر نەيزىلەرنى ئېلىپ، ئۆزئارا «جەڭ»گە چۈشۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشتى...

① ماۋجۇشى شېئىرلىرىدىكى سۆزلەر.

## توققۇزىنچى باب

# جۇدۇندا يېتىلگەن باللار

ئوقۇغۇچىلار بەزىدە ئوقۇپ، بەزىدە ئوقۇماي مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى سازايى قىلىپ، كوچىلاردا توپا - توزان كۆتۈرۈشۈپ، شوئار توۋلاپ كۈنلەر مەنىسىز ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇلار تەرەپباز تەشكىلاتلارغا ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ، دازىباۋلار ئارقىلىق بىر - بىرىگە تۆھمەت تاشلىرىنى ئېتىپ بىر يىلدەك ۋاقىت بىھۇدە ئۆتۈپ كەتتى. ماۋجۇشىنىڭ «ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئىنقىلاب قىلىڭلار!» دېگەن يوليورۇقى يېتىپ كېلىشى بىلەن بارلىق مەكتەپلەردە داغدۇغىلىق يىغىنلار ئېچىلىشقا باشلىدى ھەم ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىدىن مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشۈپ، مەكتەپلەرنى تەرتىپكە سېلىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىنقىلابنى باھانە قىلىپ، مائارىپ ئەسلىھەلىرىنى بۇزغان، چاققان، ئوت قويغانلارنى جازالاش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. بۇ چاغدا ئۇرۇمچىدىكى تەربىيىلەش كۇرسىدىن قايتىپ كەلگەن راخمانوف ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ چۈشۈپ، ئىنقىلاب ۋە داۋالاش ئىشلىرىنى جىددىي تەرتىپكە سېلىۋاتاتتى. 1 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئوقۇغۇچىلاردىن پايدىلىنىپ، ناھىيە، يېزا، مەيدان، زاۋۇت، كان - كارخانىلار، ئىدارە -

ئورگانلاردا ماۋجۇشى ئىدىيىسىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇن تارقىلىپ كەتكەن مەكتەپ سەنئەت ئەترىتىدىكى باللارنى يىغىپ قايتىدىن تەشكىللىدى. ئۇلار كۆپ تالاش ـ تارتىشلاردىن كېيىن سەنئەت ئەترىتىگە «پاتماس قۇياش تەشۋىقات سەنئەت ئۆمىكى» دەپ ئىسىم قويۇشتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سەنئەت ئەترىتىگە قويۇلغان بۇ دەبدەبىلىك كاتتا ئىسىم، خۇددى ئورۇق كالىغا يوغان مۈڭگۈز ياراشمىغاندەك غەلىتىلا يۇقۇشماي قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، پەخرۇللانى «جەڭگىۋار ئىسيانچىلار» تەشكىلاتىدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى ئۆمەك باشلىقى قىلىپ بېكىتتى ھەم بىر ئايدا قانچە قېتىم ئويۇق قويۇش ۋەزىپىسى بارلىقىنىمۇ ئۇقتۇردى. ئوقۇپ تۇرۇپ، تەرەپ ـ تەرەپتە ئويۇن قويۇش، رەپېتىس قىلىش، يېڭىدىن ـ يېڭى نومۇرلارنى تەييارلاش، يېزا ـ مەيدانلارغا قاتراشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋەزىپە پەخرۇللانى قورقۇتالمىدى. ئەكسىچە ئۇ خۇشال بولدى. دېمىسىمۇ مەكتەپ رەھبەرلىرىنى ئىتتەك خارلاش، ئوقۇتقۇچىلارنى مەجبۇريي ئەمگەككە سېلىش، قاراڭغۇ ئۆيلەرگە سولاپ، تەن جازاسى بېرىشتەك زۇلۇم سېلىشلار ئۇنى بىزار قىلىۋەتكەنىدى. بولۇپمۇ، ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى سائادەت تۇردى مۇئەللىم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغاندىن كېيىن، پەخرۇللانىڭ ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر قورقۇنچ، ۋەھىمە تۆمۈر ئالىقانلىرىدا سىقماقتا ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، پەزىلىيەدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بىر خەۋپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئەنسىزلىككە سېلىۋاتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە پەزىلىيە دۇنيادا پەخرۇللا ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ ئۆتمىگەندەك، ئۇ بىرەر قېتىممۇ تىپتىنچ قەلب كۆلىگە تاش ئېتىپ تەۋرەتمىگەندەك، ئۇنىڭ ئېغىر گارمونىدىن دولقۇنلىنىپ چىققان مۇڭلۇق سادالىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ··· بەخىرامان يۈرەتتى. پەزىلىيەنىڭ تەمكىن، چىرايلىق قوشۇملىرى تۇرۇلگەن ھۆسنى

رۇخسارىدىن قانداقتۇر غەزەپ ـ نەپرەتكە تاللىق ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. بۇنداق سوغۇق نەزەر، نەشتەردەك قادىلىش، پەخرۇللانىڭ كۆڭلىنى ـ كۆڭگە دېمىنى كېسىپ، يۈرىكىنى ئۆرتەيتتى. شۇڭا، ئۇ «پاتماس قۇياش تەشۋىقات سەنئەت ئۆمىكى»گە باشلىق بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، پەزلىيەگە مېھىر ـ شەپقەتلىرىنى ياغدۇرۇپ، يېلىنىپ، كۆچۈكلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، يۈرىكى ئەلەمزىدە بولغان بۇ قىز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. پەخرۇللا سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانسېرى ئۇنى خىلمۇ خىل ئەنسىز خىياللار بوغۇۋالدى. «قاراتالدا ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا پەزلىيەگە ئىچ ـ پەش تارتىپ يۈرگەن ئالمۇرات ئازدۇرۇپ كەتتىمۇ؟»، «ئېھتىمال ئىسمەت قادىر مۇئەللىم ئىندەككە كەلتۈرۈۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇ پەزلىيە ئۇچۇن سازايى قىلىنغان تۇرسا...» دېگەندەك گۇمانلار ئۇنى يىگىنە يەپ، ئوغا يۇتقاندەك قىلىۋەتتى. شۇڭا پەخرۇللا رەپىتىسىتىن چۈشكەن بىر كېچىسى پەزلىيەنى بوستان دەريا بويىغا ئېلىپ چىقتى. مەكتەپ ئىچىدە «تارتىشماق» ئويناپ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن قورققان پەزلىيە نائىلاج ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئەتراپىتىكى ئالمىلىق، ئۆرۈكلۈك، نەشپۈتزارلىق باغلارنى ئاپئاق چېچەك بولۇتلىرى ئۆز باغرىغا ئالغان بولسىمۇ، تىپتىنچ ئېقىۋاتقان بوستان دەرياسىدىن دولقۇنى قورۇغىدەك سوغۇق شامال چىقىپ تۇراتتى. ناگان ـ ناگاندا قەيەردىندۇر «تاك ـ توك» قىلىپ ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى ھەم ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— پەزلىيە، — دېدى پەخرۇللا تەستە ئېغىز ئېچىپ، — مېنىڭ نېمە ئۇچۇن...

— بولدى، ئۆزىڭىزنى چۈشەندۇرۇپ ئاۋارە بولماڭ، — پەزلىيە دىمىققاندەك بولۇپ يۈزىنى ئۆرىدى، — سىزنى چۈشەنمەك بەكمۇ تەسكەن. قىسقىسى، ئىچىڭىز بىلەن تېشىڭىز

www.uyghurkitap.com

ئىككى دۇنياكەن.

— مۇشۇ گېپىڭىزدىنلا «ۋاپاسىزكەنسەن» دېگەن مەنە چىقىپ تۇرامدۇ، ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاپ باقسىڭىز.

— بولدى، ئاڭلىغۇم يوق، — پەزىلىيە كەسكىن رەت قىلدى، — سىزنىڭ قىزىل قوغدىغۇچى بولۇپ يەڭ بەلگىسىنى تاقىغان چېغىڭىزدىكى كۆرەڭلىكىڭىزنى، سىنىپ - ياتاقلاردىكى دازىباۋلارنى تىزىملىغان ۋاقتىڭىزدىكى بوزۇق ئەلپازىڭىزنى، مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنى كۈرەش قىلغان چاغدىكى سۆپسۆر تەلەتىڭىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم قوسقۇم كېلىدۇ.

— پەزىلىيە، جېنىم پەزىلىيە، مېنى ئۇنداق تەتۈر قىينىماڭ، مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنداق قاباھەتلەردىن ئەمەس.

— قاباھەت بولامسىز ياكى ۋاپاسىز بەتنىيەت بولامسىز، بۇ مەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز··· — پەزىلىيە ئاپرېل ئاسمىنىدىكى ئايغا تىكىلدى - دە، گويا ئۆزىگە ئۆزى دەۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى، — ئاي شۇنچە سۇباتلىق، نۇرانە تۇرۇپ، نېمىشقا مېھرىسىزدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئەمدى چۈشەندىمكى، ئۇ بەكمۇ سوغۇقكەن ئەمەسمۇ!

— پەزىلىيە سىز مېنى··· — پەخرۇللانىڭ يۈرىكى قارتىلا قىلىپ قالدى.

قارا كۆزلەردىن يۇمىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش قىزنىڭ مەرمەردەك يۈزلىرىنى سۈيدى. ئۇ يۈگۈرگىنىچە مەكتەپ ئەتراپىدىكى دەرەخلەر سايىلىرىگە سىڭىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزىدىن: «سەن ھەرقانچە سۇباتلىق كۆرۈنگىنىڭ بىلەن ئايدەك سوغۇق نېمىسەن··· » دېگەن مەنىنى چۈشەنگەن پەخرۇللا دەريا قىرغاقلىرىدىكى شىغىللىقتا تىزلانغىنىچە يىغلامسىراپ ۋارقىرىدى:

— پەزىلىيە!!

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن «پاتماس قۇياش تەشۋىقات سەنئەت

ئۆمىكى» تەكلىپ بىلەن «قوشتېرەك» يېزىسىغا يۆتكىلىپ كەتتى. ئۇلار ئەسلىدە شۇ كۈنى ئويۇن قويۇپ بولۇپ كېچىسى بولسىمۇ قايتىپ كەلمەكچى ئىدى. بىراق «قوشتېرەك» يېزىسى ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىرى «سالمىلىق» بوز يەر مەيدانىدا يەنە بىر مەيدان ئويۇن قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

كېچىدىن ئويۇن قويۇپ ھېرىپ كەتكەن قىز - ئوغۇللار ئەتىگەنلىك ناشتىغىمۇ رايى بارماي، لايدەك ئېزىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى تارتىۋاتقان پەخرۇللا يەنىلا تاڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن ئويغىنىپ كېتىپ، تورۇسقا قارىغىنىچە قارا خىياللار ئىلكىدە ئارامسىزلىنىپ ياتالمىدى. شۇڭا ئۇ تاڭ يورۇش بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى - دە، ئىچىدە ساناق ساناپ گىمناستىكا ئوينىدى. ئاندىن سۇس ئاق سېرىق چېچەكلەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن نەشپۈتزارلىقلار ئارا ئايلىنىپ، ئۆستەڭ بويىدا توختىدى. ئۇ يۈز - بويۇنلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، سەگەكلەشكەنىدىن كېيىن، ئوغۇللار ياتىقىغا كىرىپ ئىكرامنى نوقۇپ، تۇرتۇپ ئويغاتتى.

— ۋاي - ۋۇي، كۆزۈمنى ئاچالمايۋاتسام، — دېدى ئىكرام ھويلىغا چىققاندا، — كېيىن دېسە بولمايدىغان قانداق گەپتى، ئادەمنى ئۇخلاتماي.

— جۇرە، ئۆستەڭدە يۈزۈڭنى يۇساڭ سەگىپ قالىسەن.

ئىكرام ئۆستەڭ قىرىدىكى تاشتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى ئالىقىنىدا شالاپلىتىپ چاچقان سۇ ئۇنىڭ كىرپىك باش چاچلىرىدىن، تاۋلانغان مىستەك قىزغۇچ، يۇمىلاق يۈزلىرىدىن تارام - تارام ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم يۈزىگە سۇ ئۇرغاندا «ۋۇ، ۋۇ... » دەپ ئەندىكىپ كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ خۇددى ئانىسى نان بەرمەي يىغلاۋاتقان بالىغىلا ئوخشاپ قالغان سىياقىغا ئاراملىقى كەلگەن پەخرۇللا غەرەزسىزلا كۈلۈۋەتتى.

— بولدى قىل، يۈزۈڭنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بېكىتى

چۈشمىسۇن يەنە.

— پەخ … پەخرۇللا بۇ … بۇ … سۇ، — ئىكرام ئەندىكىپ سۆزلەۋاتاتتى، — نېمانداق سۈزۈك ھەم سوغۇق، پاھ … پاھ … پاھ…

— قومۇشكۆلنىڭ سۈيى - دە، ساپلا بۇلاقلاردىن ئېتىلىپ چىققاچقا سۈزۈك ھەم سوغۇق.

— مۇنداق دېگىن، سېنىڭ بىلمەيدىغان نېمەڭ يوققۇ دەيمەن.

ئۇلار خۇددى جەننەت ھۆرلىرىنىڭ لىباسىدەك ئەتراپىنى پاكىز نۇرلارغا تولدۇرغان چېچەكلىكلەر ئىچىدە گاھ ئېڭىشىپ، گاھ شاخلارنى كۆتۈرۈپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. پەخرۇللانىڭ پەس ئاۋازدا تۆكۈۋاتقان مۇڭلىرىغا جور بولۇپ، شىرنە يىغىۋاتقان ھاشارەتلەرنىڭ بىر خىلدا گۈڭگۈلداشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئويلاپ باققىنە، ئىكرام، — ئۇلار غۇچچىدە چېچەكلەر ئىچىدە توختىدى، — مەن قانداق قىلسام، ئۇ ماڭا ئىشىنىدۇ؟ ئەدناسى ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈشكىمۇ يول قويمىسا…

— ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى سائادەت تۇردى نېمە ئۈچۈن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، مالىيە بۆلۈم باشلىقى كېۋەر قاسىمنىڭ خوتۇنى روشەنگۈل مۇئەللىم نېمە ئۈچۈن ئېرىدىن ئاجراشتى، ئاندىن مۇدىر شەمشىدىن ئامان، ئېلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىكلار ئۈستىدىكى تۆھمەت خەتلىرىگىچە چۈشەندۇر.

— دەۋاتىمەنغۇ، ئۇ … ئۇ … مېنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىمدىن بىزار. زادىلا ئاغزىمنى ئاچقىلى قويمايدۇ.

— ئۇنداقتا، — ئىكرام سەل ئويلىنىپ قالدى، — ئەتىگەنلىك ناشتىدىن چۈشكىچە بولغان دەم ئېلىشتا پەرۋىنە ئىككىمىز پەزىلىيەگە ھەممە گەپنى دەيلى.

— سائادەت تۇردى، كېۋەر قاسىم، روشەنگۈل مۇئەللىملەرنىڭ پاجىئەسى ئاشكارىلانغان ئىش، لېكىن، —

پەخرۇللا ئىككى ئۈيلۈق بولۇپ توختاپ قالدى، — شەمشىدىن ئامان، خەيرىدىن مالىكلار ئۇستىدىكى تۆھمەت خەتلىرىنى ھازىرغىچە يوشۇرۇپ كەلگەچكە، ئۇلار ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنى پەزلىيەگە دېسەڭ…

ئىكرام پەخرۇللانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە بىر ھازا تىكىلىپ قالدى. ھەم ئىچىدە: ياپىرەي، بۇنداقمۇ ئىچى پىششىق ئادەم بولارمۇ؟ دەپ ئويلىدى. ئەلۋەتتە راستتە، ئىككى يىلدىن بېرى قانچە - قانچە مۇڭلارنى تۆكۈپ، كۆڭۈل خەزىنىلىرىدە خۇپىيانە تۇتقان سىرلىرىنى دېيىشىپ، يۈرەككە تالىق تولىمۇ شېرىن ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى پىچىرلىشىپ، قەلب بوستانلىرىدىكى ھەممە - ھەممە گۈل - غۇنچىلار بىر - بىرىگە ئايان بولۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يەنىلا پەزلىيەگە ئىشەنمەيدا! نېمانداق قاقۋاش نېمەبۇ؟ توۋا، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىلمەكلىرى نېمانچە تولا! ئەجەب بىلىپ بولماق تەسكىنا!

— ھەي كىرپە باش، ماڭا نېمانچە چەكچىيىسەن؟ — دېدى پەخرۇللا تەئەددى بىلەن خۇددى مېنى ئۇن يىل كۆرمىگەندەك.

— راست، مەن سېنى ئۇن يىل ئەمەس، ھېلىلا ئۇچراتقان «بۆ - بۆ» مىكىن دەۋاتىمەن، — ئىكرامىمۇ تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدى، — ھەي جوھۇت تېخى «گېپىمنى ئاڭلىمىدى» دەپ پەزلىيەدىن ئاغرىنىسەن، ئەمەلىيەتتە ئەسكىسى سەن، ئۇقتۇڭما؟ پەزلىيە ئىككى مۇدىر ھەققىدىكى تۆھمەتنى لېكەنگە ئېلىپ، ئۇدۇل بەكرى نامەتنىڭ قېشىغا ئاپىراما؟

— ۋاي، ۋاي، ۋاي، داپتىكى پۇرچاقتەك نېمانچە سەكرەيسەن، مۇشۇنداق ساقالغا يامىشىدىغان مىجەزىڭنى بىلەتتىم، — پەخرۇللا تېرىكتى، — تېخى ساڭا ئۆزۈم يازغان ناخشا تېكىستىنى كۆرسەتەي دەپتىكەنمەن، بولدىلا.

— ھەي چىدىماس داراي، پەزلىيەگە ئىشەنمىگىنىڭگە ئاچچىقىم كەلدى. قېنى ئالە كۆرۈپ باقاي.

ئىكرام بىر بەتلىك قەغەزگە قايتا ـ قايتا ئۆچۈرۈلۈپ يېزىلغان ئۈچ كۇپلېت شېئىرنى تەستە ئوقۇپ بولۇپ، پەخرۇللاغا قايتۇرۇپ بەردى ـ دە، ئاغىنىسىنىڭ دولىسىغا ياقىدە بىرنى سالدى.

— ياھ، يۇرتىمىز ھەققىدە يېزىلغان قالتىس مەدھىيە، قەسىدە. لىرىك تەسۋىر بوپتۇ جۇمۇ. بىرەر ئاھاڭغا سالدىڭمۇ؟

— ئاددىي نوتىدا ئانچە ـ مۇنچە جىجىلاپ قويدۇم.

— بۇنى پەرۋىنە ئىككىمىزنىڭ تالاشقىنى بىكار. سەن ئۇنى پەزىلىيەدىن باشقىسىغا بەرمەيسەن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق. لېكىن ئۇ، — پەخرۇللا چوڭقۇر تىنىپ قويدى، — قوبۇل قىلارمۇ؟

— پەرۋىنە ئىككىمىزنى بوستان بازىرىدا مېھمان قىلساڭ، ئاندىن بىر گەپ بولار.

— راستما؟

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام ئاغىنىز ئىشتان كىيگەن چاغلىرىدىن تارتىپلا چىڭگىش دوستلاردىن، ئەمما ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرى ناگان ـ ناگاندا ئېقىن سۇدەك تۇۋشىسىز، راۋان ئۆتكىنى بىلەن تولا ھاللاردا چۇجە خورازلاردەك كىرىشىپ قالاتتى. قىزىق ئىش، ھەرقانچە ۋارقىرىشىپ، جارقىرىشىپ، قوللىرىنى شىلتىپ، كەكرى يۇتۇۋالغاندەك، چىرايلىرى پۈرۈشۈپ كەتسىمۇ، بىر ـ بىرىگە ھەرگىز ئاداۋەت ساقلىمايتتى. بىر قەپەس ھۇرپىيىشكەندىن كېيىن، يەنە شۇ ھامان دولىلىرىنى قېقىشىپ، ئاردىن ھېچ ئىش ئۆتمىگەندەك كېتىپ قېلىشاتتى. مانا ھازىرمۇ ئۇلار چېچەكلىك باغلاردىن قايتىپ كېلىپ، باللار بىلەن ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىشتى. ئاندىن ئىكرام بىلەن پەرۋىنە «چېچەك تاماشاسى» قىلىمىز دېيىشىپ پەزىلىيەنى بىللە ئېلىپ كېتىشتى.

قوشتېرەكنىڭ ئالمىلىق، ئۆرۈكلۈك، نەشپۈتزارلىق باغلىرى

چولڭ مېۋە تۆپىلىرى رەتلىك، پاكىز ئىدى. ئاپرېلنىڭ ئاخىرلىرى بولغاچقا، باغنى پەس ئەمما يۇمران قۇلاقلىق ئوتلار قاپلاپ كەتكەنىدى. دەرۋەقە، بۇ پەسىللەر ئەركىسى باھارنىڭ خۇددى ھامامدىن چىققان 15 ياشلىق قىزلاردەك ھۆپپىدە تولۇپ، ھۆسن ـ كامالىغا يەتكەن چاغلىرى ئىدى ··· ئاھ! چىنىدەك سۈرتۈلگەن سۈزۈك ئاسمان ··· قوڭغۇر شاخلارغا قونغان ھالرەڭ، سارغۇچ، ئاپئاق چېچەك بۇلۇتلىرى ··· يەرگە يېپىلغان مايسىرەڭ لىباس ··· پەغەزلەرگە قونۇپ سۆيۈشۈۋاتقان كەپتەرلەر ··· مۈشكى ـ ئەنبەر ھىدلىرى گۇپۇلدەپ دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرغان باغلار! ··· بەجايىكى جەننەت تىمسالى ئىدى.

— مېنىڭ ئوماقلىرىم، يۇمشاق يۇمرانلىرىم، نارەسىدە بوۋاقلىرىم، — ھېسسىياتچان قىز پەرۋىنە يەردىكى ئوتلارنى سىلىدى، — سىلەرنى دەسسەشكە يۈرىكىم چىدىمايدۇ ··· پەزىلىيە ھەدە، ئېيتقىنا بۇ ئوتلارنىڭ ئىسمى نېمىدۇ؟

— پەخرۇللانىڭ···

تەبىئەتنىڭ ماتانەتلىك ھادىس گۈزەل سېيماسىدىن تۈۋسىز خىياللارغا چۆككەن پەزىلىيەنىڭ ئاغزىدىن «پەخرۇللا» دېگەن ئىسىم پوسۇققىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ دەرھاللا ئاغزىنى تۇتقان بولسىمۇ، بىراق ئىكرام بىلەن پەرۋىنە شۇنچىلىك روشەن ئاڭلاپ بولغان ئىدىكى، ھېلىھەم كۆمۈش قوڭغۇراقتەك ئەكس سادا بېرىپ تۇراتتى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن پەرۋىنە ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

— جېنىم ھەدە، پەخرۇللا نېمە دېگەنتى، دەپ بەرگىنە، ۋاي ـ ۋۇي ئۆزۈڭنى نېمانچە قىينايسەن.

— راست پەزىلىيە، — ئىكرامۇ ئىلتىجا قىلدى، — بىزمۇ بىلىۋالايلى، پەخرۇللانىڭ بىلمەيدىغىنى يوق. ئۇ ئاساسسىز گەپ قىلمايدۇ.

ئېغىزدىن چىققان سۆز ئېتىلغان ئوق، چىققان كۆزگە

www.uygurkitap.com

ئوخشايدۇ. ئۇنى ياندۇرغىلى ياكى ئورنىغا قايتا سالغىلى بولمايدۇ. پەرلىيە ئىچىدە: ۋۇي لەنتى سىرلىق گۈزەللىك، شۇنچە چىڭ ئىغىزنىمۇ ئۇسسۇلغا سالدىڭا، دەپ ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ باشلىغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەسلىككە باھانە تاپالمىدى.

— ئۇ ··· ئۇ ··· بۇلتۇر باھاردا ئويۇن قويغىلى دۆڭ سايغا بارغىنىمىزدا، — پەرلىيە تولىمۇ تەمكىن كۆرۈنەتتى، — بۇ ئوتنى «سەمەنگاھىم» دېگەندەك قىلغانىدى. توغرا، بۇ توغرۇلۇق ئېيتىلغان بېيىتمۇ باركەن.

— دەپ بەرگىنە ھەدە، بىزمۇ بىلىۋالايلى، — پەرۋىنە ئەركىلەپ يېلىندى، — تېخى ئاھاڭ سېلىپ ئېيتساقمۇ ئەجەب ئەمەس.

— ئۇ مۇنداق باشلانغانىدەك قىلغان، — پەرلىيە چېچەكلەر روجەكلىرىدىن كۆرۈنگەن كۆك ئاسمانغا قارىدى ـ دە، بېيىتنى پەس، مۇڭلۇق ئاۋازدا ئاستا ئوقۇدى:

«كەچ يېتىپ سەھەر قوپۇپ، سەمەنگاھىمغا قارايمەن،
سەمەنگاھىم يالاڭ چىقسا، قارا بەختىمگە يىغلايمەن··· »

— ھە، ئەمدى بىلدىم، — پەرۋىنە ھاياجانلاندى، — بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا جۈپ قولاق تېپىپ، بەختىمىزگە پال ئاچىدىغان ئوت شۇكەندە.

— توغرا، تاپتىڭ، — پەرلىيە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى، — سەن جۈپ قولاق تاپساڭ دەپتەر، كىتابلىرىڭنىڭ ئىچىگە سېلىۋالاتتىڭ.

— دەپتەر، كىتابلىرىمنىڭ ئىچىگە سېلىۋالغان ئاشۇ جۈپ قولاقنىڭ بىرى مەن ئىدىم···

ئىكرامىنىڭ بۇ سۆزى بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈۋەتتى. قورساق كۆپۈكلىرى خېلىلا بوشاپ قالغان پەرلىيەمۇ ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئۈنلۈك كۈلۈۋەتتى. ئۇ سىڭلىسى بىلەن ئىكرامىنىڭ ساپ،

سەمىمىي دوستلۇقىغا بەكمۇ زوقى كېلەتتى.

— ۋىيەي، ما قىلىنىنىڭ گېپىنىڭ سەتلىكىنى، — پەرۋىنە قىزىرىپ كەتتى، — كىتاب، دەپتەرلىرىم نېمىشقا قاپىقارا بويىلىپ كەتتىكىن دېسەم، ئەسلىدە سەن كىرىۋاپتىكەنسەنىدە.

— مېنى پات - پات ئەسلەپ تۇرسۇن دەپ يۈرىكىمدىكى داغلارنى كۆچۈرۈپ قويغان...

بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن پەرۋىنە ھەدىسىگە قىيا باقتى. لېكىن پەزلىيە تەتۈر قارىغىنىچە پىخىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. ئىشقىلىپ نېمىلا دېسە دېسۇن، پەزلىيەنى ئېرىتىۋالغان ئېكرام بىلەن پەرۋىنە «ئاش دەم يېدى» دېگەندەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ قويۇشتى.

— پەزلىيە، سىزنىڭ پەخرۇللادىن ئاغرىنىشىڭىز تامامەن يوللۇق، — دېدى ئېكرام ئېغىر تەلەپپۇزدا، — چۈنكى ئۇ ئىنقىلابنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتلىرىدە بەكمۇ سىرلىقلىشىپ، ھېچكىمگە چىراي ئاچمىدى. ھەتتا كۈرەش مەيدانلىرىدا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگىمۇ قول شىلتىپ ۋارقىرىدى.

— ئۇ بالىلىقىدىن تارتىپ قەدىناس، سىرداش بولۇپ كەتكەن ئېكرامغىمۇ قارىماي قويغان تۇرسا، — پەرۋىنەمۇ سۆز قىستۇردى، — دەسلەپتە بىزمۇ ئۇنىڭدىن قولىمىزنى يۇيۇپ، قولتۇقىمىزغا سۇرتۇۋەتكەنىدۇق. لېكىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمىدۇق.

— پەرۋىنەنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى ئېكرام، — پەخرۇللا ياخشى رەھبەر. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارنى ئىنقىلابنىڭ قانلىق تىغىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر مەزگىل دوستلىرىدىن ھەتتا يۈرىكىدىن كۆيگەن ئادىمىدىنمۇ يۈز ئۆرىدى. ئادىسىسى پەخرۇللانىڭ بىر قېتىم ئىشخانىغا كېچىكىپ كېلىشى سەۋەبىدىن، مەكتەپتە ئۆلۈم پاجىئەسى يۈز بەردى.

— نېمە؟ — پەزلىيە چۆچۈپ كەتتى، — سائادەت تۇردىنىڭ ئۆلۈمىنى دېمەكچىمۇ سىز؟

— شۇنداق.

سىنىپ، ياتاق، كارىدور، كۇلۇب، پىپەن - تەنقىد سەھنىلىرىگە چاپلانغان دازىباۋلارنىڭ تۈرى ۋە مەزمۇنىنى كېچىچە خۇلاسىلەپ، گرافىلاشتۇرۇپ چىققان پەخرۇللا ئەتىگەنلىكى كېچىكىپرەك ئىشخانىغا كەلدى. ئۇ تارتمىدىن ئاچقۇچىنى ئېلىپ ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىغا ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. پەخرۇللا ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، «تۆھمەت ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتالغان ئىككى قىزىل ساندۇقنىڭ قاپقاقلىرىنى ئېچىپ، ئۆچ - ئاداۋەت، سۇيىقەست، قەستلەش زەھەر - زوقۇملىرى بىلەن تولغان بىر دۆۋە قەغەز پارچىلىرىنى سومكىسىغا پۇرلاپ تىقتى. بەكرى نامەتنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن پەخرۇللا ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، سومكىدىكى يىرگىنچلىك ھەم سۈرلۈك قەغەزلەرنى ئۇستەلگە تۆكتى، لېكىن شۇ پەيتتە ئىشىك قېقىلدى. مەڭدەپ قالغان پەخرۇللا نېمە قىلارنى بىلمەي تۇراتتى. ئىشىك بايىقىدىنمۇ بەكرەك جالاقلاپ كەتتى. ئۇ ئۇستەلدىكى قەغەزلەرنى پۇرلاپ قايتا سالدىيۇ، لېكىن سومكىنى يوشۇرىدىغان جاي تاپالمىدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ، يۈرىكى ئەنسىز ئۇرۇۋاتقان پەيتتە، بەكرى نامەت غەزەپ بىلەن چىرقىرىدى:

— پەخرۇللا، ئىشىكنى ئاچ، بۇ مەن.

ئامالسىز قالغان پەخرۇللا ئىشىكنى ئېچىشى، ھەربىيچە مايىسىرەڭ فورما ئۈستىدىن كۆپ پىستانلىق تاسما بەلۋاغ باغلىغان. مەيدىسىگە، شەپكىسىگە ماۋجۇشىنىڭ ئىزنىكىنى تاقىغان بەكرى نامەت كىرىپ كەلدى. ئۇ ياپما قاپاق، قىڭراق بۇرۇن، سۆرۈن تەلەت، تەتۈر ئۈستىخان بالا بولۇپ، توخۇ ئەتلىشىپ كەتكەن بويۇن تېرىلىرى ھەم يۈزلىرىدىكى قىپقىزىل

قاپارتمىلارنىڭ ئۇچىلىرى يىرىكداپ شەلۋەرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىياق كۆزلىرى بىردىنلا ئۇستەلدە چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەرگە چۈشتى.

— ئىنقىلابىي ئامىمىدىن چۈشكەن پىكىرلەرنى كۆرۈۋېتىپتىكەنسەندە، مەن تېخى ئىشىكنى نېمانداق ئاچمايدىغاندۇ، دەپتىمەن، — بەكرى نامەت سومكىنى سىلكىپ ئىچىدىكى قالغان قەغەزلەرنىمۇ تۆكتى، — تېخى كۆرۈپ بولمىغان ئوخشايسەن، كەل ئىككىمىز تەڭ كۆرەيلى.

بەكرى نامەت قەغەزلەر ئىچىدىن نان بىلەن چاپلانغان بىر قوپال كونۋېرتنى ئېلىپ، غىلپاللا قارىدى ـ دە، ۋارقىرىۋەتتى:

— پەخرۇللا، قارا مانىڭغا «مالىيە بۆلۈم باشلىقى كېۋىر قاسىمنىڭ ئاشنىسى، ئىستىلى بۇزۇق پاسكىنا سائادەت تۇردى ھەققىدە» دەپتۇ.

— ئىسمىسىز يېزىلغان بۇنداق پاش قىلىش خەتلىرىنىڭ، — دېدى پەخرۇللا دەرھاللا، — كۆپىنچىسى يالغان، تۆھمەت بولۇپ چىقىۋاتامدۇ. بۇمۇ تايلىغىن ئۆچ ـ ئاداۋەت تۇپەيلىدىن يېزىلغان خەت بولۇشى مۇمكىن.

— يالغان، تۆھمەت بولامدۇ، ئۆچ ـ ئاداۋەتتىن يازدىمۇ كارىمىز نېمە، ئىنقىلاب ئىكەن ھەممىسى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، — بەكرى نامەت كونۋېرتنى جارتلا يىرتىپ، بىر پارچە قەغەزنى سۇغۇرۇۋېلىپ دەرھاللا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، — ئاھاي، بۇ چاققىچە «مەن تۇخۇمدىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق» دەپ قۇيرۇق تۇتقۇزماي كەلدىڭ. ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەرسەن قاسىماق جالاپ.

بەكرى نامەت شۇ كۈنىلا سائادەت تۇردىنى كۈرەش مەيدانىغا سۆرەپ چىقىپ، ھېچقانداق پاكىت ئاساسى بولمىغان تۇتۇرۇقسىز تۆھمەتلەر بىلەن تولغان خەتنى ئوقۇدى. بۇ مەيداندا سائادەت تۇردىنىڭ ئېرى ئابباس ئىمىن، مالىيە بۆلۈم باشلىقى كېۋىر قاسىم، ئۇنىڭ ئايالى روشەنگۈل مۇئەللىملەر بار ئىدى.





شۇ كۈنى كېچىسىلا سائادەت تۇردى بىر پارچە خەتنى يېزىپ قويۇپ، مەكتەپنىڭ بېغىدىكى سۆگەتكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. ئارىدىن ھەپتە ئۆتمەي، روشەنگۈل ئېرى كېۋىر قاسىمدىن ئاجرىشىپ، ئىككى ئائىلە تالى مەجنۇن پوتلىسىدەك توزۇپ كەتتى. تۆھمەت ئۆڭكۈرىدىن ئىبارەت قىزىل ساندۇق سائادەت تۇردىنىڭ كەشپىياتى ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئارقىلىق ئادەملەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولدى. بىراق، ئورمانغا ئوت كەتسە ھۆل – قۇرۇقنىڭ ھەممىسى كۆيگەندەك، سائادەتمۇ ئوتنىڭ سىرتىدا قالمىدى. شۇڭا، بۇزۇرۇكلىرىمىز مۇنداق نەسىھەت قىلغان: «يامانلىق قىلما، يامانلىق كۆرەرسەن، ئازگال كولىما، ئۆزۈڭ يىقىلۇرسەن...»

...چېچەكلىك باغدا كېتىۋاتقان پەزلىيە، پەرۋىنەلەر ئىكرامنىڭ ئېغىر تەلەپپۇزدا دېگەن گەپلىرىدىن بىردىنلا سوكۇتكە چۆمۈپ جىمىپ كەتتى. باياتىن بىرى سۆزلەپ كېلىۋاتقان ئىكراممۇ ھاردۇق يەتكەندەك ئېغىر تىندى.

— پەخرۇللا، — دېدى ئىكرام سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — «شۇ كۈنى سەھەر كەلگەن بولسام، ئىككى ئائىلە بۇنداق پاجىئەگە دۇچار بولماس ئىدى. بالىلىرىمۇ يېتىملىك كوچىلىرىدا قالمايتتى» دەپ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرىدۇ، ئۆكۈنىدۇ، پۇشايمان زەردابلىرىنى ئىچىدۇ.

— ھەدە، — پەرۋىنە پەزلىيەنى قولتۇقلىۋالدى، — يەنە بىر مۇھىم گەپ بار ئىدى. بۇنى دەيمۇ – دېمەيمۇ، دەپ ئىككىلىنىۋاتىمەن.

— قېنى دېگىن، ماڭىمۇ ئىشەنمەمسەن؟ ياكى پەخرۇللا «دېمەڭلار» دېگەنمىدى؟

— بوپتۇ دەي، لېكىن يېقىن دوستۇڭ ئاينۇرغىمۇ دېمە، بۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھايات – ماماتىغا باغلىق ئىش.

— بولدى چۈشەندىم، مەندىن خاتىرجەم بول.

— «مەكتەپ مۇدىرى شەمشىدىن ئامان، ئىلمىي مۇدىر خەيرىدىن مالىكلار xx ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ غوللۇق ئەزالىرى··· » دېگەن پاش قىلىش خېتى كەلگەن ئىكەن، ئۇنى پەخرۇللا كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم،— پەزلىيەنىڭ كۆزلىرى چوڭ ئېچىلدى، — خەتنىڭ ئىگىلىرى مۇدۇي قوپسا، پەخرۇللا خەۋپ ئىچىدە قالامدۇ؟

— ئۇنداق قىلالمايدۇ،— دېدى ئىكرام ئىشەنچلىك ھالدا، — پاش قىلىش خېتى يالغان، ئۇيدۇرما بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىگىلىرى ئۆزىنى ئاشكارىلاشتىن قورقىدۇ.

— بۇنداق جانغا تاقىلىدىغان چوڭ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى بولماي قالامدا؟ — دېدى پەرۋىنە ئاچچىقى بىلەن، — ئۇنداقلار يۈز قېتىم يازسىمۇ، بىر قېتىم سۈرۈشتە قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىشتىنىغا چىققان نىجاسەت ئۆزىگە ئايان تۇرسا.

— ئاھ خۇدا، يۇرتىمىز نېمىدېگەن گۈزەل، — پەزلىيەنىڭ رەڭلىك ئاسمانغا، بۇلۇتسىمان چېچەكلەرگە، مايسىرەڭ گىلەمدەك چاقنىغان باغلارغا ئېغىر نەزەردە باقتى، — ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى بەجايىكى جەننەت! ئەمما، ئادەملەرنىڭ كۆڭلى نېمىشقا باھارغا يات، زېمىستانغا يېقىندۇ؟!

پەزلىيەنىڭ كۆزلىرىدىكى لىقمۇلىق سۈزۈك ياشلارنى كۆرگەن پەرۋىنە ھەدىسىنى قۇچاقلاپ، «كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما» دەپ پىچىرلىدى.

— پەزلىيەنىڭ يۇرتىمىز ھەققىدە دېگەنلىرى، — دېدى ئىكرام، — پەخرۇللا يازغان ناخشا تېكىستىنى ئېسىمگە سالدى. تېكىستتە يۇرتىمىز بوستاننى «تەڭرى قىسمەت ئاتا قىلغان جەننەت» دېيىلىپتۇ.

— ئاھاڭغا سالىپتىمۇ؟ — پەرۋىنە دەرھاللا سورىدى.

— سالپتۇ، لېكىن ئىككىمىزگە تېگىدىغاندەك ئەمەس.

— بولدى بىلدىم، ھەدەمگە ئېلىپ قويۇپتۇ — دە، ئۇ يازغان ئەڭ ياخشى تېكىستلەر پەزلىيەخاندىن ئاشسا، ئىكرام ئىككىمىزگە قالىدۇ «ئاشقان — تاشقان بارات تازنىڭ» دېگىنى شۇدە.

— ھەي يوزسىز، بۇ گەپ ئاغزىڭغا قانداق پاتتى، — پەزلىيەنىڭ قوشۇملىرى تۇرۇلدى، — ئىكرام ئىككىڭلارغا يېزىپ بەرگەن لەپەر، ئېيتىشىش، قوش كىشىلىك ناخشا تېكىستلىرىنى ساناپ باقامدۇق؟ كىمنىڭ كۆپكەن؟

— ئويناشتىم، ھەدە، ئويناشتىم… — پەرۋىنە پەزلىيەنى چىڭ قۇچاقلىدى.

«پاتماس قۇياش تەشۋىقات سەنئەت ئۆمىكى» چۈشلۈك تاماقنى قوشتېرەك يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاشخانىسىدا يېگەندىن كېيىن ئۈچ ئات قېتىلغان رېزىنكا چاقلىق ئىككى ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، «سالمىلىق» بوز يەر مەيدانىغا يۈرۈپ كەتتى. كۆن ئېگىلىش بىلەن يېتىپ بارغان باللار سەھنىنى تۈزەشتۈرۈپ گىرىم قىلىپ، تەييارلىقى تۈگىگەن ھامان ئويۇننى باشلىدى. ئات يىلى، ئېشەك يىلى دېگەندەك قاچاندۇر بىر چاغلاردا كەلگەن سەييارە كىنو قويۇش ئەترىتى، قايسىدۇر يېزىنىڭ ئەلنەغمىچىلىرى قويغان تاقىقا — تۇققا قىزىقچىلىق، كىنولارنى كۆرگەنچە ئويۇن — تاماشا بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولغان دېھقان ھەم باغۋەنلەر باشتىن — ئاياغ چاۋاك ئۈستىگە چاۋاك ياغدۇرۇۋەتتى. بولۇپمۇ ئىكرام بىلەن پەرۋىنەنىڭ شوخ لەپەر — ئېيتىشىشلىرى، پەزلىيەنىڭ يالغۇز كىشىلىك ناخشىلىرى، پەخرۇللانىڭ ئېغىز گارمونى، نەي، ئىسكىرىپكا بىلەن ئورۇندىغان نومۇرلىرى بۆلەكچىلا ئالقىشقا ئېرىشىپ، قايتا — قايتا تەلەپ قىلىنىشتى. ئۇلار ئويۇننى بالدۇر باشلىغاچقا، ئانچە كېچىگە قالماي تۈگەتتى — دە، ئىككى ھارۋىغا نەرسە — كېرەكلىرىنى بېسىپ بوستانغا قايتىشتى. بوز يەر مەيدانىنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېت رەھبەرلىرى ئۇلارغا خېلىلا خېرىدارلىق قىلغان بولسىمۇ، پەخرۇللا «مەكتەپ

ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى» بويىچە توغراق ناھىيىسىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى.

قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلار، بېشىدا قارسىلداۋاتقان قامچىلار زەربىدىن چاپقانچە، شەھەرگە ئەلياتقۇ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئوغۇل باللار مەكتەپكە كىرىش بىلەن ساز، كىيىم ساندۇقلىرى، سەھنە پەردىلىرى قاتارلىقلارنى رەپىتىس زالىغا توشۇشقا باشلىدى. پەخرۇللا ئەتراپقا قانچە بويۇنداپ ۋە ۋارقىراپ بېقىپ ئىكرامنى تاپالمىدى. بۇ ئەسنادا پەزىلىيە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ سەل قورۇنغاندەك قىلىپ ئاستا پىچىرلىدى:

— بولدى ۋارقىرىماڭ، ئۇلار مەكتەپكە كىرمەستىن بۇرۇنلا ھارۋىدىن چۈشۈپ قالغان.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھارۋىدا قىسىلىپ كەتتۇق، پىيادە ماڭىمىز دېگەندەك قىلدى.

— قارا بۇلارنىڭ باھانىسىنى، — پەخرۇللا كۈلۈپ قويدى، — ئۇلار چوقۇم بوستان دەريا بويلىرىغا كەتتى. قاراڭ ئايغا، بۈگۈن نېمىدېگەن ئايدىڭ كېچە!

— راست، — پەزىلىيە ئۇنچە - مەرۋايىت ئۇۋاقلىرىنى تۆكۈۋەتكەندەك يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تولغان ئايغا قارىدى، — ياھ، شائىرلار شېئىرلىرىدا مەدھىيىلىگەن ئاق كېچىلەر شۇ ئوخشايدۇ.

— ئىكرام بىلەن پەرۋىنەنى ئىزدىگەچ ئارقىسىدىن بېرىپ باقامدۇق؟

— ماقۇل، ھەممىلا يەردە ئەلەم كۆرۈشى بولۇۋاتسا، مەنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم.

پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە مەكتەپ ئورمانلىقىدىكى شوراتامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، خېلىغىچە ئۈندىمەي مېڭىشتى. ئۇلار ئېغىر

www.uyghurkitap.com

تىنىشلىرى، بىسەرەمجان ھەرىكەتلىرى، غىلىپال قاراپ قويۇشلىرىدىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ گېپىنى نەدىن باشلاشنى، ئۆزلىرىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەي تۇرغانلىقى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ پەخرۇللا، غەيرەتكە كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— پەزىلىيە مېنى ··· مېنى كەچۈرگەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، — پەخرۇللا دۇدۇقلىدى، — نېمە دېيىشىمنى بىلمەيلا قالدىم.

— سىزمۇ مېنى كەچۈرۈڭ، خاتا چۈشەنچىلەر تۈپەيلىدىن سىزگە بىھۇدە ئازار بەردىم.

— باشقىلار بولغان تەقدىردىمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتى. چۈنكى مەن···

— بولدى دېمەڭ، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. شۇڭا، خىجىل بولغىنىمدىن ئاۋۋال گەپ ئاچتىمغۇ.

— رەھمەت سىزگە.

پەزىلىيە ئۇقۇشماسلىق تۈپەيلىدىن كۆڭلىگە ئۇيۇپ قالغان خىرەلىك ھەم قورساق كۆپۈكلىرىنى ئالدىرىماي سۆزلەپ، پەخرۇللامۇ باشقىلارنىڭ ھاياتىنى قوغداش يولىدا، تولىمۇ قاتتىق قىلغانلىقىدىن ئەپۇ سوراپ، بوستان دەريا ساھىللىرىدىكى بۈككىدە ياش كۆچەتلىككە كېلىپ قالدى. شەھەر كۆكەرتىش ئىدارىلىرى ئاھالىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ كۆچەتلىكنى بەرپا قىلغىلى ئىككى يىل بولغان بولسىمۇ، ھازىر ئاستىغا قويۇق سايىلارنى تاشلىغۇدەك باراقسانلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئەمدىلا كۆپكۆك قىر ئۈستىدە ئولتۇرماقچى بولۇشى، دەريا قىرغاقلىرى تەرەپتىن تولىمۇ مۇڭلۇق ناخشا ساداسى ياڭرىدى:

دېڭىز بويى سالقىن شامال،
ئىرغاڭلاتتى يەلكەننى···
ئۈزۈن بولدى ئۈز ئامرىقىم،
ئۇلۇغ سەپكە كەتكىنى.

بۇ ئەسنادا، دەريا قىرغىقىدا بىرى زىلۋا، يەنە بىرى قامەتلىك ئىككى سىيما پەيدا بولدى. ئۇلار قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، سەيلانە ئۈزۈۋاتقان ئايغا قارىغىنىچە، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

— پەخرۇللا قاراڭ، ئۇلار پەرۋىنە بىلەن ئىكرامكەن.

دەريا بويىدىكى ئىككى كۆلەڭگە ناخشىنىڭ ئەۋجىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى:

بەك سېغىندىم ئامرىقىم،
چىڭ ئەمەسمۇ ۋەدىمىز.
كۈرەش قەھرىمانى بولۇڭ،
گۈزەل تۇرمۇش قۇرىمىز.

— بۇ ئىككى تەلۋە ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ دېسە، — دېدى پەخرۇللا ئاچچىقى بىلەن، — تېكىستىنى خېلىلا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ بەرسەم ئۇلار سەھنىدە بىر قېتىم ئېيتقان. لېكىن، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئىنقىلابىيلاشتۇرىمىز دەپ ئەمەسلا بىر نېمە قىلىۋېتىپتۇ.

— بۇ ناخشا سوۋېت شىيۇجېڭجۇيىچىلىرىنىڭ تۇرسا، — پەزلىيەمۇ ئەنسىرىگەندى، — سېرىق ناخشىلار قاتارىغا كىرىدۇ-دە.

— توغراق ناھىيە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى ماڭا ناخشا-ساز ئۆگەتكەن غۇلجىلىق ئابلەت تاھىر مۇئەللىمنى سېرىق ناخشا ئېيتىپ، سېرىق سازلارنى چالغان دەپ بەكمۇ قاتتىق كۈرەشكە تارتقان ئىكەن. ئۇ قىيناقتا چىدىيالماي «ئېزىتقۇ قۇم» جاڭگاللىقىغا قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ يا ئۆلۈكىنى، ياكى تىرىكىنى تاپالمىغان ئوخشايدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئىنقىلابنىڭ بۇنداق زىل پەيتىدە، پۇت-

www.uygurkitap.com

قولىنىڭ باغلىنىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قېلىشىدۇ، — پەزىلىيە جىددىي تەلەپپۇزدا سۆزلەۋاتاتتى، — قاملاشمىغان بولسىمۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۆزگەرتىپ بەرگىنىنى ئېيتسا بولمامدۇ.

— شۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن تېكىستتىكى بوغۇم، تۇراق، قاپىيىلەر يېقىنمۇ كەلمەيدۇ.

— شۇنچىۋالا بۇزۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بىرىنچى كۇپلېتنى «گۈگۈمدە بېغى سالقىن شامال، ئىرغاڭلاتتى گۈللەرنى، ئۇزۇن بولدى ئىشچان يىگىت، قايتا تەربىيىگە كەتكىنى… » دەپ ئۆزگەرتىپتۇ. ئىككىنچى كۇپلېتنىڭ «بەك سېغىندىم ئامرىقىم» دېگەن مىسرانى بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى تەرغىب قىلىنغان دەپ «ئىشچان يىگىت تەشكىلگە» دەپ ئاپتۇ. قىسقىسى، باشتىن - ئاخىر تېتىقسىز ئىبارىلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر سەنئەت ئىشلىرىنى بىلمىگەندىن كېيىن ئارىلاشمىسا بولىدۇ، — پەزىلىيەنىڭ كۆڭلىدىن تەرەببال بىر ئىش كەچتى بولغاي، پەخرۇللاغا قارىدى، — پەخرۇللا سىز يۇرتىمىز ھەققىدە ناخشا تېكىستى يېزىپسىزغۇ، مەن كۆرۈپ باقايچۇ.

— يادقا ئوقۇپ بېرەي، — پەخرۇللا گېلىنى قىرىپ قويۇپ، بىر كۆچەتكە يۆلەندى - دە، يۇلتۇزلار قاپلىغان ئاسمانغا قارىغىنىچە ئىنتوناتسىيە بىلەن ئاستا ئوقۇدى:

«تەڭرى قىسمەت ئاتا قىلغان جەننەتتەك،
شۇنچە كۆركەم بوستان دەريا بويلىرى.
ئانا يۇرتۇم باغرىن سۆيۈپ كېلىدۇ،
چەشمە زىلال مەرۋايىتتەك سۇلىرى.

ئاشىقلارنىڭ سىيماسىدۇر بەئەينى،
ئاپئاق چېچەك نەشپۈتزارلىق باغلىرى.
كۆپكۆك ئورمان، گۈل - گىياھقا پۈركەنگەن،
جانغا ھوزۇر چىمەن ئاتلىق تاغلىرى.

تۇغقان ئېلىم بوستان دىيار، بالاڭمەن،
سېنىڭ ئىشقى - پىراقىڭدا ياناي مەن
كىندىك قېنىم سىڭىپ كەتكەچ تېنىڭگە،
يۈرىكىڭدە مېھىر بولۇپ ئاقاي مەن...»

لىرىك ھېسسىياتلار ئىلكىدە شېرىن خىياللار قايىنىمىغا چۆككەن پەزىلىيە قىر ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە پەخرۇللاغا تىكىلىپ قالغىنىنى سەزمەي قالدى. تېكىستتە شەرھلەنگەن جەننەتتەك يۇرتى، بوستان دەريا بويلىرى، ئاپئاق چېچەكلىك نەشپۈتزارلار، كۆپكۆك ئورمان، گۈل - گىياھلار، بۇك - باراقسان چىمەن تاغلىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. راست ئەمەسمۇ، پەخرۇللا، پەزىلىيە، ئىكرام، پەرۋىنەدەك يۇرت پەرزەنتلىرى ئۆز يۇرتى ئۈچۈن ئوتتەك يانىدۇ، كۆيىدۇ، يۈرىكىدە مېھىر بولۇپ ئاقىدۇ.

— پاھ، ئەجەب ياخشى يېزىلىپتۇ جۇمۇ، — پەزىلىيە ھاياجانلانغىنىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى، — بۇ يۇرتىمىز ھەققىدە مۇكەممەل بىر قەسىدە بوپتۇ. ياخشى ئاھاڭغا سېلىڭ، مەن ئېيتاي.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، — پەخرۇللا قىزنىڭ ئاپئاق، نازۇك قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئاستا پىچىرلىدى، — پەزىلىيە...

— پەخرۇللا، — يىگىتنىڭ لەۋلىرىگە تەلمۈرگىنىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرگەن پەزلىيە گەپنى ئېلىپ قاچتى، — ئىككىنچى كۆپلېتنىڭ بىرىنچى مىسراسىنى «تاھىر - زوھرا سىيماسىدۇر بەگەينى» ياكى «تاھىر - زوھرا ھىدلىرىنى سىڭدۈرگەن… » دەپ ئالسا قانداق بولار؟

— بۇمۇ تازا ئوبدان ئاھاڭدار بولغۇدەك، — پەخرۇللا سەل ئويلاندى، — دەسلەپتە «ئاشىقلارنىڭ ھىدلىرىنى سىڭدۈرگەن…» دەپ ئالغانىدىم، لېكىن بۇ سەل مەۋھۇم ئۇقۇم بولۇپ قالغۇدەك دەپ ئويلىدىم.

ئۇلار قانغۇدەك مۇڭدىشىپ، مەكتەپتىكى ياتاقلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەن توغراق ناھىيىلىك سودا كوپىراتىپتىن خام مال توشۇيدىغان يۈك ئاپتوموبىلىغا پەۋەس ئولتۇرغان ئارتىس بالىلار ئىنقىلابىي ناخشىلارنى ياڭرىتىپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار تاشيولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ قىپقىزىل ۋە سۆسۈن رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن يۇلغۇنلارغا، پوررەڭ قوۋزاقلىق ياپيېشىل توغراقلارغا، ئۇچىدىن تارتىپ تۈۋىگىچە تور باغلاپ، پاخپىيىپ تۇرغان پاختا يۇلغۇنلارغا قاراپ تويمايتتى. تۇرۇپلا سېرىق يۆگەي قاپلاپ كەتكەن چاتقاللار ئارىسىدىن ھۈركۈپ قاچقان ياۋا توشقانلار ئۇچراپ تۇراتتى.

«پاتماس قۇياش تەشۋىقات سەنئەت ئۆمىكى» كۈن قىيىلىش بىلەن توغراق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قورۇسىغا كىرىپ كېلىشتى. ئىنقىلابىي كومىتېت كادىرلىرى ئۇلارنى ئاشخانىغا باشلاپ، ئۆزلىرىمۇ بىللە ئولتۇرۇشتى. لېكىن پەخرۇللا پەزلىيەنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى:

— پەزلىيە، كىچىك سىڭلىم گۈلىستانىنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. شۇڭا، تاماقنى ئۆيدە يەي، مېنى سوراپ قالسا، سىرتقا چىقىپ كەتتى دەپ قويارسىز.

— سىڭلىڭىز نەچچە ياشتا؟

— بىر يېرىم ياشتا.

— توختاڭ ئەمىسە، — پەزلىيە سومكىسىدىن ئىككى تال كەمپۈت، ياڭاقتەك چوڭلۇقتا ناۋات ئېلىپ بەردى، — كىچىك بالا دېگەن ئادەمنىڭ قولىغا تەلمۈرىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، بەك ئەتراپلىق ئويلايسىز جۇمۇ.

پەخرۇللا ئۆيىدىن ئانچە ھايال بولمايلا قايتىپ كەلدى. چۈنكى، سەھنە تەييارلىقلىرى، ئاندىن ئويۇن باشلاش ئالدىدىكى قىسقا رەپىتىس قاتارلىقلار بار ئىدى. ناھىيىلىك كومىتېت قورۇسىغا چۈشۈش بىلەن ناھىيە بازىرى، چىلانلىق، شۇنداقلا يېقىن ئەتراپتىكى كەنت - مەھەللىلەردىن كەلگەن توپ - توپ ئادەملەر كۆلۈپ ئەتراپىغا توپلانماقتا ئىدى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلىشاتتى، كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ پىخىلداپ كۈلەتتى ۋە ئارتىسلار ئارىسىدىن كىمنىدۇر كۆرسىتەتتى. ئارتىسلار ئويۇننى باشلاپ ئاياغلاشقۇچە ھەتتا سەھنە پەردىلىرىنى چۈشۈرۈپ قاتلاپ، ئورۇندۇقلارنى يىغىشتۇرۇپ، پارچە - پارچە دېكوراتسىيىلەرنى يۆگەپ باغلىغۇچە كۈلۈبتىكى ئادەملەر تارقالماي تۇراتتى.

— ھەي، پەخرۇللانىڭ ئالدىغان قىزىمۇ كەپتىمىشقۇ؟ قانداق قىزكەن كۆرۈپ باقساق بوپتىكەن.

— ئەنە شۇ ئىكىسكوپكا دېگەن سازنىڭ بوغما قاپاقتەك قېپىنى كۆتۈرۈۋالغان، ئاپئاق بولدۇرۇق مانتىدەك قىز شۇكەن، پاھ، پاھ، ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرى نېمانداق چىرايلىقمۇي كاساپەتنىڭ.

— ھەي دەلتە، ئىكىسكوپكا دېگىنىڭ نېمىسى، ئىسكىرىپكا دېمەمسەن. شۇنىمۇ دېيەلمەيدۇ گاچا.

— ئۇنى باش قوماندانىنىڭ قىزى دېيىشىدۇغۇ.

— گېنېرال دەپ باقە، ھە، مۇنداق گېنېرال.

— گېنېرالغا كۈيئوغۇل بولسا، مۇزەپپەر دادايىنىڭ ئوغلى

پەخرۇللا دادايىنىڭ چىپىي چىپچەكلەپ، تەخىيى تۆت چىشلىق بولغۇدەك.

— تەخىيى تۆت چىشلىق بولۇش قانچىلىك گەپتى ئىغىلدىكى شاتراق موزىيى چىغىدا نەسىللىك بۇقىغا ئايلىنىپ كىتەر.

ئارتىسلار نەرسە - كىرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھويلىغا چىقامدۇ ياكى ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا ئولتۇرامدۇ، ھەتتا تەقسىم قىلىنغان ياتاق ئۆيلىرىگە ماڭامدۇ، كىشىلەر تويى ئۇلارنى ئەگىشىپلا يۈرەتتى. كىملەردۇر تامىقىنى چاكىلداتسا، يەنە قايسىدۇر بىرى «پاھ، پاھ، پاھ… » دەيتتى. «ۋۆي، ئۇ ئادەم ئەمەس پەرىشتىمۇ - نىمە» دىگەن سۆزلەرمۇ قۇلاققا كىرىپ قالاتتى. قىسقىسى، بەزىلەر ھەۋەس بىلەن قارىسا، يەنە بەزىلەر ھەسەت قىلىپ ئۆرتىنەتتى. ھەتتا قىرىلار چىغىدا قىزىقىسىنىپ قارايتتى.

ئەتىسى چۈشكە يىقىن مۇزەپپەر بىلەن ھەلىمىخان ئانا، ئارتىسلارنى ئوغلاق گۆشى باسقان پولۇ بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۆينىڭ ئىچى پەۋەس ئارتىسلار بىلەن تولغانىدى. مۇزەپپەر بىلەن ھەلىمىخان ئانا مىھمانلارنى ھەدەپ تاماققا زورلايتتى. بولۇپمۇ پەزلىيەتى: «ئىلىك قىزىم، قىرقىمىغان ئوغلاق گۆشى پايدا قىلىدۇ… »، «شەھەرگە كىرىپ بولغۇچە يىلىكلىرىڭلار ئۈزۈلۈپ مەيدىلىرىڭلار تارتىشىپ كىتىدۇ… » دەپ ئامراقلىق ئۈستىگە ئامراقلىق قىلاتتى. لىكىن، ناھىيىلىك كومىتىتنىڭ ماشىنىسى كوچىدا ساقلاپ تۇراتتى. شۇڭا، مۇزەپپەر دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ بەرگەندىن كىيىن، داستىخانلار يىغىشتۇرۇلۇپ، قوللارغا سۇ بىرىلدى. پەزلىيە بىردىنلا گىلەم ئۈستىدە ئويناۋاتقان پومپىلاق قىزغا زوقلانغان ھالدا قاراپ قولىنى سوزدى. قىزمۇ مىدىقلاپ ماڭغىنىچە كىلىپ ياتسىراپ قارىدى. پەزلىيە ئۇنى قۇچىقىغا ئىلىپ ئەركىلەتتى.

— ئېتىڭىز نېمە؟ — پەزلىيە قىزنىڭ قولىغا كەمپۈت تۇتقۇزدى، — ئېتىڭىزنى دېيەلەمسىز؟

— دەيمەن، گۈلىستان، ئاچا، پەخىيۇل ئاكام ماڭا كەمپۈت، ناۋات بېرىپ ئاچاش بەيدى دېدى، شۇ شىزما؟

ئولتۇرغانلار كۈلۈپ كېتىشتى. پەزلىيە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. پەخرۇللا بولسا ئاستىلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. لېكىن ئىكرامىنىڭ چاقچىقى كۈلكىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى.

— گۈلىستان، كەمپۈت، ناۋاتلىرىنى يېگەندىن كېيىن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغۇلۇق ئەمەستى.

پەزلىيەمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ قىزدىن دەرھاللا گەپ سورىدى.

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

گۈلىستان ئىككى بارمىقىنى چىقاردى.

— بۇ تاغار قېقىنىدىسى بىر يېرىم ياشقا كىردى، — ھەلىمىخان مۇزەپپەرنىڭ قۇچىقىدىكى بالىغا قارىدى، — بۇ نەۋرەمنىڭ ئىسمى ئىسھاق، پەخرۇللانىڭ ئاچىسى پەخرىنىسانىڭ ئوغلى بولىدۇ. بۇ يىل 5 ـ ئايدا تۆت ياشنى تولغىتىدۇ.

— بۇ باللارنى كۆرۈپ، ئۇكىلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى.

— قىزىم، — مۇزەپپەر پەزىلىيەگە قارىدى، — سىلەر قانچە بىر تۇغقان؟

— تۆت، بۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ، — پەزىلىيە قىزلار ئارىسىدا ئولتۇرغان پەرۋىنەنى كۆرسەتتى، — يەنە ئىككى ياشتىن ئاشقان ئەركىن دېگەن ئىنىم، ئۈچ ئايلىق بولغان ئابىدە ئىسىملىك سىڭلىم بار.

مۇزەپپەر ۋە ھەلىمىخان ئانىنىڭ پەزلىيە بىلەن ئۇزاقراق مۇڭداشقۇسى بار ئىدى. ئەمما سىرتتىن بادامدوپپىلىق بىر بالا كىرىپ، «شوپۇرنىڭ ئالدىراپ قالغانلىقى»نى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئارتىس باللار «خوش ئەمىسە»، «رەھمەت سىلەرگە»،

دېيىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. شۇنداقتىمۇ مۇرەپپەر، ھەلىمىخان ئانا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ چىقتى. بەل ئاغرىقىدىن مۈكچىيىپ قالغان گۆھەرخان ئانا ھاسىسىغا تايىنىپ، يول چېتىدىكى بىر كۆتەكتە ئولتۇراتتى. ئىكرام ئانىسىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ كېلىشى، پەرۋىنەمۇ ئۇنىڭغا سوگدىشىپلا كەلدى.

— ئانا، مەختۇمنىسا ئاچام كۆرۈنمەيدۇغۇ، ئۆزۈڭ يالغۇز چىقتىڭما؟

— ياقەي بالام، ئاچاڭ بالىسىنى ئېمىتىپ قويغىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھە بالام، بۇ تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق قىز كىم بولىدۇ؟ — گۆھەرخان پەرۋىنەگە سىنچىلاپ قارىدى، — تۇۋا، ئەجەب پاكىز، مېھرى ئىسسىق بالىكىنا.

— ئانا، بۇ قىز پەرۋىنە بولىدۇ، مېنىڭ ساۋاقدىشىم.

— ساۋاقدىشىڭ؟ — گۆھەرخان بىردەم ئېڭىرقاپ قالدى، — ساۋاقنى بىللە ئوقۇمسىلەر؟

— شۇنداق ئانا، — پەرۋىنە موماينىڭ يۈزىنى سىلىدى، — ئانا ئىكرام دېگەن بۇ كىرپە باش مېنى داۋاملىق بوزەك قىلىۋالىدۇ. بىر ئەدىپىنى بېرىپ قويسىلىرى بولاتتى.

— ئەتتىگىنەي قىزىم، — گۆھەرخان قىزنىڭ سەممىي ھەزىلىنىڭ تېگىگە يەتتى، — تونۇگۈن كەلگەندىلا دېگەن بولسىلىرى، بۇ پېتىر قولاقنىڭ قولىقىنى چىشلەپ ئۈزۈپ، قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتىم.

— ئۇنداق قىلسىلىرى، بۇ ياغاچ قولاق تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتەر.

— سەتلىشىپ كەتسە كۆڭۈللىرى ئۇنىمىسا، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۆزلىرى ئادەم قىلىۋالسىلا…

— ماشىنىغا چىقىڭلار، — كىمدۇر بىرى ۋارقىرىدى، — شوپۇر ئالدىرايدىكەن.

قانداقتۇر بىر ساۋابلىق ئىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەن گۆھەرخان پەرۋىنەنى باغرىغا بېسىپ پىشانە، مەڭزىلىرىگە شاپىلدىتىپ سۆيدى. ئاندىن ئىكرامنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ تۇرۇپ «توڭكاي بالام، ئۇ قىزنى رەنجىتمە، مەن خاپا بولىمەن» دەپ پىچىرلىدى، مۇزەپپەر، ھەلىمىخانمۇ پەزلىيە، پەخرۇللانى قۇچاقلاپ سۆيۈپ، ئۇزىتىپ قويدى.

ماشىنا چۇقان ـ سۈرەنلەر ئىچىدە ئۇزاپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان ھەلىمىخان، گۆھەرخانلار قوللىرىنى كۆتۈرۈپ بىر ھازا تۇرۇشتى.

ـــ ھەلىمە، ـــ دېدى مۇزەپپەر ئاستاغىنە، ـــ پەزلىيە دېگەن بۇ قىز سېنىڭ «قورۇق» تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تىكەنلىككە كەلگەن چاغلىرىڭغا زەپمۇ ئوخشايدىكەن.

ـــ راست، ھەلىمە، ـــ گۆھەرخانمۇ بېشىنى لىڭشىتتى، ـــ سېنىڭ قۇندۇز ئاي ۋاخلىرىڭنىڭ ئەينەن سۈرىتىكەن.

ـــ بولدى قىلىڭلارچۇ، ئۇزاقلاردا قالغان ياشلىقنى ئەسكە سېلىپ، كۆڭلۈمنى بىئارام قىلماڭلار.

ـــ توۋا، شۇنداقمۇ ئوخشايدىكىنا، ـــ دېدى گۆھەرخان خىياللار ئىلكىدە، ـــ بايا كۆرۈپلا يۈرىكىم قارتلا قىلىپ قالدى.

ـــ قانداق قۇندۇزئاي، ـــ مۇزەپپەر ئايالىغا مۇھەببەت بىلەن قارىدى، ـــ مەن يالغان ئېيتمىغاندىمەن؟

قۇندۇزئاي قىزاردى…

## ئونىنچى باب

# ئۇچۇرما بولغان قۇش باللىرى

مەركەزنىڭ «ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە پەرزەنتلىرى ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ھەرىكەتكە قاتناشماسلىق، قاتناشقان بولسا دەرھال چېكىنىپ چىقىش» ھەققىدە ئۇقتۇرۇشى كېلىش بىلەن شۆبە ھەربىي رايوندىكى ۋە ۋىلايەتكە قاراشلىق قوراللىق بۆلۈم، ئارقا سەپ بۆلۈم ۋە يەنە قانداقتۇر قىسىملاردىكى ئۇيغۇر ـ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاپ، «كۆكنۇر» دېگەن يەردىكى ھەربىي يېزا ئىگىلىك مەيدانىغا بىر كېچىدىلا ئېلىپ كېتىشتى. بۇ يەردىكى پائالىيەتلەر پۈتۈنلەي ھەربىي تۈزۈم بويىچە بولۇپ، ھەربىيلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا سىياسىي ئۆگىنىش، ئەمگەك، مەدەنىي ـ تەنتەربىيە پائالىيىتى، تەسىرات سۆزلەش، تام گېزىتى چىقىرىش قاتارلىق بىر قاتار بېكىتىلگەن تۈزۈملەر بويىچە ئوقۇغۇچىلارنى چېنىقتۇراتتى. ھەر خىل ھەربىيچە چېنىقىش، ئېغىر ئەمگەك تۇپەيلىدىن چارچاپ ھالىدىن كەتكەن بالىلار تاپىنىغا بىگىز سانجىسىمۇ تۇيمىغۇدەك ئۇخلاپ كېتەتتى. ئەمما تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازى ئۇلار ئۈچۈن ئەزرائىلنىڭ نەرە تارتقىنىدەك قورقۇنچلۇق ئىدى. سەھەرلىك يىغىلىشقا كېچىكىپ قالغان بالىلارنى مەيداندىكى تەشۋىقات سەھنىسىگە ئېسىلغان ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىگە سائەتلەپ قارىتىپ قويۇشتىن سىرت، ئەتىگەنلىك سىياسىي ئۆگىنىشتە ئۆزىنى تەكشۈرتەتتى. بولۇپمۇ، ئۇيقۇسى يېشىلمەي تۇرغان

بالىلار ئۇچۇن تاڭ سەھەردە تۆتتىن تىزىلىپ، قاتراپ يۈگۈرۈش بەكمۇ ئېغىر تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ باشقۇرغۇچى ھەربىي: «بىر، ئىككى، ئۈچ ··· تۆت··· » دەپ ۋارقىراپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشمىغۇچە ئۇنىڭ پۈشتىكى سايراشتىن توختىمايتتى.

بۇنداق قاتتىق تۇرمۇش، ئېغىر پائالىيەتلەردىن پەقەت پەزىلىيەلا خالىي ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەندىلا پەزىلىيەنىڭ نۇتۇق قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق ماھارىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەيدانىنىڭ رادىئو ئۇزېلىغا تەقسىم قىلدى. ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەزىپىسى، كۈندە ئۈچ ۋاخ رادىئودا خەۋەر ئاڭلىتىش، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ۋە سۆز ئۇزۇندىلىرىنى تەشۋىق قىلىش، ھەربىي ۋە ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ياخشى ئىش ـ پائالىيەتلەرنى رادىئو ئارقىلىق كۆپچىلىككە خەۋەرلەندۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بېرىلىپ ئىشلەيتتى، بەزىدە ھەربىي ۋە ئوقۇغۇچىلار ئەمگەك قىلىۋاتقان قوناقلىق، بۇغدايلىق، قىزىلچىلىق ئېتىزلىرىغا بېرىپ، ئۇلار بىلەن تەڭ ئەمگەك قىلىپ، ياخشى ئىشلىگەن ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان، باشقىلارغا ياردەم قىلغان نەمۇنىچىلار ھەققىدە خەۋەر يازاتتى. پەزىلىيە بىر كۈنى ياتاقتا خەۋەر يېزىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك چېكىلدى. ئۇ دەرھال بېرىپ ئاچتى. بوسۇغىدا پەخرۇللا بىلەن ئىكرام كۈلۈپ تۇراتتى. ھەربىي ئائىلە پەرزەنتلىرى كۆكنۇر دېھقانچىلىق مەيدانىغا كەلگەن تۆت ئايدىن بېرى ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. 70 كىلومېتىر ئەلۋەتتە ئاز مۇساپە ئەمەس، پەخرۇللا بىلەن ئىكرامنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى ئاسانغا توختىمايتتى. ھەيرانلىق، شادلىق ۋە ھاياجان ئىلكىدە مەڭدەپ قالغان پەزىلىيە ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالغانىدى.

— بىزنى ياتىقىڭىزغا كىرگۈزمەسسىز ياكى ئۆزىمىز ھۇجۇم قىلىمىزمۇ، — دېدى ئىكرام چاقچاق قىلىپ، — شۇنچە يوللارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىسىپ كەلسەك، چەكچىيىپلا تۇرىدا.

— ۋاي خۇدايىم، كىرىڭلار، كىرىڭلار، — پەزىلىيە ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، كارىۋاتقا تەكلىپ قىلدى، — توۋا، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي، تۇرۇپلا قاپتىمەن دېسە.

پەزىلىيە چايدانىدىكى قايناق سۇ بىلەن بىردەمدىلا چاي دەملەپ، بىساتىدا بار ئازغىنە تاتلىق ـ تۇرۇم ھەم بىر نەچچە دانە ھورنانىنى ئۈستەلگە ئالدى. ئاندىن ئۇ ئىككى ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئۈستەلگە يېقىن ئېلىپ كەلدى.

— قېنى ئۈستەلگە كېلىڭلار، قورسىقىڭلارمۇ ئاچقاندۇ، — پەزىلىيە ھورنانلارنى ئوشتۇپ قويدى، — كېلىشىڭلارنى بىلگەن بولسام چۈشتە تاماقنى كۆپرەك ئەكىرىپ قوياتتىمكەن.

— نورمىڭىزنى بىزگە ئەكىرىپ قويسىڭىز، سىز ئاچ كېكىرىپ يۈرەمسىز؟ — دېدى ئىكرام كۈلۈپ، — ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت.

— ھەربىي ئورۇنلاردا تۇزۇم، ئەمگەك، مەشغۇلاتلار قاتتىق بولغىنى بىلەن تاماق نورمىسىز، قانچىلىك يېيەلىسە شۇنچىلىك يەيدۇ.

— ئىكرام، ھەرگىز بۇنداق يەردە تۇرمىسا بولغۇدەك، — دېدى پەخرۇللا، — كۆپ يەۋېلىپ ئىشى ئارتىپ كەتسە ئادەمگە زۇلۇمدە.

— ۋاي، ۋۇي، مانىڭ دەپكەتكىنىنى، سېنىڭدەك نومۇس قىلىپ ئاچ يۈرگەندىن، تاپقاندا يەپ ـ يەۋالغان ياخشىدۇ.

— بولدى، ئىككىڭلار بىر يەرگە كەلسەڭلەرلا تالاش ـ تارتىشىڭلار تۈگىمەيدۇ.

ئۇلار مەكتەپتە بولۇۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق بىردەم بەس ـ مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن پەزىلىيە «پاتماس قۇياش تەشۋىقات سەنئەت ئۆمىكى»نىڭ ھازىرقى پائالىيەتلىرىنى سورىدى. لېكىن بۇ ئىككى دوست يەر باققىنىچە بىر ھازا جىم‍ىپ كەتتى.

— ھازىر سەنئەت نەدە قالدى. بىز نەدە يۈرىمىز، — دېدى پەخرۇللا ئىغىر تەلەپپۇزدا، — مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار تەرەپبازلىق ئۇرۇشى باشلىۋەتتى. ئۇلار كۈندىلا بىر - بىرىنىڭ دازىباۋلىرىنى يىرتىش، شىلىم چاپلىغۇچلىرىنى باشلىرىغا كىيگۈزۈپ قويۇش، تاياق، توقماق، تاسما بەلۋاغلار بىلەن سىنىپ، كارىدور، ياتاق، مەيدان، ھويلىلاردا قوغلاشما جەڭ قىلىپ كۈنلىرى ئۆتۈۋاتىدۇ.

— ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئىشخانىسىدىن چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىلىرى بىرەر ئامال قىلالمىدىمۇ؟ — سورىدى پەزىلىيە ھەيران بولۇپ.

— ئۇلارمۇ ئامالسىز قالدى، — ئىكرام بېشىنى چايقىدى، — ئاڭلىساق ئۇلارنىڭ ئورنىغا ھەربىي تەشۋىقات گۇرۇپپىسى چۈشكۈدەك.

ھەي... — دېدى پەخرۇللا چۈشكۈن ھالەتتە، — بۇ تەشكىلسىزلىك، ھۆكۈمەتسىزلىك، قالايمىقانچىلىقلار قاچانمۇ تۈگەيدىكىنتاڭ.

— ھەربىي خىزمەت گۇرۇپپىسى بالدۇرراق چۈشسىمۇ بوپتىكەن، — ئىكرام ئاچچىقىدا دىمىغىنى قاقتى، — ئوقۇش پۈتكۈزۈشكىمۇ بىرقانچە ئاي قالدى. كۈنلىرىمىز جېدەل - ماجىرا بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھە راست، بەكرى نامەتنىڭ «جەڭگىۋار ئىسيانچىلار» تەشكىلاتىنىڭ ئىنقىلابچىلىرى، — پەخرۇللانىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەنىدى، — مۇدىر شەمشىدىن ئامانىنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپ، ھازىر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا قۇتقۇزۇشتا.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى راسا چوڭقۇرلىشىۋاتقاندا ياتاقنىڭ ئىشىكى تاراقلاپ ئېچىلىپ، پەرۋىنە ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى. قانداقتۇر غەزەپنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان پەرۋىنە، پەخرۇللا بىلەن ئىكرامنى كۆرۈپ، ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى

لىپمۇلىپ ياشلارغا تولۇپ، كىچىككىنە ئوماق لەۋلىرى ئۆمچىيىپ تۆكۈلۈپلا كەتتى.

— ھەي كىرپە باش توڭكاي، ئەمدى كەلدىڭما؟ — پەرۋىنەنىڭ بايىقى ئەلپازى پەسكويىغا چۈشكەندەك قىلاتتى، — مەن بۇ دوزاختەك يەردە تۇرمايمەن. ماڭا قارىغىنە، يۈزلىرىم ياداپ جىگىردەكتەك، ئۆزۈم يىڭنىغۇچتەك، بارماقلىرىم چىش كولىغۇچتەك، پۇتلىرىم سىركۈلدەك بولۇپ قالدى ··· ماڭا سېنىڭ ئىچىڭ ئاغرىمامدا؟ ئوماق دۆيۈز···

— پەرۋىنە ··· پەرۋىنە! ··· پەرۋىنە!!···

ئىكرام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ پەرۋىنەنىڭ ئاپتاپتا قارىداپ، مايدا كۆيگەن قۇيماقتەك بولۇپ قالغان يۈزىگە، ساپاقتەك بويىنىغا، ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىگە قارىغانسېرى، ئۆپكىسى ئۆرلەپ كۆزلىرىگە ياش ياماشتى.

— پەرۋىنە مەن ··· مەن سېنى ھازىرلا ئېلىپ كېتەي.

— ھەي، سەن تولا بىغەرەزلىك قىلما، — ۋارقىرىدى پەزىلىيە، — ئەگەر مەشەنىڭ ئىش - مەشغۇلاتلىرىغا «چىدىيالمىدىم» دەپ كېتىپ قالساڭ، شەرەپلىك ھەربىي ئائىلە دېگەن نامنى بۇلغايسەن.

— بولدى، ئاشۇ شەرەپنى سەن قايتىتىپ ئىچمۇال، — پەرۋىنەمۇ بوش كەلمىدى، — قىز - ئوغۇل دېمەي ۋەزىپىنى ئوخشاش بېرىۋاتسا، ئورۇندىيالمىساڭ بىر كۈن كەچكىچە ئەمگەك قىلغانتى ئاز دەپ، ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ داتاڭ سوراقا تارتىۋاتسا، مەن «ۋەدىنامە»، «تەكشۈرۈشنامە»، «تۆۋبەنامە» يېزىپ جاندىن تويدۇم. كەتكىنىم كەتكەن.

— پەزىلىيە ماقۇل دەڭ، — ئىكرام يىغلىدى، — پەرۋىنەنى مەن ئېلىپ كېتەي.

— ئىكرام ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، لېكىن ئۇنى ئەكەتسىڭىز بولمايدۇ.

— ھەي چوڭ ئانا، مېنى ئەكەتسە ئېمىشقا بولمىغۇدەك، — پەرۋىنە ھەدىسىگە ئېگىشتى، — ياكى مېنى مۇشۇ دوزاختا ئەرگە بېرەمتىڭ؟

پەزلىيە سىڭلىسىنىڭ ئاغزىغا سالماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈشىگە، پەخرۇللا پەرۋىنەنىڭ قولىدىن تارتىپ يېنىغا ئەكىلىۋالدى ۋە «نەدىن كەلگەن ئاچچىق بۇ» دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى. پەخرۇللانىڭ سۆزىدىن سەل ھورىدىن چۈشكەن پەزلىيە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى چايقىدى.

— مېنىڭ ئۆنى «كەتمە» دېيىشىمدە ئاساس بار، — دېدى پەزلىيە تەمكىن ھالدا، — ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان دادامدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ «يەنە بىرەر ئاي سەۋر قىلىڭلار، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى، لېكىن ھەربىي ئائىلە دېگەن ئۇلۇغ نامنى بۇلغايدىغان ئىشنى قىلماڭلار» دەپ قايتا - قايتا جېكىلىدى.

— بۇرۇنراق دېسەڭ بولمامدۇ، — ئاستا غۇدۇڭشىدى پەرۋىنە، — بىرەر ئاي دېگەنمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

— ئىكرام ئىككىڭلارنىڭ دېيىشىدىغان گەپلىرىڭلار باردۇ، — پەزلىيە مۇلايىملىق بىلەن قارىدى، — شۇڭا ياتىقىڭغا ئەكىرەمسەن ياكى دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئايلاندۇرامسەن، ئىشقىلىپ، قانغۇدەك پاراڭلىشىۋېلىڭلار.

ئىكرام بىلەن پەرۋىنە چىقىپ كەتتى. پەخرۇللا: «بۇ قىز بىر پارچە ئوتتە» دېيىشىگە، پەزلىيە: «بۇ ئوتقا ئىكرامدەك باھار يېشىنى كەم بولسا بولمايدۇ» دەپ كۈلۈمسىرىدى.

پەخرۇللا بىلەن ئىكرام كۆكنۇر ھەربىي دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كېتىپ، ئارىدىن 24 كۈن ئۆتكەندە ئەمگەككە چۈشكەن بالىلار مەكتىپىگە قايتىپ كەلدى. بىراق، مەكتەپ ئىچى يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىققا ئوخشاپ قالغانىدى. سىنىپ، ياتاق، كۇلۇب ئەينەكلىرى سۇنۇپ، دېرىزە كۆزنەك ھەم

رامكىلىرى ئۆڭكۈردەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ھەر خىل شەكىللەرنى چىقىرىپ ياسالغان ۋالىبول، ۋاسكىتبول مەيدانلىرىدىكى خىشلار قومۇرۇلۇپ، ئەلەم كۆرنىشىنىڭ قۇربانى بولغانلىقى ئېنىقلا تۇراتتى. ئىلەڭگۈچنىڭ ئارقانلىرى ئۈزۈلۈپ، ئېسىلىپ ئوينايدىغان، سەكرەش جاھازلىرى، جۈپ - يالاڭ تۇرنىكلار بۇزۇلغان، سۇندۇرۇلغان، يىقىلغان ھالەتتە ياتاتتى. ھەتتا مەكتەپنىڭ بىردىنبىر زىننىتى بولغان ئارچا، قېيىن، دوپ دەرەخلىرىمۇ قارا بورانغا ئۇچرىغاندەك ۋەيران قىلىنغانىدى.

مەكتەپ دېمەكلىك بىلەن بالىلارنىڭ شاد - خۇرام ئاۋازلىرى، قاينام - تاشقىنلىق ھايات، بەخت ۋە ئامەت كۈلكىلىرى، سىنىپلاردىن كېلىۋاتقان بىلىم ھەم ھېكمەت سادالىرى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. لېكىن، ھازىر مەكتەپ قەدىمكى گۆرىستان جىمجىتلىقىدەك سۈكۈناتقا چۆمگەن. تۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئىچكىرى ئۆلكە ئىنقىلابچىلىرى بىلەن ئىنقىلابى ئالاقە باغلاش، ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كېتىپ قالغان بولۇپ، قېپقالغان ئازغىنە ئوقۇغۇچىلار ساپسېرىق ياپراقلىرى تۆكۈلگەن دەرەخ تۈۋىلىرىدە، قىڭغايغان گار بالداقلىرىدا، ئۆرۈلگەن لىم ياغاچلاردا جىمجىت كىتاب كۆرەتتى ياكى ئىككى - ئۈچى «يەنە نېمە ئىشلار بولۇپ كېتەر» دېگەندەك، ئاستا شىۋىرلىشاتتى. پەزلىيە بىلەن پەرۋىنە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چېقىلىپ كەتكەن گۈل تەكچىسىدە ئولتۇرۇپ كۆز ياش تۆكۈشتى. مەكتەپنىڭ بۇ ۋەيرانە ھالىتى ئۇلارنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ، سىنىپ ھەم ياتاقلارغا ھەسرەت بىلەن قارايتتى. ئاغزىدىن چىقىرالمىغىنى بىلەن پەخرۇللا ۋە ئىكرامنىڭ ئىچكىرىگە كەتكەنلىكىدىن كۆڭۈللىرى دەپ ئېيتقۇسىز يېرىم بولۇشتى. ئەمما شۇ چاغدا خۇددى ئاسماندىن چەلپەك ياغقاندەك مۆجىزە يۈز بەردى. ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدىكى تۈپتۈز ئۇزۇن يولدىن ئىكرام يۈگۈرۈپ

كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىتتىك يۈگۈرگەنلىكتىن تەرلەپ كەتكەچكە، كۆزلۈك كىيىملىرىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەنىدى. ئۇ يىراقتىنلا «پەزلىيە، پەرۋىنە!» دەپ ۋارقىراپ كەلدى.

— ئىكرام! — تاقەت قىلالمىغان پەرۋىنە ئۇچقاندەك باردىيۇ، ھەدىسىدىن ئەيمەنمەي ئىكرامنى قۇچاقلىيالماي قوللىرىنى تۇتتى، — سەن ···سەن ··· باركەنسەن···

— مەن سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتتۈم، بولدى پەرۋىنە يىغلىمىغىنە، سەن يىغلىساڭ مېنىڭ ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالىدىكەن.

— پەخرۇللاچۇ؟ — پەرۋىنە دەرھال ھەدىسىگە قارىدى، — ئۇ كەلمەپتۇغۇ؟

— ئۇ ··· ئۇ ··· بىر تۈركۈم بالىلارغا باشلىق بولۇپ ئىچكىرىگە ماڭغىنىغا يىگىرمە كۈندەك بولدى.

— بىلدىم، ئۇ بىزگە ساقلىمايدۇ، — پەزلىيە تەئەددى بىلەن دېمىغىنى قېقىپ قويدى، — ئۇنىڭغا ئەمەل بەرسە، دوزاخقىمۇ كىرىپ كېتىۋېرىدۇ.

— پەزلىيە خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ئۇنى خىزمەت گۇرۇپپىسى بەلگىلىگەن.

— ئىكرام، تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ، ئەمىسە كۆزلىرىڭىزنى نېمىشقا ئېلىپ قاچىسىز، بىلىمەن سىلەر دوست بولغاچقا ئۇنى ياپىسىز، — پەزلىيەنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىگەندەك قىلاتتى، — ئۇ بارماسلىققا بىرەر باھانە ـ سەۋەب تاپالماپتۇما؟ مانا سىز قاپسىزغۇ.

— ھەدە، سەنمۇ تەتۈرلۈك قىلمىغىنا، — پەرۋىنە پەزلىيەگە يېلىندى، — خىزمەت گۇرۇپپىسى بۇيرۇق قىلسا ئۇنىڭغا نېمە ئامال.

پەزلىيەنىڭ بۇنچىلىك كۆكلەپ كېتىشى، پەخرۇللانىڭ دىلەيسەم بىلەن بىللە كېتىشىدىن بولغانىدى. بۇ توغراقلىق قىز

مەكتەپ، سىنىپ، ياتاقتا بولسۇن، ئۆيۈن قويغان يەرلا ــ كېنت، ناھىيىلەردە بولسۇن، پەخرۇللاغا سۆۋۈنۈشپلا يۇرەتتى. قايسىدۇر بىر دانا: «تارىختىكى ئايالالارنىڭ ھەممىسى شۇنداق ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ دىللىرى سۇنۇق، مىسكىن، كۆڭلى ئاق، لېكىن كۇنداشقا ئامراق» دېگەن ئىكەن. پەزىلىيەنىڭمۇ گەجگىسىدىن قورۇغان ئىش نەق مۇشۇ كۇنداشلىقتىن بولۇۋاتاتتى. بىراق ئۇنىڭ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆڭلىنى ۋىللىدە يورۇتۇپ تۇرغان چىراغ دوستى ئايىنۇرنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەنلىكى ئىدى. پەخرۇللا بىلەن دىلەيسەم ئۇنىڭ ئالدىدا غەيرىي ئىشلاردىن قول تارتاتتى.

ــ بولدى، بايا ئوقۇغۇچىلارنىي تىزىملىغاندا، ــ دېدى پەزىلىيە ئاچچىقىدا، ــ دوستلىرىم پاتەم، خەلچەم، زەيتۇنەم، تۇنىساگۈللەر بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق، ئەتىلا ئىچكىرىگە ماڭىمىز. سىلەر قانداق قىلىسىلەر؟

ــ مەن ··· مەن··· ــ پەرۋىنە ئىكرامغا قارىدى، ــ ئۇ نېمە دېسە شۇ.

ــ پەرۋىنە بارمايدۇ، ــ ئىكرام كەسكىنلا گەپنى ئۈزۈۋەتتى، ــ يوللاردا ئاچ ـ توق قالىدىغان گەپ، بەزىدە خېلى ئۇزۇن مۇساپىلەرنى پىيادە بېسىشقا توغرا كېلىدۇ. تېخى چۆل ـ باياۋانلاردا تۈنەپ قالسا ئۇنىڭ خەتىرى تېخىمۇ جىق، پەرۋىنەنىڭ تېنى ئاجىز، ھەرگىز كۆتۈرەلمەيدۇ. يەنە ئانام كېسەل بولۇپ قالدى. پەرۋىنە ئىككىمىز توغراقتا بېرىپ يوقلاپ كېلىمىز.

پەزىلىيە ئىكرامغا قاراپ ئىچى ـ ئىچىدىن زوقلاندى. راست، ئوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق كەسكىن، تۇرگۇن، قەيسەر بولمامدۇ. ئىكرام ئادەتتە پەرۋىنەگە كۆپ جەھەتلەردىن يول قويىدۇ. ئەمما ھالقىلىق پەيتلەردە ئۇنىڭ بىلەن مادارا قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. بىرەر ئىشتى ئىچىدە ئوبدان ئويلىنىپ، پايدا ـ زىيىنىنى دەڭسىۋالغاندىن كېيىن، مەقسىتىنى مىخ قاققاندەك

ئىلان قىلىندۇ ـ دە، قايتا مىكى ـ مىكى دەپ تىلىنى چاينىمايدۇ.

ئەتىسى ئەتىگەن ھەربىيچە تىكىلگەن يۇك ـ تاقلىرىنى دۇمبىلىرىگە ئارتقان توققۇز قىز بىردىن تىزىلىپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشكەندە، يېشىل رەڭلىك بىر جىپ ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ توغرا تۇردى.

— قىزلار قېنى بىر چەتكە تۇرۇڭلار، — دېدى قاراۋۇل دەرۋازىنىڭ قاناتلىرىنى چوڭ ئېچىپ، — مەكتىپىمىزگە يېڭىدىن كەلگەن ھەربىي تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ماشىنىسى كىرىۋالسۇن.

بۇ ئەسنادا ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، تەمبەل، ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قاشلىرى قېلىن 43 - 44 ياشلاردىكى راخمانوف ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ يۇك ـ تاقلىرىنى ئارتىۋالغان قىزلارغا، بولۇپمۇ پەزلىيەگە مىختەك قادالدى.

— دادا، سىز، — پەزلىيە دادىسىنىڭ تۇرۇلگەن قاپاقلىرىدىن ئەيمىندى، — بىز ··· بىز···

قاراۋۇل ھەم قىزلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالغانىدى. ئۇلار ھەيۋەتلىك ھەربىي فورمىدىكى راخمانوفقا، تىرناق تاتىلاپ يەردىن ئۇستۇن قارىيالمىغان پەزلىيەگە قاراپ، يا ئالدىغا، يا كەينىگە مېڭىشنى بىلمەيتتى. راخمانوف جىددىي قىياپەتتە سورىدى:

— پەزلىيە، سىلەر ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاشقا ماڭدىڭلارغۇ دەيمەن.

— شۇنداق.

— ھەممىڭلار قايتىپ مەكتەپ ئىشخانىسىغا كىرىڭلار.

جىپ ماشىنا ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئالدىدا توختاش بىلەن ئۇنىڭدىن يەنە بەش ھەربىي چۈشتى. ئۇلار قىزلارنى ئالدىغا سېلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چوڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. تام ياقىلىتىپ قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار بولسىمۇ،

قىزلار ئەيمىنىپ ئولتۇرالمىدى. راخمانوف ئۇلارنى «ئولتۇرۇڭلار» دەپمۇ قويماي، ئالدىدا تىك تۇراتتى.

— مەكتىپىڭلار ئۇرۇشتىن كېيىنكى خارابىلىقتەك مۇشۇنداق ۋەيران بولۇپ كەتتى، — راخمانوف غەزەپ بىلەن سىبىرىلما پەردىنى قايرىپ مەكتەپ ئىچىنى كۆرسەتتى، — مەكتەپنى تۇزىمەي تۇرۇپ، ئۇرۇمچى، ئىچكىرىلەردە چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ يۈرسەڭلار، سىلەرنى قانداقمۇ ئوقۇغۇچى دېگىلى بولسۇن. سىلەر ئانا مەكتىپىڭلارنى سۆيمەمسىلەر، ئېيتىڭا، پەرلىيە!

— سۆيىمەن. بۇ دوستلىرىمىمۇ سۆيىدۇ···

— ياخشى، ئەتىدىن باشلاپ مەكتەپتىكى بار ئوقۇغۇچىلار بىلەن سىنىپ، ياتاق، مەيدان، كۇلۇب، ئاشخانىلارنى قايتىدىن تۈزەپ، رەتكە سالىمىز. مانا بۇ ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئىدىيىسىنى، پرولېتارىيات مەيدانىنى، مەكتەپكە بولغان قىزىل قەلبىنى دەللىلەپ بېرىدىغان سىناقتۇر.

راخمانوف ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىدىكى تەرەپپاز تەشكىلاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، نورمال خىزمەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ ھال داۋالىنىشتىن مەھرۇم بولۇۋاتقان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنى خۇشال قىلىۋەتتى. راخمانوف مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن پايدىلىنىپ، ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش (دا، زا، چياڭ دەپ ئاتىلاتتى) بىلەن شۇغۇللانغانلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىپ، خىزمىتىنى ئېلىپ، تاشلاپ ھۆكۈمەتسىزلىك قىلىۋاتقانلارغا تەربىيە بېرىش، جاھىللارنىڭ تاناۋىنى تارتىش قاتارلىق چارە - تەدبىرلەر بىلەن ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىنى ئۇزۇل - كېسىل تۈزەپ چىقىشتەك ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى بۇ قېتىم ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىدىن ئەلەم كورىشى تۆپەيلىدىن تالاپەتكە ئۇچرىغان 1 - تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، ۋىلايەتلىك گېزىتخانا ۋە سودا ئىدارىسىگە بەش



www.uyghurkitap.com

ھەربىينى قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. ھازىر 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، تۇرمۇش مەسىلىلىرىگىچە بارلىق ھوقۇق راخمانوف باشچىلىقىدىكى ھەربىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئەتىسىدىن باشلاپ مەكتەپ ئىچىدە داغدۇغىلىق خالىسانە ئەمگەك پائالىيىتى باشلىنىپ كەتتى. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىن تەكلىپ بىلەن ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل كەسىپكى ئۇستاملار مەكتەپتە قېپقالغان يۈزدەك ئوقۇغۇچىنى ئىش تۈرلىرى بويىچە تەقسىم قىلىشتى. ئۇلار سىنىپ، ياتاق، مەيدانلاردىكى دۆۋىلەنگەن خىش پارچىلىرىنى، سىمونت قالدۇقلىرىنى زەمبىل، تاغارلاردا توشۇيتتى، ئورەكلەرنى تىندۇراتتى. ئۇستاملار بۇزۇلغان، ئۆرۈلگەن، سۇنغان يەرلەرنى ياساش، رېمونت قىلىش، سۇۋاش ئىشلىرىنى قىلىپ بولغان ھامان، ئوقۇغۇچىلار ئاقارتىش، سىرلاش، پەردازلاشتەك ھۈنەرلەرنى ئۇستاملارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قىلاتتى. راخمانوفنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمگەك قىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈچ ۋاخ تاماقىنى ياخشىلاپ بېرىشتىن سىرت، تۇرمۇش پۇلى تارقىتىش ئۇلارنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى.

مەكتەپ قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوقۇش باشلاشقا كاپالەتلىك قىلىش پائالىيىتى 20 كۈندەك داۋاملاشتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن يىغىلىشتى، ئاز ساندىكى ئوقۇغۇچىلار تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى. 1968 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى راسا سوغۇق كۈنلەر باشلانغاندا، ئۇرۇمچى ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەتكەن ئوقۇغۇچىلار ئاساسىي جەھەتتىن تولۇق قايتىپ كېلىپ بولدى. لېكىن، بەكرى نامەت «ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاش» دېگەن نام بىلەن كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمىدى. بەلكىم مەكتەپكە ھەربىي خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇ مەكتەپتىكى ئۆلۈم ۋەقەسى، ۋەيران بولغان ئائىلىلەر، تەن

جازاسىدىن ھەر خىل كېسەللەرگە گىرىپتار بولغان مۇئەللىملەرنىڭ قانۇنىي جاۋابكارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندۇ.

ھەر ھالدا مەكتەپ تىنچىپ، ئوقۇش باشلاندى. ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىر - بىرلەپ يىغىلدى. ھەربىي خىزمەت كۆرۈپپىسى ئۈچ يىل ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ھېسابتا قولىغا گۇۋاھنامە بېرىپ، سىنىپتىكى بالىلارنى خىزمەتكە تەقسىم قىلىپ، تولۇق سىنىپنى پۈتكۈزگەنلەرنى «قايتا تەربىيە» ئېلىش ئۈچۈن يېزىلارغا چۈشۈردى. بۇ قېتىمقى تەقسىماتتا پەخرۇللا تۇغراق ناھىيىسىگە، پەزلىيە بوستان شەھەر ئىچىگە كېتىپ قالدى. تولۇق سىنىپنى پۈتكۈزگەن ئىكرام بوستان باغ ئۆتەڭ يېزىسى 1 - ئەترەتكە، پەرۋىنە 2 - ئەترەتكە چېنىقىشقا چۈشتى. شۇ يىللاردا باغئۆتەڭ يېزىسىنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر ياخشى ۋە شەھەرگە يېقىنراق بولغاچقا، راخمانوف پەرۋىنەنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— قىزىم، سىزنىڭ تېنىڭىز سەل ئاجىزراق، شۇڭا يېقىنىدىراق تۇرسۇن دەپ، باغئۆتەڭ يېزىسىغا ئەۋەتتىم، بوپتۇمۇ؟ — دېدى.

— بوپتۇ دادا، بەك ياخشى ئويلاپسىز ··· مەن قەۋەتلا خۇشال بولدۇم···

— مەكتەپتىكىلەردا تولۇقنى پۈتكۈزگەن تۇغراقلىق ئىكرام دېگەن بىر بالا بار ئىكەن. كاساپەت ئىلگىرى - كېيىن جاھىل، تەرسا، غەرەز ئۇقماس نېمىكەنتا، ئۆزىنىڭ يۇرتىغا چېنىقىشقا چۈشۈرسەم، مېنى «چىرايلىق پولكوۋنىك»، «ئوبدان قوماندان»، «قەدىرلىك گېنېرال» دەپ پۈتۈمغا ھۆل خىش قويۇپ، يۇرتىغا زادىلا بارغىلى ئۇنىمىدى.

— مەقسىتى نېمىكىنتا ئۇ ساراڭنىڭ، — پەرۋىنە

كۆلۈۋېتىشكە تاسلا قېلىپ، تەتۈر قارىۋالدى.

— ئۇ «شەھەردە بىر سىڭلىم بار تېنى ئاجىز، تاۋى نازۇك، كۆڭلى ئىنچىكە. كالىلىسىدا بىر تاسقام بار ساراڭ قېتىش، شۇنىڭدىن خەۋەر ئالمىسام زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، سىز چۈشكەن باغ ئۆتەك يېزىسىنىڭ بىرىنچى ئەترىتىگە ئەۋەتتىم.

— سار پوقى يەۋالغان غۇژغۇن تاز، — پەرۋىنە تىللىۋەتتى، — ئاغزى ئەسكى نېمىكىنا.

— نېمە، سىز ئۇنى تونۇمسىز؟

— ياقەي، تولۇق سىنىپلار كۆپ تۇرسا قانداق توناي، ئاڭلىغاندەك قىلغان. سىڭلىسىنى «كالىلىسىدا بىر تاسقام بار ساراڭ قېتىش» دېگىنىگە ئاچچىقىم كېلىپ تىللاپ ساپتىمەن.

پەرۋىنە راخمانوفنىڭ ئىشخانىسىدا يەنە بىردەملا تۇرغان بولسا، قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىشتىن يانمايتتى. ئۇ ئاغزىنى تۇتقىنىچە ئىشخانىدىن چىقىپ بىرقەدەم ماڭمايلا ئېتىلىپ كەتتى. ئەمما «كالىلىسىدا بىر تاسقام بار ساراڭ قېتىش» دېگەن سۆز ئېسىگە كېلىش بىلەن «خەپ توڭكاي. مېنى ساراڭغا چىقىرىۋەتكىنىڭگە تويغۇزمىسام» دەپ پىچىرلىدى.

ئىكرام بىلەن پەرۋىنە ھەر ئۇچراشقاندا، يالغان - راستلاردىن تىللاشسۇن، ئاچچىقلاشسۇن ياكى قېيىداشسۇن، ئۇلار ئۆزلىرىنى يەنىلا بەختلىك، تۇرمۇشلىرىنى كۆڭۈللۈك ھېسابلايتتى. 1 - ئەترەت بىلەن 2 - ئەترەتنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولۇپ، ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە بىر - بىرىنى ئىزدىشىپ، بىللە تاماق ئېتىپ يېيىشەتتى. پەرۋىنە ئىكرامنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ، دەزماللاپ بېرەتتى. ئىكرام ھەر يوغان كۆتەك، ياغاچلارنى يېرىپ، پارچىلاپ، ھويلا، ئۆگزىلەرنىڭ قارلىرىنى تازىلاپ، پەرۋىنەنى تۇرمۇشتىن خاتىرجەم قىلاتتى. بەزىدە بىللە كىتاب كۆرۈپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي

www.uyghurkitap.com

قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىش مۇددەت چەكلىمىسى يوق ئىدى. بىر يىلمۇ، ئىككى يىلمۇ، ئۈچ يىلمۇ ئىشقىلىپ، بىرەر ئورۇندىن چاقىرىق كەلمىگۈچە دېھقان بولۇپ ئىشلەۋېرەتتى. شۇنداق ئىكەن كۆڭۈل ئاۋۇنغۇدەك، يۈرەك سۇ ئىچكۈدەك بىرەر كۆڭۈلداش، مۇڭداش، ياخشى رەپىق بولمىسا، بۇ زىيالىيچاقلار زېرىكىشتىن نېمىلەر بولۇپ كېتەر؟!

ھەربىي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن بوستانغا تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى، بوستان مائارىپ ئىدارىسى شەھەرگە قاراشلىق كەنت ـ يېزا مەكتەپلىرىگە ئەۋەتتى. بۇ قېتىم پەزىلىيە ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستى ئاينۇر بىلەن باغئۆتەك يېزىسىنىڭ، «سومبي» كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ باردى. پەزىلىيەنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى كۆرگەن مۇدىر ئۇنى 3 ـ سىنىپقا مەسئۇل قىلىپ، «ھەممە دەرسلەرنى ئۆزىڭىز ئۆتۈڭ» دەپ بېكىتتى.

شۇنىڭدىن بېرى پەزىلىيەنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى باشلاندى. ئۇلار ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم باغئۆتەك يېزىسى باش مەكتىپىگە يىغىلىپ، سىياسىي ئۆگىنىش، كەسپىي ئۆگىنىش قىلىش جەريانىدا، يېزا تەۋەسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار بىلەن تونۇشۇپ كەتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۇلارغا ئۆي بەرگەن بولسىمۇ، مەكتەپكە يىراق بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سومبي كەنت كادىرلىرى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىنى ھەل قىلىپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ، ئىكرام، پەرۋىنە، پەزىلىيە، ئاينۇرلار پات ـ پاتلا جەم بولۇپ، قول ـ قولچە تاماق ئېتىپ يەيتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھەققىدە ھەر خىل خەۋەرلەرنى سۆزلىشەتتى. بىر شەنبە كۈنى پەزىلىيە سىڭلىسى بىلەن ئۆيگە بىللە قايتتى. پەرۋىنە يولدا كەلگۈچە دادىسىنىڭ ئىكرام توغرۇلۇق دېگەنلىرى، ئىكرامنىڭ دادىسىنى ماختاپ، شىلاپ ھۆل خىشقا

دەسسەتكەنلىكى، ئۆزىنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىگە قەدەر سۆزلەپ، ھەدىسىنى كۆلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى.
— ئىكرامىنىڭ سېنى «بىر تاسقام بار ساراڭ قىپتىمىش» دېگىنى توغرا بوپتۇ، — دېدى پەزلىيە كۈلۈپ، — ئەگەر دادام چېنىقىۋاتقان ئورنۇڭغا تاسادىپىي بېرىپ قېلىپ، ئىكرام ئىككىڭلارنى ئۇچرىتىپ قالسا نېمىدەپ ئويلاپ قالار؟
— نېمىدەپ ئويلىسا ئويلىمامدۇ، يامىنى كەلسە، «ئاشۇ مېنىڭ يىگىتىم» دەۋېرىمەن.
— ۋوي يۈزسىز، سەنغۇ بىر تەلۋە.
— ھەي ھەدە، پەخرۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرامسەن؟
— ئۇ ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرىپ چىراي ئاچمىدىم. ھەپتە ئالدىدا ياتىقىمنى سوراپ ئىزدەپ كەپتىكەن. تۈزۈكمۇ پاراڭلاشماي، يولغا سېلىپ قويدۇم.
— ئالايىتەن توغراق ناھىيىسىدىن سېنى دەپ كەلسە بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — پەرۋىنەنىڭ ئاچچىقىدا قاپاقلىرى تۈرۈلدى، — سەنمۇ چۇ تازا بىر تەرسا نېمىكەنسەن.
— ھەي، سەن مېنى ئەيىبلەۋەرمە، مۇشۇ كۈنلەردە پەخرۇللا بىلەن ئىكرامنى ۋىجدان تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەيدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى پەزلىيە جىددىي قىياپەتتە، — ئىكرامدىكى سەمىمىيلىك، تەبىئىيلىك، تۈز كۆڭۈللۈك، ئەرلەرگە خاس تۈرگۈنلۈك، دىلكەشلىكلەرنى قانچە - قانچە قىدىرىپ باقتىم، بىراق پەخرۇللادا كەم تېپىلىدىكەن.
— پسىخولوگىيىگە ئائىت كىتابلارنى كۆپرەك ئوقۇسالڭ بولغۇدەك، ئۇ ئىككىيلەننى قانداقمۇ بىر - بىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن، — پەرۋىنە ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتتى، — ئىكرام ئىچمىدىكى ئاچچىق ھەم تاتلىقنى يوشۇرالمايدىغان تۈپتۈز، ساددا بالا، پەخرۇللانىڭ بولسا ئىززەت - تەپسى، يۈز - ئابرۇيى، غۇرۇر - شەرىپى ئۈچۈن بەختىنىمۇ

قۇربان قىلالايدىغان ئىنتايىن نازۇك تەبىئەتلىك، لېكىن ئىچى پىششىق ئىكەنلىكى ئۆزۈڭگىمۇ ئايان. بۇنداق ئادەملەر ھەتتا يىگىرمە ـ ئوتتۇز يىللىق جۈپتى ھەمراھىغىمۇ يالغۇزلۇقىنى ھار ئېلىپ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن سەۋەنلىك ۋە قۇربان بېرىشلەرنىڭ ھامىيسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن بۇ گەپلەرنى يوتامغا ئۆرۈپلا تاپمىدىم. ئىشەنمىسەڭ مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى «پسىخولوگىيە ۋە پسىخىك ھالەتلەر ئۆزگىرىشى» دېگەن كىتابنى ئوبدان ئوقۇپ باق.

سىڭلىسىنىڭ پسىخولوگىيە ۋە پسىخىك ھالەتلەر ھەققىدىكى سۆزلىرى پەزىلىيەتنى قايىل قىلىپ قويدى. ئۇ ئوشۇق بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، پەخرۇللاغا قاتتىقلىق قىلغىنىدىن ئۆكۈندى. ئۇ خىيال بىلەن ئۆيگە كىرىشىگە، بەش ياشلارغا كىرىپ قالغان ئىنىسى ئەركىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە پۇتىغا ئېسىلدى. ئون ئاينىڭ قارىسىنى ئالغان كىچىك سىڭلىسى ئابىدە بولسا گىلەمدە ئۆمىلەپ يۈرەتتى. پەزىلىيە ئابىدەنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ تۇرۇشىغا، مېھمانخانىنى تازىلاۋاتقان زەينۇرەم قوللىرىغا قىپقىزىل رېزىنكە پەلەي كىيگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. قىزلار ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ھۆرمەت سالىمىنى بەردى. لېكىن، ئۇ پەزىلىيەگە كۆز ئىشارىسى قىلىپ، مېھمانخانىغا ئېلىپ كىردى. قانداقتۇر سىرلىق بىر شەپىدىن كۆڭلى ئۆيگەن پەزىلىيەنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سېلىپ، چىرايى ئاقىرىپ كەتتى.

— ئەنسىرىگۈدەك چوڭ ئىش يوق، — دېدى زەينۇرەم پەزىلىيەنىڭ يۈزىنى سىپاپ قويۇپ، — توغراق ناھىيىسىدىن ئەلچى كېلىپ، ئۇدۇللا دادىڭىزنىڭ مەكتەپتىكى ئىشخانىسىغا كىرىپتۇ. دادىڭىز ھەربىيلەر بىلەن جىددىي ئىشلەۋېتىپتىكەن. بۇ سەھراليقلار تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك «بىز قىزىڭىز پەزىلىيەگە ئەلچى بولۇپ كەلدۇق» دەپتىكەن. ئولتۇرغان

ھەربىيلەر كۆلۈشۈپ كېتىپتۇ ··· دادىڭىز نومۇس كۈچىدىن «يوقىلىش، ھەرقايسىڭغا بېرىدىغان قىزىم يوق. بۇ دېگەن خىزمەت قىلىدىغان ئىشخانا، سەنلەر ئاۋۋال رەسىم ـ قائىدە، ئۆرپ ـ ئادەت، تۈزۈمۈش مىزانلىرىنى ئۆگىنىپ ئاندىن ئەلچى بولۇش···» دەپ قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

— ۋاي خۇدايىم، قانداق ئەقىلسىز خەق ئۇ، — پەزلىيە نومۇس كۈچىدىن لەۋلىرىنى چىشلىدى، — بىرمۇنچە ئادەم خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشخانىغىمۇ ئەلچى بولۇپ كىرەمدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، — زەينۇرەم بىر ھازا چىكىلداپ كەتتى، — ھەي، ھەي، سەھرالىق دېگەننىڭ بىر يەرلىرى پېتى.

بۇ ئەلچى ۋەقەسىدىن بەش كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پەزلىيە دەرستىن چۈشۈپ، ياتىقىدا تاماق ئېتىۋاتاتتى. ئىشىك چېكىلىپ پەخرۇللا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىشىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كۆڭلى خېلىلا پاراكەندە بولغانمۇ ـ نېمە، چىرايى قارىداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، روھىي ھالىتىمۇ بەكلا تۆۋەن ئىدى. سىڭلىسى پەرۋىنەنىڭ سۆزلىرىدىن خېلى سەگىپ قالغان پەزلىيە، ئۇنىڭدىن ئوچۇق ـ يورۇق ھال سورىدى. پەخرۇللا تۇنجۇقۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەكمۇ ئېغىر تەلەپپۇزدا گەپ باشلىدى.

— قارىماسىز ئەلچىلەر ئىشنى بۇزۇپ قويۇپتۇ.

— سىلەرمۇ تازا قىزىق ئادەملەركەنسىلەر، — پەزلىيە قازانغا چۆپ تاشلىغاچ سۆزلىمەكتە ئىدى، — ھەربىيلەر خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشخانىغا كىرگەن بارمۇ، قانداق گىرى ئادەملەر ئۇ؟

— توغراق ناھىيىلىك سودا كوپېراتىپىنىڭ شۇجىسى ئۆمەركام، مۇدىرى پەرھاتكاملار ئىدى. دادام ئۇلارنىڭ ئەمىلىگە ئىشىنىپ تاپشۇرۇپتىكەن.

— ئەمدى دادامنىڭ ئاچچىقى يانغۇچە ساقلاڭ.

— ھېلىمۇ بۇگۈن تۆت كۈندىن بېرى ھەربىي رايون

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئەتراپىنى ئايلاندىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— دادىڭىزدىن كەچۈرۈم سوراي دېگەنىدىم. لېكىن، ھەركۈنى بىر ھەربىي جىپ ماشىنا چىقىپ كېتىدۇ. پەقەتلا ئۆزى يالغۇز چىقىپ باقمىدى.

— ئەمىسە، نەدە يېتىپ ـ قوپىتىڭىز؟

— ئىنكرامىنىڭ ياتىقىدا.

— ھېلىمۇ ياخشى دادام يالغۇز يولۇقماپتۇ. ئۇ ئالدىنى توسقانلارغا ئۆچ، — پەزىلىيە بىر ئاپقۇر سۈيۈقئاشنى پەخرۇللانىڭ ئالدىغا قويدى، — ئىشلەۋاتقان مەكتىپىڭىزدىن «قايتا تەربىيىگە چۈش» دېمىگەندۇ؟

— ئوقۇتقۇچى قىس بولغاچقا، ئۇنداق گەپنىمۇ قىلمىدى.

— مېنىمۇ مۇدىر «دەرسىڭىزنى ئۆتىۋېرىڭ، يۇقىرىدىن سوراۋشتە قىلسا، بىر يىل كەمبەغەل، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئالغان دەپ ئاتكىت توشقۇزۇپ بېرىمىز» دېدى.

— پەزىلىيە سىزنىمۇ مەن تۇرغان تاشقىن يېزىسى، باداملىق كەنت مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى سۆزلىشىپ قويغان. مۇدىر يېنىۋالمىسكەن دەپ ئەنسىرەپ تۇرىمەن.

— يېنىپمۇ ئالارمۇ؟

— ئېھتىمال، چۈنكى بۇ مەكتەپنىڭ شارائىتى ياخشى، ناھىيە بازىرىدىن ئانچە يىراق ئەمەس.

— شۇنداقتىمۇ ھېلىقى قاملاشمىغان ئەلچىلىك دادامنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈلگۈچە بىرەر ـ ئىككى ھەپتە ساقلايلى، — دېدى پەزىلىيە پەخرۇللاغا رازىلىق بېرىپ، — لېكىن بۇ قېتىم ھۆرمەتكە سازاۋەر ياشانغان ئادەملەرنى ئەۋەتىڭلار. نەدىكى قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قول تەڭلەيدىغان ئادەملەرنى ئەۋەتمەي.

پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيەنىڭ بۇ ئۇچرىشىشىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتتى بولغاي، بىر كۈنى كەچ كۈن ئېگىلگەندە بوستان شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ قوش قاراۋۇل قويۇلغان چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى ئاتلىق ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ، يول چېتىدە توختاشتى. ئاپئاق ساقىلى مەيدىسىدە يېيىلىپ تۇرغان، پاخما قاشلىق، بېشىغا سەرپۇش تۇماق كىيگەن 70 ياشلار چامىسىدىكى مويسىپىت ئادەم يېنىدىكى كۆل رەڭ كۆرپە قۇلاقچا، پوررەڭ چېپەرقۇت ئىشتان ـ چاپان كىيگەن 60 ياشلاردىن ئاشقان كىشىگە ئاستا پىچىرلىدى:

— بۇ سەركەردە لەشكەرلەر قەلئەسىگە كىرىپ كەتمىگەندۇر ـ ھە، يۈرت بېشى، — دېدى ـ دە، ھەربىي رايون قورۇسىنى ئىشارە قىلدى، — بىز بۇ يەردە سوغۇق يەپ ئولتۇرمايلى يەنە.

— ئەبەيدۇللاخان ھاجىم، سەركەردە دېمىسىلە، بۇ دېگەن كونا گەپ، — چۈشەندۇردى يۇرت بېشى، — پولكوۋنىك، قوماندان ياكى كاپىتان دېسىلىمۇ ھەممىسى ئەسكەرلەر ئىچىدە بار ئەمەللەر…

— قايسىسىنىڭ كىچىك، قايسىسىنىڭ كاتتا ئەمەللىكىنى بىلمەي بىلجىرلاپ سالساق، ئۆتكەنكى ئەلچىلەردەك بىزنىڭمۇ كۆتىمىزگە تەپمىسۇن دەيمىنا.

— ھاجىم، ئاغزىلىرىنى ئۈششۈتمەي، خۇدا يولىنى بەرسۇن دەپ تىلىسىلە.

— يۇرت بېشى يۇنۇساخۇن، ئىشنىڭ يامىنىنى ئويلىماي، ياخشىسىغا يەتكىلى بولماس، دېگەن گەپ بار. ھەر ھالدا ئەتراپلىق ئويلىماق كېرەك.

ئۇلار پىچىرلىشىپ دېگۈدەك قورساق ئۈرۈشى قىلىشىۋاتقاندا، چوڭ يولدىن قايرىلىپ بىر يېشىل جىپ ماشىنا ھەربىي رايون دەرۋازىسى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. ئەبەيدۇللا ھاجىم بىلەن يۇنۇس «شۇ، شۇ، شۇ… » دېگىنىچە ئاتلىرىنى يېتىلەپ، دەرۋازا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا توغرا تۇردى ـ دە، ئېگىلىپ سالام قىلىشتى. جىپ ماشىنىمۇ توختاپ، راخمانوف بىلەن بىر قوغدىغۇچى ئەسكەر ماشىنىدىن چۈشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قوماندان ھەزرەتلىرى، — ئەبەيدۇللاخان ھاجىم قول ئۇزاتتى، — بىز ئۆزلىرىنى بىر ساۋابلىق ئىش توغرۇلۇق ئىزدەپ كەلگەنىدۇق.

تەرەپبال ئالدىنى توسقان يولسىزلىقتىن ئاچچىقى كەلگەن راخمانوف ئاپئاق ساقاللىق مويسىپىتنى، گەرچە ساقال ـ بۇرۇتى بولمىسىمۇ چىرايىدىن ياشىنىپ قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان كادىر سىياق ئادەمنى كۆرۈپ، سەل ئۆزىنى بېسىۋالدى:

— خوش، ھەرقايسىڭلارنى نەدىن سورايمىز؟

— بىز توغراقتىن كېلىشىمىز، — دېدى يۇنۇس قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، — ئۇلۇغ داھىمىز ماۋجۇشى بىزگە تەلىم بېرىپ: «ئارمىيە ـ خەلق گۆش بىلەن قاندەك بىر تۇغقان» دېگەن ئەمەسمۇ، ئاشۇ تۇغقانچىلىق يۈزىسىدىن ئۆزلىرىگە سالام بەرگىلى كەلدۇق.

«قارا ماۋۇ ياغاق يۈزنىڭ ئۇستاتلىقىنى» راخمانوف كۈلۈپ سالغىلى تاسلا قالدى. بۇ ئادەم قىلماقچى بولغان گەپلىرىنى سىياسىي رامكىغا سېلىپ، قارشى تەرەپنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇرۇن بىرەر ئىدارىدا كادىرلار خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىكى ياكى ئەمەل تۇتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— ھەسەنتاي، — دېدى راخمانوف قوغدىغۇچى ئەسكەرگە، — سەن بۇ مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، ئوت سېلىپ بەر.

— خوپ.

راخمانوف توغراقلىق ئىككى مويسىپىتنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ قوللىرىغا سۇ ئالدى. ئاندىن چوڭ ئۇستەل ئەتراپىدىكى

يۆلەنمە ئورۇندۇقلاردىن ئورۇن ئېلىشتى. ئايىغى ئىتتىك، قولى چاققان زەينۇرەممۇ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بىردەمدىلا تاتلىق ـ تۈرۈملارنى تىزىپ، داستىخاننى گۈللەندۈرۈۋەتتى. ناۋات سېلىنغان قىزىق چايلار پەتنۇستا سۇنۇلدى.

ــ بىز تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ۋە ئاراملىرىنى بۇزغانلىقىمىزدىن ئۆزرىلىكمىز، ــ دېدى يۇنۇس خىجىل بولغان ھالدا، ــ شۇنداقتىمۇ بىز كىم، نېمە ۋەجىدىن كەلدۇق، بۇنى دېمىسەم بولماس.

ــ ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، ــ ھەممە ئىشنى سېزىپ بولغان راخمانوف بېشىنى لىڭشىتتى.

ــ مەن توغراق ناھىيىسىنىڭ سابىق ھاكىمى يۇنۇس ئەلى بولىمەن، بۇ كىشى بولسا يۇرتىمىزدىكى ئەھلى ئۆلىما ئەبەيدۇللاخان ھاجىم بولىدۇ ... بىز ھۇزۇرلىرىغا ئەلچى بولۇپ كەلدۇق.

ــ بىئەمرۇللا بەرھەق، ــ ھاجىم ساقاللىرىنى سىلىدى، ــ ئەلچىگە ئۆلۈم يوق دېگەن ھېكمەتنى ئەۋلىيا ـ ئەزىمەلىرىمىز بەكمۇ توغرا ئېيتقان. ئىككى مۇسۇلمان بەندىنىڭ بېشىنى قوشماق تولىمۇ ساۋاب ئىشتۇر.

ــ سىلىگە قۇدا بولغۇچى مۇزەپپەرمۇ يۇرتىمىزدا تۆتىنىڭ كەينى بولسا، تۆتىنىڭ ئالدى، ــ دېدى سابىق ھاكىم يۇنۇس، ــ قىز ـ يىگىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق ئىشلارغا ئاڭلىق قارايدىغان ھۆكۈمەت خادىمى.

ــ خۇدا خالىس تۇرۇپتۇ، ــ ئەبەيدۇللاخان ھاجىممۇ سۆز قىستۇردى، ــ ئاتىسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار مۆھتەرەملەردىن.

ــ ئاڭلىغان، ئاڭلىغان، ــ راخمانوف بېشىنى لىڭشىتتى، ــ سودا كوپىراتىپىنىڭ ئۇزۇن يىللىق خادىمىكەن، ئۆزى تېخى خۇش چاقچاق، خۇش پېئىل، ناخشا ـ سازلارغا ھېرىسمەن ئادەممىش.

— مۇزەپپەر، ھاجىم ئىككىمىزگە، — يۇنۇس ئەلى مەقسەتكە ئەمدىلا ئۆتكەندى، — «بالىمىز ئىگىز ئوقۇرغا ئېسىلىۋاپتۇ، قولىمىز يەتمەسمىكىن دېسەم زادىلا نىيىتىدىن يانمىدى. سىلەر بېرىپ باقساڭلار، ئەگەر پولكوۋنىك جانابلىرىنىڭ پىسەنتىگە خۇپ كەلمىسە، تولا تەڭلىككە سالماي يېنىپ كېلىڭلار» دەپ تاپىلىدى. شۇڭا، بىر ئېغىز لەۋزىلىرىنى قۇرئاننىڭ سۈرىسىدەك ئۇلۇغ بىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز.

— ھەر قايسىلىرىدەك مۆھتەرەملەرنىڭ لەۋزىنى ئالمىسام بولماس، — راخمانوف بىر نەپەس جىمىپ قالدى، — بوپتۇ، قىزىمغا يارىغان بولسا مېنىڭ باشقا پىكرىم يوق.

— بىزمۇ شۇ ئىككى نۆۋەرىنىڭ ئاللا كۆڭلىگە سالغان ئىشقى - سەۋداسىنىڭ ھەققى، — ئەبەيدۇللا ھاجىم گەپكە چېچەك چىقىرىشقا ماھىر ئىدى، — ئۇلارنىڭ پاك دىيانىتى، ساپ كۆڭلى، خۇشلۇقى، بەخت - سائادىتى يولىدا ساۋاب تاپارمىز دەپ پايپېتەك بولۇپ يۈرۈپتىمىز.

زەينۇرەم ئۇستەلدىكى تاتلىق - تۈرۈم، چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، كىلىيونكىنى پارقىرىتىپ سۈرتكەندىن كېيىن ئۇستەلگە توغرالغان قېزا، گۆش بېسىلغان بىر لېگەن پولۇ ئېلىپ كەلدى. ئۇلار تاماق يېگەچ، توي كۈنىنى خېلى كۆپ تالاش - تارتىشلاردىن كېيىن بېكىتتى.

— ھازىر ئىككىنچى ئاي چىقىپ كېتەي دېگىنى بىلەن سوغ بوشىغىنى يوق. يەنىلا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دېدى راخمانوف مېھمانلارغا چاي قۇيۇۋېتىپ، — شۇڭا، تويىنى ھاجىم ئېيتقاندەك تۆتىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا توغرىلىغىنىمىز ياخشى بولىدى.

— شۇنداق، ھاۋا - جاھان ئىسسىپ، ھەممە ئەتراپ ئاپئاق چېچەكلەرگە ئورالغان ئەڭ خاسىيەتلىك كۈنلەردە ئۇ، — يۇنۇس ئەلى ھېسسىياتلىق ئادەمدەك قىلاتتى، — بۇنداق چاغلاردا توي

قىلسا گۈلى ـ گۈلىگە كەلمەمدۇ.

ــ مېھمانلار، مەن سىلەرگە بىر ئىشنى ئېنىق دېمىسەم بولمايدۇ، ــ راخمانوفنىڭ چىرايى بىردىنلا جىددىيلەشتى، ــ ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن چاغلىرى، جايلاردىكى قوراللىق توقۇنۇش، ئەلەم كۈرىشى يەنىلا جىددىي ھالەتتە. شۇڭا، ھەربىي رايون ئىچىگە كۆپ ئادەم كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كۇيئوغۇل، ئەر ـ ئايال قۇدىلار، سىلەر بولۇپ تۆت ـ بەش ئادەم كەلسەڭلار، بىزمۇ بىرنەچچە تۇغقانلىرىمىزنى چاقىرىپ، نىكاھ رەسمىيىتىنى ئۆتەپ، تويى چېيى بەرسەك.

ئەبەيدۇللاخان ھاجىم بىلەن يۇنۇس ئەلى بىر ـ بىرىگە قاراپ، نېمە دېيەرىنى بىلمەي قېلىشتى. ئەلۋەتتە ئاۋۋال قىز تەرەپتە توي قىلىنغاندا، ئوغۇل تەرەپتىنمۇ كۆپلىگەن ئۇرۇق ــ تۇغقانلار كېلىپ، قىز تەرەپ قۇدىلار بىلەن تونۇشىدىغان گەپ ئىدى. بۇنداق تاسادىپىي ئەھۋالنى ئوغۇل تەرەپكە چۈشەندۈرمىگەندە، «تويي چىقىمىدىن قاچتى» دېگەن ئۇقۇم پەيدا بولاتتى.

ــ بولىدۇ، ــ يۇنۇس ئەلى، ماقۇللۇق بەردى، ــ ھەربىي رايون ئىچى ئەلۋەتتە مەخپىي ئورۇن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس نۇرغۇن تۈزۈم ـ مىزانلىرى بولىدۇ. تويي باھانىسىدا ۋەقە تۇغدۇرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

ــ ئۇنداقتا، يۇرتىمىزدا بولىدىغان ئوغۇل تەرەپ تويىغا قاتنىشىپ بېرەلا، ــ دېدى ھاجىم گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ــ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار تونۇشۇۋالسۇندە.

ــ تويي بولۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن، مەن ماشىنىدا گۈرۈچ، ماي، گۆش، ئۇن، چاي، تۇزغىچە ئاپىرىمەن. شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى بارىدۇ.

راخمانوف ئەلچىلەرنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئىككى كۈنگىچە





خۇددى بىر كىم پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك گاراڭلار بولۇپ قالدى. ئەبەيدۇللاخان ھاجىمنىڭ: «ئاللا كۆڭلىگە سالغان ئىشقى ـ سەۋدا… »، «پاك دىيانىتى»، «ساپ كۆڭلى، خۇشلۇقى، بەخت ـ سائادىتى» دېگەن سۆزلىرى گويا قۇلىقىغا ھەرىلەر كىرىۋالغاندەك غۇڭشىپلا تۇراتتى. بۇ گەپلەرنىڭ ئورانىدىن پەخرۇللا بىلەن قىزى پەزلىيەنىڭ خېلى ئۇزۇندىن بېرى مۇھەببەتلىشىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. توۋا، قىز بالا دېگەن ۋاقتى ـ سائىتى يەتسە، پىشقان شاپتۇلدەك بىغىدا تۇرمايدىكىنا، ئائىلىدىكى ئاتا ـ ئانىنىڭ تەربىيىسى، چىڭ تۇتۇشلىرى، قاتتىق تەنبىھلىرى كۆڭلىدىكى يىگىتنى كۆرگەندە ھېچنېمىگە دال بولمايدىكەن. پەرۋىنە دېگەن ئۇششۇك چۈجىسىمۇ ئاغزىغا تالقان سېلىۋالغاندەك ئۇندىمەي يۈرگىنىنى قارا! بولمىسا، مەكتەپتىكى ئىشلارنى ئۇ بىلمەي قالامدا، خەپ سېنى پەرۋىنە دېگەن غورۇلاي[1]. بوگۇنمۇ خىيالدىن باش كۆتۈرەلمىگەن راخمانوف خاموش ھالدا ئىشخانىسىغا كەلدى. لېكىن، قولى زادى ئىشقا بارمىدى. ئۇ پەرۋىنە بىلەن كۆرۈشۈپ، نېمىلەرنىدۇر ئۇققۇسى بار ئىدى. ئەمما نېمىنى بىلمەكچى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئۆزىمۇ ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەيتتى. شۇنداق ئىكەن قانداق باھانە كۆرسىتىش كېرەك؟ توغرا، پەرۋىنەنى «تېنىمىز ئاجىز، يېنىمدا تۇرسۇن، دېدىم» دېگەنگە تۇشلۇق قىزى چېنىقىۋاتقان باغئۆتەڭ يېزىسىغا بېرىپ ۋاقتى قاراردا يوقلاپ تۇرالىدىمۇ؟ كۆزدە ھېلىقى دېھقانىنىڭ ئۆيىگە ماشىنىدا ئاپىرىپ قويغانچە، خۇددى «غانجۇغىدا كۆرۈشەيلى» دېگەندەك تاشلاپلاۋەتمىدىمۇ!

ــ ھەسەنتاي، مەن باغئۆتەڭ يېزىسىغا بېرىپ كېلەي، ــ دېدى راخمانوف ئورنىدىن تۇرۇپ، ــ سەن ئىشىڭنى قىلىۋەر.

ــ ماشىنىدا ئاپىرىپ كەلسەم بولمامدۇ؟

ــ ياق، بۇ شەخسىي ئىش. ماشىنىنى ئۆزۈم ھەيدەپ باراي.

---

① غورۇلاي ــ غۇلجا تەرەپلەردە ياشايدىغان جۇغى كىچىك قۇش.

باغ ئۆتەڭ يېزىسى شەھەر ئەتراپىغا يېقىن بولغاچقا، راخمانوف بىردەمدىلا يېتىپ قالدى. ئۇ 2 - ئەترەت چېگراسىغا كىرگەندىن كېيىن، دېھقانلار توپلىشىپ ئىشلەۋاتقان بىر باغ ئالدىغا كەلدى. ئۇ، بوگۈن پەرۋىنەنىڭ رۇخسەت سورىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇدۇللا دېھقانىنىڭ ئۆيىگە يۈرۈپ كەتتى. ئەمما، ماشىنا كىچىك خالتا كوچىغا كىرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ يول چېتىگە توختىتىپ، ئۆزى پىيادە ماڭدى. راخمانوف دېھقانىنىڭ قورۇسىغا كىرىش بىلەن پەرۋىنەنىڭ ياتىقىدىن قىزىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەي كىرپە باش، توڭكاي، قولۇم تېلىپ كەتتى. تېزراق بولمامسەن.

— نېمانداق چىدىماسلىق قىلىسەن مىياڭ مۇشۇك، — بۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئاۋازى ئىدى، — ئەگرى كانايىنىڭ ئاغزىنى سەل قورۇمىسام تۈز كاناي تەتۈر چۈشۈپ قالغۇدەك، ئۇ چاغدا يەنە ئىس باتىدۇ … ھەببەللى بولدى، ئەمدى قويىۋەتكىن.

— ئۇھ، ۋاي، قولۇم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى…

— كانايىنى تامدىكى تۆشۈككە كەپلەپ تۇتۇپ بەرگىنىڭگە قولۇڭ ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدىما، مىسلىمسىيان، — ئوغۇل بالىمۇ ۋارقىرىدى، — مەشنىڭ ئىچىنى لايلاپ بولغۇچە قولۇم كاچكۇلدىن چىققاندەك قېتىپ قالدى.

— ھەي لاينى جىق سېلىۋەتتىڭمۇ نېمە، شالاسى كىچىكلا قاپتۇغۇ؟

— ئاشۇنداق بولغاندا شامال ئۇبدان ئۇرۇپ، ئوت ياخشى كۆيىدۇ.

— ماۋۇ كىرپە باشنىڭ چىرايىنىڭ سەتلىشىپ كەتكىنىنى، ھا … ھا … ھا… — پەرۋىنە قاتتىق كۈلدى، — مۇشۇ تۇرقۇڭنى دادام كۆرۈپ قالىدىغان بولسا مېنى ھەرگىز بەرمەيدۇ جۇمۇ …

— ھەي، ئۆزۈڭ ئەينەككە بىر قاراپ باقە، بەتبەشىرە چىرايىڭدىن جىنلارمۇ قورقۇپ قاچىدۇ. قوماندان جانابلىرى مېنىڭدەك قامەتلىك كىرپە باشنى كۆرۈپ قالسا، «ئوغلۇم، بۇ قىزىمنى ساڭا بېرەي، ئېلىپ كەتكىنە» دېمىسە قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرەي…

— ۋۇي جۇۋاينىمەك كەتكۇر توڭكاي.

پەرۋىنە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە، ئىشىك ئېچىلىپ، راخمانوف كىرىپ كەلدى. قىزنىڭ كىم بىلەن شۇنچىلىك سەممىي تىللىشىپ، تاكاللىشىۋاتقانلىقىدىن، ھەتتا ئۇيالماي «دادام مېنى ساڭا بەرمەيدۇ» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىدىن ھەيرانۇ ھەس قالغان راخمانوف ئاغزىنى تۇتقىنىچە، تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئەمما ئۇ «پەرۋىنەنى شۇنچىلىك خۇشناۋا قىلىۋەتكەن قانداق بالىدۇ؟» دېگەن بىر تەقەززالىق قىزىقىشتىن ئۆيگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالدى.

بۇ سوغۇق، كۆرۈمسىز ياتاقتا ئىچىگە كۆڭلەكمۇ كىيمەي، ياختىلىق پىنجەك بىلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىر بالا مەشنىڭ ئالدىغا دۈۋىلەنگەن قۇرۇمنى ئالىقانداپ كونا چېلەككە ئېلىۋاتاتتى. ئۇ كاناي ئىچىگە قول تىقىپ تازىلىغاچقا، قولتۇقلىرىغىچە قۇرۇم بولۇپ، قاپقارا مەينەتلىشىپ كەتكەن يۈزىدىن، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇغىلى بولمايتتى. تېخى ئاپئاق چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. ئۇ راخمانوفنى كۆرۈش بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېگىز، قامەتلىك گەۋدىسى نامايان بولدى. راخمانوف پەرۋىنەگە قاراپ نە كۈلۈشنى ياكى ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي قالدى. ئىككى قولى جەينەكلىرىگىچە، يۈزلىرى ئالىپاساق بويىلىپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنى دەرھاللا تونۇيالماي قالغانىدى.

— دادا، مەش قۇرۇمداپ قاپتىكەن، ئىس تارتماي ئوت

يېنىپ، ئۆيدە ئولتۇرغىلى بولمىغاچقا، — دېدى پەرۋىنە دۇدۇقلاپ، — ئىكرامنى چاقىرىپ كەلگەنىدىم.

— ئىكرام؟! — راخمانوف سىنچىلاپ قارىدى، — بىرىنچى ئەترەتتە چېنىقىۋاتقان توغراقلىق بالىمۇ سەن؟

— خوپ، پولكوۋنىك، — ئىكرام ئاستا پىچىرلىدى، — ئەسلىرىدە بار ئىكەنمەن.

— ھەم، سەن ھىيلىگەرنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىڭنى ئەمدى چۈشەندىم، — راخمانوف بىگىز بارمىقىنى شىلتىدى، — تېخى مېنىڭ دوپپامغا جىگدە سېلىپ، بۇرۇتۇمغا چالما تىزغىدەك بولدۇڭما، ھارامزادە.

— ئەپۇ قىلسىلا پولكوۋنىك، ئۆزلىرى بىلەن گەپ تالاشسام، ئۆز دادامغا گەپ ياندۇرغاندەك تەركىي ھۆرمەت بولغۇدەك، شۇڭا مەن كېتەي.

ئىكرام كارىۋات ئۈستىدىكى پاختىلىق چاپىنى بىلەن قۇلاقچىسىنى ئالدى - دە، ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇنداق قارا سوغۇقتا، مەينەتلىشىپ كەتكەن بەدىنىگە چاپىنىنى كىيەلمەي، يېلىنىڭ دېگۈدەك كېتىپ باراتتى. كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن پەرۋىنە ئىشىك تۈۋىگە ئېتىلىپ چىقتى:

— ئىكرام، مەشكە ئوت قالاپ بەرمىدىڭغۇ؟

— مەن ئۆگەتكىنىمدەك قىلساڭ، قالالايسەن.

— ھەي سارائ، چاپىنىڭنى كىي، سوغۇق تېگىدۇ.

راخمانوفنىڭ ئاغزى ئوچۇقلا قالدى. ئۇلار نېمىدېگەن ئوچۇق - يورۇق، بىر - بىرىگە كۆيۈمچان - ھە. ئىككى قىزىدىن بىرەرى بۇ چاغقىچە «دادا، شارپىڭىزنى ئورىۋېلىڭ، گېلىڭىزغا سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن» ياكى «يۆتىلىپ قاپسىزغۇ، دورا ئىچتىڭىزمۇ؟» دەپ بېقىپتىكەنمۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا «قىز بالا دېگەن ياتنىڭ ئادىمى» دېگىنى توغرا ئىكەندە. ئاتا - ئانىنىڭ جاپا بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغىنى قالىدىكەن. پەزلىيە چېغىدا



ئوقۇپ تۇرۇپ، ئىشقى ـ سەۋدا تورلىرىغا چىرمىلىپ قالغان تۇرسا، ماۋۇ بىر تۇتام بولسا، يات بىر يىگىتنى ياتقۇغا كۆندۈرۈۋېلىپ، خىيالىي بىر ـ بىرىنى سەنلىشىپ يۈرسە! ئۇنىڭ ئانىسى قىدۇتىيە، ئۆگەي ئانىسى زەينۇرەم، دادىسى راخمانوفلارنىڭ كىچىكىدىن تارتىپلا قىلغان نەسىھەت، ئۆگەتكەن تەربىيەتلىرى نەدە قالغاندۇ؟ چوڭ توقاچ پىشقۇچە، كىچىك توقاچ كۆيۈپ كېتەمدۇ ـ نېمە!

راخمانوفنىڭ بىردىنلا قورسقى كۆپتى. ئۇ قىزىغا قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى:

ـــ چاپانىنى كىيىڭ، ئۆيگە كېتىمىز.

ـــ يۈز ـ قوللىرىم پاسكىنا تۇرسا.

ـــ ھېچنېمە بولمايدۇ، چوڭ يولغا چىقساق ماشىنا بار.

راخمانوف قىزىغا چاپىنىنى يېپىنچاقلىتىپ، ماشىنىغا سالدى ـ دە، ئاچچىقى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كاللىسىدىكى خىياللار توگۇچى يېشىلمەي، بارغانسېرى چىگىشلىشىپ كېتىۋاتاتتى. راخمانوف ئۆز ۋاقتىدا قىزىنى باغئۆتەڭ يېزىسىغا ئېلىپ قېلىپ گەپ سورىغاندا، پەرۋىنە «قەۋەتلا خۇشال بولدۇم» دېگەنىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەقسىماتىغا ئەمەس، بەلكى ئىكرامنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغان ئىكەندە، ھېلىقى توغراقلىق ھارامزادىنىڭ «بىر سىڭلىم بار تېنى ئاجىز، تاۋى نازۇك، كۆڭلى ئىنچىكە، كاللىسىدا بىر تاسقام بار ساراڭ قېتىش» دېگىنى ئەسلىدە پەرۋىنە ئىكەندە ... توغرا، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھامان «سا پوقى يەۋالغان غۇژغۇن تاز ... » دەپ تىللىدى. راخمانوف «سىز ئۇنى تونۇمسىز» دېسە، «ئاڭلىغاندەك قىلغان» دەپ مۇجمەل جاۋاب بەردى. شۇ چاغدىلا ئۇلار ئادەتتىكى تونۇشلاردىن ئەمەسكەندە! ھىم، ئەسلىدە ئىككىسى بىرلىشىپ راخمانوفنى كولدۇرلىتىپتۇ.

غەزەپ ئاچچىقىدا جىپ ماشىنىنى ھەربىي رايون قورۇسىغا

بوراندەك ھەيدەپ كىرگەن راخمانوف ئۆينىڭ ئالدىدا توختاتتى. ئۇ پەرۋىنەنىڭ بىلىكىدىن چىڭ قامالالاپ ئۆيگە كىرىشى، زەينۇرەم ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. بەش ياشلىق ئەركىن چېغىدا ھەدىسىنىڭ بەتبەشىرە چىرايىدىن قورقۇپ، كارىۋات ئاستىغا كىرىپ كەتتى.

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، — پەرۋىنە قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى، — بىلىكىمنى ئاغرىتىۋەتتىڭىز.

— سىلەر ئاتا - بالىغا نېمە بولدى؟ — زەينۇرەنىڭمۇ ئېرىگە سەل ئاچچىقى كەلگەنىدى، — پەرۋىنەمۇ چوڭ بولدى، ئۇنى كىچىك بالىدەك ئەدەپلىسىڭىز قاملىشامدۇ؟

— ئاۋۋال بۇنى مۇنچىغا ئەكىرىپ بىر تازىلاپ كېلىڭ، ئاندىن سۆزلىشىمەن.

زەينۇرە پەرۋىنەنى مۇنچىغا ئەكىرىپ كېتىپ خېلى ھايال بولۇپ چىقتى. ئۇ راخمانوفنىڭ ئالدىغا قىزىق بىر پىيالە چاي قويغاندىن كېيىن، ئورۇندۇقنى سۈرۈپ روبىرو ئولتۇردى.

— مۇنچىدا ھايال بولۇپ قالدىڭىزغۇ، — سورىدى راخمانوف، — ئۇ نېمە دەيدۇ؟

— ئۇنىڭ بىلەن ئارتۇق پاراڭلاشمىدىم، — دېدى زەينۇرە مۇلايىملىق بىلەن، — سىز ئۇزۇن يىل ھەربىي سەپتە تۇرغاچقا، ھەممىلا ئىشقا ھەربىي تۇزۇم بويىچە قارايسىز، باھا بېرىسىز، ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئىشلارنىمۇ ھەربىي ئىنتىزام تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچەيسىز. بۇنداق قىلسىڭىز بالىلارنى ئۆزىڭىزدىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— پەزلىيە يىگىرمە ياشتىن، پەرۋىنە ئون سەككىزدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى، تەقدىرىنى ئويلايدىغان ۋاقتى بولدى، — زەينۇرەنىڭ سۆزلىرى راخمانوفنى ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى، — قىز بالا ئۇچۇن نېمە سەت كۆرۈنىدۇ بىلەمسىز،

ئۇ بەختىنى تاپقاندا، ئاشۇ بەختكە كۆز ئالايتقانلار ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر! چۈنكى، قىز بالا دېگەن ئاجىز بولغاچقا، ئۆزى ئىشەنگەن، سۆيگەن، قەدىرلىگەن بەختىنى ئاتا - ئانىسىدىنمۇ چارە بىلىدۇ.

— گەپلىرىڭىزنىڭ ئاساسى باردەك قىلىدۇ، قېنى سۆزلەڭ.

— بايا پەرۋىنەنىڭ «قولۇمنى قويۇۋېتىڭ» دەپ بىلىكىنى سىلكىگەندە، كۆزلىرىگە دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟

— پاھ ئەجەب دانا، ھوشيار كەنسىز جۇمۇڭ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بۇ چاغقىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان غەيرەت ئۇچقۇنلىرىدىن تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. مەن ئۇنى بىر كاچات سېلىشنى ئويلىدىم، لېكىن قورقتۇم.

— ھەببەللى، توشقانمۇ ئاچچىقى كەلسە ئادەم چىشلەيدۇ، — زەينۇرە بىردەم جىمىپ قالدى، — ئەگەر شۇ چاغدا سىز بىر كاچات سالغان بولسىڭىز، مەڭگۈ يۇيۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان خاتالىقتا يول قويغان بولاتتىڭىز. چۈنكى، يېرىلالماي تۇرغان پەرۋىنە سىزنىڭ بالىڭىز ئەمەس، بەلكى كۈشەندىڭىز سىياقىدا پارتلايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — زەينۇرە ئىشەنچ بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى، — ئاشۇنداق زىل پەيتتە، ئاتا بولغۇچى قوپاللىق بىلەن قول تىقسا، قىزمۇ ئۆز بەختىنى قوغداش ئۈچۈن «ئاتامكەن» دېمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالىلىق پەردىشەپ بۇزۇلىدۇ. پەرۋىنەنىڭ دېيىشىچە، ئىكرامىمۇ قائىدە - يوسۇنلۇق، پەزىلەتلىك، ئاق كۆڭۈل بالىمىشقۇ.

راخمانوف قورۇم دۆۋىسىنى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوچۇمداپ چېلەككە ئېلىۋاتقان، ئۆزى توڭۇپ تۇرسىمۇ، مەشنى لايداپ شالا ئورنىتىۋاتقان ئىكرامنى ئەسكە ئالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چاپان، قولاقچىسىنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان قاپقارا سىياقى كۆز

ئالدىدا ئايان بولۇش بىلەن ئىچىدە بىر يېڭى ئېچىشقاندەك بولدى. تېخى: «ئەپۇ قىلسىلا، پولكوۋنىك، ئۆزلىرى بىلەن گەپ تالاشسام، ئۆز دادامغا گەپ ياندۇرغاندەك تەركىي ھۆرمەت بولغۇدەك···» دېگەن سۆزلەر ئېسىگە كەلدى ـ دە، راخمانوف سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.

ـــ شۇنداق، قارىماققا يامان ئەمەس بالىدەك قىلىدۇ.

ـــ ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇ بالا ھەققىدە گەپ ئاچمالڭ. شۇنداق قىلسىڭىز پەرۋىنەنىڭ كۆڭلىدە مۇقەددەس ئانىغا ئايلىنىسىز.

ـــ يائاللا، زەينۇرە، بەزى چاغلاردا پەرىشتىدەك پىكىر قىلىسىز.

ـــ ئەگەر سىزمۇ ئانا ياكى ئايال بولغان تەقدىرىڭىزدە، ھەممىنى چۈشەنگەن بولاتتىڭىز.

مۇنچىنىڭ ئىشىكى تاراقلىشى بىلەن زەينۇرە كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، دالان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ئاڭغىچە پاكىز يۇيۇنۇپ، چىرايلىق كىيىنىۋالغان پەرۋىنە دادىسىنىڭ ئالدىغا تېلىقىپقىنا كېلىپ، ئاستاغىنە ئىجازەت سورىدى.

ـــ دادا، ئەمدى ئەترەتكە قايتسام بولامدۇ؟

ـــ بولىدۇ قىزىم، ـــ راخمانوف باشقىلا دادىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، ـــ لېكىن سىزگە ئۇقتۇرىدىغان مۇھىم بىر خەۋەر بار ئىدى.

ـــ قېنى دەڭ دادا، كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە ياردەملىشىمەن.

ـــ ھەدىڭىز پەزىلىيەنىڭ تويىنى تۆتىنچى ئاي ئىچىدە قىلماقچىمىز، ـــ راخمانوف يەر بېقىپ تۇرغان قىزىغا قاراپ قويدى، ـــ ئەلچىلەرگە ماقۇل جاۋابنى بېرىۋەتتىم. لېكىن زادىلا خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

ـــ نېمىشقا ئەمدى؟

ـــ مەن كۈيئوغۇل بولغۇچى بالىنى بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ





ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

باقمىغان تۇرسام، قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن.

— دادا، سىز ئۇ بالىنى بىر ئەمەس، ئىككى قېتىم كۆرگەن، تېخى ئاغزىڭىزغا تەگمەي ماختاپ كەتكەن تۇرسىڭىز.

— نېمە، مەنما؟ توۋا، قانداق بولۇپ ئۇ بالىنى ماختاي ياكى ئۇنى كۆرمىگەنمەن.

— ھەربىي رايوندا ئىككى قېتىم ئويۇن قويۇش جەريانىدا، پەخرۇللا ئىسكرىپكا، نەي ئورۇنداپ، ھەممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئۇ ئاپام فىدۇتىيە ئېيتىدىغان ناخشىلارنى ئېغىز گارمونىدا ئورۇندىغۇدى، سىز «فىدۇتىيەنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئەجەب تولۇق، مۇڭ بىلەن چالىدىكەن»، «پاھ، ئەجەب تالانتلىق بالىكەن»، «ئۇنىڭ چالغان مۇزىكىلىرى كۆڭلۈمنى ئەجەب پاراكەندە قىلىۋەتتى، كارامەت بالىكەن»، دەپ ماختىغانلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟

— توغرا، توغرا، ئەمدى ئەسلىدىم، — راخمانوف پېشانىسىگە ئۇرۇپ قويدى، — ئېگىز، گەۋدىلىك، قىزىل يۈز، كۆزلىرى چوڭ، سەل خىيالچان كۆرۈنىدىغان بالىغۇ.

— شۇ، شۇ.

— سىلەر نەدىدۇر ئويۇن قويۇپ، يۇقۇملۇق زۇكام بولۇپ قالغىنىڭلاردا ھەدىڭىز پەزلىيەگە شۇ بالا قارىدىغۇ دەيمەن. سىز...

— مەن ئىكرامغا قارىغان.

— بۇگۈنكى ھېلىقى قاپقارا، — راخمانوف يۈزىنى پۈرۈشتۈردى، — نېگىر سىياق بالىغۇ.

— ئۇ دېگەن كانايلارنى قېقىپ، مەشنى ئوچلاپ ئاشۇنداق مەينەتلىشىپ كەتكەن، بولمىسا...

— بولمىسا؟...

— بولدىلا دادا، ئادەمنى ئىزا تارتقۇزماي.

قىزى بىلەن بولغان سۆھبەتتىن خېلىلا يېنىكلەپ قالغان

راخمانوف، ئەتىسىدىن باشلاپ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى. ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭىدىن يەنە بىر قانچە سىنىپ باللار قوبۇل قىلىنغانىدى. ھازىر مەكتەپ باشقىدىن رەتكە چۈشۈپ، دەرسلەر تولۇق ئۆتۈلۈۋاتاتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشقا قاتناشقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە تاپشۇرماقتا ئىدى. بۇلىنغان، ئوغرىلىنغان زاڭ ماللارنى بىر - بىرلەپ قايتۇرۇۋاتاتتى. ئىشقىلىپ، ھەربىي خىزمەت گورۇپپىسى مەكتەپنى قاتتىق كونترول قىلىپ، قالايمىقانچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغاچقىمۇ، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار شۇنداقلا ئاتا - ئانىلارمۇ ئەمىنلىككە ئېرىشكەنىدى.

ئارقا - ئارقىدىن قوغلىشىپ كېلىۋاتقان خىزمەتنىڭ جىددىيچىلىكى بىلەن ۋاقىتنىڭ قانداق تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكى بىلىنمەيلا قالدى. ئالمىلىق، ئۆرۈكلۈك، نەشپۈتزارلىق باغلار ھالرەڭ، سارغۇچ، ئاپئاق چېچەكلەرگە پۈركەلگەن چېچەك پەسلى، يەنى، 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پەخىرلىك بىلەن پەزلىيەنىڭ توي رەسمىيىتى بوستان شۆبە ھەربىي رايوندا ئۆتۈلدى. بۇ رەسمىيەت شۇنچىلىك ئاددىي بولدىكى، ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۇزۇندە ۋە توي خېتىنى ئوقۇش بىلەن تاماملاندى. راخمانوف شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن جىپ ماشىنىغا گورۇچ، گۆش، ماي، ئۇن، تۇزلارنى بېسىپ، بىرقانچە ھەربىيلەر بىلەن توغراق ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى. ئەتىسى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، يېقىن - يۇرۇق، جامائەتكە توي داستىخىنى سېلىنىپ، چوڭ توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

www.uyghurkitap.com

## ئون بىرىنچى باب

# تۇرمۇش ئاچاللىرىدا

— ئىكرام، قازان قايناپ كەتتى، ئاشنى سۈز، — ھويلىدىكى ئوچاقتا ئاش سېلىۋاتقان پەرۋىنە ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى، — بولە تېز، ئاش سۈيى تېشىپ ئوتنى ئۆچۈرەي دېدى.

— ھە، مانا، — ئىكرام ئۆيدىن چىققانچە ئاشنى سۈزۈپ، داستىكى سۇغا سالدى، — ھەي پەرۋىنە ئانامنى بوشراق دەيدەيگە سال بولامدا، مېنى تىللىسا خوش بولىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ھەي كومشا، ئانا بولغاندىن كېيىن نېمە دېسە «ھە»لا دەپ قويساڭ بولمىدىما.

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن ئانام تارنى بارغانسېرى چىڭىتىپ كېتىۋاتسا.

— بولدى، ئانامنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، ئاشنى ئەكىرەيلى.

كارنۋات ئۈستىگىلا سېلىنغان تالىما داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان گۆھەرخان ئانا، ئىكرام، پەرۋىنەلەر لەگمەنگە تۇتۇش قىلىشتى. سۈت قۇيۇپ ياقىقان نان - توقاچلار بىلەن توغراقتىن ئوغلىنى يوقلاپ كەلگەن گۆھەرخان ھەپتىدىن بېرى بىرىنچى ئەترەتتىكى ئىكرامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئانا، ئوغۇل، كەلگۈسى كېلىن ئۈچەيلەن بىر كۈنى ئوغلىنىڭ ئۆيىدە تاماق ئېتىپ يېسە، يەنە بىر كۈنى پەرۋىنەنىڭ ياتىقىدا قازان

ئاساتتى. گۆھەرخان كەلگەندىن تارتىپ ئىككى ئۆي ئوتتۇرىسىدا جۇۋازغا قاتقان كالىدەك ئايلىنىپلا يۈردى. شۇڭا، ئۇ ئىككىڭلارنىڭ تويىنى قىلىۋېتەي دېسە، ئوغلى تاش چىشلەپ تۇراتتى. پەرۋىنە بولسا «ئانامنى قاقشاتما»، «ئانام كېتىپ بولغۇچە (ھە)لا دەپ قويغاچ تۇرايلى» دېگەنسېرى، گۆھەرخاننىڭ سەپرايى تېخىمۇ ئۆرلەپ، ئوغلىغا قىرىچە ـ يېنىچە تېگىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇ توغراققا قايتماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە مېڭىشتىن بۇرۇن ئىكرام بىلەن پەرۋىنەنىڭ تاتلىققىنا جاۋابىنى ئاڭلىماي، قانداق خاتىرجەم بولالايدۇ. چىرايى يامغۇر بۇلۇتىدەك تۇتۇلۇپ، كەتكەن گۆھەرخان بىر تەخسە لەڭمەننى يەپ بولۇپ، پەرۋىنە ئېلىپ كەلگەن ئاش سۈيىگە تۇتۇش قىلدى. ئىكرام: «يەنە ئازراق يېمەمسەن؟» دېۋىدى، ئۇ «ياق» دەپ قوپاللا تەگدى. ئاندىن تەخسىسىنى نېرى ئىتتىرىپ قويدى ـ دە، ئوغلىغا ھۆرپەيدى.

— ھەي، ئىككىڭلار ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىدا قاچانغىچە مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايسىلەر ـ ھە، — گۆھەرخان ئالىقانلىرىغا ئۇردى، — ئەل نېمە دېمەيدۇ، قاغا نېمە يېمەيدۇ، كۇسۇر ـ كۇسۇر، قۇلاق ياقتى گەپلەردىن قورقمامسىلەر؟ تېخى ئىككىڭلار ئەر ـ خوتۇندەك ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ يۈرسەڭلا.

— جېنىم ئانا، نېمانداق سەت گەپ قىلىدىغانسەن، — پەگادا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىكرام بېشىنى قاشلىدى، — قايتا تەربىيە ئېلىۋېتىپ تۇرۇپ توي قىلىۋالسا، چاقىرىق بېرىلمەيدۇ.

— نەدە شۇنداق گەپ بار ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتلاردا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان زىيالىي ياشلار توي قىلىۋېلىپ ئاندىن چېنىقتۇرۇلىدۇ.

— ئۇ دېگەن توغراقنىڭ يەرلىك سىياسىتى ئوخشايدۇ، — ئىكرام تېرىككەنسېرى بېشىنى تاتىلايتتى، — بۇ دېگەن شەھەر. قايتا تەربىيە جەريانىدا توي قىلىۋالسا، چۈشكەن ئورنىدا مەڭگۇ دېھقان بولۇپ كېتىدۇ.

— دېھقان بولۇپ كەتسە نېمە بوپتۇ؟

— شۇنچە يىل ئوقۇپما؟

— ئوقۇپ بولۇپ، دېھقان بولىدىغانلارمۇ بارغۇ، — گۆھەرخان نوقۇمنى قارىنىغا ئالغاندەك قىلانتى، — سەن يەر تېرىيسەن، بىكار چاغلىرىڭدا جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ ساتساڭ بىر ئوچۇملا پۇل تېپىۋالىسەن.

— ئەمىسە پەرۋىنە قانداق قىلىدۇ؟

— پەرۋىنەخان ئۆچكە باقىدۇ، ئۆچكە، كالا ساغىدۇ، قېتىق ئۇيۇتۇپ، ئاھىيە بازىرىدا ساتسا، غىچچىدىلا پۇل.

— مەن ئوغلاقفا ئامراق، — پەرۋىنەنىڭ پوسۇقىسىدە چىقىرىۋەتكەن گېپى، ئىكرامنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىۋەتتى.

— ۋاي، ۋاي، ۋاي ··· ئەجەبمۇ ئوبدان نەرسىگە ئامراقكەنسەن، خېنىم!

— ھەي كالا پوقى، پەرۋىنەگە نېمىشقا دوق قىلىسەن؟ — گۆھەرخان تېخىمۇ ئۆرلىگىلى تۇردى، — ھەممىنى قىلغان سەن، بۇ قىزىمنىڭ قولىقى يۇمشاق، ئاغزى تاتلىقكەن. بىراق سەن دۆيۈز، توخۇ پوقى، پېتى قولاق، جېنىمغا دەخمىزە شۇم، مېنى قاقشاتقىنىڭ - قاقشاتقان.

— تىللا، تىللا، تىللاپ كۆڭلۈڭ ئېچىلغۇدەك بولسا، كەچكىچە تىللا.

— ھەي بىغەرەز شۇم، پەخىرۇللامۇ بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، پەزلىيە ھازىر خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالدى. سەن قاچانغىچە يەككە - يېگانە، ھېلىم دىۋانىدەك يۈرىسەن؟

— راستىما؟ — دېدى پەرۋىنە خۇشال بولۇپ، — نەچچە ئايلىق بوپتۇ؟

— بەش ئايلىق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندە، «تاشقىن» يېزىسى «باداملىق» كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە مۇڭدىشىپ بىللە كېتىۋاتقىنىنى

كۆرىمەن.

ئۇلارنىڭ غىژ ـ غىژلىرى تۇگىمىگەنمۇ بولاتتى، ئەمما پەرۋىنەنىڭ بىلىكىدىكى سائىتىنى كۆرسىتىپ، ئىش ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئىشارە قىلىشى، گۆھەرخانمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئىكرام ئانىسىنى يېتىلەپ ياتىقىغا قايتتى. ئۇلار 1 ـ ئەترەت قورۇسىغا كېلىش بىلەن ئىكرام ئېغىلدىن قىغ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تۆمۈر ئارىنى ئېلىپ كېتىپ قالدى، گۆھەرخان هويلا ئوتتۇرىسىدا بىردەم تېڭىرقاپ تۇرغاندىن كېيىن «ئوۋۇش، باشلىق بولامدۇ، قوماندان بولامدۇ، مېنى هاپىلا قىلىپ يەۋەتمەس» دېدى ـ دە، كەينىگە يېنىپلا كوچىغا چىقتى.

ئۇ ۋىلايەتلىك 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە خىزمەت كۆرۈۋېپىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان راخمانوفنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۆت ئېغىز پاراڭلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. هاسىسىنى توكۇلدىتىپ كېتىۋاتقان گۆھەرخاننىڭ سەل ئېگىلگەن قەددى، چارلاشقان چاچلىرى ۋە پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا زەن سالغان هەرقانداق ئادەم ئۇنى تېخى 41 ـ 42 ياشلارغا كىرگەن ئايال دېمەيتتى. ئۇ خېلى ئىتتىك كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز توختايتتى ـ دە، بېلىگە بوشقىنا مۇشتلاپ قوياتتى. باغ ئۆتەڭ يېزىسى گەرچە شەهەرگە تۇتاش، يېقىن بولغىنى بىلەن يەنىلا بىر قانچىلىغان چوڭ يول، خالتا كوچىلاردىن ئايلىنىپ، ئاندىن شەهەرگە كىرگىلى بولاتتى. ئۆزىنى پايلىماي شىلتىڭ ئاتقان گۆھەرخان يولنىڭ يېرىمىنى بېسىپ بولغاندا، ئارقىغا قاراپ چوڭقۇر تىندى. ئۇنىڭ چىرايىدىن پۇشايمان قىلغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ جاھىللىقى ئارقىغا قايتىشقا ئىجازەت بەرمىدى. خۇدايىم بەندىسىنى كەچ قويىسىمۇ، ئاچ قويمايدۇ، دېگەندەك ئانىسىنى شەهەرگە ئېلىپ ماڭغان ياشقىنە بىر بالا ئۇنى ئېشەك هارۋىسىغا سېلىۋالدى. ئىككى ئايال تونۇشمىسىمۇ تاغدىن ـ باغدىن كۆكلىشىپ، شەهەرگە كىرىپ

كەلگىنىنى بىلمەي قېلىشتى. ياش بالا گۆھەرخاننى 1 ـ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويۇپ كېتىپ قالدى. گۆھەرخان دەرۋازا قاراۋۇلىغا «قوماندان باشلىق بىلەن كۆرۈشىمەن» دەپ قويۇپ، مەكتەپكە قەدەم ئالدى. ئۇ ئاجايىپ چوڭ مەيدان، يىراق ـ يىراقلاردىكى ياتاق، ئاشخانا، ئوقۇتۇش بىنالىرى، مەكتەپ ئورمانلىقىدىكى ياپراقلىرى سارغىيىۋاتقان سۆگەتلەرگە قارىغىنىچە: «ئەجەب خانىقادەك چوڭ مەكتەپكىنا» دەپ پىچىرلاپ قويدى.

سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەتراپ تېخى يازدەك كۆپكۆكچىلىك بولۇپ، تەكچىلەردىكى ھەر خىل ئەتىۋارلىق گۈللەر ھەر سەھەردە ھۇپپىدە ئېچىلىپ، گۈلخۇمار ھاشاراتلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋاتاتتى. پەقەت سوغۇققا چىدامسىز، تېنى ئاجىز كۆچەتلەرلا سارغىيىپ، زەپىران ياپراقلىرى شىرتىلداپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. گۆھەرخان دەرۋازا ئالدىدىكى توپتوز دەرەخلىك يولدىن ئۇدۇل ماڭغىنىچە ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ سەككىز باسقۇچلۇق يايسىمان پەلەمپىيىگە ئارانلا ئۆلگۈردى. ئۇ ئەمدىلا «ئۇھ» دېگىنىچە چوڭقۇر تىنىپ ئولتۇرۇشى، بىنادىن ھەربىي شوپۇر ھەسەنتاي چىقىپ قالدى. ئۇ ھاسىسىغا ئېگىكىنى تىرەپ ھاسىراۋاتقان ئايالغا قاراپ مۇلايىم ئاۋازدا گەپ سورىدى:

ــ چوڭ ئانا، بۇ مەكتەپتە بالىلىرى ئوقۇمدا؟

ــ ياق، مەن قوماندان باشلىقنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم.

ــ راخمانوفكامنى ئىزدەپ كەپتىلىدە، مەن چاقىرىپ قوياي.

ھەسەنتاي كىرىپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ھايال بولمايلا، راخمانوف چىقىپ كەلدى. ئۇ پەلەمپەيدە ئولتۇرغان چاچلىرى چارلاشقان، پېشانىلىرىدىكى قورۇقنى ھېسابقا ئالمىغاندا چىرايى چىنىدەك تازا، لېكىن سەھراچە كىيىنگەن ئايالغا ئېگىشتى.

ــ مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئۆزلىرىمىكى؟

— خوش، سىلى راخمانوف قوماندان باشلىق بولامىلا؟
— مەن راخمانوف بولىمەن.
— ئوبدان، ئوبدان، قارىسىلا باشلىق، ئېشەكمۇ بىر قېتىم يۇتى سېيىلىپ كەتكەن كۆۋرۈكتىن ھەرگىز ئۆتمەيمىش، شۇڭا مەنمۇ سىلىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا ئۇسۇپلا كىرمىدىم.
— بۇ ··· نېمە دېگەنلىرى؟
— توغراقلىق ئەلچىلەردەك ئارقامغا تېپىمەك يېيىشتىن قورقتۇم دېسىلە.
راخمانوف كۆلۈشنى ياكى خاپا بولۇشنى بىلەلمىدى. ئۇ گەپلىرى تۈپتۈز، قورۇنۇپ، ئەيمەنمەي ئولتۇرمايدىغان، «ئۇنداقچى كاتتام»، «مۇنداقچى چوڭام» دەپ خۇشامەت قىلمايدىغان، ئەركىنلىكتەك مىجەزى بار بۇ ئايالغا ھۆرمەت بىلەن قارىدى.
— ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى.
— ياق، ياق قوماندان باشلىق، قارىمۇقىنىڭ قاسىرىقىدەك كىچىككىنە ئىشقا سىلىنى خىزمەتلىرىدىن قويسام قانداق بولىدۇ. سىلى دېگەن بىز ئاۋام ئۇچۇن نى - نى - نى ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئادەم.
— قېنى تۇرسىلا، — راخمانوف گۆھەرخاننىڭ قولىدىن ئۇچلاپ تۇرغۇزدى، — ئىشخانىغا كىرىلى.
— ئىشخانىغا؟ — گۆھەرخان راخمانوفنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.
— خاتىرجەم بولسىلا، ئۇ چاغلاردا ئويچى ئىشلەيدىغان بىرلا ئىشخانا بار ئىدى. ھازىر سىلىدەك مېھمانلارنى كۈتۈۋالغۇدەك ئايرىم بۆلۈم بار.
راخمانوف گۆھەرخاننى كونا بولسىمۇ دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ، چايداندىن چاي قۇيۇپ ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ ئۇدۇلدىكى دىۋانغا كېلىپ چۆكتى. بىرنەچچە يۇتۇم چاينى گۇپۇلدەپ

ئىچىپ، خېلىلا دەرمانغا كەلگەن گۆھەرخان ئۇھ دېگىنىچە كالتە ھاسىسىنى دېۋانغا يۆلەپ قويدى.

— مېنى بالا ـ قازادەك نەدىن كەلگەن مەزلۇمدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

— يوقسۇ، يوقسۇ.

— مەن توغراقتىن قىزلىرى پەزلىيە، كۈيئوغۇللىرى پەخرۇللانىڭ دۇئايى سالىمىنى ئېلىپ كەلدىم.

— شۇنداقمۇ، رەھمەت، رەھمەت، باللار سالامەت بولسۇن.

— يەنە بىر خۇش خەۋىرىم بار، ھازىرچە سۆيۈنچە ئېسى قالسۇن، — گۆھەرخان بېلىنى رۇسلاپ دېۋان يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى، — پەزلىيەنىڭ بويىدا بار، ھازىر بەش ئايلىق بولۇپ خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالدى.

— بۇ راستىنلا خۇش خەۋەركەن، — راخمانوفنىڭ خۇشاللىقى كۆزلىرىدىن بىلىندى، — تېنى ساغلامدۇ؟

— توغراقنىڭ ئاھۇسىدەك تېمەن ـ تېتىك يۈرۈپتۇ. پەخرۇللا بىلەن ئىككىسى بىر مەكتەپتە ئىشلەيدۇ.

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار.

گۆھەرخان راخمانوفنى شېرىن ـ سۆخەن، قوپال ـ يىرىك سۆزلىرى بىلەن قايىل قىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، بوستانغا نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكى، بولۇپمۇ ئىكرام بىلەن پەرۋىنەنىڭ ئىككى ئارىلىق بولۇپ، جاپا تارتىپ قالغانلىقى، شۇنداق تۈرۈۈقلۇق توي قىلىشقا ھەر ئىككىسى قوشۇلمايۋاتقانلىقى قاتارلىق بىر قانار ئىشلارنى دادلاپ ئۆتتى. راخمانوف باللارنىڭ توغرا قىلىۋاتقانلىقىنى دېسە، بۇ ئايالنى رەنجىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپ، سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى.

— بىرى، ئوغلىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ كىر ـ قاتلارنى يۇيۇپ، تونۇرغا نان ياقسا، يەنە بىرى، قىزنىڭ ھويلىسىدا ئوتۇن يېرىپ،

ئەخلەت تۆكۈپ، ئۆگزىلەرگە لاي سېلىۋاتقان. بەزىدە تېخى ھەر ئىككىلىسى بىر گېلىغا ئۆز ئۆيىدە قازان ئاسقان.

— بۇ ئىشلارنى يامان دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى راخمانوف كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇرمۇشتا پىشىدۇ، ئىسسىق - سوغۇق، جاپا - مۇشەققەت كۆرمىگەن باللار بوشاڭ. خام، ھۇرۇن، لايغەزەل بولۇپ قالىدۇ.

— ئۇ دېگەنلىرىڭىز راست، — گۆھەرخان بېشىنى گىلدىڭلاتتى، — ھۆكۈمەتمۇ بەك تېرەن ئويلايدۇ. ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى، ئەمەلدارلارنى يېزىلارغا چۈشۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ تەربىيىسىنى ئال دېگىنى، ئەسلى - ۋەسلىگىنى ئۇنتۇپ قالما دېگىنىدە.

— ھەببەللى، زېھنىياتلىرى تولىمۇ روشەنكەن، — راخمانوف چاندۇرماي قاراپ قويدى، — باللىرىڭىزمۇ چاقىرىق كەلمىگۈچە توي قىلمايمىز دېگىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە بولغان قىزغىنلىقى، ھۆرمىتى ئەلۋەتتە.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن كونىلار، ئىككى ئۆينىڭ قۇرۇقۇنلۇقى بىر ئۆيگە ئاش بوپتۇ، دېگەن گەپنى بەكمۇ بەلەن دەپتىكەن. ئىككىسى ئىككى يەردە پوسۇرلاپ نېمە جاپا ئۇ ··· يەنە كېلىپ چاقىرىق دېگەن قۇرۇق بىر سوسكىكەن، نەچچە يىللاپ شورىغان، شورىغانسېرى چۈشىدە ھالۋا يېگەندەك ئاغزى تاتلىق بولمىغان.

— بەزىدە بىرەر - ئىككى يىل سۇرۇلۇپ كېتىدۇ، — دېدى راخمانوف چۈشەندۇرۇپ، — ئەمما ھاجەتمەن ئورۇنلار تەلەپ قىلسا، بىرقانچە ئايدىلا چاقىرىق كېلىدىغان ئىشلارمۇ بار.

— بۇنداق ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق ئىشلارغا ئېسىلىۋېلىپ، باللارنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىگە ئولتۇرۇپ قويمايلى، قوماندان باشلىق.

— مەنمۇ سىلىدىن بەتتەررەك ئالدىراۋاتىمەن. شۇڭا،

بولسىمۇ مېنىڭ، چاقىرىق ئەۋەتىدىغان ئىشنى خېلىلا ئالدىغا سۈرۈپ قويدۇم.

راخمانوفنىڭ بالىلار ئىشىدا جىددىيلىشىپ قالغىنى راست ئىدى. ئۇ ھېلىقى مەشىنىڭ قۇرۇمىنى تازىلاش ۋەقەسىدىن كېيىن قىزىدىن ئەنسىرەپ، پات ـ پاتلا ياغ ئۆتەك يېزىسىغا بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قاچانلا بارسا، ئىكرام تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ نان يېقىۋاتقان، پەرۋىنە بولسا زاغرا خېمىرلىرىنى يوغۇنداپ، نوقاچ زوۋۇللىرىنى يايغۇدا يېيىپ، تۈگۈچ سېلىپ تەييارلاپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. راخمانوف قىزىنى ئەيىبلىسە، ئۇ: «تونۇرغا ئىشلىسەم چاچلىرىم چارلىشىپ، قاش ـ كىرپىكلىرىم كۆيۈپ كېتىدىكەن» دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى. پەرلىيەنىڭ تويى بولۇپ بىرەر ئاي ئۆتكەن چاغلار بولسا كېرەك. بوستاندا ئۈچ كۈن يامغۇر ياغدى. خېلى كۆپ دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆرۈلۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەنسىرىگەن راخمانوف بىر كۈنى قىزىنىڭ ئۆيىگە باردى. ئالىقاندەك كىچىككىنە قورۇنىڭ دەسسىگۇدەك يېرى يوق ئىدى. پەرۋىنە ھويلا ئوتتۇرىسىدىكى سامانلىق لايىنى يالاڭ ئاياغ چەيلەپ، پىشىلدۇرۇپ، ئەسكى چېلەككە ئۇسسۇۋاتاتتى. ئۆگزىدىكى ئوركۈپ، كونىراپ كەتكەن توپا يەرگە چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىكرام لاي سېلىۋاتاتتى. پەرۋىنە لاي چېلەكنى ئىلمەككە ئىلىندۇرۇپ بەرسە، ئۇ ئارقان بىلەن تارتىۋالاتتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن، ئۇستۋاشلىرى لاي بولۇپ كەتكەنىدى.

راخمانوف ھەر نۆرە كەلگىنىدە، ئوچاقلارنى چېقىپ سېلىۋاتقان، ئوتۇن يېرىۋاتقان، ئۆگزە، ھويلىلارنىڭ قارلىرىنى تازىلاپ چىنىدەك پاكىز قىلىۋەتكەن ئىكرامغا ئامراق بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ كېيىنكى چاغلاردا قىزىدىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. راخمانوف بۇ قېتىم ئۆزى يول مېڭىپ، تېلېفون ئارقىلىق ئاالاقىلىشىپ، ئىكرام بىلەن

قىزنىڭ چاقىرىق مەسىلىسىنى ھەل قىلغانىدى.

ــ سادىغالى كېتەي باشلىق، چاقىرىقنىڭ ئامالىنى قىلىپ قويدۇم، دەپتىلە، ــ گۆھەرخان مىننەتدارچىلىقتىن ئېرىپ كەتتى، ــ قاراڭغۇ كۆڭلۈمگە چىراغ ياققاندەك ۋىللىدە يورۇپ كەتتى. خۇدايىم بىر جانلىرىغا مىڭ جان بېرەر، ئىلاھىم ئەمەل تونلىرى كىمخاپتىن، ئوتتۇغاتلىرى زەردىن بولۇپ كېتەر.

ــ بۇ گەپ باشقا يەرلەردە ئېغىزلىرىدىن چىقىپ كەتمىسۇن، ــ دېدى راخمانوف سەل قىزىرىپ، ــ بەرىبىر كېلىدىغان چاقىرىقنى سەل ئالدىرىتىپ قويدۇم شۇ.

ــ قاچانلارغا تايىن تاپار؟

ــ ئىشقىلىپ، ئۆكتەبىرنىڭ 15 ـ كۈنلىرىگىچە خىزمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئىشقا چۈشۈپ بولىدۇ.

ــ ئۇنداقتا، 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئەلچى ئەۋەتسەم بولغۇدەك.

ــ ئەلچى ئەۋەتمىسىلە، سىلىنىڭ مۇشۇ كېلىشلىرى ھېساب بولسۇن. توغرىراقتىكىلەرگە «ئەلچى كىرگۈزۈپ، ماقۇل جاۋاب ئالدىم» دەۋەرسىلە، لېكىن مېنىڭ بىر شەرتىم بار.

ــ ئۇنىڭدىن خەۋىرىم بار. سىلىنىڭ تۇغقانلىرى توغراققا بارسۇن، شۇ يەردىلا توي چېيى بېرەيلى.

ــ «شەرتىم بار» دېگىنىمنىڭ يەنە بىر تەرىپى، توي بولىدۇ دەپ مال ـ ۋاران، دەۋۇ ـ دەرەخلەرنى كېسىپ ساتىدىغان ئىشنى قىلمايدىلا، بولمىسا مېنى خىجالەت قىلىپ قويىدىلا، ــ راخمانوف مەقسىتىنى كەسكىنلا قويدى، ــ مەن ئۇنىنچى ئاينىڭ يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە ئالتىلىرى تويغا كېتەرلىك گۈرۈچ، ماي، ئۇن، گۆش، چاي ـ تۇزلارغىچە ئاپىرىمەن، توي كۈننى شۇ چاغدا بېكىتىمىز.

ــ باشلىق بۇ ··· بۇنداق قىلساق···

ــ بۇنىڭغا كۆنمىسىلە يېنىۋالىمەن. ھە راست، مەن بارغاندا

www.uyghurkitap.com

مۇزەپپەر قۇدىلار بىلەن بار مەسلىھەت قىلىپ، چاقىرىلغان مېھمان، توي بولىدىغان قورۇ ـ ئۆيلەر، يىغىدىغان گىلەم ـ كىگىز، لېگەن ـ تەخسىلەرگىچە سۆزلىشىمىز.

ــ مېنى 18 مىڭ ئالەمنى تىللاغا توشتۇرۇپ بەرگەندەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز، ــ گۆھەرخان كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ــ رەھمەت قوماندان باشلىق!

ــ يەنە نېمە باشلىق ئۇ، دەيدىغان تاتلىقىنا گەپلىرى يوقما؟

ــ ۋۇي، سادىغاڭ كېتەي قۇدام، خۇدايىم بەرگەن قۇدام، ــ گۆھەرخان تۇرماقچى بولۇۋېدى، راخمانوف يۈگۈرۈپ كېلىپ ياردەملەشتى، ــ مانا ئەمدى ئەتە توغراقتا ئۇن ياش ياشىرىپ بارىدىغان بولدۇم.

ــ ئەتە سىلىنى شوپۇر ھەسەنتاي ئۆزى ئاپىرىپ قويىدۇ.

ــ يا، ياق، بولدى، ھەرقايسىلىرىنى ئاۋارە قىلسام بولامدۇ؟

ــ كونىلار: «خۇدادىن قورققىچە، قۇداڭدىن قورق» دەپتىكەن. ئەمدى سىلىدىن قورقمىسام بولامدۇ؟

ــ مەن قورققىدەك مەزلۇم ئەمەس، بىر ئۇندە، بىر تۇندە كېتىۋاتقان بىر بىچارە ئاجىزمەن.

شۇ كۈنى گۆھەرخاننى باغئۆتەڭ يېزىسىغا ئاپىرىپ قويغان ھەسەنتاي ئەتىسى ئۇنى توغراق ناھىيىسىگە ئېلىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ دىۋانىغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرغان گۆھەرخاننىڭ بىردىنلا كۆزلىرىگە ياش ياماشتى. ئۇ ئىچىدە: «ئاغزىمدا تۇغۇۋالغان بالام، كۆزۈمدىن تۇغۇۋالغان بالام، ئۆز قوللىرىمدا ياسىۋالغان بالام!...» دەپ پىچىرلىدى. ئۇنىڭ كىمنى دەۋەتقانلىقى ئەلۋەتتە زېھىنىيالىق ئوقۇرمەنلەرگە ئايان! بىر كاتتا قوماندانىنىڭ ئاددىي بىر سەھرا بالىسىغا قىزىنى بېرىشى ئاسانمۇ؟ ئەلۋەتتە «قىزى بارنىڭ نازى بار»، «قىزلىق ئۆيگە قىرىق تەزىم» دېگەن گەپلەرمۇ بارغۇ! لېكىن راخمانوف ئۇنداق

تېز تاشلاردىن خالىي ئىدى. بولمىسا ئۇ قىزنىڭ تەقدىر ـ ئىقبالىنى ئويلىماي قالامتى؟! ئويلايدۇ. قىسقىسى، ئۇ ئىكرامنىڭ گۆھەردەك ساپ پەزىلىتىگە، ھەقىقىي دېھقان ئوغلىدەك ساپ غورۇر، ئىشچانلىقىغا، ئەقىل ـ ئىدراكىغا ئاپىرىن ئوقۇدى! قىزنىڭ ھەقىقىي بەخت زۇننارىنى بويىنىغا ئاسقانلىقىغا ئىشەندى! كۆڭلى ئەمىن تاپتى! بىر ئاتا ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق خۇشاللىق بولسۇن!

گۆھەرخان ئۈنسىز ئىچىلداپ يىغلىدى. ئۇ ئاۋازىنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، رومالىنى ئاغزىغا بېسىۋالدى. شۇنداقتىمۇ بۇ نەلەردىن كېلىۋاتقان ياش، يىغان ـ نادامەتلەركىن ـ تاڭ! راست گەپنى قىلغاندا، ھەربىي رايوندەك چوڭ ئورۇننىڭ ماشىنىسى شۇنچە يىراق مۇساپىلەرنى بېسىپ، توغراقتا ئەكېتىۋاتقانلىقىدىن تەسىرلەنگەن گۆھەرخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. توغرا، بۇ كىمنىڭ شاراپىتى؟ كىمنىڭ تام ـ نىشانىدىن ئۇلۇغلىنىۋاتىدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۆزى دائىم تىللايدىغان، دۆشكەلەيدىغان، ۋارقىراپ ـ جارقىرىسىمۇ يەردىن ئۈستۈن قارىمايدىغان ئاشۇ رايىش ئوغلىنىڭ ساخاۋىتىدىن بولۇۋاتامدۇ! ئەگەر بىراۋلار ئىكرامنى «مۇشۇ كۆرۈمسىز، دوڭغاق خوتۇننىڭ بالىسى» دېسە كىممۇ ئىشىنەر؟! ھەي دەرىغا، «بولۇشلۇقنىڭ پوقىدىن»، «بولىدىغان بالا زاكىسىدىن مەلۇم··· » دېگەن گەپلەر قايسى دانىشلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان بولغىيتتى؟ خۇدايىم بەزى باللارنى ئاپىرىدە قىلغاندا، ئۇنىڭ زوۋۇلىسىغا شاپائەت ۋە ساخاۋەت، ئىنساپ ـ دىيانەت، پەزىلەت دۇرلىرىنى قېتىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. ئاھ، مۇرەببىم روزى، ئۆزۈڭ بالدۇر كېتىۋېلىپ، مېنى بۇدۇنيانىڭ خارابخانىسىغا يالغۇز تاشلاپ قويغان گۇناھىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە ئوخشاش ئىشچان، تۇرگۇن، يۈزى تۆۋەن، پاك ئېتىقادلىق ئىكرامنى ماڭا تاشلاپ قويۇپتىكەنسەن! ئەۋلىيالىرىمىز پەرزەنت ھەققىدە مۇنداق دۇرى ـ گۆھەرلەرنى

قالدۇرۇپتىكەن:

ئاتا ئۈچۈن مالۇ دۇنيا، بەختى دۆلەت خوپ ئېرۇر،
شۇندىمۇ بىر ياخشى پەرزەنت، ئۆزگىچە مەھبۇب ئېرۇر.

تاتلىق، قىرتاق خىياللار كەيپىدە بىردە ئېچىلىپ، بىردە تۇتۇلۇپ كۆز ياش قىلغان گۆھەرخان ئانا، توغراقنىڭ كۆجۈم مەھەللىلىرى، دەل - دەرەخلىرى، توغراقلىق ئورمانلىرى گىرىمسەن كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئوغلىغا تىلەك تىلىدى:

— بالام، تەڭرىنىڭ پەزلى كەرىمى بىلەن ئەبەدىلئەبەد كۆكلەپ كېتەرسەن، ھەردەسسىگەن ئىزلىرىڭدىن گۈل ئۈنگەي!

گۆھەرخان ئانا كېتىپ ئىككى ھەپتە ئۆتتى بولغاي، ئۆكتەبىرنىڭ 13 - كۈنى پەرۋىنەگە چاقىرىق كېلىپ، پەزلىيە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان باغئۆتەك يېزىسى، سومى كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە خىزمەتكە چۈشتى. پەرۋىنە سىنىپقا كىرىپ دەرس ئۆتۈۋاتقان ئۈچىنچى كۈنى «مايتاش» قەغەز زاۋۇتىدىن چاقىرىق كېلىپ، ئىكرام يۈك - تاقلىرىنى تەييارلاپ بولۇپ، پەرۋىنەگە خوش دېيىشى، ئىختىيارسىزلا بىر قانچە ياش كۆزىدىن دۇمىلاپ چۈشتى. قىزمۇ ئۇنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ تۆكۈلۈپلا كەتتى.

— ئەمدى ··· ئەمدى كىم بىلەن ئۇرۇشارمەن، — پەرۋىنە ئېسەدەپ كەتتى، — كېلىپ تۇرغىن، ماڭا باھانە كۆرسەتكۈچى بولما ··· خوش كىرپە باش.

«مايتاش» قەغەز زاۋۇتىنىڭ ئىچى بەجايىكى بىر شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ كەسپىي ۋە ئىقتىسادىي تارماقلىرى، بۆلۈملىرى، ئىشخانىلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئىككى مىڭدەك ئىشچى - خىزمەتچى، تېخنىك خادىملىرىدىن سىرت، قومۇشكۆل رايونى، قاراسۇ يېكەنلىكى ۋە باشقا ئورۇنلاردىن خام ماتېرىيال يىغقۇچى خادىملىرىمۇ بىرنەچچە يۈزگە يېتەتتى. ئىكرام ياتاقتا

ئورۇنلىشىپ، تاماق بېلەتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ۋەزىپە كۈتۈپ تۇرغانىنىڭ ئىككىنچى كۈنى، ئۇنى قەغەز زاۋۇتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ لۇڭۋېن ئىشخانىسىغا چاقىردى. ئۇ ئېگىز بوي، ئورۇق، ئات يۈزلۈك، ئېڭەكلىرى ئۇچلۇق، قولاق ئەتراپىدىكى چاچلىرى قويۇق ۋە قارا بولسىمۇ، پېشانىسىدىن گەدىنىگىچە تاپتاقىر پارقىراپ تۇراتتى. كۆز ئەتراپىدىكى ۋە بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى چوڭقۇر قورۇقلاردىن ئۇنىڭ 50ياشلاردىن ئاشقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئىكرام ئۇستەلدىكى ئۆزىنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزۈش گۇۋاھنامىسىنى كۆرۈپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇردى. ۋاڭ لۇڭۋېن كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن گۇۋاھنامىگە يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئىكرامغا يۈزلەندى.

— گۇۋاھنامەڭگە قارىغاندا، خېلى ياخشى ئوقۇغاندەك قىلىسەن، — زاۋۇت باشلىقى گۇۋاھنامىگە كۆڭۈل توختىتالمىغاندەك قىلاتتى، — بولۇپمۇ فىزىكا، خەنزۇ تىلىدا خېلىلا ئوبدان نومۇر ئاپسەن، مۇئەللىملەرنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن، بۇرنىدىن كىرىپ قۇلىقىدىن چىقىدىغان ئىشلارنى قىلمىغانسەن؟

— زاۋۇت باشلىقى، ھېلىغۇ مۇئەللىملەركەن، ئۇنىڭدىن چوڭ ئەمەلدار ھەتتا سىز بولسىڭىزمۇ خۇشامەت قىلىپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىشنى بىلمەيمەن، — باشلىقنىڭ سۆزى ئېغىر كەلگەن ئىكرام يۈز - خاتىر قىلمىدى، — مەن سىز بىلەن خەنزۇچە سۆزلىشىۋاتىمەنغۇ دەيمەن، سۆزلىرىمنىڭ بىرەر يەرلىرىدىن ئېۋەن تاپالىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ياق، — باشلىق خىجىل بولدى بولغاي، قىزىرىپ كەتتى، — خەنزۇ تىلىنى ھەقىقەتەن ياخشى ئۆگىنەپسەن.

— ئۇنداقتا، فىزىكىدىن ئىككىمىز بىللە ئىمتىھان بېرىپ باقساق، ئەگەر سىزدىن كېيىن قالغۇدەك بولسام، چاپىنىمنى دولامغا ئارتىپلا چىقىپ كېتىمەن.

كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ئوھوي، سەن قالتىس بالىكەنسەنغۇ، — باشلىق ئايپاكنىڭ بېشىنى سىلىدى، — مۇنداق ئىشنى قارا، بىزنىڭ چىڭداۋ شەھىرى توك ئىشلىرى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن توختامىمىز بار. ئۇلار بىزگە توك ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرىنى تەربىيىلەپ بەرمەكچى ئىدى. لېكىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن فىزىكا بىلىمىدىن خەۋىرى بار بىرەرنى تاپالمىدۇق. ئانچە - مۇنچە ئۆگەنگەنلەر بولسىمۇ مەيلى دېسەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ئۇنىمىغان، بەزىلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرى قويمىغان، شۇڭا سېنىڭ گۇۋاھنامەڭگە قايتا - قايتا قاراپ ئولتۇرغىنىم. قانداق، ئەۋەتسەك بارامسەن؟ ۋاقىت چەكلىمىسى يوق. كەسىپنى ئىگىلەپ بولغاندا قايتىپ كېلىسەن.

— سىز مېنىڭ رەھبىرىم، شۇنداق ئىكەن سىزگە شەرت قويۇشقا ھەددىممۇ؟

— ياخشى، ياخشى، — باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئىكرامنىڭ قولىنى تۇتتى، — مەن ھەقىقەتەن ئادەمنى خاتا تاللىماپتىمەن، سەن جىگەرلىك بالىكەنسەن.

ئىچكىرىدە ئوقۇشتىن ئىبارەت خۇش خەۋەردىن جانلىنىپ كەتكەن ئىكرام باشلىق ئالدىدا «سىزگە شەرت قويۇشقا ھەددىممۇ» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ 10 - ئاينىڭ ئاخىرى بولىدىغان پەرۋىنە ئىككىسىنىڭ تويى ئېسىگە كېلىشى، ئويلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ قاچان يولغا چىقىشنى سوراپ باقماقچى بولدى. ئەگەر ئەتە - ئۆگۈنلەتىن مېڭىش توغرا كەلسە، تويىنى ئوقۇشتىن قايتىپ كېلىپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. باشلىق ئىكرامنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەك، تېزىمغا ئالدۇرۇش ۋە مېڭىش ۋاقتىنى ئېيتىپ بەردى.

— ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئۈچىنچى كۈنىدىن بەشىنچى كۈنىگىچە تېزىمغا ئالدۇرساڭ بولىدۇ، — باشلىق بارماقلىرىنى

پوكۇپ نىمىلەرنىدۇر ھىسابلىدى. ـــ شۇڭا، ئونىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى يولغا چىقساڭ ئۇلگۇرىسەن.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پەرۋىنە خىلىغىچە دومسىيىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىكرام قەغەز زاۋۇتىغا كەتكەن ئىككى كۈندىن بېرى ئۇ بىر نىمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك گاراڭلا بولۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى چىڭداۋغا كەتسە ئۇ قانداقمۇ قىلار؟ پەرۋىنە ئىكرامنى بولغۇسى ئېرىم، جۇپتى ھەمراھىم دەپ ئويلىغۇسى كەلمەيتتى. پەقەت تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان سىردىشى، مۇڭدىشى، ئادىشى، دىلكىشى ئىدى. يەنە تېخى ئىكرام بالا ـ قازا، دىشۋارچىلىقلار قارا بورىنىنى توسقۇچى گىگانت تاشتەك، قايغۇ ـ زۇلۇم تاغلىرىنى تىرەپ تۇرغۇچى تەۋرەنمەس تۈۋرۈكتەك، كۆڭۈل سەيلىسى قىلىدىغان بىغىدەك يۈلەنچۈكى، پاسىبانى، شاپائەتچىسى بولۇپ، ئۇ بولغاچقىلا پەرۋىنەنىڭ يۈرىكى پۈتۈن، كۆزلىرى روشەن، چىھرىدىن ئۆچمەس بىر ئاپتاپ يېنىپ تۇراتتى. پەرۋىنەنىڭ «بارما» دىيىشكە تىلى كۆيەتتى. ئىكرامنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى، يەنىلا ئىككىسىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئەمەسمۇ!» «بارغىن» دەي دىسە، «سىغىنىش» دېگەن دەردىسەر قىيناپ كەتسە، ساراڭ بولۇپ قالمامدۇ؟! ئىكرامنىڭ ئۆزۈن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ قاراشلىرى ... «ھەي پەرۋىن ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە...» دەپ قولىنى شىلتىشلىرى...، «بولدى قىل، ئۆزۈم قىلىۋېتىمەن...»دىگەندەك ئاياشلىرى... «خەپ سىنى پەرۋىن، خەپ، بۇرنۇڭنى چىشلىۋالمىسام... »غا ئوخشاش يالغان ـ راستلاردىن قورقاق سىلىشلىرىنى كىشى قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن!؟ تۇۋا، خۇدايىم ئوغۇل بالىنى تولىمۇ ئوماق يارىتىۋەتسە بولمايدىكىنا! ھەمىشە بىللە ئۆتسەڭغۇ بىر نۆرى، ئەگەر جۇدالىق كۈنلەر قارار تاپسا، پىراق ئوتىدا كۆيۈپ، ئۆرتىنىپ ئۆتىدىغان گەپ.

ـــ پەرۋىن، زەينۇرە ئاچام تويىنى ئالدىغا سۈرۈش ھەققىدە

دادامغا دەپ باقىقان بولسا، — دېدى ئىكرام پەرۋىنەنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ، — ناھايىتى ئىككى - ئۈچ كۈننىڭ ئىشىغۇ.

— مەن تېخى سېنى ئىچكىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، تويىمىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىمىكىن دەپتىمەن، — پەرۋىنە تولىمۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى، — ماقۇل، مەن بۈگۈنلا ئۆيگە بېرىپ زەينۇرە ھەدەمگە دەي.

— ئەگەر دادام ئىچكىرىگە بارىدىغىنىمنى ئاڭلىسا، خاپا بولۇپ كېتەرمۇ؟

— ئوقۇيدىغىنىڭنى ئاڭلىسا دوپپىسىنى ئاسمانغا ئاتار، دادام «قانچىلىك كۆپ ئوقۇساڭلار ئادىمىيلىك خىسلەتكە تويۇنغان بولىسىلەر ...» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

ئىكرامنىڭ ئىچكىرىگە ئوقۇشقا بارىدىغىنىنى ئاڭلىغان راخمانوف قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالدى. ئۇ ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن ئىچىدە: «كىچىك كويئوغلۇم ئىچكىرىدە بىلىم ئاشۇرماقچى» دېگەن سۆزنى قورئاننىڭ سۈرىسىدەك ھىجىلاپلا يۈردى. شۇڭا، ئۇ 10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تويغا كېتەرلىك نەرسە - كېرەكلەرنى ماشىنىغا بېسىپ توغراققا ماڭدى. ئەتىسى بىر كۈن ئالدىراشچىلىق ئىچىدە توي تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ، 26 - چىسلا يۇرتقا توي چېيى بەردى. پەرۋىنە بىلەن ئۈچ كېچە - كۈندۈز بىللە بولغان ئىكرام 29 - چىسلا زاۋۇتنىڭ ئۈرۈمچىگە قەغەز يۆتكىگەن ماشىنىسىدا ئۈرۈمچىگە ماڭدى. ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە توغراقتىن كەلگەنىدى. ئۇلار ياخشى تىلەك، ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى دەپ خوشلاشتى. لېكىن كۆز ياشلىرى يۈزلىرىنى يۇيۇپ، ئېگەكلىرىدىن ساقىۋاتقان پەرۋىنە ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چوڭ يولغا چىقتى. ئۇ ئۇنى سىلىپ يىغلىغىنىچە، توپا - توزانلار ئىچىدە قولىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

پەخرۇللا خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغان پەزىلىيەنى يۆلەپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئىرغاڭلاپ ئاستا مېڭىپ كەلدى ـ دە، سىڭلىسى پەرۋىنەنى قولتۇقلىدى:

— يۆرە سىڭلىم، كېتەيلى. قارىغىنە ھەسەنتاي بىزگە ساقلاۋاتقىلى نېكەم.

ئۇلار ھەربىي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ جىپ ماشىنىسىدا شەھەرگە قايتتى. پەرۋىنە باغئۆتەك يېزىسىغا قايتىمەن، دەپ تۇرۇۋالغاچقا ئۇنى سومىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئاپىرىپ قويغان ھەسەنتاي، پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيەنى توغراقتا ئېلىپ كەتتى.

ئېرىنىڭ مۇرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان پەزىلىيە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولسىمۇ، ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ پەخرۇللا بىلەن توي قىلىپ ھەپتە ئىچىدىلا مائارىپ ئىدارىسىدىن رەسمىيەتلىرىنى ئايرىپ، توغراقتا يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئېرى ئىشلەۋاتقان تاشقىن يېزا باداملىق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئاتا ـ ئانىسى مۇزەپپەر، ھەلىمىخانلارنىڭ چوڭ قورۇسىدىن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرۇشتى. ئاش ـ تامىقىمۇ بىرگە ئىدى. پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە ئەتىگەندە تۇرۇپ مەكتىپىگە بىللە باراتتى. پەخرۇللا ئۇنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاۋايلاپ ھەيدەپ ئېلىپ كېتەتتى. ھەلىمىخان بىر كۈنى پەزىلىيەنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— قىزىم، مەكتىپىڭىز ئانچە يىراق بولمىغاندىن كېيىن مېڭىپ بېرىڭ. جاپا تارتىسىڭىزمۇ كۆپرەك ھەرىكەت قىلىپ بەرسىڭىز، تۇغۇتىڭىز ئاسان بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭدىن بېرى پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە مەكتىپىگە پىيادە بارىدىغان بولدى. ئۇلار يولدا ماڭغىچە «بالىمىز ئوغۇل بولسا ئىسمىنى نېمە قويىمىز؟ ئەگەر قىز تۇغۇلۇپ قالسا، ھېچكىم قويمىغان چىرايلىق ئىسمىدىن بىرنى تاپساق بەك ياخشى بولاتتى… » دېيىشىپ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىسىملارنى تاسقاپ چىقاتتى.

www.uygurkitap.com

ئىسسىم مەنىلىرىنى يېشىپ بولغىچە ۋارقىرىشىپ ـ جارقىرىشىپمۇ قېلىشاتتى. قىسقىسى، ھەر كۈنى ئۇلار سۆزلىشىدىغان يېڭى ـ يېڭى تېما، مەزمۇنلار تېپىلىپ تۇراتتى. بىردە قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇش، قايسى كەسىپلەردە ئوقۇتۇش توغرۇلۇق تالاش ـ تارتىش قىلىشاتتى. ئىشقىلىپ، ئەمەلگە ئاشقاي، ئاشمىغاي ئۇلار ئۈمىد بىلەن ياشاپ، ئارزۇ ـ ئارمانلار دولقۇنلىرىدا ئۈزەتتى. قايسىدۇر بىر دانا: «ئۈمىدسىزگە ھايات زىندان» دېگەنىكەن. پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە ئادەتتە سۆزلىشىپ ماڭمىسۇن، كېچىلىرى بىر ياستۇققا باش قويغاندا گۇڭگۇر ـ مۇڭگۇر مۇڭداشمىسۇن، ئەدناسى دەتالاش، مۇنازىرىلىرىدىمۇ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار كېچىلىرى بىر ۋاخلارغىچە ئەتىكى دەرسىنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىپ، كىتاب ئوقۇيتتى. پەخرۇللا پەزىلىيەگە ياردەم قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دەرس تەييارلىق قىلىش، دەرس ئۆتۈش مېتودى، نۇتۇق سەنئىتى، ئىدىيىۋى مەزمۇن تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرەتتى.

بەزى چاغلاردا پەخرۇللانىڭ كىچىك سىڭلىسى گۈلىستان «پەيزى ئاچا» دەپ كىرىپ كېلەتتى ـ دە، چۇرۇك تىللىرىدا نېمىلەرنىدۇر دەپلا كېتەتتى. ئامراقلىقى كەلگەن پەزىلىيە ئۇنى باغرىغا بېسىپ سۆيەتتى. قۇلاق ـ مەڭىزلىرىنى چىشلەپ قىينايتتى. تېخى گۈلىستاننى راسا ئوينىتىۋېتىپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش ئاققىنىنى بىلمەي قالاتتى. چۈنكى، ئىنىسى ئەركىن، كىچىك ئۇماق سىڭلىسى ئابىدە كۆز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. گەرچە ئۇلار ئۆگەي ئانىسى زەينۇرەدىن تۇغۇلغان بولسىمۇ كۆڭلىدە ھېچقانداق غەيرىي خىياللار يوق ئىدى.

پەزىلىيە توي قىلغاندىن باشلاپ، پەخرۇللا بىلەن ئۆتكەن تاتلىق تۇرمۇش خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئېلىپ، توغراقتا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى. ئۇلار شوپۇر ھەسەنتايىنى تاماق يەپ

كېتىنىڭ، دەپ خېرىدارلىق قىلغان بولسىمۇ، ئۇ خىزمىتىنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىدىن ئۆزرە سوراپ قايتىپ كەتتى. پەخرۇللا پەزىلىيەنى قولتۇقلاپ ھويلىغا كىرىشى، مۇزەپپەر ئاكا ئۆيدىن چىقىپ، تاختاي پەلەمپەي ئۈستىدە توختىدى. ئاڭغىچە ھەلىمىخان ئانىمۇ پېشايۋاندا پەيدا بولدى.

— قىزىم، يىراق - يېقىنغا مېڭىپ يۈرسىڭىز، ئۇزۇلۇپ قالىسىز جۇمۇڭ، — دېدى مۇزەپپەر كۆيۈنگەن ھالدا، — ئاۋايلاڭ، مۇدۇرۇپ كەتمەڭ يەنە.

— ئانام كۆپرەك مېڭىپ بەرسىڭىز ياخشى، دېگەنتى.

— توغرا، مەن شۇنداق دېگەن، — ھەلىمىخان مۇزەپپەرگە قارىدى، — قانچە مېڭىپ، ھەرىكەت قىلىپ بەرسە تۇغۇتى ئاسانلىشىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ ھەرىكەت ھەددىدىن زىيادە بولۇپ كەتسە، چارچاپ قالىدۇ، — مۇزەپپەر ئوغلىغا تىكىلدى، — ھە، ئىكرامنى ئۇزىتىپ قويدۇڭلارمۇ؟

— ھەئە دادا، ئۇنى ئۇرۇمچىگە يولغا سېلىۋەتتۇق، ئۇ پويىز بىلەن ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىدۇ.

— قارا بۇ بالىنىڭ تەلىيىنىڭ ئوڭدىن كەلگىنىنى، — دېدى ھەلىمىخان، — بۇندىن كېيىن گۆھەرخانىنىڭ ئۆيىگە پات - پات كىرىپ يوگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەر، ھالىڭ نېچۇك دەپ سوراپ تۇر.

— بىلىمەن، ئانا.

پەخرۇللا ئايالىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، پېشايۋاننىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ دەرھاللا مەشنىڭ تارتمىسىدىكى كۆلنى ئېلىپ، قۇرۇق يېرىندىلارنى شالا ئۈستىگە تىزىپ ئوت ياقتى. ئاندىن مەشكە كۆمۈر، پوم سېلىۋەتتى. بۇ يەرلەردە 11 - ئايلاردىمۇ ئانچە - مۇنچە «پارچە» يازلار بولۇپ تۇرسىمۇ، پەزىلىيە ئېغىر بوي بولغاچقا، بالدۇرلا مەش

www.uyghurkitap.com

قويۇۋالغانىدى. پەخرۇللا مەشنىڭ يېنىغا ئىككى قات كۆرپىنى سېلىپ پەي ياستۇقنى قويغاندىن كېيىن، ئايالىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ: «قېنى مۇشۇكۇم، كۆرپىدە ئۇخلاپ بەرسىلە» دەپ ياتقۇزۇپ قويدى. ئېرىنىڭ چاقچىقىدىن سۆيۈنگەن پەزىلىيەمۇ پەخرۇللاغا لەپپىدە قاراپ قويدى:

— راست دەيسىز، مەن ھازىر ئىسسىق يەرنى ئىزدەيدىغان مۇشۇكلا بولدۇم.

پەزىلىيە گەرچە كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا «بادامىلىق» باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئېرى بىلەن بىللە بېرىپ، بىللە كېلىپ، دەرس ئۆتەتتى. سىياسىي، كەسپىي ئۆگىنىش ۋە باشقا پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشاتتى. ئۇنىڭ مېڭىش ـ تۇرۇشى، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشى تەسلەشكەنسېرى، پەخرۇللا ئۇنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاپىرىپ ـ ئەكېلەتتى. نويابىر ئايلىرى ئاخىرلىشىپ، دېكابىرنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى باشلىنىشى بىلەن تارىم دەريا ساھىللىرىدىكى توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، قۇملۇق كۆجۈم يۇرتلارنى قارا سوغۇق رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مورا ئوچاقلىق ئۆيلىرىدە توغراق، پەقەم، يۇلغۇن شاخلىرى، سۆكسۆك، قورۇتقان تېزەكلەرنى قالايتتى. تېخى ئۇلار ئاش ـ تاماقلىرى پىشىپ بولغۇچە مەيدىلىرىنى قاقلاپ ئىسسىتاتتى. شەھەر ئاھالىلىرى بولسا، ئۆيلىرىگە ھەرخىل مەشلەرنى قويۇپ، كۆمۈر، پوم دېگەندەك يېقىلغۇلاردا ئۆيلىرىنى ئىسسىتاتتى. ئەمما كۆمۈر قىس بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئوتۇن ـ ياغاچلارنى قوشۇمچە دۆۋىلىۋالاتتى. بىر كۈنى ئۆيدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان پەزىلىيە توڭغاندەك بولدى ـ دە، ئېرىنىڭ كالتە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىۋالدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن دەرس تەييارلىق قىلىۋاتقان پەخرۇللاغا «ئۆي سوۋۇپ قالدى» دېيىشكە تىلى

بارمىدى. بۇنى دەرھاللا سەزگەن پەخرۇللا ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، زىخ بىلەن چۇقچىلاپ كۆللەرنى چۇشۇرۇۋەتتى. ئاندىن مەشنىڭ شالاسىدا قالغان ئازغىنە چوغ ئۈستىگە پوم سالدى.

ـــ ئوتۇن قالىسا ئۆي دەرھاللا ئىسسىيدىكەن، ئەمما ئوت ئۆچكەن ھامان سوۋۇپ قالىدىكەن، ـــ دېدى پەخرۇللا قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ـــ كۆمۈر بىلەن پومنى قالاۋېرەيلى دېسە، كېيىنكى كۈنلەردىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن.

پەخرۇللانىڭ «كېيىنكى كۈنلەر» دېگەن گېپىنىڭ تېگىگە يەتكەن پەزلىيە ئىچىدىكىنى ئوچۇقلا دېدى:

ـــ قاراڭ پەخرۇللا، ھازىر قورسىقىمىغا سەككىز ئاي بولۇپ قالدى. دوختۇر بىرىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرىنى جەزملەشتۈردى، ـ پەزلىيە ھاسىراپ ئاران گەپ قىلاتتى، ـــ شۇڭا، «ئىزىتقۇقۇم» جاڭگاللىقىغا بىرەر ـ ئىككى نۆۋەت كىرىپ، ئوتۇننىڭ غېمىنى قىلىپ قويامسىزكىن.

ـــ خاتىرجەم بولۇڭ، مەكتەپتىكى بىر ـ ئىككى مۇئەللىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويدۇق. ئەتە شەنبە كېچىدە ماڭىمىز.

ـــ ھە، راست، دادام «ئەگەر ئوتۇنغا كىرسە، گۆھەرخاننىڭ كۈيئوغلى ئاۋۇتنى بىللە ئېلىۋالسۇن» دېگەنىدى.

ـــ ۋاي خۇدايىم، ئۇ گالدۇ ـ گۇلدۇڭنى نەدىمۇ سۆرەپ يۈرەرمىز.

ـــ ئۇنىڭمۇ ئېشەك ھارۋىسى بولغاندىن كېيىن، ئۆز غېمىنى ئۆزى قىلار.

ـــ نەدىكىنى، بىر ھارۋىلىق ئوتۇننى يىغىپ، پارچىلاپ، ھارۋىسىغا بېسىپ باغلاپ بەرگەندىن كېيىن ئېشىكىنى ھەيدەشنى بىلىدۇ.

ـــ قانداق قىلىسىز ئەمدى، ئىكرام بولسا يوق. گۆھەرخان ئانىنى بىز يۆلىمىسەك كىم يۆلەيدۇ.

ـــ دادامىچۇ يوقىلاڭ ئاۋارىچىلىكلەرنى ئىزدەپ تېپىپىلا يۈرگەن، ئاۋۇتكامنىڭ تۇرغان تۇرقى شۇ تۇرسا، بۇ زىمىستان

سوغۇقلاردا ئارتۇقچە بىر يۆكتە.

پەخرۇللا ھەرقانچە قاقشىسىمۇ ئىكرامىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى، گۆھەرخان ئانىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قەدىناسلىقى ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەتىسى شەنبە تاڭ سۈزۈلمەستە ئاۋۋىتىنى جاڭگالغا بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار تۆت ھارۋا بولۇپ، پەخرۇللادىن باشقا يەنە ئىككى مۇئەللىممۇ بار ئىدى. پەخرۇللا بۇرۇن ئىكرام بىلەن ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش دېمەي جاڭگالغا كىرىپ ئوتۇن ئەكېلەتتى. ئۇلار قالاشقا تۇشلۇق ئوتۇننى غەملىۋالغاندىن كېيىن قالغىنىنى ناھىيە بازىرىدا سېتىپ چاي، تۇز، گۈگۈت، دورا ـ دەرمەك دېگەندەك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئالاتتى. نېمە ئۈچۈنكى پەخرۇللا 11 ـ ئايلاردا جاڭگالغا كىرىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ چاغلاردا ھەنىنىۋا گۈل ـ گىياھلار بەرگى خازانغا ئايلىنىپ، دەۋۋ ـ دەرەخلەر كونارغان تونلىرىنى سالاتتى، تەبىئەت چارىسىز دىۋانىدەك يالىڭاچلىنىپ كۆڭۈللەرنى خىرە قىلاتتى. ئەمما، چۆل پالۋىنى توغراق ۋە توغراق ئورمانلىرى شۇنچىلىك رەڭدار، ساپسېرىق يىپەك لىباسلارنى كىيىپ، ئۇنى سېلىشقا ئالدىرىمايتتى. بۇ مەنزىرە خۇددى كۆك ئاسمان، بوز دالا باغرىغا ساپسېرىق يىپەك شايىلارنى يېيىۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. سۈزۈك ھەم پاكىز، گويا جەننەت بېھىلىرىدەك سارغىيىپ تۇرغان رەڭلەر ھەر قانداق ھېسسىياتسىز ئادەمنىڭمۇ ھاياندا بولۇپ ئۆتكەن ھەسرەت، پىراق، نادامەت داغلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىگە سالاتتى! بۇ رەڭلەر شۇنچىلىك جىلۋىدار ئىدىكى، سىرىقلىقتىن ھالقىپ قىزغۇچ بىنەپشىرەڭ نۇر چېقىنلىرىغا ئۆزگىرەتتى.

پەخرۇللا بۇ قېتىم ھارۋىسىغا مەشتە ئۈزۈن كۆيۈپ، كۆمۈردەك چوغ چۈشىدىغان بەقەم ئوتۇن بېسىپ كەلدى. ئۇ يەنە بىر شەنبە كۈنى تاڭ سۈزۈلمەستە مەكتىپىدىكى بىر مۇئەللىم بىلەن جاڭگالغا كېتىپ ئەتىسى يەكشەنبە كەچتە قايتىپ كەلگەندە، پەزىلىيەنىڭ تولغىقى تۇتۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دەرھاللا

ئوتۇننى چۇشۇرۇۋېتىپ، هارۋىغا كىگىز، كۆرپىلەرنى سېلىپ، پەزىلىيەنى ناهىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. ئۈچ كۈنگىچە ۋارقىراپ ـ چىرقىراپ يىغلاپ هالىدىن كەتكەن پەزىلىيە قىيىن تۇغۇت دوقىلىغا دۇچ كەلدى. تۇغۇت بۆلۈمى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن پەخرۇللا جىددىيلەشكەنلىكىدىن مۇشتۇملىرىنى چىشلەپ، بارماقلىرىنى قايرىپ، تاملارغا مۇشتلايتتى. مۇزەپپەر بىلەن هەلىمىخان ئانا ئۇنىڭغا «سەۋر قىل» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ تۇغۇت بۆلۈمىدىن كېلىۋاتقان ئازابلىق چىرقىراشلارنى ئاڭلاش بىلەن ئۆزىنىڭ بېشىغا مۇشتلاپ، بارماق ئۇگىلىرىنى چىشلەيتتى. مۇزەپپەر بىلەن هەلىمىخان ئانىمۇ كارىدور ئىچىدە ئۇلۇغ ـ تەتۈر پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە بوغۇلۇپ تۇرغىنىدا، تۇغۇت بۆلۈمىدىن ئايال دوختۇر چىقتى، پەخرۇللا، مۇزەپپەر، هەلىمىخانلار ئۇنى ئورىۋالدى:

— دوختۇر، قىزىمىزنىڭ ئەهۋالى قانداق؟

— دوختۇر، راست گەپنى قىلىڭ … ئۇ … ئۇ ساقمۇ؟

— ئۇ، هېچ كۆرۈلمىگەن قىيىن تۇغۇتقا دۇچ كەلدى، — دېدى دوختۇر راست گەپنى قىلىپ، — قورساقتىكى بالا تەتۈر كېلىپ، خۇن كۆپ مېڭىپ كەتتى. شۇڭا، پەزىلىيەدە مىسقالچە مادار قالمىدى. ئەگەر يەنە ساقلىساق ئانا ـ بالىنىڭ هاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ.

— دوختۇر، بۇ … بۇنىڭ ئامالى يوقمىدۇ؟ — پەخرۇللا يىغلىۋەتتى، — گەپ قىلىڭا، دوختۇر … «ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا ئامال ـ چارەم يوق» دېمەكچىمۇسىز؟

— بالىدىن كەچسەڭلار، ئانىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن.

— ئەگەر كەچمىسەكچۇ؟!

— هەر ئىككىسىدىن ئۈمىد يوق!

— بولدى، بالىدىن كېچەي، — پەخرۇللا تامنى مۇشتلاپ يىغلىماقتا ئىدى، — پەزىلىيەنى ساقلاپ قېلىڭلار! ئۇ بولمىسا

بولمايدۇ ··· مەن ئۇنىڭسىز ياشىيالمايمەن!

تەقدىر ئەزەلىنىڭ قىسمەتلىرى تۈرلۈك ـ تۈمەندۇر، دېگەن ئىكەن قايسىدۇر دانا. مانا، دوختۇرلار بالىنى پارچىلاپ ئېلىۋېتىش قارارىغا كېلىپ، كېرەكلىك ئەسۋابلارنى تەييارلاپ تۇرۇشى، بىردىنلا بالا ئۆڭلىنىپ ئۇنىڭ قان ۋە شىلىمشىق بېشى كۆرۈندى. مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر مۆجىزىدىن ھەيران قالغان دوختۇرلار، ئانىغا كۈچىنىش ئوكۇلى ئۇرۇش ئارىلىقىدا، بالا قىرقىراپ يورۇق دۇنياغا كەلدى. ئۇلار «قىزكەن ··· قىزكەن···» دەپ پىچىرلاشماقتا ئىدى.

خۇشاللىق كۆز ياشلىرى تۆكۈلگەن مۇزەپپەر، ھەلىمىخان، پەخرۇللالار بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغا ـ زار قىلىشتى. مۇزەپپەر شۇ ھامان ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، قوتاندىن بىر ئوغلاقنى ئېلىپ چىقتى ـ دە، دەرھال قان قىلىپ نەزىر بەردى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇلار دوختۇرلارنىڭ دېگىنى بويىچە گۆش، شورپا، تۇخۇم، سۈت، شېكەر بىلەن باققاچقىمۇ، پەزلىيە ھەپتە ئىچىدىلا سىھەت تېپىپ، يۈزلىرىگە قان يۈگۈردى.

ــ پەزلىيە، ــ دېدى پەخرۇللا زاكىدالغان بالىنى باغرىغا بېسىپ، ــ قىزىمىزنىڭ ئىسمىنى سىزنىڭ ئىسمىڭىزغا يېقىن قىلىپ، «گۈلپىيە» دەپ قويساق بولارمۇ؟

ــ بوپتۇ، ــ رەڭگى ـ رۇخسارى خېلى ئەسلىگە كەلگەن پەزلىيە ئورنىدا يېتىپ كۈلۈمسىرىدى، ــ بۇ ئىسىمنى دەرھال دېگىنىڭىزگە قارىغاندا، بۇرۇنلا ئويلىنىپ قويغان ئوخشايسىز.

ــ يائاللا، سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ ـ ھە، ــ دېدى پەخرۇللا قىزىنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ــ چىرايىمغا قاراپلا بىلىۋالدىڭىز. راست، مەن گۈلپىيە دېگەن بۇ ئىسىمنى خېلىدىن بېرى ئىچىمدە زىكىر قىلىپ يۈرگەن.

پەزلىيە ئېرىگە چەكسىز مېھرۇ مۇھەببىتى بىلەن تىكىلدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# ۋاقىت ئاتقان ئوق

كونىلار «ۋاقىت ئاتقان ئوق» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. تاشقىن يېزا باداملىق كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى ئۆتەۋاتقان پەخرۇللانىڭ توغراق ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكەلگىنىگىمۇ بەش يىل بولۇپ، قالدى. ئۇ مەكتەپكە كېلىپ ئىككى يىل بولا ـ بولماي تۇغۇلغان ئوغلى ئەزھەرمۇ تۆت ياشقا قەدەم ئالدى. بۇ بالىنىڭ ئايىغى ياراشقاندەك، شۇ چاغدا پەخرۇللا پارتىيىگە قوبۇل قىلىندى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتتى بولغاي، پەزلىيەنى باداملىق كەنت باشلانغۇچ مەكتەپتىن توغراق ناھىيىلىك 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىلمىي مۇدىر ئەمىلى بىلەن يۆتكەلدى. ئاندىن پارتىيىگە ئەزا قىلىپ، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. ئۇنى يەتتە ياشلىق قىز گۇلپىيە، تۆت ياشقا قەدەم ئالغان ئەزھەرنىڭ ئانىسى دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق ۋە تولۇقسىز سىنىپلاردىن تەركىب تاپقان چوڭ مەكتەپ ئىدى. پەخرۇللا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ 1 ـ، 2 ـ يىللىقلارنىڭ فىزىكا دەرسىنى تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 ـ يىللىقلارنىڭ سىياسەت دەرسىنى ئۆتەتتى. ئۇ ھەپتىدە 22 سائەت دەرس ئۆتۈشتىن سىرت، مەكتەپ ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تەشۋىقات ھەيئىتى، ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىمۇ بار ئىدى. تېخى كۆتۈرەلمىسەڭ، ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، سىنىپ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مۇشكۇل، جاپاسى تولا خىزمەت ھېسابلىناتتى. پەخرۇللا بەزىدە ئىشىنىڭ كۆپلۈكىدىن چارچاپ يىقىلىپ قالايلا دەيتتى. ھەربىر تاڭ ئاتقان كۈنلەر ئىنتايىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. لېكىن، ئۇ قاقشىمايتتى، ۋايسىمايتتى، تەشكىلگە تاۋان تاشلاپ ئولتۇرمايتتى. چۈنكى، ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن سۆيەتتى. بەزى چاغلاردا شۇنچىلىك چاپ ـ چاپ بولۇپ كېتەتتىكى، كۈنىنىڭ قاچانلاردا پېتىپ، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسقانلىقىنى، چەكسىز كائىناتنىڭ يۇلتۇز تۈركۈملىرى بىلەن قاپلانغانلىقىنى بىلمەيلا قالاتتى. ھەتتا چۈشلۈك ياكى كەچلىك تاماق يېگەن ـ يېمىگەنلىكىنىمۇ ئەسكە ئالالماي قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. شۇڭا، پەزىلىيە پات ـ پاتلا ئاپئاق يورۇپ تۇرغان ئىشخانىغا تاماق يەتكۈزۈپ بېرەتتى. پەخرۇللا بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان گۈلپىيەنى نەچچە كۈنلەپ ئۇچرىتالمايتتى. ئۇ سەھەردە مەكتەپكە چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىلەردە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندىلا قايتىپ كىرگەچكە، قىزىنى ئويغىتىپ، سۆيۈپ قويۇشقىمۇ ئېرىنىپ قالاتتى. ئوغلى ئەزھەر چوڭ ئۆيدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇنى مومىسى يېتىلەپ ئەكەلمىگىچە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئاتايىتەن كۆرۈپ كېلىشكە ۋاقىت چىقىرالمايتتى.

پەخرۇللا بىلەن پەزىلىيە چوڭ قورۇدا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئالتە يىل بىللە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپ بىر يورۇش ئۆي بېرىپ ئۇلارنى كۆچۈرۈپ كەتكەنىدى. ھازىر مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئاخىرلىشىپ، بىرنەچچە يىللاردىن بېرى توختاپ قالغان ئوقۇش، قالدۇرۇلغان دەرسلەر تولۇقلاپ

ئۆتۈلۈۋاتقاچقا، ئوقۇتقۇچىلار تۇرماق، ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بېسىم ئېغىر بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، پەخرۇللا شۇنچە كۆپ قوشۇمچە خىزمەتلىرى تۇرسىمۇ، تولۇق ۋە تولۇقسىز سىنىپلارغا ئىككى خىل تەييارلىق بىلەن دەرس ئۆتەتتى. ئۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە كەلگەن يىللاردىن باشلاپ ئۇنى بىر خىل ئازابلىق خىياللار ناگان ـ ناگاندا ئۆز ئىلكىگە ئالاتتى. ئۇ قايسىلا سىنىپقا كىرمىسۇن، بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى سىنىپ مۇدىرى غۇلجىلىق ئابلەت تاھىر مۇئەللىم كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇ بىر كۈنى تولۇقسىز ئىككىنچى يىللىق سىنىپقا باسقۇچلۇق ئىمتىھان ئاتسېپىنىستى بولۇپ كىردى. 10 يىللار ئىلگىرى بۇ سىنىپ مۇزىكا كۇرۇژوكى بولۇپ، ئابلەت تاھىر مۇئەللىم 30 دىن ئارتۇق بالىلارغا گارمون، دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكا، ھەتتا ئېغىز گارمونلىرىغىچە ئۆگىتەتتى ۋە ناخشا دەرسى بېرەتتى. شۇ چاغدىكى كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىغا كەلگەن پەخرۇللانىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ دىمىغى ئېچىشتى. تېخى بىر كۈنى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئارقىسىدىكى يەرلىك ئۆيلەر قاتارىدىكى ئابلەت تاھىرمۇئەللىم ئولتۇرغان بىر ئېغىزلىق ياتاقنى كۆرۈپ، ئۇزۇنغىچە قاراپ كەتتى. مۇئەللىم غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى پەخرۇللاغا قاپلىق ئېغىز گارمونى سوۋغا قىلىشتىن سىرت، ئىنكرام ئىككىسىنىڭ قولياغلىقىغا ئالما چىگىپ بېرىپ:

— يىللىق ئىمتىھان ئېسىڭلاردا بولسۇن، سىنىپىمدىكى بالىلار ئىچىدە سىلەر ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىسىلەر، شۇڭا، مېنىڭ يۈزۈمنى سۆرۈن قىلماڭلار، — دېگەنىدى. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىش بىلەن ئابلەت تاھىرنى «بۇرژۇئازىيىنىڭ سېسىق تەشۋىقاتچىسى، سېرىق ناخشا ـ مۇزىكىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى زەھەرلىگەن ئەكسىيەتچى» دەپ بېشىغا قەغەز قالپاق كىيگۈزۈپ، يۈزىنى قاپقارا بوياپ، بوينىغا

ئاختاي ئېسىپ سازايى قىلىشتى. كېچە - كۈندۈز كۆرەشكە تارتىپ زادىلا ئارام ئالماق بەرمىدى. شۇڭا ئۇ «ئېزىتقۇقۇم» جاڭگاللىقى ئارقىلىق تەكلىماكان ئىچىگە قېچىپ، غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن بېرى ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكى ھەققىدە ھېچ خەۋەر بولمىدى. ئاجايىپ، ئايلاپ - يىللاپ ماڭسا چېتىنى تاپقىلى بولمايدىغان سىرلىق دەشت قۇم ئىچىدىن كىم ساق چىقالىغان. ئېھتىمال، ئۇنىڭ مۇبارەك تېنىمۇ قۇم بارخانلىرى ئارا ئۈنگەن قىزىل يۇلغۇن تۈۋلىرىدە بىر سىقىم توپىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدۇ! ئەمما ئۇنى كۆپ ئويلىغانلىقتىنمۇ ياكى ئۇنىڭ ئىزلىرى چۈشۈپ، ھىدلىرى تارقىلىپ ھايات خاتىرىلىرى قالغان مەكتەپتە ئىشلىگەنلىكتىنمۇ ئەيتاۋۇر بەزى - بەزىدە پەخرۇللانىڭ چۈشىگە كىرىپ قالاتتى. بولۇپمۇ، بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئولتۇرسا - قوپسا ئۇ يادىغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بېشىغا يوغان سالۋا تەلپەك كىيگەن، چاچ - ساقاللىرى چارلىشىپ ئاقارغان، توخۇئەت بولۇپ كەتكەن يۈز تېرىلىرى شامالدا قارايغان، ئۆزى يادىڭغۇ بىر ئادەم مەكتەپتە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئوقۇتۇش بىناسى ئالدىدا چۆرگىلەپ ھارغان بولسا كېرەك، پەلەمپەيدە ئەمدىلا ئولتۇرۇشى، قولتۇقىدا بىر دەستە ماتېرىيال، ئالدىراپ كېتىۋاتقان پەخرۇللا ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۇنىڭغا قارىدى:

— ئاكا، بىر كىمنى ئىزدەملا؟

يات ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، تازا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا پەخرۇللانىڭ قوللىرىنى تۇتتى - دە، كۆزلىرىگە ياش يىغىلدى.

— ھەي، سەن ··· سەن پەخرۇللا مۇزەپپەر ئەمەسمۇ! مېنى تونۇمىدىڭما؟ مەن ··· ئابلەت تاھىر!

— نېمە؟ — پەخرۇللانىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئابلەت تاھىر مۇئەللىممۇ سىز؟

ئۇلار پەلەمپەي ئۈستىدىلا قۇچاقلىشىپ كەتتى. پەخرۇللا ئۇنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چوڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرگەندە، يېڭى كەلگەن ياكى ياش ئوقۇتقۇچىلار ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. لېكىن 10 يىل ئىلگىرىكى كونا ئوقۇتقۇچىلار ۋە ياشانغان مۇئەللىملەر ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتى.

1966 - يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى قارا بورىنىغا ئۇچرىغان ئابلەت تاھىر ئىزىتقۇقۇم جاڭگىلى ئارقىلىق، تەكلىماكان ئىچىگە ئىچكىرىلەپ تۆت - بەش كۈن ماڭغاندىن كېيىن سۇدانىكى سۇيى تۈگەپ كەتتى. شۇندىقتىمۇ بىر كىم قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك يەنە بىرنەچچە كۈن ياغاچلارغا تايىنىپ، ئۆمىلەپ، قۇم بارخان ۋە يانپاش غوللاردا يۇمىلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. لېكىن ئادەم ياشىغان بىرەر ئورۇن ئۇچرىمىدى. ئۇ قورساقنىڭ ئاچلىقى، بولۇپمۇ ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىپ قۇملۇقلار ئارا ئۆسكەن پەس ياۋا قومۇشلۇققا كىرىپ ئۇخلىماقچى بولدى. لېكىن كۆتۈلمىگەندە ئۇنىڭ پۇتى قاپقانغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ جېنى ئارانلا قالغان ئابلەت تاھىر پۇتىنىڭ ئاغرىق ئازابىدا ھوشىدىن كەتتى. ئۇ نەچچە كۈن، نەچچە سائەت، قانچە دەقىقە ئۆتكىنىنى بىلمىدى. پەقەت كۆزىنى ئېچىپ كۆرگىنى تۆت تېمى ۋە تورۇسلىرىغىچە توغراق غوللىرىدا ياسالغان تولىمۇ ئاددىي بىر ئۆي بولدى. تېخى ماڭلاي ۋە سىېكىلەك چاچلىرى نارەسىدە بالىلاردەك ئوماقلاشتۇرۇۋەتكەن، چوڭ كۆزلىرى دۇپدۇگىلەك، قاشلىرى قاغا پېيىدەك، قويۇق كىرپىكلىك 14 - 15 ياشلاردىكى بىر قىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاتوي، پۆپەكباش قارىچۇقلىرىن ئاچۇر،[①] — دەپ ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە چىگىش ساقال، تەتۈر ئۇستىخان،

① ئاتا، بېشىدا چېچى بار كىشى كۆزلىرىنى ئاچتى.

كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۆچىسىغا قوپال توقۇلغان (تاغارسىمان) يەكتەك كىيگەن، بېلىگە پوتا باغلىغان 50 ياشلاردىكى بىر ئەر ۋە ئىككى ئۆزۈلگەن چاچلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئاق تەڭگىلەر جىلدىرلاپ تۇرغان بىر ئايال پەيدا بولدى. ئابلەت تاھىر ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋالغان ئاشۇ ئۇۋچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، ئوغلاق تېرىسىگە ئوراپ باغلىۋەتكەن بىر پۇتى سىرقىراپ ئاغرىپ كەتتى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئۇۋچى ئابلەت تاھىرنى 10 نەچچە كۈن ئوغلاق گۆشى، قومغا كۆمۈلگەن ئىچباغىر[1]، شورپىلار بىلەن بېقىپ ئەسلىگە كەلتۈردى. ئاندىن ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلاپ ساقاللىرىنى تۇتاملىدى:

— يۇرتۇڭغا قاچىمىغىنىڭ ئوبدان بوپتۇ، چوڭ شەھەرلەردىكى ئىس - تۈتەكلەر ئادەملەرنىڭ كۆڭلىنى قارا قىلىۋەتكەن، ئۇلار سېنى ئاسانلا تۇتۇپ بېرىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرلەر تەڭرىنىڭ نەزىرىدىن باشقا يات نەزەرلەر چۈشمەيدىغان قۇملۇق، جاڭگال، توغراقلىقلار ··· مال بېقىپ رىزقىڭنى تېپىپ يېيەلەيسەن، — دەپ شاپائەت ۋە ساخاۋەت قوللىرىنى سوزدى. ئابلەت تاھىر راۋاب، نەي چېلىپ، بېشىغا سالۋا تەلپەك، پۇتىغا پۇرمە چورۇق، ئۇچىسىغا يۇڭدىن توقۇلغان مەللە رەڭ تون كىيىپ، بىر توپ ئۆچكىلەرنى باقتى. ئارىدىن بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇۋچى نۇربانۇ ئىسىملىك 15 ياشلىق قىزىنى نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالدى.

ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى شۇنچىلىك سۈرلۈك سۈكۈتكە چۆمدىكى، بۇ جىمجىتلىقنى ئېغىر - ئېغىر تىنىغان ۋە خورسىنىغان ئاۋازلار بۇزۇپ تۇراتتى. بەزىلەر «تۇۋا» دەپ

① قۇملۇققا يېقىلغان گۈلخان ئاستىنى كولاپ، ئىچىگە گۆش پارچىلىرى، جىگەر، يۈرەك، تال قاتارلىقلار قاچىلانغان قېرىننىڭ ئاغزىنى بوغۇپ قىزىق قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرىدۇ.

ياقىسىنى تۇتاتتى.

— مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئىغىر تالاپەت تارتقان زىيالىيلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، تارتقان زىيىنىنى تولدۇرۇپ بېرىش ھەققىدە مەركەزنىڭ ھۆججەت، ئۇقتۇرۇشلىرى بار، — دېدى پەخرۇللا ئىشەنچ بىلەن، — مەن ئەتىلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ سۆزلىشىمەن.

— مېنىڭ، — ئابلەت تاھىر يىغلىغانىدى، — بىر قىز، بىر ئوغلۇم بار. ئۇلار مەكتەپ يېشىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ ئوقۇيالمىدى. شۇڭا قېيناتام، قېينانامنىڭ رازىلىقى بىلەن سىلەرنى پاناھ تارتىپ كەلدىم.

— مۇئەللىم، خىزمىتىڭىز ھەل بولغاندىن كېيىن، — پەخرۇللانىڭمۇ كۆز جىيەكلىرى قىزارغانىدى، — ئائىلىڭىزنى يۆتكەپ كېلىڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، بولىدۇ.

— سىز ئەسلىدە مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، — دېدى مەكتەپ مۇدىرى ھېسامىدىن، — سىزنىڭ بارلىق رەسمىيەتلىرىڭىز ناھىيىمىزدىن تارتىپ، بوستان ۋىلايىتى مائارىپ ئىدارىسى ئارخىپ بۆلۈمىدە ساقلانغان، شۇڭا، تېزلا ھەل بولىدۇ.

مەكتەپ مۇدىرى ھېسامىدىن پەخرۇللانىڭ دەرسى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىلىرىنى باشقىلارنىڭ ئىشلەپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنى مەخسۇس مۇشۇ ئىشقا مېڭىشقا بەلگىلىدى. توغراق ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى، خەلق ئىشلار بۆلۈمى ۋە تەشكىلات بۆلۈملىرى تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەۋەتىشتى. پەخرۇللا دەرھاللا شەھەرگە كىرىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن يۈگۈرۈپ، ھەپتە ئىچىدە ئابلەت تاھىرنىڭ خىزمەت رەسمىيىتىنى ۋە نوپۇس، تەمىنلەش كىنىشكىلىرىنى ھەل قىلىپ يېنىپ كەلدى.

www.uygurkitap.com

ئۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارغا سالام بېرىپ، بەزىلىرى بىلەن ئەھۋاللىشىپ كېلىۋېتىپ، ئۆي ئالدىغا توختىتىپ قويغان كۆك رەڭلىك كىچىك ماشىنىغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ماشىنىنىڭ نومۇرى، شەكلىگە قاراپ، قۇربان ھېيتتا ئىكرام ھەيدەپ كەلگەن ماشىنا ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

ئىكرام چىڭداۋدا بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن مايتاش قەغەز زاۋۇتىنىڭ توك ئىشلىرى تېخنىكى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ يەردە بەش يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۇ يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بوستان ۋىلايىتى 4 - قاتناش شىركىتى 8 - كالونغا يۆتكىلىپ كېلىپ، توك ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر پەرزەنتلىرىدىن تەركىب تاپقان زىيالىي ياشلار گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل خادىم بولغانىدى.

پەخرۇللا ئۆيگە كىرگەندە، شىرە ئەتراپىدىكى كۆرپىلەردە ئولتۇرغان ئىكرام، پەرۋىنە، پەزىلىيەلەر كاۋا مانتىسىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتاتتى. ئىكرامنىڭ تۆت ياشلىق ئوغلى يۈسۈپجان، پەخرۇللانىڭ بەش ياشقا قەدەم ئالغان ئوغلى ئەزھەر، 8 ياشلىق قىزى گۈلپىيەلەر ئايرىم قويۇلغان كىچىك شىرەدە ئولتۇراتتى. ئىكرام بىلەن پەرۋىنە ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋېدى، پەخرۇللا ئۇلارنى تۇرغىلى قويمىدى.

— بولدى، بولدى، قوزغالماڭلار، — دېدى پەخرۇللا قولىنى يۇيۇۋېتىپ، — سىلەرنىڭ باھانەڭلەردە كاۋا مانتىسىنى راسا بىر يەۋالىدىغان بولدۇمدە.

— كېپىڭدىن قارىغانىدا، — ئىكرام چاقچاق قىلدى، — پەزىلىيە تاماقنى نورمىلىق بېرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— «كېلىنىڭنى قويۇۋېتىپ، سەمرىپ كېتىۋاتىسىز» دېگەن تاپا - تەنىدىن قۇتۇلالمايمەن دېگىنە، — پەخرۇللا ئىكرامغا قارىدى، — ھەي، قۇربان ھېيتتا كەلگەندە شوپۇر بار ئىدى، بۇ قېتىم يوقمۇ؟

— ئۆزۈم ھەيدەپ كەلدىم. كالونغا يۆتكەلگەندىن كېيىن تەشكىل شوپۇرلۇق كۇرستا ئوقۇتتى.

— شۇنداقمۇ؟

ئۇلار بىرلىكتە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. پەخرۇللا شەھەرگە نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشى، ئىكرام دەرھاللا ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتتى.

— ئابلەت تاھىر مۇئەللىم ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىدۇ؟

— بىزنىڭ چوڭ ئۆيدە، رەسمىيەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ئائىلىسىنى يۆتكەپ كېلىدۇ.

— بىر ساۋابلىق ئىش قىپسەن جۇمۇ، — ئىكرام دوستىنىڭ ھارغىن چىرايىغا قارىدى، — ئۆزۈڭمۇ خېلىلا جاپا تارتقان ئوخشايسەن.

— بۇنداق ئىشلارغا يولۇقتىيۇ، كېچىلىرىمۇ ئۇخلىيالمايدۇ، — دېدى پەزلىيە ئېرىدىن سۆيۈنگەن ھالدا، — يەتتە، سەككىز ئاي بولدىغۇ دەيمەن، ناھىيىلىك سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى ئەخمەت ھاشىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشىدا، ئۆز خىزمىتىدىن سىرت بىر ئايدەك مېڭىپ، ئورۇقلاپ چوكىدەك بولۇپ قالدى.

— سىزمىچۇ ئاشۇرۇۋېتىسىز، چوكىدەك بولۇپ قالغان بولسام ئوچاققا سېلىپلا تۇتۇرۇق قىلىۋېتەرسىز، — پەخرۇللانىڭ سۆزىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئەخمەت ھاشىمنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا نېمە خاتالىقى ئۈچۈن تۇتتى، — سورىدى ئىكرام، — ئۇ خېلىلا دۇرۇس ئادەم ئىدى.

— خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن پۇت تېپىشىپ قېلىپ، پارىخور، خىيانەتچى، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلىگەن دېگەندەك قالپاقلار بىلەن بوز يەرگە ھەيدىۋەتكەن.

— يۇقىرى - تۆۋەنگە يوللايدىغان ماتېرىيال، ئەرزلەرنىڭ ھەممىسىنى پەخرۇللا يازدى، — دېدى پەزلىيە چاي قۇيۇۋېتىپ، — خىزمەتتىن ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ ئولتۇرسا، تاڭ ئېتىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيدۇ دېسە.

پەزلىيەنىڭ ئېغىر نەپەسلىرىدىن، يۈزىگە چۈشكەن قوڭغۇر داغلاردىن ئۇنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئىكرام، ئابلەت تاھىر مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشۈپ قوي، — يۈز تۇرا ماختاشلاردىن خىجىل بولغان پەخرۇللا سۆزىنى ئېلىپ قاچتى، — ئۇ سېنى بەك سوراپ كەتتى جۇمۇ.

— چوقۇم كۆرۈشىمەن، مەشەدىن قايتىپلا مۇزەپپەر دادامنى، ھەلىمىخان ئانامنى يوقلىغاچ بارمىسام بولمايدۇ، — ئىكرام دوستىنىڭ ياداڭغۇ يۈزىگە مېھرى بىلەن قارىدى، — قارا، ئاداش، بۇ قېتىم ئانامنى شەھەرگە ئەپكەتمەكچىمەن.

— گۆھەرخان ئانام ئۇنىدىمۇ؟

— پەرۋىن بىر نېمىلەرنى دەپ يۈرۈپ ماقۇل كەلتۈردى، — ئىكرامنىڭ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلدى بولغاي، دەرھاللا پەخرۇللاغا قارىدى، — ھەي، پەزلىيە سېنى تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكەيمىز دەۋاتىدۇ، دەيدۇغۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن بىلەن بىر قېتىم سۆھبەتلەشتى.

— سەن نېمە دېدىڭ؟

— مېنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىمىساڭلار، دېدىم.

— تايىنلىق ئەمەللىرىڭگە كۆزۈڭ قىيمايۋاتقاندۇ؟

— مەندە نېمە ئەمەل بولسۇن.

— ئاڭلىسام تولۇق ۋە تولۇقسىز سىنىپلارغا ئىككى خىل تەييارلىق بىلەن يىگىرمە ئىككى سائەت دەرس ئۆتۈشتىن سىرت «ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى»، «مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تەشۋىقات ھەيئىتى»، «ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى» دېگەنلەر ئەمەل ئەمەسما، — ئىكرام

بىردىنلا قىزىشىپ قالدى، — ھەي، سەن ئەمەل ئۈچۈنلا تۇغۇلغان نەرسىمۇ؟ نېمانداق يۈكنى ئاتىۋەرسە، كۆتۈرۈۋېرىدىغان تۆزچىنىڭ ئېشىكىمۇ سەن!

— ھەي، ھەي، تۈزۈك گەپ قىلە.

— مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنا - باشلانماي «تۆھمەت ئۆڭكۈرى»دىن ئىبارەت مەخپىي ساندۇقنىڭ باشلىقى، دازىباۋلارنى تىزىملاش باشلىقى، بەكرى نامەتنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىسى··· قىسقىسى، مەن دېيەلمەيدىغان جىقلا بىر نېمىلەرگە باشلىق بولۇپ كەتتىڭ.

— ئىكرام، تېخى بىلمەيسىز. يېقىندا، — پەزلىيە گەپ قىستۇردى، — مائارىپ ئىدارىسىدىن «مۇۋەققەت ئىلمىي مۇدىر» دېگەن ئۇقتۇرۇش چۈشۈردى.

— نېمە دېسەڭ دەۋەر، رەھبەرلىك ماڭا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن خىزمەت تاپشۇردى. بۇنداق ئىشەنچ ئادەمنىڭ قىممىتىنى بەلگىلەپ، روھىنى ئۇلۇغلايدۇ، شۇڭا ئىشەنچ ھەممىدىن ئەلا.

— ئائىلەڭ، بالىلىرىڭچۇ؟ ئەگەر بىر لىگەندە ئەمەل، يەنە بىر لىگەندە ئائىلەڭنى ئېلىپ كەلسە، قايسىسىغا تۇرارسەن؟

— بۇ ئىنتايىن مەنتىقىسىز، لاۋزا، تېتىقسىز سوئال بولدى.

— بولدى قىلىڭلارچۇ، — ۋارقىرىدى پەرۋىنە، — كۆرۈشمىسە، «كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى»، «زەپمۇ كۆرگۈم كەلدى»، «قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟» دەپ قاقشىغان. كۆرۈشسىلا چۈجە خورازدەك چوقۇشقان.

ئۆزلىرىنىڭ ئېگىز - پەس ھالغا كېلىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولغان پەخرۇللا، ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئىكرامغا لەپپىدە قارىشىغا، ئۇمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدىمۇ نېمە، چاندۇرماي كۆزىنى قىستى ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا قاقاقلاپ كۈلۈشتى. پەخرۇللا بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە قالغان

www.uyghurkitap.com

پەزىلىيە بىلەن پەرۋىنەگە قارىدى:

— سىلەرنىڭ راستىنلا ئىشىنىپ قىلىشىڭلارنى ئويلىماپتىمىز، — دېدى پەخرۇللا كۈلۈپ، — بۇ دېگەن چاقچاق، ئىكرام ئىككىمىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغاچقا، ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقاردۇق شۇ.

ئىكراممۇ پەخرۇللاغا ماسلاشتى:

— بۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدا، رۇكۇدىكى ئىمامدەك ئۈندىمەي ئولتۇرساق بولغۇدەك.

ئىكرام، پەرۋىنە ئوغلى يۇسۇپجان بىلەن ئانىسى گۆھەرخاننى ئېلىپ شەھەرگە ماڭغاننىڭ تۆتىنچى كۈنى، ئابلەت تاھىر ئائىلىسىنى يۆتكەپ كەلدى. مەكتەپ ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز ئۆينى ئاقارتىپ، تازىلاپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. پەخرۇللا ئۇنى كۆچۈرۈپ، نوپۇس، ئاشلىق رەسمىيەتلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ خاتىرجەم قىلدى. لېكىن ئەتىسىلا ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكىلىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرى ئېچىشقان ھالدا ئۆيىگە كىردى. ئېرىنىڭ مەيۈس، روھسىز ھالىتىدىن بىئارام بولغان پەزىلىيە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:

— سىزنىڭ ھەرقانداق خىزمەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان ئەستايىدىللىقىڭىز، ئىش بېجىرىشتىكى زېرەكلىكىڭىز، ئايىغىڭىزنىڭ چاققانلىقى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كۆزىگە چۈشكەن گەپ. ئۆزىڭىزنىڭ ھەرقانداق ئىشتا كارغا يارايدىغانلىقىڭىزدىن ئىپتىخارلانسىڭىز بولىدۇ.

— سىزگە ئايان، گەرچە جاپالىق بولسىمۇ يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئايرىلغۇم يوق، — پەخرۇللانىڭ كەيپىياتى خېلىلا تۆۋەن ئىدى، — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى، قاينام - تاشقىنلىق مەكتەپ ھاياتى، فورمۇلا، تەڭلىمە دەپ مۇنازىرىلىشىدىغان كەسىپداشلىرىم، «مۇئەللىم» دەپ

چاقىرىدىغان سەبىي باللار، هاياتىمىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىپتىكەن.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. سىز نەگىلا بارماڭ تەشكىلىنىڭ ئادىمى!

پەخرۇللا تەشۋىقات بۆلۈمىگە خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي، توغراق ناھىيىسىنىڭ «سايتېكە» كەنتىگە نۇقتىغا چۈشتى. بۇ كەنت ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش سىناق نۇقتىسى ئىدى. گەرچە «سايتېكە» دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق جەھەتتە ئالدىنقى قاتاردىكى كەنتلەردىن ھېسابلانمىسىمۇ، ئەمما كەنت ياشلىرىنىڭ روھىي ھالىتىدە بىر خىل چۈشكۈنلۈك ھۆكۈم سۈرەتتى. ئائىلىسىدە ۋېلسىپىتى بارلار خېلىلا ھاللىق ئائىلە ھېسابلىناتتى. شۇڭا ۋېلسىپىتى بار ياشلار پۇرسەت تاپسىلا ناھىيە بازىرىغا چاپاتتى. ۋېلسىپىتى يوقلار بولسا كەنتتىكى كوپىراتىپنىڭ ماگىزىنى ئەتراپىنى چۆرگىلەپ، ئىككى سەر ئىچىپ، تۆت سەر مەست بولۇپ يۈرۈشەتتى. يوقىلاڭ ئىشلارغا ياقا سىقىشىپ مۇشتلىشىدىغان ئىشلار كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇراتتى. پەخرۇللا بىر كۈنى دۇكان ئالدىدا مەست بولۇپ قالغان ئىككى ياشنىڭ ئاللىبۇرۇن بوستانغا ياتلىق بولۇپ كەتكەن بىر قىزنى تالىشىپ، ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىپ مۇشتلاشقانلىقىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى. بۇنداق ئاختارمىلىقتا چالما تالىشىدىغان بىمەنە جەڭگى - جېدەللەر پات - پاتلا بولۇپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ئاقىۋىتى خەتەرلىك ئىدى. پەخرۇللا بۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ چارىسىنى كۆپ ئويلىدى.

بىر كۈنى پەخرۇللا كەنت مەكتىپىگە كىردى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى قويۇۋېتىدىغان كەچ ۋاقتى بولۇپ، ئۈچ ئوقۇتقۇچى تاق گار ئالدىدا توپ تالىشىپ ئويناۋاتاتتى. مەيدان ئەتراپىدا قاراپ

تورغان بىرقانچە يېزا ياشلىرى قارىماقتا توپ ئويۇنىغۇسى بولسىمۇ، مۇئەللىملەردىن ھېيىقىپ مەيدانغا كىرەلمىگەنىدى. پەخرۇللانىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدىن كېلىپ نۇقتىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەممە بىلگەچكە، مۇئەللىملەر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— پەخرۇللاكا، بىزنىڭ مەكتەپكىمۇ پايى - قەدىمىڭىز يېتىدىكەن - ھە، — تەنتەربىيە فورمىسى كىيىۋالغان مۇئەللىم قىزغىن كۆرۈشتى، — مېنى تونۇغانسىز؟

— سىز تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى غوجەخمەتقۇ، باش مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەندە، مەن سىزنىڭ نەۋكىرىڭىز بولۇپ چۈشكىنىمنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزما؟

— ئېسىمدە، ئېسىمدە، قالتىس ئويناپ قويىدىكەنسىز جۇمۇڭ.

— نېمانداق يالغۇز گار تۇۋىدە ئۇچۇڭلار ئويناۋاتىسىلەر؟

— باشقا ئادەم بولمىغاندىن كېيىن.

— بۇلار ئوينىيالامدىكەن؟ — پەخرۇللا يېزا ياشلىرىغا قاراپ ۋارقىرىدى، — يىگىتلەر توپ ئوينىيالامسىلەر؟

— ئوينىيالايمىز، — دېھقان يىگىتلەر بىردەك توۋلاشتى.

— مۇنداق بولسۇن، غوجەخمەت ئىككىمىز كوماندا بولۇپ ئوينايلى، قېنى بۇ بالىلاردىن تاللىۋېلىڭ.

ئاددىيغىنە ۋاسكېتبول مەيداندا ۋاسكېتبول ئويناش باشلىنىپ كەتتى. گەرچە ئويناۋاتقانلار ئىچىدە ئۇچلا ئوقۇتقۇچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەدىناس دوستلاردەك، كونا بۇرادەرلەردەك «قېنى ئات»، «تاشلىمامسەن»، «تېز ئەپقاچ» دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى، يۈگۈرۈشەتتى. پەخرۇللا ئەسلىدىمۇ سەنئەت ۋە تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ھەۋەسكارى بولغاچقا، بۈگۈنكى مۇسابىقە ئۇنىڭغا زور ئىلھام بولدى. كەنت ياشلىرىنى سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق جانلاندۇرغىلى بولغۇدەك

دەپ ئويلىدى.
ئۇ ئەتىسىلا كەنتتىكى ياشلارنى بىرقانچە گۇرۇپپىغا تەشكىللەپ مۇسابىقە ئۆتكۈزدى. بۇنداق مۇسابىقە بىرقانچە كۈن داۋاملىشىۋىدى، تاماشىبىنلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ، مەيدانغا ئادەم پاتماي قالدى. ئەسلىدە كەنتتە كەم بولۇۋاتقان نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن پەخرۇللا كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى غوپۇر سادىق بىلەن كۆرۈشتى.
— غوپۇركا، سايتېكە كەنتىدىكى ياشلارنى يىغىپ، «A»، «B» كوماندا تەشكىللەپ، باش مەكتەپ ۋە كەنت باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن دوستلۇق مۇسابىقىسىنى يولغا قويساق، سىزچە قانداق؟
— مەنمۇ سىلەر ئۆتكۈزگەن مۇسابىقىلەرنى كۆرۈپ، شۇ ئويغا كەلگەن، — دېدى غوپۇر سادىق قىرقىم بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — مانا بىرەر ھەپتىدىن بېرى، كەنت بازىرى ئىچىدە جېدەل - ماجىرا، سەت تىللىشىشلار ئازىيىپ قالدى.
— يەنە بىر گەپ، كەنت زالىدا كىنو قويۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرسەك، رادىئو ئۈزېلى قۇرۇپ، ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەتلەرنى، نەمۇنىچى، ئىلغار شەخسلەرنى تەشۋىق قىلساق.
— بۇرۇن بار ئىدى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ بورانلىرى ئۇچۇرۇپ كەتتى ئەمەسمۇ، كەنتتىن ئازراقلا ئىقتىساد ئاجراتساق ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.
شۇ كۈندىن باشلاپ، غوپۇر سادىق بىلەن پەخرۇللا ئامباردىكى توپا بېسىپ ياتقان خەۋەر تارقىتىش ئۈسكۈنىلىرى، كىنو قويۇش ئاپپاراتلىرىنى شەھەرگە ئاپىرىپ يۇغۇزدى، رېمونت قىلدۇردى، كەملىرىنى تولۇقلىدى. پەخرۇللا غوپۇر سادىقتا نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرۈپ دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، ئىسكىرىپكا، داپ، نەي قاتارلىق سازلاردىن بىر يۈرۈش ئالدۇردى. يېزا ياشلىرىدىن ناخشا ئېيتالايدىغان، ساز چالالايدىغان، ئۇسسۇل ئويناپ،

قىزىقچىلىق قىلالايدىغانلارنى تەشكىللەپ، «ئەلنەغمە سەنئەت ئەترىتى»نى قۇردى.

ئەمدىلىكتە سايتېكە كەنتىنىڭ قىياپىتى يېڭىلىنىپ، ئۇنىڭ ياشلىرى شۇنچىلىك جانلىنىپ كەتتىكى، بۇرۇنقى ھالىتىدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. كەنتتە بەزىدە كىنو قويۇلسا، بەزىدە ۋاسكېتبول مۇسابىقىلىرى جانلىنىپ كېتەتتى. بىر خىل تەنتەربىيە فورمىلىرىنى كىيگەن يېزا ياشلىرى رەتلىك ھالدا مەيدانغا چۈشكەندە، دېھقانلار ھاياجانلانغانلىقىدىن چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ، ئۆزئۆزىگە چاۋاك چېلىشاتتى. پەخرۇللامۇ تەنتەربىيە فورمىسىنى كىيىپ، دېھقان ياشلىرى بىلەن بىللە مۇسابىقىگە چۈشەتتى. ئەگەر ئەلنەغمىچىلەر ئويۇن كۆرسەتسە، شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەممىنى باشلاپ ماڭىدىغان سەركە سازچى پەخرۇللا ئىدى. شۇڭا ئۇنى يېزا ياشلىرى سەركەردىمىز، يېگىت بېشىمىز، يولباشچىمىز دەپ تەرىپلەيتتى.

سايتېكە كەنتىدە بىر يىلدىن بېرى نۇقتىدا تۇرۇۋاتقان پەخرۇللا كەنتنىڭ «يىقىلغان توغراق»، «قاراقۇم»، «پاختىلىق» قاتارلىق تەكلىماكان قۇملۇقىغا تۇتاش ئەڭ يىراق يېزانلىرىدىكى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق بىلەن كۈنى ئۆتۈۋاتقان نامراتلارنىڭ ئۆيلىرىگىچە بېرىپ، ھال سوراش بۇيۇملىرى، قۇتقۇزۇش پۇللىرىغىچە تارقىتىپ، ئۇلارغا پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ ئىللىقلىقىنى يەتكۈزەتتى. كەنتتىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار شۇنچە كۆپ ئىدى. بەزىلىرىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ناھىيىدىكى رەھبەرلەردىن يوليورۇق ئالمىسا بولمايتتى. ئۈچىنچى بالىسى ئەليار تۇغۇلغاندا، پەزىلىيەگە ئۈچ كۈن ھەمراھ بولغان پەخرۇللا، بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا بېرىپ يوقلاپ كېلەلىدى. مانا ھازىر ئوغلى ئەليارمۇ تۆت ئايلىقتىن ئېشىپ قالدى.

بۈگۈن ئادەتتىكى بىر شەنبە بولۇپ، كەنت پارتىيە

ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى غوپۇر سادىق ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ جىددىي ئىشلەۋاتقان پەخرۇللاغا ئاستا ئېگىلدى:

— ئۆيىڭىزگە بارمىغىلى بىر ئايدىن ئاشتى، — دېدى شۇجى پەس ئاۋازدا، — ئايىغى ئىتتىك، يورغىسى سىلىق، يارام ئېشەكتىن بىرنى توقۇپ بەرسۇن، بېرىپ كېلەمسىز؟

— بارساممۇ باراي، لېكىن ئېشىكىڭىزنى باقالمايمەن، ئىشخانىنىڭ ۋېلسىپىتى ئەڭ قولايلىق.

— ئاتا - ئانىڭىز بولغاچقىمۇ بالىلاردىن ئانچە ئەنسىرىمەيدىكەنسىز.

— ئۆيدىن ئەنسىرىمەيدىغانمۇ ئىش بولامدۇ، غوپۇركا، ئۇلارنىڭ ئوتۇن - ياغاچ، يېقىلغۇ ئىشلىرىنى ئويلىساملا كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.

— ئوغلىڭىز ئۈچ ئايلىق بولغاندا بىر قېتىم يوقلاپ كەلدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، هازىر تۆت ئايدىن ئاشتى، — پەخرۇللا غەلىتىلا كۈلۈپ قويدى، — بوۋاقنى ئانام بېقىپ بېرىۋاتقىنى بىلەن توققۇز ياشلىق قىزىم گۈلپىيە، ئالتە ياشلىق ئوغلۇم ئەزھەرلەرنىڭ ئاش - تامىقى، كىيىم - كېچىكى، ئوقۇشى قاتارلىقلار يەنىلا پەزىلىيەنىڭ زىممىسىدە. مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، ئايالىڭىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولغاندىن كېيىن توغرا چۈشىنىدۇ.

پەخرۇللا چۈشتىن كېيىن كىر كىيىملىرىنى ۋېلسىپىتىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ يولغا چىقتى. سايتېكە بىلەن ناهىيىنىڭ ئارىلىقى ۋېلسىپىتلىك ئادەم ئۈچۈن بىر سائەتتىن ئارتۇق مۇساپە بولۇپ، شېغىل تۆككەن تاشيول ئىدى. ئەگەر بىرەر ماشىنا ئالدىڭىزدىن ياكى كەينىڭىزدىن كېلىپ قالغۇدەك بولسا، چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ شەھەرگە كىرگىچە ئۇستۇۋېشىڭ

ھەتتا قاش ـ كىرپىك، قاپاقلارغىچە بىر قەۋەت ئاپئاق توپا بولۇپ كېتەتتى. بۇنى دېھقان ياشلىرى «سەھرا ئۇپىسى» دەپ قويابتتى. قىسقىسى، ناھىيە بازىرىغا كىرىپ بولغۇچە ھەرقانداق ئادەم گوركارغىلا ئوخشاپ قالاتتى. پەخرۇللا كىچىك ئوغلى ئەليارنى كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەنلىكتىن، مەكتەپ ئالدىغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇدۇللا چوڭ ئۆيگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپلا ۋېلىسىپىتنى ھويلا ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇپ، ئىككى پەلەمپەينى بىر ئاتلىغىنىچە ئۆيگە كىردى. لېكىن، ئوغلى ئەليار كۆرۈنمەيتتى. ئۆينىڭ تۆرىدە دادىسى مۇزەپپەر ئىككى ياستۇققا يۆلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭغا مۇقاۋا ۋە ۋاراقلىرى سارغىيىپ كەتكەن قېلىن كىتابنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان ھەلىمخان ئانا، كەلگەن بېرىگە خەلپەتنى قىستۇرۇپ كىتابنى ياپتى. ئاندىن ئوغلىغا يالتتىدە قاراپ: «كەلدىڭما؟» دەپ قويدى. پەخرۇللامۇ ئانىسىغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئايغىنى سېلىپ سۇپىغا چىقتى ـ دە، ئورۇن تۇتۇپ ياتقان دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ تىزلاندى.

— دادا مىجەزىڭ يوقما، يېتىپسەنغۇ؟

— يەنە شۇ كونا كېسەل، بالام، پۇتۇمنىڭ سۆڭەكلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، ئارام بەرمەيۋاتىدۇ.

— ئۇنداقتا، مەن رۇخسەت سوراپ كېلەي، سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ كۆرسەتمىسەم بولمايدۇ.

— بولدى، قوي، بالام، ھۆكۈمەت ساڭا ئىشىنىپ خىزمەت تاپشۇردى. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقمىساڭ قانداق بولىدۇ. دورا يەۋاتىمەن، ئەتە ـ ئۆگۈن تۈزۈلۈپ قالىمەن.

— ئانا، سېنىڭ ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يوقلاپ تۇرالمىدىم. سىڭلىم گۈلىستان كۆرۈنمەيدۇغۇ؟

— مەكتەپتىن كېلىپلا دەرس تەكرارلىغاچ ئەليارنى ئويناتقانىدى، ئەليارنى ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئوينىغىلى چىقىپ كەتتى.

پەخرۇللا ئانىسىنىڭ قومۇش قەلەمدە تارتقاندەك قاشلىرىغا، ناۋات رەڭ سۇزۇك چىھرىگە، قاڭشارلىق چىرايلىق بۇرنىغا، ئادەم ئەيمەنگۈدەك رۇخسارىغا قارىيالماي يەر بېقىپ تۇردى. خۇددى سىرلىق قاچىنىڭ سىرى كەتكىنى بىلەن سىنى كەتمەس دېگەندەك، ئۆتمۈشتىكى تۇرپان ئاستانىلىق قۇندۇزئايىنىڭ لاتاپەتلىك ئەستىلىكلىرى ھېلىھەم يېلىنجاپ تۇراتتى. ھەلىمىخان ئوغلىنىڭ جۇدەپ، قارىداپ قالغان چىرايىغا قاراپلا، خىزمىتىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى سېزىپ يۈرىكى ئېچىشتى. لېكىن، ئۇ «نېمانداق ئەرۋاھتەك بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ جىملەشنى خالىمىدى. ئەلۋەتتە، ياشلار ئەنە شۇنداق جاپالىق يەرلەردە پىشمىسا، خەلققە كېرەكلىك ماتېرىيال بولالمايدۇ، دەپ بىلەتتى.

— بۈگۈن شەنبە بولغاچقا، پەزلىيە بالىنى بالدۇرلا ئېلىپ كەتتى، — دېدى ھەلىمىخان ئوغلىغا قارىمايلا، — سەنمۇ نۇقتىدا تۇردۇم دەپ، ھەممە شالدىر - شاپىلاقنى پەزلىيەگە ئارتىپ قويما، ھېلىمۇ ئۇ چىداشلىق قىزكەن.

— ھەربىي ئائىلىنىڭ بالىلىرى چىدامىلىق كېلىدۇ، — دېدى مۇزەپپەر، — چۈنكى، ئاتا - ئانىلىرى ھەربىي تۈزۈم بويىچە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، شۇنداقتىمۇ بالام، ئايالىنى ئاسراش، ياخشى مۇئامىلە قىلىش ھەقىقىي ئەرنىڭ زىننىتى.

— نەسىھەت ۋە تەنبىھلىرىڭلارنى چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن، خوش دادا، ئانا.

پەخرۇللا ئاتا - ئانىسىغا چوڭقۇر تەزىم قىلغاچ ئارقىچىلاپ بوسۇغىغىچە كەلدى - دە، ئاندىن رۇسلىنىپ سىرتقا چىقتى. ئۇ دادىسىغا قارىغاندا ئانىسىدىن ئېيتقۇسىز تەپ تارتاتتى، ھۆرمەت قىلاتتى. تېخى بەزىدە دېمەكچى بولغان گەپلىرىنىمۇ ئېغىز يېرىپ چىقىرالمايتتى.

پەخرۇللا خىيال بىلەن ۋېلسىپىتنى بولۇشىغا ھەيدەپ، مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە گۈلپىيە بۆشۈك

تەۋرىتىپ ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ بىر قولىدا ئوچىنچى سىنىپنىڭ ئوقۇش كىتابى بار ئىدى. جىق ئويۇنچۇقلارنى ئالدىغا دۆۋىلىۋالغان ئەزھەر دادىسىنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. پەرلىيە بولسا ئاشخانا ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتاتتى.

— دادام كەلدى، — ئەزھەر دادىسىغا ئۆزىنى ئاتتى، — ئانا، قارىغىنە دادام كەلدى.

— كەلدىڭىزما؟ — قوللىرى خېمىر يۇقى پەرلىيە بوسۇغىدا پەيدا بولدى، — بۈگۈن سىزگە ئوتتۇز توققۇز كۈن بوپتۇ.

— ساناپ تۇرۇپسىزدە، — پەخرۇللا ئەزھەر، گۈلپىيە، بۆشۈكتىكى ئەليارلارنى بىردىن سۆيۈپ چىقتى، — باللار ھەممىڭلار ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟

— ياخشى، — چوپچوڭلا بولۇپ قالغان گۈلپىيە يىغلىغانىدى، — سىزنى كۆرگىمىز كېلىپ كەتتى.

— دادا، — دېدى پەخرۇللانىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرغان ئالتە ياشلىق ئەزھەر، — ھەممىمىزنى سۆيدۈڭ، ئانامنى سۆيمىدىڭغۇ؟

ئەزھەرنىڭ سۆزىدىن پەخرۇللا بىلەن پەرلىيە كۈلۈپ كەتتى. لېكىن گۈلپىيە قىزىرىپ، كىتابقا قاراپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭدىن خىجىل بولغان پەرلىيە دەرھاللا ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار كەچلىك تاماقنى يۇمىلاق شىرە ئەتراپىدا دەرقەمتە ئولتۇرۇپ يېيىشتى. ئۆي لەگمىنى سېغىنغان پەخرۇللا ئاچچىقسۇ، قىزىل مۇچ قىيامىلىرىنى بولدى دېگۈچە سېلىپ، لەگمەننى قىپقىزىل بويىۋەتتى. بۇنىڭدىن پەرلىيە پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇشىغا، پەخرۇللا دەرھاللا سېزىۋالدى.

— پەرلىيە مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىسىز - ھە؟

— ياقەي، سىزنى خىزمەتكە كېچىكىپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن…

— نېمە؟ — بىردىنلا ياپتا گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن پەخرۇللا يانپېشىغا ئۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى، — ياﺋاللا نېمانچە تېگى بار گەپ قىلىسىز؟ ... كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالدا...

— كۆز ئالدىڭىزغا كېلىپ قالغان بولسا، ئۆزىڭىزلا بىلىڭ...

ئەر - خوتۇن ئىككىسى كۆزلىرىدىن ياش چىققىچە كەتكۈچە كۈلۈشتى. پەزلىيە قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئاشخانىنى سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن باللارغا ئورۇن سېلىپ ياتقۇزدى. ئاندىن بۆشۈكنى ھۇجرا ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ ئۆي كىگىز - گىلەملەر بىلەنلا جابدۇلغان بولۇپ، كارىۋات، ئورۇندۇق، ئۈستەللەر يوق ئىدى. پەقەت تۆردە رەڭلىك قەلەيلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىر ساندۇق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوتقان - كۆرپىلەر تىزىلىپ، ماﻣۇق ياستۇقلارنى تىكلەپ قويىاتتى. پەزلىيە بۆشۈكنى يېنىغا ئېلىپ، ئورۇنلارنى سېلىپ بولغۇچە پەخرۇللا يۇيۇنۇپ كىردى.

ئۇلار بىر كۈن كەچكىچە خۇددى ئىككى قوشۇقتا ئاش ئىچكەندەك قىلىپ، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە نۇرغۇن ئىلمىي مېھنەت تۈگمەن تاشلىرىنى كۆتۈرۈپ، جاپا ئېكەكلىرىدە ئۇپراپ، ۋەزىپە سەندەللىرىدە يانجىلىپ، ھارغىنىنى تېنىدىن مادار كەتكەنلىكىنى، يۈرەكلىرىنىڭ ئالاھىدە ئۇرۇۋاتقانلىقىنى جىددىيچىلىك ئىچىدە سېزىشمەيدۇ، پەقەت كېچىدە قوش ياستۇققا باش قويۇپ، پۇت - قوللىرىنى تاشلاپ ياتقاندىلا «ئۇھ... » دېگىنىچە، بەدەنلىرىنىڭ ئۇرۇپ چىقىۋاتقاندەك ئاغرىۋاتقانلىقىنى، بەللىرىنىڭ سىرقىراپ، كۆزلىرىنىڭ تورلىشىۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ جۇۋاز كۆتەركەندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىدۇ. شۇ تۇرقىدىمۇ قوش ياستۇققا يۆلىنىپ ياتقان بۇ ئەر - خوتۇنلارغا بىر كۈنلۈك چاپ - چاپچىلىق ئاز كەلگەندەك، ھايات دەپ ئاتالغان نە ئوغى،

نە سوگى بولمىغان چەينەكتىن قۇرۇق ئارزۇ چايلىرىنى ئىچىپ، كەلگەن ـ كەلمىگەن كۆنلەرنىڭ غېمىنى يەپ، كېيىنكى خاپىلىقلار ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ، مۇڭداشماقتا ئىدى.

— پەخرۇللا، دادامنىڭ پۇت ئاغرىقى بارغانسېرى، ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — پەزلىيە ئەليارنى ئېمىتكەچ تەتۈر قاراپ سۆزلەۋاتاتتى، — بوستانغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ باقساق، بولمىسا ئۆرۈمچىدە داۋالاتساقمۇ بولىدۇ.

— دادامنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ مەنمۇ ئەنسىرەپ قالدىم، — پەخرۇللا ئېغىر تىندى، — شۇڭا، ھاكىم بىلەن سۆزلىشىپ، بىرەر ئاي رۇخسەت ئالايمىكىن.

— بولدى ئالماڭ، ھاكىم ماڭا: «پەخرۇللا نۆۋەتتە تۇرغىلى بىر يىل بولدى، ئەمدى قايتۇرۇپ ئەكېلىمىز» دېدى. قايتىپ كەلگەن ھامان ئىككىمىز بىللە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتساق، ھاكىم چوقۇم رۇخسەت بېرىدۇ.

— توغرا دەيسىز، رۇخسەتنى خىزمەتكە چۈشمەي تۇرۇپ سورىساق ئەپلىك بولغۇدەك.

— ھە، راست دادام راخمانوف يەرلىككە ئالمىشىپ يۇلغۇنباغ ناھىيىسىگە ھاكىم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى بوپتۇ.

— نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— زەينۇرە ئاچام مەكتەپكە تېلېفون قىپتىكەن، — پەزلىيە خىجىللىق بىلەن بېشىنى كۆتۈردى، — پەخرۇللا، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ پېنسىيە ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ، «مۇدىر»لىق ۋەزىپىسىگە ئىدىيىڭىزدە تەييارلىق بولسۇن، دەيدۇ.

— پاھ، سىزمۇ بوش كەلمەيۋاتىسىز جۇمۇڭ، — پەخرۇللا پەزلىيەنىڭ ئىڭىكىدىن كۆتۈردى، — بىرقانچە يىلنىڭ ئىچىدىلا «ئىلمىي مۇدىرە»، «ئوقۇتۇش گۇرۇپپا باشلىقى»،

«ئىلمىي بۆلۈم ئەزاسى»، «مەكتەپ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى» قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدىڭىز. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ئىلغار ئوقۇتقۇچى، ئىلغار سىنىپ مەسئۇلى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئىلغار مائارىپ خىزمەتچىسى قاتارلىق شەرەپلىك ناملارغا ئېرىشىپ، ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىن مۇكاپاتلاندىڭىز، مانا ئەمدى مەكتەپ مۇدىرى بولۇش ئالدىدا تۇرۇپسىز، مېنى يېرىم يولدا قويامسىز نېمە؟

— تولا مەسخىرە قىلماڭە، سىزمۇ ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالتە - يەتتە يىل ئەمەل تۇتۇپ، مۇكاپاتلىنىپ، تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئۆستىڭىزغۇ، — پەزلىيە پەخرۇللانىڭ قولىنى تۇتتى، — بىلەمسىز مېنىڭ بارلىق نەتىجىلىرىم سىزنىڭ ياردىمىڭىز، تەربىيىلىشىڭىزدىن بولغان.

— بەك كەمتەرلىك قىلماڭ، — پەخرۇللا ئايالىنىڭ يالاڭ مۈرىلىرىدىن قۇچاقلىدى، — بۇ گەپنى ئەسلىدە مەن دېسەم تازا جايىغا چۈشكەن بولىدۇ. ئۆينىڭ، بالىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى سىز كۆتۈرۈۋاتىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادام بىلەن ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدىڭىز. شۇڭا مەن خاتىرجەم، ھېچنېمىدىن غېمىم يوق ئىشلەۋاتىمەن. كونىلار، ئانىنىڭ ئاق سۈت ھەققى ئۈچۈن مەككىگە يەتتە قېتىم يۈدۈپ ئاپارماق كېرەك دەيدىكەن. لېكىن مەن سىزنى يۈدۈپ جاھاننى بىر ئايلاندۇرسام دەيمەن.

— رەھمەت، سىزگە، — پەزلىيە ئېرىگە مۇھەببەت شەربەتلىرى يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى تىكتى، — مەن پۈتۈن يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققاندەك بولدۇم.

— پەزلىيە بەلكىم ئىشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن، سىز بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا بۇ جاھان ماڭا شۇنچە گۈزەل، ئېيتقۇسىز مېھىر - شەپقەتلىك كۆرۈنىدۇ. ھەتتا ئالەمچە جاپا - مۇشەققەتمۇ ھېچقانچە بىلىنمەيدۇ.

— پەخرۇللا، چوڭ ئۆينىڭ ئوتتۇنى ئۆكسۈپ قالغان

ئوخشايدۇ، — پەخرۇللانىڭ ماختاشلىرىدىن ئوڭايسىزلانغان پەزىلىيە گېپىنى ئەپقاچتى، — شۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرالارسىزمۇ؟

— سىزنىڭ گېپىڭىز بويىچە مېنى پات ئارىدا قايتۇرۇپ كەلسە تېخى ياخشى، بولمىسا رۇخسەت سوراپ، چوڭ ئۆي بىلەن ئۆزىمىزگە ئوتۇن ئەكەلمىسەم بولمايدۇ.

ئەتىسى يەكشەنبە، بالىلىرى بىلەن بىر كۈن خۇشال - خۇرام يايرىۋالغان پەخرۇللا كەچلەپ سايتېكە كەتتىگە قايتماقچى بولۇپ، بالىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆيۈپ، پەزىلىيەگە خوش دېدى. ئۇ ئۈچ بالىسىنى گويا كۆز قارىچۇقلىرىغا سىڭدۈرىۋالماقچى بولغاندەك ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ قالدى.

بۇغداي ئۆڭ، قاڭشارلىق، پېشانىسى كەڭ، كۆزلىرى چوڭ، قاشلىرى توم كەلگەن گۈلپىيە پەخرۇللانىڭ سۈرىتى ئىدى. ئەمما يۈزلىرى دۈپدۈگىلەك، ئاق سۇزۇك، قاشلىرى ئىنچىكە، لەۋلىرى نېپىز، ئۇزۇن كىرپىكلىرى كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ تۇرغان ئەزھەر بىلەن ئەليار ئانىسىغا سۈيۈپ چاپلاپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

پەخرۇللا پەزىلىيە بىلەن خوشلىشىپ، ۋېلسىپىتىگە مىنگەنچە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ تۇرۇشى، بىر خالتا چامغۇر كۆتۈرگەن ئابلەت تاھىر كېلىپ قالدى. پەخرۇللا يولىنى مېڭىپ، مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرغان بىر بىلدىن بېرى ئۇنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئابلەت تاھىر قولىدىكى خالتىنى يەرگە قويۇپ، يۈگۈرۈپ كەلدى - دە، پەخرۇللانىڭ قوللىرىنى تۇتتى.

— يائاللا، بارمۇ سەن ھەي، — ئابلەت تاھىر پەخرۇللاغا ھېلىمۇ ئوقۇغۇچىسىدەك مۇئامىلە قىلاتتى، — سېنى كۆرمىگىلى ئون يىل بولغاندەك كۆزدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭا، قاچانلا سورىسام ئۇقتىمدا دەيدۇ.

— تەشۋىقات بۆلۈمگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن سايتېكە كەنتىدە ئوقتىدا تورۇۋاتىمەن.

— ئايالىم نۇربانۇ، ئەر - خوتۇن ئىككىمىزلارنى چاقىرىۋالىمەن، دەپ قانچە قېتىملاپ تەمشەلدى. لېكىن سەن شەنبە، يەكشەنبىلەردىمۇ كەلمەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ.

— مۇئەللىم، ھازىر قانداق تورۇۋاتىسىز، بالىلىرىڭىزچۇ؟

— ئىككى بالام ناھىيىلىك باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، ئايالىمنى خەۋەرلىشىش بۆلۈمگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. كەلگەن گېزىت - ژۇرنال، خەت - چەكلەرنى تىزىملاپ جاي - جايىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

— ۋۇي راستىما؟ ئەجەب بەلەن بوپتۇغۇ.

— ئاتا - ئانىسى ماڭا نىكاھ قىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئوقۇتقان.

— مۇئەللىم، سىز ئاجايىپ ئىرادىلىك ئادەم جۇمۇ، ئادەمسىز قۇملۇق، دەشت - جاڭگالدا ئون يىللاپ مال باقماق ئاسان ئەمەس.

— سېنىڭ بېشىڭغا كەلسە، سەنمۇ ئون يىللاپ ئەمەس، مەڭگۈلۈك قويچى بولۇپ كېتىسەن، — ئابلەت تاھىر چارلىشىپ كەتكەن ساقاللىرىنى سىلىدى، — پەخىرلىنىمەن، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر سېنى ئىجاتچىمىز، شاپائەتچىمىز دېيىشىدۇ. سېنىڭ بىلەن بىر كىچە مۇڭداشقۇم بار ئىدى. ۋاقىت چىقىرالامسەنمۇ؟

— بولىدۇ مۇئەللىم، يېقىندا سايتېكىدىن قايتىپ كېلىمەن. شۇ چاغدا قانغۇچە مۇڭدىشايلى. ھە راست، غۇلجىغا باردى دەپ ئاڭلايمەنغۇ، ئانىڭىز تىنچلىقمىكەن؟

— خىزمەتكە چۈشۈشتىن بۇرۇن بىر ئايلىق رۇخسەت بەرگەن، ئائىلەم بىلەن باردىم. ئەمما ئاپام تۈگەپ كېتىپتۇ. باشقا قېرىنداشلار باركەن.

www.uyghurkitap.com

— ئاپىڭىزنىڭ جايى جەننەتتە بولسۇن.

— رەھمەت، كەچ بولۇپ قاپتۇ. يولۇڭدىن قالما، سايتپىكىدىن كەلگەن ھامان مەن سېنى ئىزدەيمەن، — ئابلەت تاھىرنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى بولغاي، پەخرۇللانىڭ بىلىكىدىن تۇتتى، — ئايالىڭ پەزلىيە پەرىشتىدەك ئايالكەن جۇمۇ، مەن ئاتا - ئانىلار يىغىنىغا بېرىپ بىر - ئىككى قېتىم پاراڭلىشىپ قالدىم. مەكتەپتىكى ئەۋلىيادەك ھۆرمەت - تەۋسىپىنى قىلىدىكەن. ھەتتا ناھىيە بويىچىمۇ رەھبەرلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىكەن.

— ئۇ ھەقىقەتەن خىزمەتتە دۆلەتنىڭ ياخشى كادىرى، ئائىلىدە مېھرىبان ئانا.

— چۈشەندىم، سەنمۇ خىزمەتتە بەك ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان كادىر، قىسقىسى، پەزلىيە ئىككىڭلارنى قوشماق گۆھەر دېسە ھەرگىز لاپ بولمايدۇ.

ئۇلار ئىككىسى مەكتەپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا خوشلاشتى. ئابلەت تاھىرنىڭ پەزلىيەگە ۋە ئۆزىگە بەرگەن باھاسى، پەخرۇللانىڭ كۆڭلىگە چىراغ ياققاندەك ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى. دەرۋەقە، پەخرۇللا بىلەن پەزلىيە كەم تېپىلىدىغان جۈپتى ھەمراھلاردىن ئىدى. ئۇلار تۇرمۇشتىلا بىر - بىرىگە سادىق بولۇپ قالماي، خىزمەت جەھەتتىمۇ ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇشاتتى. پەخرۇللانىڭ كۆرگىنى، ئاڭلىغىنى، ئىزدەنگىنى، ئۆگەنگىنى، تەتقىق قىلغىنى پەزلىيەدىن كۆپ ئىدى. شۇڭا، ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئايالىغا ئۆگىتەتتى، چۈشەندۈرەتتى. ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى، دەرس تەييارلىقى، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، دەرس ئۆتۈش مېتودلىرىغىچە، ئوقۇغۇچىلارغا تۇتىدىغان مۇئامىلە، سالام - سەھەتلەرگىچە ئېزىپ ئىچۈرەتتى. پەزلىيە ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن ئىبرەتلىك ھېكايەت، ئەقلىيە دۇردانىلىرىنى مىسال كەلتۈرەتتى. شۇڭا، پەزلىيە ئۇنى

ئـوقۇتقۇچـىسىدەك ھـۆرمەتلەيـتتى. ئۇنـىڭ خـىـزمـىتى ئـۇچـۇن ھەرقانداق قۇربانلىـق بېرەلەيـتتى. ئۇ بـالىلـىرىنىڭ جـاپاسىنـى ئۆزى تارتىپ، ئېرىگە بىلىندۇرمەيتتى. قېيناتا ـ قېينانىسىنىڭ كەم ـ كۈتىلىرىـنى ئۆزى يول مـېڭىپ ھـەل قىلاتتـى. ئاشلـىق پونكىتىدىن ھەرئايدا بىر قـېتىم ئـەكېلىـدىغان ئۇن ـ گـۈرۈچ، ماي، قـارا ئاشلـىق نورمىلـىرىنى ئـۆزىنىڭ مـائاشـىغا ئېلـىپ يـەتكۈزۈپ بېـرەتتـى. كـېـسەل بـولـسـا، ئېشـەك ھـارۋىسـىـغا ئولتۇرغۇزۇپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسـىتەتتـى، دورىلىرىنى ۋاقتىدا ئىچۈرۈپ، كۆڭلى تارتقان تاماقلارنى ئېتىـپ بېرەتتـى. شۇڭا، مـۇزەپپەر بىـلەن ھەلىـمىخان ئۇنى: «خۇدايىـم بەرگەن بالام»، «ئۆيىمىزنىڭ پەرىشتىسى» دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى. بولۇپمۇ، ھەلىمىخـان ئانا گۆھـەرخان بىلـەن مۇڭدىشىپ قالدىمۇ پەزىلىيەنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتـى، قېرىلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقى، بـالىلارنى تـەربىيىـلەشتىـكى شېرىـن ـ سۇخەن گەپلىرى، خىـزمەتتىـكى ئاكتـىپلىـقى، ئېرىـگە بولغـان مېـھـرىبانلـىقى، ھـەرقـانچە دىـشـۋارچىلـىققا يـولـۇقـسـىمـۇ ۋايىسمايدىغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ياخشىلىقلىرىنـى سۆزلەيتتى. شۇڭا، ھەلىمىخان ئانـا ئىسـرىقدانغا كىپەك، يـول تەرمىچى، سەندەلـلەرنى سىـلىـپ، پەزىـلىيە پېشايۋانغا چىقا ـ چىقمايلا «كۆزى يـامانـنىڭ كۆزىدىن، تىـلى يامـانىنىڭ تىـلىدىن پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ ئىسـرىقداپ كېتەتتى!

پەخرۇلـلا شېرىن خـىياللار كـەيپىنـى سۈرۈپ، سايتېـكىـگـە يېتىپ كەلدى. ئۇ ياتىقىدا خېلى بىر ۋاقىتچە گېزىت كۆرگەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. پەخرۇللا ئەتىسى ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىپ كەنت ئىشخانىسـىغا كـىرىشى، چـىرايىدىن خـۇشاللىـق يېغىـپ تۇرغان غوپۇر سادىق شۇجى سۆزلەپلا كەتتى:

ــ پـەخرۇللام، ئـۆتـكەندە ئـاپـتونوم رايـون ۋە بـوستانـدىـن تەكـشۈرگۈچـىلەر كېلـىپ تەكـشـۈرۈپ كەتكـەن ئـەمەسـىـدى،





كەنتىمىز ئاپتونوم رايون بويىچە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپتۇ.

— ياھ، بەلەن ئىش بوپتۇغۇ.

— بۇمۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىزدىن كەلگەن مېۋە.

— غوپۇركا، ئۆزىڭىزنى تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويماڭ، — دېدى پەخرۇللا، — ھەر خىل سازلارغا، تەنتەربىيە فورمىلىرىغا، سەنئەت كىيىملىرىگە، توپلارغا ئىقتىساد ئاجراتمىسىڭىز، ئەلنەغمە سەنئەت گۇرۇپپىسىنى، ۋاسكېتبول كوماندىسىنى قانداق قۇرۇپ چىقالايتتۇق.

— ئۇ دېگەن كوللېكتىپنىڭ يولى تۇرسا، — غوپۇر سادىق قىزاردى، — قانداقلارچە مېنىڭ تۆھپەم بولسۇن؟

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس، رەھبەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىسە، بىرەر ئاممىۋى پائالىيەتنى ئېلىپ بارماق بەسى مۇشكۇل، قوللاشنىڭ ئۆزى بولۇپمۇ، ئىقتىسادنى تەستىقلاش ئاشۇ رەھبەرنىڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

پەخرۇللا بۇ قېتىم سايتېكىگە كېلىپ بىرەر ھەپتە بولمايلا، ناھىيىلىك كومىتېتتىن «قايتىش» ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەلدى. ئۇ كەنت كادىرلىرى، ئەلنەغمىچىلەر، ۋاسكېتبول كوماندىسىدىكى دېھقان تەنھەرىكەتچىلەر بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەتىسىلا ناھىيىلىك كومىتېتتىن رۇخسەت سوراپ، دادىسى مۇزەپپەرنى بوستان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەتتى. دوختۇرخانىدا 22 كۈن داۋالانغان مۇزەپپەر دورا ۋە ئوكۇللار بىلەن خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى. بىراق، ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ئۆزۈن ئۆتمەي، پۇت سۆڭەكلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىدىن مېڭە ئاغرىقى قوزغالدى. بۇ يازلىق تەتىل ۋاقتى بولغاچقا، مۇزەپپەرنى پەرىلىيە بىلەن ھەلىمىخان ئانا بوستانغا يەنە ئېلىپ كەتتى. بۇ قېتىم بىر ئاي داۋالىنىپ خېلىلا ئەسلىگە كەلگەن مۇزەپپەر توغراقتا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بىر

مەزگىل ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلغاندەك قىلغان بولسىمۇ كۆز كېلىپ، غازاڭلار تۆكۈلۈشكە باشلىغاندا، مۇزەپپەرنىڭ پۇت ئاغرىقى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، كېسەل ئېغىرلاشقانسېرى ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، كۈندىن - كۈنگە جۇدەپ كەتتى. ھەلىمىخان، پەخرۇللا، پەزىلىيە، پەخرۇللانىڭ ئاچىسى پەخرىنىسالار نۆۋەتلىشىپ، بوستان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا تۆت قېتىم يۆتكەپ داۋالاتقىچە كۈز، قىش ئۆتۈپ، يەنە بىر باھار كەلدى. نەشپۇتلەر چېچەكلەپ، بوستان دىيارى ئاپئاق، ھالرەڭ، سارغۇچ چېچەكلەرگە پۈركەلگەندە، مۇزەپپەرنىڭ پۇت ئاغرىقى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ، بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كۆزلىرى قىزىرىپ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن پەخرۇللا ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇساجان ئىبزىزنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ دادىسىنىڭ كېسىلى ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. ھاكىم ئۇنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ تەسەللى بەردى:

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، مۇزەپپەر ئاكا ئەڭ پېشقەدەم كادىرلىرىمىزدىن، — دېدى ھاكىم سىلىق تەلەپپۇزدا، — ئۇنىڭغا قانچىلىك دوختۇر چىقىمى كەتسە، ناھىيىمىز ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ قېتىم بوستان ۋىلايەتلىك دوختۇرخانا كېسەلنىڭ مەنبەسىنى تاپالمىسا، ئۈرۈمچىگە تونۇشتۇرۇپ بەرسۇن. مەن ناھىيىلىك كوپىراتىپقا تېلېفون بېرىمەن، ئۇلار يېتەرلىك پۇل ئاجرىتىپ بەرسۇن، ناھىيىمىز مالىيىسىدىنمۇ پۇل ئاجرىتايلى.

— رەھمەت ھاكىم، رەھمەت.

— رەھمەت دېمىگىن، سەنمۇ ناھىيىمىزدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر كادىرلارنىڭ بىرى. شۇڭا، سېنىڭ قىيىنچىلىقىڭ ئەلۋەتتە بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز.

پەخرۇللا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئابدۇراخمان توختىغا ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئەتىسىلا ئانىسى ھەلىمىخان بىلەن بىللە

مۇزەپپەرنى بوستانغا ئېلىپ ماڭدى. ئىككى يىلدىن بېرى بىرقانچە قېتىم داۋالاپ، مۇزەپپەرنىڭ پۇت ئاغرىقىنى ئۈزۈل - كېسىل ساقايتالمىغان دوختۇرلار، ئۇنى ئورۇمچىگە يۆتكەش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بەردى. كۆڭلىدە قايتىدىنلا ئۈمىد چىراغلىرى ياتقان ھەلىمىخان بىلەن پەخرۇللا مۇزەپپەرنى مېدىتسىنا ئىنىستىتۇتى دوختۇرخانىسىنىڭ سۆڭەك كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۈچ كۈنگىچە ھەر خىل ماشىنىلاردا تەكشۈرۈش، قان ئانالىز قىلىش ئاخىرلىشىپ، تۆتىنچى كۈنى دوختۇرلار ھەلىمىخان بىلەن پەخرۇللانى ئىشخانىغا چاقىرىپ كېسەل ئەھۋالىنى ئۇقتۇردى:

— بىمار ئۇستىخان راكى: كېسەل ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان، — دېدى چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن ئايال دوختۇر، — شۇڭا ئېلىپ كېتىپ ياخشىراق بېقىۋېلىڭلار.

ھەلىمىخان ئىلەڭ - سىلەڭ بولۇپ سەنتۈرۈلۈپ كەتكەندى، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلۈۋاتقان پەخرۇللا ئۇنى يۆلەپ، ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. ئاندىن دوختۇرغا يېلىندى:

— دوختۇر، بىرەر ئامال - چارە قىلغىلى بولماسمۇ؟

— كەچۈرۈڭ، بۇ راكنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، ئۇنىڭ ۋىرۇسلىرى بەدەنگە تارقىلىپ بولغان.

— ئاغرىق ئازابى دادامنى بەكمۇ قىيىنىۋېتىدۇ، ئەيكەتكىنىمىز بىلەن بىز نېمە قىلالايمىز.

— ئاغرىق پەسەيتكۈچ دورا بېرىمىز، بىمار ھەر قېتىم قىينالغاندا ئىچكۈزسەڭلار بولىدۇ.

مۇزەپپەر توغراققا قايتىپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، ئالەمدىن ئۆتتى. مانا بۇ نەشپۈتلەر غۇچچىدە غورا بولۇپ، خۇددى كۆك مارجانلاردەك ساڭگىلاپ تۇرغان چاغلار ئىدى. مۇزەپپەرنىڭ قىرىق نەزىرى بېرىلىپ ئۈچىنچى كۈنى، توغراق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پەخرۇللانىڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە

مەكتىپىنىڭ سىياسىي نەزەرىيە كەسپىگە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

پەخرۇللا پەزلىيەنىڭ بالىلار بىلەن قىيىنىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، نەچچە كۈن ئىشەك هارۋىسىدا جاڭگالغا بېرىپ، بىر يىللىق يەتكۈدەك ئوتۇننى دۆۋىلەپ بەردى. ئاندىن ئۇ ئىككى كۆنگىچە چوڭ كۆتەك ۋە غول ئوتۇنلارنى يېرىپ ئالىقانلىرى قاناپ كەتتى. ئەركىشى قىلىپ بېرىشكە تېگىشلىك ئىغىر ـ يېنىك ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرگەن پەخرۇللا، بىر كۈنى سەھەرلىكى ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان پەزلىيەنى باغرىغا باسقان هالدا، ئۆزىنىڭمۇ كۆزلىرى تۇمانلاشتى. ئۇ ياشلىرىنى يوشۇرغىنىچە يولغا چىقتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئون ئۈچىنچى باب

# ھايات قىسمەتلىرى

ھەممە ۋە ھەممە نەرسە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەملەرگە تولغان ھايات بازىرىمىز بىرەر دەقىقە تىمتاسلىقتا چۆككىنى يوق. ئۇ شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر بىلەن ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرنى، ئارزۇ ـ ئارمان تەمەلىرىنى، مەنپەئەت يولىدىكى قان چېچىشلارنى، ئاچ كۆزلۈك ھەم ھەسەتلەرنى، چېقىمچىلىق، مۇناپىقلىق، ئەبگارلىق، بىر ـ بىرىگە ئورا كولاشلارنى ئۆزى بىللە ئېلىپ ئىلگىرىلىمەكتە! شۇنداق، ھايات ئۆز يولىنى باسماقتا! ئۇ ئېقىن سۇدەك ئالدىراپ، سېكۇنتلار ـ سېكۇنتلارنى، مىنۇتلار ـ مىنۇتلارنى، سائەتلەر ـ سائەتلەرنى دولقۇن كەبى قوغلىشىپ، كۈن، ئاي، يىللارنى تەۋەللۇت قىلاتتى. يىللار قىرىلارنى قەبرىستانلىققا ئۆزىتىپ قويسا، قاچانلاردۇر چاچ ـ ساقاللىرى چارلىشىپ ئۆلگۈرگەن ئوتتۇرا ياشلىقلار ئۆلارنىڭ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇپ، «قارا، ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ قىسقىلىقىنى!» دەپ ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇشاتتى. قارالڭ! لاتاپەت ۋە كامالەتتە «جاھاندا يەكتامەن» دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويغان گۈزەللەر، ئەمدىلىكتە مومايلارغا ئايلىنىپ، سوۋۇپ كەتكەن قانلىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئاپتاپىسىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. توۋا، مەھەللىمىزدىكى بۇ باللار تېخى تونۇگۈنلا تۇغۇلغاندەك قىلىۋىدى، مانا ئەمدى بۇرۇتلىرى خەت تارتقان، قىزلارغا مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى تىكىدىغان، چوڭلارنى كۆرسە چوڭقۇر سالام بېرىپ، تەپ تارتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان يىگىتلەردىن بولۇپ كېتىپتۇ. قىزلارمۇ

چاندۇرمىغاندەك قىلغىنى بىلەن يەر ئاستىدىن يىگىتلەرگە زەن سېلىپ، خوپ كۆرگەنلىرىگە تاتلىققىنا كۈلۈمسىرەپ تەبەسسۇم ھەدىيە قىلاتتى. كېيىنكى ئۈچرىششتا بولسا سۈلكەت قىلىپ ئولتۇرمايلا: «ۋىيەي، سىز پالانىغۇ» دەپ ناز ـ ئىستىغنا بىلەن كۆز تاشلايتتى. يىگىتنىڭ ئوتلۇق بېقىشلىرىدىن يۈرەكلىرى ئويناپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى جىمىرلاپ كېتەتتى.

مانا بۇلار ئوغرى يىللارنىڭ ئۆمۈر مۇساپىلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن تېزلىتىپ، ھايات بوستانىغا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدۇر! راست ئەمەسمۇ، ئەتىگەنلا ئاغىسىز ئىشتان كىيىپ ئۆمىلەپ يۈرگەن ئادەم ئۇۋاقلىرى، چۈشتە تاش ئېتىپ دېرىزەڭنى سۇندۇرسا، كەچتە ئېشىكىڭنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا يانتاق قىستۇرۇپ، تېك موللاق ئاتقۇزغان!

بەس ! دۇنيادا ۋاقىتتىن، يىللاردىن ئاغرىنمىغان كىم بار؟! ئاغرىنىپ، تىللاپ، قارغاپ بىرەر ـ ئىككى يېشىمىزنى توختىتىپ قويالىدۇقمۇ؟ ياكى يىللار ئارقىغا سۇرۇلۇپ بېرىپتىمۇ؟ ياق! تەتۈرىسىچە تەقدىرىي ئەزەل قادىلىپ كەلسە، ۋاقىت دېگەن جۇۋايىنىمەك، گۇناھلىرى ئۈچۈن تووۋا قىلىۋېلىشقا، بىر ئۆمۈر خۇپىيانە تۇتقان مەۋھۇم سىرلىرىنى دەۋېلىشقا، ئەدناسى جۈپتى ۋاپادارىغا «خوش» دەۋېلىشقىمۇ پۇرسەت بەرمەي، ئارمان بىلەن كەتكەنلەر ئازمۇ؟ ھەتتا بىر قەترە سۇنى گېلىدىن ئۆتكۈزمەي، ئېلىپ كەتكىنىمۇ يەنە شۇ ۋاقىتقۇ! شۇڭا، ۋاقىتتىن، يىللاردىن ئاغرىنىش، ئۆز سايىسىنى تۇتالمىغاندەكلا ناداناشلىقتۇر! ھەربىر قىلغان ساۋابلىق ئىشىڭ، تۆھپەڭ، ئىجادىڭ، كەشپىياتىڭ ئاۋام يولىغا شولا چاچقۇدەك ئەقىل دۇردانىلىرىڭ، ساخاۋەت، شاپائەتلىرىڭ، ئەدناسى ئۆزگىلەر ئۈچۈن تىندۇرۇپ قويغان كاتاڭلىرىڭ، ئىككى كەتمەن توپا تاشلاپ ياسىغان يوللىرىڭ، يولۇچىلار سايىلانغۇدەك تىكىپ قويغان بىر تۈپ ئۈجمەڭگىچە تامغا بولۇپ يىللار ماڭلايلىرىغا بېسىلغۇسى! يۈگەن بولۇپ بويۇنلىرىغا ئېسىلغۇسى!! شۇندىلا

ئۇغرىلانغان ئۆمۈرلىرىڭگە پۇشايمان قىلمايدىغان بولىسەن، ئاھ ئۇرۇپ نىدا قىلىشنىڭ ئورنىغا مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەيسەن. چۈنكى يىللار، رەھىمسىز ۋاقىت سېنىڭ ئالدىڭدا مەيدىسىنى كېرىپ كۈلەلمەيدۇ!...

بولدىلا! ئۆمرىمىزنى ئېكەكتەك ئۈپرىتىپ، قۇرتتەك غاجاپ، سۈلۈكتەك شوراۋاتقان يىللار ۋاقىت ھەققىدىكى قايغۇلۇق مۇلاھىزىلىرىمىزنى توختىتايلى. يەنىلا ھايات ئاتلىق شاۋ ـ شۇۋ، ۋاڭ ـ چۇڭلارغا تولغان ئىسلىق ۋە بۇسلۇق ئاشخانىلىرى داڭلىق، لەمپىلىرىدىكى قەپەسلەردە قىزىل پوكانلىق كەكلىك ۋە ئىلى تورغايلىرى سايراپ تۇرغان قىزىق بازارغا بارايلى. كىم بىلىدۇ كىتابىمىزدا زىكرى قىلىنغان ئۆششاقۇ چوڭ، پىششىقۇ توڭ بۇرادەر ئەزىزلەرنى ئۇچرىتىپ قالساق ئەجەب ئەمەس! بىرقانچە يىللار ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەگەر تونۇيالماي قالساق ئۆزىدىن سورىساق بولمىدىمۇ، سورىغانغا يۈز چۈشۈپ كەتمەس. ۋۇي، نېمانچە ۋايىم يەيمىز. تونۇماي قالساڭلار ئەيىب ئەمەس، مانا مەن كەمتەرلىك بىلەن دەپ بېرىمەن. بۇنداق ئىجتىمائىي ۋەقەلەر يىلتىزدەك گىرەلىشىپ كەتكەن، مۇھىتلىرى چېچىلغان، نەچچە ئەۋلاد ھەققەمسايىلار ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولۇپ «مەنمۇ بار» دېگەندەك مۈرىسىنى چىقىرىپ تۇرغان، تۈرۈپلا يىللارنى ئاجايىپ ۋەقەلەر بوغما يىلاندەك چىرمىۋالسا، بەزىدە ئېچىدىن سېسىپ كەتكەن پور كۆتەكتەك بوش ۋە قۇپقۇرۇق! ... مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي ۋەقەلەر قايناملىرىدىن ئادەملەرنى تاپماق، تونۇماق، تونۇشماق ئەلۋەتتە بەسي مۇشكۇل! شۇنداقتىمۇ بىز ئادەملەر ئارىسىغا كىرەيلى.

34 يىللىق ھەربىي خىزمەت ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يەرلىككە ئالماشقان راخمانوف يۇلغۇنباغ ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت مۇدىرى، پارتكوم مەسلىھەتچىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى يەتتە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن ئارامغا چىقىپ، ئەمدىلا ئۇھ دېيىشى، كىچىك قىزى



www.uygurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئابىدەنىڭ تويىنى قىلىشقا توغرا كەلدى. دەسلەپتە ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا ئۆتمىدى. ئابىدەنىڭ ئالدىدا ئاكىسى ئەركىن تۇرسا، بۇ ··· بۇ ··· قاملاشمىغانلا ئىشقۇ! تېخى ئۇ 19 ياش ئىچىدە بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سىقەن سىنىپىنى پۈتكۈزۈپ، خىزمەتكە چىققىنىغا بىر يىلمۇ بولمىدى. ئەمما، راخمانوف «ياق» دېيىشكە تىلى كۆيدى. چۈنكى، كۈيئوغۇل بولغۇچى پەخرۇللانىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىسهاق ئىدى. ئەلۋەتتە سالاپەتلىك، تىلى ئۆتكۈر، كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن قۇدىسى ھەلىمخانغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىقلىغۇ، يەنە كېلىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كاتىپلىق خىزمىتىنى قىلىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغان ئىسهاق «دۆڭساي» باشلانغۇچ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان ئابىدەنى شەھەرگە ئېلىپ قالدى. ئابىدەمۇ «ئاش ـ تاماق، تۇرمۇش، خىزمەتتە قىينىلىپ قالىدىكەنمەن، دادام بىلەن ئاكام مېنى كەچۈرسۇن··· » دەپ قۇسۇر چىقارغۇدەك ئىمكانىيەت قالدۇرمىدى. نېمە ئامال؟ ھەي ··· چەرخى پەلەك، بۇ زاماننىڭ قىزلىرىنىڭ تايىنى قىستاپ قالسا، ئاتا ـ ئانا، قېرىنداشلىرىغا باقمايدىكەن.

مانا، نە ـ نەلەرگە ئاڭلىنىۋاتقان بۇ نەغمە ـ ناۋا، شوخ سادالارنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقى ئەمدى ئايان بولدى! راخمانوفنىڭ شەھەر ئىچىدىكى ھەيۋەتلىك چوڭ قورۇسى توي شادلىقى بىلەن قاينام ـ تاشقىنلىققا ئايلانغانىدى. ھويلىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇدىن ناخشا ـ مۇزىكا، مۇقاملار ئۇزۇلمەي ياڭراپ توي تەنتەنىسىنى تېخىمۇ پەللىگە كۆتۈرۈۋەتكەنىدى. بۇ ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى بولۇپ، نەشپۈتلەر ھامىمامغا چۈشكەن قىزلاردەك مەڭزىلىرى قىزىرىپ، راسا رەڭ تۈزەۋاتقان چاغلار بولغاچقا، مېۋىلەر ئاستىلىرىغىمۇ سورۇن ھازىرلاندى. ئۇنىڭدىن باشقا چوڭ ئىككى مېھمانخانا، ئالتە ئېغىز ئۆيمۇ مېھمانلار بىلەن پەۋەس تولدى.

رەڭگارەڭ ياسانغان مۇلازىم قىز - چوكانلار ئاپتۇۋا - چىلاپچىلارنى تۇتقان ھالدا ئايال مېھمانلار سورۇنلىرىغا يۈگۈرۈشسە، ياش يىگىتلەر دەرۋازىدىن كىرگەن ئەرلەرنىڭ قوللىرىغا سۇ بېرەتتى. بەزىلىرى پايپىقى بىلەن گىلەم ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ، پىيالىلەرگە چاي قۇياتتى. «ئېلىڭلارچۇ، بېقىڭلار» دېگەندەك تەكەللۇپلار ئېغىزلىرىدىن ئانارنىڭ دانىسىدەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

باغ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى داش قازان پولۇنىڭ تۈۋقى ئېچىلىش بىلەن ئاۋغۇستنىڭ ئىزغىرىن شامىلى ئۇنىڭ مەززىلىك ھىدىنى باغ، ھويلا ھەتتا كوچا - كويلارغا ئېلىپ كەتتى. يوللاردا كېتىۋاتقان ھارۋىكەش، يولۇچىلار تۇمشۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ ھىدلىغىنىچە «پاھ» دەپ تاماقلىرىنى تامشىپ قوياتتى. دېمىسىمۇ ئەركىنىڭ ئاغىنىلىرى ئەختەم، ئەزىمجان، سىدىق مۇھەممەت، ئەخمەتجانلار گۆشلۈك پولۇ ئۇسۇلغان لېگەنلەرنى قول - قولچە توشۇماقتا ئىدى. پەرۋىنە، پەخرۇللانىڭ سىڭىللىرى ئەمىرنىسا، گۈلىستان، قىزى گۈلپىيە قاتارلىق توزدەك ياسانغان بىر مۇنچە قىز - چوكانلار ئايال مېھمانلار ھۇزۇرىغا چېپىشاتتى. ھەتتا پەخرۇللانىڭ 14 ياشلىق ئوغلى ئەزھەر، 10 ياشلىق كەنجىسى ئەليار، ئىكرامنىڭ 11 ياشلىق ئەركىسى يۈسۈپجانلارمۇ بىكارلانغان تەخسە - لېگەنلەرنى يىغىپ، داستىخانلارنى قېقىپ، مۇلازىملارغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. يۈسۈپجاننىڭ يەتتە ياشلىق سىڭلىسى مۇنەۋۋەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قالماي، ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈرەتتى. ساھىبخانىلاردىن زەينۇرە، ھەلىمىخان، پەزىلىيە، پەخرىنىسا، ئىكرامنىڭ ئاچىسى مەختۇمنىساخانلار ئايال مېھمانلار ئولتۇرۇشقان ئۆي، باغلارنى ئارىلاپ: «قېنى مېھمانلار تارتىنماي ئېلىڭلارچۇ»، «لايىقىڭلاردا بولمىسىمۇ ...» دېگەندەك مېھماندوستلۇق يەتكۈزۈپ يۈرەتتى. راخمانوف ئاقتام ناھىيىسىدىن كەلگەن ئاغىنىسى ئابلىز توختى، كىچىك

كۆيئوغلى ئىكرام، پەخرىنىسانىنىڭ ئىرى كىرىم «ئۆندىمەس»لەر ئەر مېھمانلار ئولتۇرغان ئۆيلەرنى بىر قېتىم ئايلىنىپ «ئالساڭلارچۇ، باقساڭلارچۇ» دەۋەتكەندىن كېيىن، دەرۋازىنىڭ ئىككى چېتىگە قويۇلغان يۆلەنمە ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئاڭغىچە يېتىپ كەلگەن ئەركىن دادىسىغا ئېگىشتى.

— دادا، سەن بۇرادەرلىرىڭ بىلەن كەلگەنلەرنى «مەرھابا»، قايتقانلارنى «خوش» دەپ ئولتۇرۇپ بەرسەڭلا بولدى.

— بولىدۇ، بالام، بولىدۇ، — راخمانوف بېشىنى لىڭشىتتى، — ئەمما مېھمانلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

— خاتىرجەم بول، دادا، ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز.

— راخمانوف، ئوغلۇڭ ئەركىن ئەجەب قاۋۇل، قاملاشقان، سۆيكى چىرايلىق بالا بوپتۇ، — دېدى ئابلىز توختى ئەركىن ئۇزاپ كېتىشى بىلەن، — نەچچە ياشلارغا كىرىپ قالدى؟

— ئوننچى ئاي كىرسە، يىگىرمە بىرنى تولغىتىدۇ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ.

— پاھ، ۋاقىت دېگەن نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - ھە، — ئابلىز توختىنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى بولغاي، دەرھاللا راخمانوفقا قايرىلدى، — راخمان بۇگۇنكى تويدا بىر قالايمىقانچىلىق چىقارمىكى دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. دېگەنبىلەن ئېپى - جېپىدە كېتىپ بارامدۇ.

ئەسلىدە بۇ يەردىكى تويلارنىڭ رەسمىيىتى ئەرلەر ئەتىگەندە ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئاياللار چۈشتىن كېيىن كېلىپ داستىخانغا داخىل بولاتتى. لېكىن، ئابىدە بىلەن ئىسھاقنىڭ خىزمىتى شەھەردە بولۇپ، ئۆيىنمۇ تەشكىلات بۆلۈمىدىن بەرگەنىدى. يەنە تېخى توغراق، ئاقتام، يۇلغۇنباغ قاتارلىق ناھىيىلەردىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ بۇرادەرلەر كۆپ بولغاچقا، ئابلىز توختىنىڭ: «ئەر - ئاياللارنى دەرقەمتە





www.uyghurkitap.com

ئۇزىتىمىز» دېگەن تەكلىپى ھەممىنى قايىل قىلىدى. شۇڭا، بۈگۈن سەھەردىلا قىز ـ يىگىتنىڭ نىكاھ پاتىھەسىنى ئوقۇپ، ئىسھاقنى يىگىتلەر، ئابىدەنى قىزلار تىلەپ ئېلىپ كەتكەنىدى.

— بۇمۇ سىنىڭ دانا ئەقلىڭدىن ئاپىرىدە بولغان كەشپىياتتە، — دېدى راخمانوف مەمنۇنىيەت بىلەن، — شۇنىڭغا قارىغاندا تويلارنى مۇشۇنداق ئىخچام قىلسا بولىدىكەنغۇ.

— ئەمدى كېرىمكام بىلەن پەخرىنىسا ئاچام، — دېدى ئىكرام يېنىدا ئولتۇرغان كېرىمگە قاراپ، — توغراقتا ئاددىيغىنە توي چىيى بېرىۋەتسىلا بولدى.

— توغرا، توغرا، — ئابلىز توختى بېشىنى لىڭشىتتى، — يۇرتقا ئاش تارتمىسا بولمايدۇ ـ دە.

راخمانوف بوستاندا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ياكى يۇلغۇنباغ ناھىيىسىدە ھاكىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرى بولسۇن، ئاغىنىسى ئابلىز توختى بىلەن ئىزدىشىپ ئۆتەتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ يېشى خېلىلا پەرقلەنسىمۇ، نۇرغۇن ئىشلاردا پىكىر بىرلىكىگە كېلەلەيتتى. راخمانوف بوستان ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا، ئابلىز توختى بوستان ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئۇ بەستلىك ئەمما ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق ئۆڭلۈك، دۈپدۈگىلەك يۈزلىرى دائىما قىزىرىپ تۇرىدىغان 50 ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم بولۇپ، ئاشقازان كېسىلى سەۋەبىدىن ئىككى يىل ئالدىدا ئارامغا چىققانىدى. ئۇ بەزىدە ئاقتامدىن ئاتايتەن راخمانوفنى ئىزدەپ كېلەتتى. راخمانوفمۇ پات ـ پاتلا لاتا پىكاپتا ئاقتامغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرەر كېچە مۇڭداشمىسا، بىر نېمىسىنى يىتتۈرۈپ قويغاندەك كۆڭلى خىرە بولۇپ قالاتتى.

— ئابلىز، ئاقتامدىن بوستانغا يېنىپ كېلىۋالساڭمۇ بولاتتى، — دېدى راخمانوف، — ئۆمۈر بولسا ئاخشام قاراڭغۇسىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ، ھال ـ مۇڭ قىلىشقۇدەك بىرەر

يارەنگە ئىنتىزار بولىدىكەن كىشى.

— مېنىڭمۇ كېلىشۋالغۇم بار، — ئابلىز توختى ئېغىر تىندى، — بالىلىرىمنىڭ ئانىسى ئۇنىماي تۇرىۋاتىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا تارتىشىپ دېگىنە، قېنى ئوغلۇم ئەختەم ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەندە، ئانىسىنى گەپكە كىرگۈزمىسە، مېنىڭ گېپىمنى ئىلىك ئالىدىغاندەك ئەمەس.

— ئوغلۇڭ ئەختەم نەدە ئوقۇۋاتىدۇ؟

— غەربىي - شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا.

— ۋۇي، لەنجۇغا كەتتىما؟ ئەجەب يېقىشلىق بالا بوپتۇ. بايا سالام قىلىپ كېلىشىدى، تونۇمايلا قاپتىمەن. تۇنۇگۈنكىدەكلا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىر قېتىم بارغىنىمدا ئەختەم بالىلار بىلەن يېڭى ئاقارتقان ئۆي، هويلا تاملىرىغا لايدا نان ياساپ چاپلىۋېتىپتىكەن.

— توغرا، ئۇنتۇپ قالماپسەن. سەن «ئاپئاق تاملارنى پوق يېگەندەك قىلىۋەتكىنىڭنى قارا» دەپ خاپا بولۇپ كەتكەنىدىڭ، — ئابلىز توختى ئىسپادىسىزلا كۈلۈپ قويدى، — ئۇنىڭغا ئاغىنىلىرى «ئەختەم كەم سۆز» دەپ لەقەم قويۇۋاپتۇ دېسە.

— نېمە؟ ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ قۇمدەك سۆزلەيدىغان بالا تۇرسا.

— هازىرمۇ شۇ، — ئابلىز توختى بېشىنى چايقىدى، — سېنىڭ ئوغلۇڭ ئەركىن، ئىسهاق، سىدىق مەمەت، ئەخمەتجان قاتارلىق ئاغىنىلىرى تەنە قىلىپ قويغان لەقىمى بولمامدۇ.

— قارا ماۋۇلارنىڭ يامانلىقىنى.

— راخمانوف، پەخرۇللانىڭ ئوقۇشى تۈگىمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

— تۈگەپ قالدى، ئالدىمىزدىكى ئايلاردا قايتىپ كېلەرمىكىن.

— هۆكۈمەتمۇ ئۆستۈرۈشكە تېگىشلىك كادىرلارنى نىشانلىق

www.uyghurkitap.com

هالدا پارتىيە مەكتىپىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلسە چوقۇم ئەمەل ئېتىغا مىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ پارىڭى راسا قىزىۋاتقاندا، ئاق يۇزلۇك، قاشلىرى قاپقارا، كاپكازچە ئىخچامغىنە بۇرۇت قويۇۋالغان، 20 ياشلار ئەتراپىدىكى خېلى سۇباتلىق بىر بالا كېلىپ، ئۇلارغا سالام بەردى.

— راخمانوفكا، ھەرقايسىلىرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتتى، — دېدى ياش يىگىت قورۇنۇپقىنا، — باغقا داستىخان سالساق، ئازراق بىر نېمە يەۋالامسىلەر؟

— مېھمانلار سەل سېلىكسۇن، قانداق دېدىم، ئابلىز؟

— توغرا، قورساقمۇ ئانچە ئېچىپ كەتمىدىغۇ.

— سەل تەخىر قىلىڭلار، — باياتىن بېرى گەپكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئىكرام تۇنجى قېتىم ئېغىز ئاچتى، — ئەرلەرنىڭ ئۇزاپ چىقىشىغا كۆپ قالمىدى. ئۇلار ئۇزىسا ئايالالار، ئايالالارغا قالىدۇ.

— بولىدۇ، ئۇنداقتا يەنە بىردەم ساقلايلى.

— ھەي، راخمان، — دېدى ئابلىز توختى كېتىۋاتقان يىگىتكە قاراپ، — بۇ كىمنىڭ بالىسى؟

— خەلق ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يار ئەلىنىڭ ئوغلى ئەزىمجان بولىدۇ. ئۇ يىگىمدىن يېتىلىۋاتقان قەلەمكەشلەردىن.

— شۇنداقمۇ، پاھ، ئۇمىدلىك بالىكەن.

ئۇلارنىڭ بۇنداق قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشىمۇ كېلىۋاتقان مېھمانلارنىڭ ئايىغىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىدىن ئىدى. بولمىسا دەممۇ دەم ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئېلىشىپ، قانداقتۇر نەكەللۇپلەر بىلەن ئىچكىرىگە باشلاش، ئولتۇرۇش، قوپۇش بىلەن پاراڭنىڭمۇ كۆتىگە سۇ كىرىپ كېتەتتى. باغدىن ئاش توشۇۋاتقان قىز - يىگىتلەرمۇ ئەتىگەنكىدەك چاپ - چاپ بولماي، بەلكى قىزىل خىش يېيىپ تىلىغان يوللاردا توپ - توپ گۈللەرنى ئايلىنىپ، بىر - بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، بەزىدە سىرلىق

كۆسۈرلىشىپ، ئىچكىرى ئۆيلەرگە قاتنىماقتا ئىدى.
— گۈلىستان، — دېدى ئەركىن قىزغا يانداپ كېلىپ، — ئاخشاملىققا مەن ئۈچ قېتىم يۆتىلىمەن، چوقۇم چىقىڭ جۇمۇڭ.
— ۋاي خۇدايىم، بىز بۇ يەرگە مېھمان بولۇپ كەلگەن جۇمۇڭ، تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ.
— گۈلىستان، تولا خۇپسەنلىك قىلماڭە، — ئەركىن ئەتراپىغا ئوغرىلىقچە قارىدى، — ئېسىلىپ تۇرۇپ سۆيگىنىڭىزنى...
— ۋاي بولدى قىلىڭ، قېلىن ئىشەك ...چىقسام چىقاي، ئەمما زە، پەزىلىيە، پەرۋىنە، پەخرىنىسا، ئەمرىنىسا، مەختۇم ئاچىلىرىمنىڭ بىرەرى سېزىپ قالسا، ماڭا كۈن يوق جۇمۇڭ.
— ھەلىمىخان چوڭ ئانام قوشۇلغان يەردە، يەنە نېمىدىن قورقاتتىڭىز؟
— نېمە، ئانام ئۇقۇپتۇما؟
— ئانام زەينۇرە ئىككىمىزنىڭ خەت يېزىشىپ، تېلېفون قىلىشىپ، ھېيت - بايراملاردا ئىزدىشىپ يۈرگىنىمىزنى دەپتىكەن، «قېنى گۈلىستان پراكتىكىسىنى تۈگەتسە، بىرگەپ بولار» دەپتۇ.
— راستىما!؟
گۈلىستان قىزارغىنىچە يۈزىنى قاچۇرۇپ، ئايال مېھمانلار ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقاندا، ئەركىننىڭ «ئەمىسە ئۇنتۇپ قالماڭ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. ئەمما بۇ ئەسنادا بىكارلانغان لېگەنلەرنى قاتلاپ كۆتۈرۈپ چىققان ئەختەم كەم سۆز، باشتىكى چوڭ مېھمانخانىغا بىردەم قاراپ تۇرۇشىغا، 17 ياشلارغا قەدەم قويغان گۈلپىيە بىر قۇچاق داستىخاننى قۇچاقلاپ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەختەمنى كۆرۈپلا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ چوڭ كۆزلىرىنى قاچۇردى. چۈنكى، ئەتىگەندىن بېرى ئاش تۇشۇپ، داستىخان يىغىپ، قوللارغا سۇ بېرىپ يۈرگىچە، قازان بېشى، ساماۋار ئەتراپى، باغ يوللىرىدا قاملاشسۇن، قاملاشمىسۇن

قوشاق قېتىپ، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ گۈلپىيەنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. گۈلپىيە بەزىدە ئاچچىقلاپ قالسىمۇ، تىللىسىمۇ. بەربىر ئەختەم دەيدىغىنىنى دەۋەردى. ئاقىۋەت گۈلپىيەمۇ ئۇنىڭ قىزىقچىلىقىغا قىزىقىپ قالغاندەك قىلاتتى.

— ئاستىراق مېڭىڭە، «ماشا پولۇ قالمامدىكىن» دەپ ئەنسىرىمەك، قىيمىقىنى بولسىمۇ قىرىپ بېرىمەن.

— ئۇنداق قىيمىقىنى ئۆزىڭىز يەڭ، ۋىيەي گېپىڭىزنىڭ سەتلىكىنى.

— ئەمىسە، قازان بېشىغا نېمانچە ئالدىراپسىز؟ — ئەختەم قىزنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويىدى، — باشقىلار كۆرسىمۇ، راسا ئاچ پاقا قىزكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

— مانا، ئاستا مېڭىۋاتىمەنغۇ، ئەمدى ئۈمىلەپ بەرسەم بولامتى؟

ئەختەم گۈلپىيەنىڭ بېلىكىدىن كاپلا تۇتۇپ ئۆگزە بويى ساپسېرىق ئېچىلىپ كەتكەن زەپىران گۈلنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ كەلدى ـ دە، پەس ئەمما ئېنىق قىلىپ قوشاق قاتتى:

جېنىمغىنا گۈلپىيە،
كۆزلىرىڭىز شەھلاكەن.
بوغداي ئۆڭلۈك چېھرىڭىز،
خوددى قىزىل گۈل ئىكەن.
توختاڭ نەگە بارسىز؟
تېخى توگىمىدى گېپىمىز.
كىچىككىنە لېۋىڭىز،
ئالۇچىمۇ، جىنەستە،
باشقىلارغا يىگۈزمەڭ،
ئۆزۈم كېلىپ ئۈزمەستە.

— بىلىكىمنى قويۇپ بېرىڭ، بارغانسېرى سېتى چىقىۋاتىدۇ، — گۈلپىيە راستتىنلا خاپا بولدى، — ئەختەمكا، ئەمدى تىللايمەن.

— تىللىسىڭىز تىللاڭ، ئۇرسىڭىز يۇزۇمنى تۇتۇپ بېرىمەن. ئەمدى ئاخىرقى مەدھىيەنى ئاڭلىۋالمىسىڭىز، ئۆمۈر بويى ئارماندا قالىسىز، ئاڭلاڭ ـ ھە.

قاشلىرىڭىز قاپقارا،
خۇددى قارىغاي قانتى.
سىزنى سۆيگەن يىگىتكە،
كېلەر جەننەت ئىلمتى.

— بېشىڭىزنى يەڭ، ۋۇي كاسكا، كاپ ـ كاپ، — گۈلپىيە قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى، — قانداق سارالڭ «كەم سۆز» دەپ لەقەم قويۇپتى بولا بۇ بىزەڭ تاشپاقىغا، ئاغزىنىڭ بىزەپلىكىنى كۆرمەمدىغان.

— شۇنچە ئالەمشۇمۇل مەدھىيىلىرىمنى پىسەنتىڭىزگە ئالمىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ شورى.

— مەدھىيەمىش تېخى، «سىزنى سۆيگەن يىگىتكە» دېگەن پاسكىنا گەپلىرىڭىزنى لەنجۇدىكى ئالىقانات قىزلىرىڭىزغا دەپ بېرىڭ.

— ئۇ ··· ئۇ ··· قانداقمۇ پاسكىنا گەپ بولسۇن.

ئەختەم ئۇزاپ كەتكەن گۈلپىيەنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىغىنىچە قول سوزۇپ قالدى.

زېھنىياتلىق كىتابخان! بىز يۇقىرقى سەھىپىلىرىمىزدە يىللارنىڭ، ۋاقىتنىڭ ئەشەددىي رەھىمسىزلىكى ھەققىدە شۇنچە قەغەزلەرنى قاپقارا بويىۋەتتۇق! راست ئەمەسمۇ، كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىران يىگىتلەرنى ئەتىسى ـ ئاخشىمى ئاجىز يۆتىلىدىغان، گېلىدە مەڭگۈ ئۇزۇلمەس بىر بەلغەم خىرقىراپ تۇرىدىغان نىمجان بوۋايلارغا، تەڭرىنىڭ كارامىتىنى ئۆز گۈزەل لاتاپىتىدە نامايان قىلغان نازىنىن قىزلارنى دوڭغاق مومايلارغا، ھەتتا ئېگىز تاغلارنى قۇم، تاشلارغا، دەريا ـ كۆللەرنى سېسىق

كۆلچەكلەرگە. قاراڭغۇ ئورمانلارنى قۇرۇق قاقشال چاتقاللارغا ئايلاندۇرۇپ قويغىنىمۇ يىللارنىڭ قولچومىقى ۋاقتىقۇ!

مانا كۆردىڭىز! ئۆيگە بىرەر مېھمان كەلسە ھېيىقىپ تارتىنىپ، قورقۇپ بوۋىسى مۆزەپپەرنىڭ قۇچىقىدىن چۈشمەيدىغان ئىسھاق، بەش - ئالتە يېشىغىچە ئاغزىدىن سوسكا چۈشمەيدىغان ئابدەلەر مانا بۈگۈن توي قىلدى. پەزلىيە، پەرۋىنەلەر «ساقام، ساقام» دەپ قولىدىن چۈشۈرمەي ئەركىلىتىدىغان ئەركىن، پەخرۇللا بىر تال كەمپۈتنى تۇتقۇزۇپ قويسا، قوللىرى چاپلىشىپ كەتكەنگە قەدەر شورايدىغان گۈلىستانلار بىر - بىرىگە كۆڭۈل ئىزھار قىلغۇدەك بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئاپئاق تاملارغا لاي توقاچ چاپلاپ يۈرگەن ئەختەم كەم سۆز چېغىدا، قىزلارغا قوشاق قېتىپ ئۆزىگە رام قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئانىسى سىغىۋاتقان نەسىللىك ئۆچكىنىڭ سەر خىل ئەمچەكلىرىنى كۆرۈپ «ئېمىمەن» دەپ خەقىشلىك قىلغان ئەزىمجان چېغىدا «قەلەمكەش» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىپتۇ. ئۇمۇ تويغا كەلگەن قىزلارغا بويۇنداپ قاراۋاتىدۇ. تەقى - تۇرقى قاملاشقان، غۇنچە بوي قىزلارنى كۆرسە، كالپۇكلىرىنى تامشىپ، بىر تەڭنە سۈتنى كۆرگەن مۈشۈكتەك كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا تال چىۋىقنى ئات قىلىپ، قونچاق ئويناپ يۈرگەن ئاشۇ بالىلارغا قاراپلا، ئۆمۈرنىڭ ئېگىزدىن پەسكە يۇمىلىغان غالتەكتەك تېز كېتىۋاتقانلىقىغا كۆڭۈللەر خىرە بولىدۇ. تېخى «سىلەردىن بىز قالامدۇق» دېگەندەك، ئۇلارغا ياندىشىپلا چوڭ بولۇۋاتقان گۈلپىيە، ئەزھەر، ئەليار، يۇسۇپجان، مۇنەۋۋەرلەرچۇ؟! بۇلارمۇ يامغۇردىن كېيىنكى كۈدىدەك كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە لەپپىدە ئۆرلەپ يېتىلگەن قىز - يىگىتلەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ مۇشۇنداق جاھانكەن، كەتكەنلەر بىر - بىردىن كېتىپ تۇرىدىكەن، كەلگەنلەرمۇ ھايىنى - ھۇي دېگۈچە قاتارغا قېتىلىدىكەن. ھەر يىلى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ توي مەرىكىلىرى، ھېيت -

بايراملاردا پەتىلەپ كېلىپ، ئۇزۇن پاراڭلىشىپ كېتىدىغان مۇزەپپەر بىلەن گۆھەرخان بۇ يىل يوق. گۆھەرخان ئانا بولىتۇر كۈزدە ھېچقاندىقى ئاغرىق ئازابى تارتماي، بىر سەھەرلىكى جايناماز ئۈستىدىلا كۆز يۇمدى.

4ـ شىركەت 8 ـ كالونىنىڭ توك ئىشلىرى تېخنىكى ۋە زىيالىي ياشلار گۇرۇپپىسىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئىكرام، ئىككىنچى بالىسى مىنەۋۋەر تۇغۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسى «پارتىيە ـ ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپى» دە ئىككى يىل ئوقۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 8 ـ كالوندا ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بىرىنچى قول باشلىق بولدى. ئىكرام ئۆز سالاھىيىتى بويىچە «ئاپتوموبىل شوپۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك كۇرس»لىرىغا بىرقانچە قېتىم دەرس ئۆتۈش بىلەن شوپۇرلار ئىچىدە ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى.

خىيال دېگەن شۇنداق ئۇچقۇر نېمىكەن، بىردەمدىلا جاھاننى تاسقاپ چىققان راخمانوف مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئارامغا چىققاندىن بېرى، ئۆمۈر ۋە ئۆلۈم ھەققىدە كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى، ھەرەمباغ، شىخۇ ئۇرۇشلىرىدىكى قۇربان بولغان سەپداشلىرى، كوماندىر ـ جەڭچىلەر، رادىست قىز فىدۇتىيە بىلەن قارلىق داللاردا ئۇچراشقانلىرى پات ـ پاتلا ئەسكە چۈشەتتى. مانا شۇ تۇرقىدىمۇ راخمانوفنىڭ كۆزلىرى تۇمانلىشىپ، تويدىن قايتقان جامائەت خىرە ـ شىرە كۆرۈندى.

دەرۋەقە، بىر كۈن كەچقۇرۇن يەر ـ زېمىننى قىزدۇرغان قۇياش ھاردۇق يەتكەندەك، كەچكە يېقىن ئۆز ئۇۋۇسىغا ئالدىراۋاتاتتى. ئەر ـ ئايال مېھمانلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇزاشماقتا ئىدى. بايا يىگىتلەر قىز كۆچۈرۈپ ماڭغاندا، كىچىك قىزى ئابىدەگە كۆڭلى قىيمىغان راخمانوفنىڭ ئىچىدە بىر يېرى

كىتاب نۇر پىكتىپ
www.uyghurkitap.com

ئېچىشقاندەك بولغانىدى. مانا ھازىر خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى.

— ئەمىسە، چوڭلار، ئارا مېھمانخانىغا مەرھەمەت، — دېدى ئەزىمجان يار ئېلى قوللىرىنى يېيىپ، — ياشلار كۆپ بولغاچقا چوڭ مېھمانسارايغا كىرەيلى، قىز — يىگىت دېمەيلى - ھە، ئارىلىشىپ ئولتۇرىمىز.

ياشلار تولدۇرۇپ گىلەم سېلىنغان چوڭ مېھمانخانىغا ئاياغ كىيىملىرىنى سېلىپ كىرىشى بىلەن تامدىكى ئەينەك رامكىغا كۆزى چۈشتى - دە، ئەزىمجان، ئەختەم، ئەركىن، سىدىق مەمەت، ئەخمەتجانلار گۇررىدە توپلاشتى. ئاڭغىچە گۈلىستان، گۈلپىيە، ئەزھەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئەينەك رامكا ئىچىدىكى يېشىل دۇخاۋغا بېكىتىلگەن مېدال، ئوردېن، خاتىرە ئىزناكلارغا ئىشتىياق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— بۇ دادام راخمانوفنىڭ ئارمىيە ئىچىدە ئالغان شان - شەرەپ مېدال، ئوردېنلىرى، — دېدى ئەركىن پەخىرلەنگەن ھالدا، — ماۋۇ يۇقىرىدىكى ئىككىسى «باھادىرلىق ئۈچۈن» ۋە «خەلققە مېھنەت سىڭدۇرۇش» ناملىق خاتىرە مېدال، بۇ بولسا «غەربىي شىمالنى ئازاد قىلىش» ناملىق قەھرىمانلىق مېدالى، ماۋۇ تۆۋەندىكىلەر «ئازادلىق» ھەم «ئىستىقلالەت» ئوردېنلىرى.

— قېنى ئۇستەللەردىن ئورۇن ئېلىڭلار، — ۋارقىرىدى ئەزىمجان، — تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن.

بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇۋالغان ئەركىن بىلەن گۈلىستان نېمىلەرنىدۇر كۇسۇرلىشاتتى. ئەختەم ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان گۈلپىيەگە قاش - كۆزى، قوللىرىدا قانداقتۇر ئىما - ئىشارىلەرنى قىلىپ، مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي ئاۋارە ئىدى. ساۋاقداشلىق، دوستلۇق ۋە تۇغقانچىلىق يىپلىرىغا باغلانغان مۇشۇ ياشلارنىڭ ئىچىدە، ئىسھاق بىلەن ئابىدەنىڭ يېقىنىدىلا خىزمەتكە چىققىنىنى، شۇنداقلا گۈلىستاننىڭ قەشقەر تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ پراكتىكا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەركىن، ئەختەم، ئەزىمجان، سىدىق مەمەت، ئەخمەتجانلارنىڭ

ھەممىسى دېگۈدەك ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇدىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇيتتى. ئۇلار يازلىق تەتىلنىڭ شاراپىتى بىلەن جەم بولۇپ، ئىككى دوستىنى بەخت لىباسىغا ئوراپ ئۇزىتىپ قويۇشتى.

تاماقتىن كېيىن ئەزىمجان يار ئېلى، سىدىق مەمەت، ئەخمەتجانلار خوشلىشىپ ماڭدى. راخمانوف ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى خىزمەتلىرىنى ماختاپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئابلىز توختىنىڭ مېڭىش تەرەددۇتىنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەختەم، گۈلپىيەنى «بىر قىز ساۋاقدىشىڭىز ساقلاپ تۇرىدۇ» دەپ ئالداپ باغقا ئېلىپ كىردى ـ دە، خۇددى ھېلىلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك گۈلپىيەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى.

ـــ ئاڭلىسام ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپسىز، ـــ دېدى ئەختەم جىددىي تەلەپپۇزدا، ـــ قايسى مەكتەپتىن چاقىرىق كەلدى، دەڭا؟

ـــ دېسەم قانداق قىلاتتىڭىز؟ يەنە كاپىلداپ خەت يېزىپ، مېنى بىزار قىلماقچىما؟

ـــ ۋاي ـ ۋۇي، نېمانچە كاج قىز بالاسىز، دوستلۇققىمۇ يارىمايدىكەنسىز.

ـــ مەن تېخى سىزدەك ۋاتىلداق بىلەن دوست بولىمەنما؟ ئۇخلاپ چۈشىڭىز.

ـــ دېمىسىڭىز دېمەڭ، مۇشۇ ئۆيدىكىلەردىن، دوستلىرىڭىزدىن سوراپ بىلىمەن.

ـــ راست گەپنى قىلسام چاقىرىق تېخى كەلمىدى، بىز شەھەرگە كەلگىلى ھەپتىدەك بولۇپ قالدى. بەلكىم توغراقتىكى مەكتىپىمگە كېلىپ بولغاندۇ.

گۈلپىيە شاپپىدە ئۆرۈلۈپ مېڭىشى، ئەختەم ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

ـــ گۈلپىيە، ئىككىمىز ئۆزئارا خەت يېزىشساقمۇ بولمامدا؟

ـــ بولمايدۇ، سىز بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشنى خالىمايمەن.

گۈلپىيە ئارقىغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. ئەختەمنىڭ ئىچىدە بىر يەرلىرى تارىسىدا ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك، ئېرىق قىرىدا زوڭزىدە ئولتۇردى ـ دە:

ــ ئۇ ... ئۇ ... مېنى ياراتمايدىكەندە، ئىست، ئۇنى ماختاپ توقۇغان قوشاقلىرىم، تاتلىق گەپلىرىم ... تۇنجى قېتىملىق پاك كۆڭلۇمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتا... ــ دەپ چوڭقۇر خورسىندى.

شۇ كۈنى كەچلەپ ئابلىز توختى ئايالى ۋە ئوغلى ئەختەمنى ئېلىپ ئاقتام ناھىيىسىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاراڭغۇ چۈشتى. ئاستا ـ ئاستا ئاسمان سەتھىسى ساندۇق ـ ساندۇقلاپ مەرۋايىت ئۇۋاقلىرىنى تۆكۈۋەتكەندەك، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن قاپلاندى. چىمەنتاغنىڭ ئارقىسىدىكى سۇس بىنەپشىرەڭ نۇر تۇماننىڭ غۇۋا تارىلىۋاتقانلىقىدىن ئاي تۇغۇشقا ئانچە كۆپ ۋاقىت قالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. پۈتۈن بىر كۈن ۋاڭ ـ چۇڭغا تولۇپ، ناخشا ـ سازلار ياڭرىغان قورۇ، ئەمدىلىكتە گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى. ساپسېرىق ئېچىلىپ كەتكەن زەيپىران گۈللىرى ئەتراپىغا قويۇلغان ئورۇندۇقلارنىڭ بىرىدە ئولتۇرغان ئەركىن ھۇزۇرلىنىپ تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئەتىگەندىن كەچكىچە باپكارنىڭ مۈكىسىدەك يورغىلاپ، پۇت ـ قوللىرىدا مىسقالچە مادار قالمىغان قىز ـ چوكانلار، باللار ھەرقايسى ئۆيلەردە ئۇچرىغان ياستۇققا باش قويۇپ، يېنىك پۇشۇلداشقا باشلىغانىدى. قايسىدۇر ئىشىكنىڭ تاراقلىشىدىن چۆچۈپ قارىغان ئەركىن قولىدىكى تاماكىسىنى دەرھاللا گۈلخانە تۈپىسىغا باستى.

ــ ئەركىنمۇسەن، بالام؟ ــ بۇ راخمانوفنىڭ ئاۋازى ئىدى، ــ ھەممىمىز ھېرىپ ھالىمىزدىن كەتتۇق. باغ، ھويلىلاردىكى گىلەم، كىگىز، قازان ـ قومۇچلار يىغىشتۇرۇلمىدى، شۇڭا دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىۋەت.

ــ سېلىۋەتتىم، دادا.

— ياخشى قىپسەن. ھە، ئۆزۈڭ ئارام ئالمامسەن؟
— سالقىنداپ بىردەم ئولتۇراي.
— بوپتۇ ئەمىسە.
راخمانوفقىمۇ ھاردۇق يەتكەنمۇ نىمە؟ سوزۇپ ئەسنىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئەركىن فوسفورلۇق قول سائىتىنى كۆزىنىڭ قىشىغا ئەكېلىپ قارىدى. ئاندىن «يەنە بىردەم ساقلاي» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. چۈنكى ئۇ ھەممىنىڭ تەكشى ئۇخلاپ كېتىشىنى تىلەيتتى. بىراق راخمانوف كىرىپ كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا زەپىران گۈللەرنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرى شالدىرلاپ، قاپقارا بىر كۆلەڭگە لەڭگەندە چىقىپ كەلدى. ئارقىسىدىنلا پەيدا بولغان بۇ سايىدىن چۆچۈپ كەتكەن ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:
— ۋاي تۇۋا سىزكەنسىزغۇ، ئادەمنى شۇنچە چۆچۈتكەن بارمۇ!
— مەن بولماي، كېلىدىغان يەنە بىرەرى بارمىدى؟
— خۇدايا تۇۋا دەڭا، ئەسلىدە مەن سىزگە بەلگە بەرمەكچى بولغان ئەمەسمىدىم.
— ئويلاپ باقسام، يۆتەلسىڭىز زادىلا بولمايدىكەن، — گۈلىستان ئەركىننىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، — بۇنداق ئىما ـ ئىشارە، شەرتلىك بەلگىلەرگە خوتۇنلار بەكمۇ دىققەت قىلىدۇ. شۇڭا، تۇيدۇرمايلا چىقىۋالدىم. نىمە گېپىڭىز بار ئىدى؟
كائىناتنى سۈس كۆكۈچ نۇرىغا پۈركەپ، ئاي تۇغدى. ئۇنىڭ چىمەنتاغ ئۈستىگە قونۇۋالغان سىياقى بەئەينى غايەت زور ئوت شارىغىلا ئوخشايتتى. بىراق ئۇ سوغۇق بولۇپ، تەنلەرگە ئىللىقلىق ئاتا قىلىشتىن خالىي ئىدى! يۇلتۇزلارغا تولغان كۆك ئاسمان گۈمبىزى، ئورمان، دەل ـ دەرەخلەر ئاستىغا تىقىلغان قاراڭغۇلۇق، ئاجايىپ تىمتاس جىمجىتلىق كېچىگە ھەسسىلەپ سىر ـ ۋەھىمە ئاتا قىلاتتى. بەزىدە نەدىندۇر ۋارقىرىغاندەك،

www.uyghurkitap.com

ھوقۇيتقاندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ قالسا، يىراق بىر جايدىن ئىتنىڭ سوزۇپ، سوزۇپ قاۋىشى كۆڭۈللەرگە قورقۇنچ سالاتتى. تۇرۇپلا تولىمۇ مۇڭلۇق يىغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان زەئىپ ئىڭراش ئاڭلانغاندەك بولۇپ، يۈرەكلەرنى سىرقىرىتىۋېتەتتى. قىسقىسى، كېچىكى تۈن روشەن بولمىغان مەۋھۇم ئاۋازلارغا تولغانىدى. تېنى شۈركۈنگەندەك بولغان گۈلىستان ئەركىنگە تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى.

— ئەركىنكا، شاۋۇلدىغان بىر ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەنغۇ؟

— قورقماڭ، كېچىكى تۈن جىمجىت بولغاچقا، شامال بوستان دەرياسىنىڭ شاۋۇلداشلىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

— ئەركىن ئاكا، گەپ قىلىڭا، بولمىسا كىرىپ كېتىمەن، — گۈلىستان مىدىرلاپ قويدى، — كېچىسى دولىنى قورۇغىدەك سوغۇق شامال باركەن دېسە.

— گۈلىستان، پراكتىكا ۋاقتىڭىز قاچان توشىدۇ؟

— بۇنى سوراپ قاپسىزغۇ؟ يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن توشىدۇ. ئاندىن بىرەر ناھىيىلىك ياكى رايونلۇق دوختۇرخانىلارنىڭ بىرىگە خىزمەتكە چۈشىمەن.

— مېنىڭ يەنە ئىككى يىللىق ئوقۇشۇم بار، پۈتكۈزۈپ كەلگىچە سىزنىڭ تويىڭىزنى قىلىۋېتەرمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

— ۋىيەي، نېمە دەيدىغانسىز، ماڭا بىر كىم تەييار تۇرۇپتۇمۇ؟

— ئۇنداققۇ ئەمەس، لېكىن سىزمۇ بىلىسىز، قىزبالا ئون يەتتە - ئون سەككىز گە كىرە - كىرمەيلا، ئاتا - ئانا، «پەرزىنى ئادا قىلىمىز» دەپ ئولتۇرالمايلا قالىدۇ. ھازىر مەن يىگىرمە بىر ياشتا، سىز مەندىن يەتتە ئايلىق كىچىك.

— بۇ ئەنسىرەيدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى گۈلىستان ئىشەنچ بىلەن، — توي قىلىش - قىلماسلىق، ساقلاش - ساقلىماسلىق ئۆزۈمگە باغلىق، لېكىن مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم

ئۇ ئەمەس.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسىز؟

— ئاكام پەخرۇللا ئاچىڭىز پەزلىيە بىلەن توي قىلىدى. سىڭلىڭىز ئابىدە بولسا، ئاچام پەخرىنىسانىڭ ئوغلى ئىسھاق بىلەن ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدى. ئەمدى ئىككىمىز توي قىلساق، ئانام، ئاكام نېمىدەپ ئويلاپ قالار، سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىزچۇ؟ تېخى خەقلەر نېمىلەرنى دەپ كېتەر؟ بۇ ئىككى چوڭ ئائىلە خۇددى يۇڭ پومزەكتەك گادىرماچلا بولۇپ كەتكۈدەك.

— ئا ... بۇنداق ئويلىغىنىڭىز پۈتۈنلەي ئورۇنسىز، — ئەركىننىڭ تەلەپپۇزى خېلىلا قاتتىق ئىدى، — قەدىمدىن تارتىپ «قايچىقۇدا» دېگەن رەسىم ـ قائىدىلىرىمىز بارغۇ. ئۇ بىزدىلا بولۇۋاتقان ئىش بولمىسا.

— قايچىقۇدا ئىككىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ. لېكىن بىزدە ھازىر ئۈچ ئايلانما ئېلىش ـ بېرىش بولۇۋاتىدۇ.

— «قايچىقۇدا ئىككىنىلا كۆزدە تۇتىدۇ» دەپ نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— ئەمدى، شۇنداقمىكىن دەيمىنا.

— خاتا چۈشىنىۋاپسىز.

— شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن، ئەگەر بولغۇسى ئۈچ ئائىلىنىڭ بىرىگە دەز كەتسە، قالغانلىرىمۇ پۈچىلىنىپ كېتىدۇ، جۇمۇك.

ئەركىن بىلەن گۈلىستان كەلگۈسى تۇرمۇشى، بالىلار، بالىلارنى تەربىيىلەش، بىلىم ئاشۇرۇش، خىزمەت قاتارلىق نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلاردا مۇڭدىشىپ، كۆڭۈللىرى ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، يەنىلا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق تۇيۇقسىزلا دەرۋازا قېقىلىپ، ئىككىسى چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— گۈلىستان، — پىچىرلىدى ئەركىن، — سىز دەرھال كىرىپ كېتىڭ، مەن دەرۋازىنى ئاچاي.

دەرۋازا ئالدىغا كەلگەن ئەركىن گۈلىستاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ، كەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، قۇلۇپقا قول ئۇزاتتى. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا كېچىدە دەرۋازا قاققان كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە سەل ئەنسىرەپ تۇراتتى.

— سىز كىم؟

— مەن ئاكاڭ پەخرۇللا، ئەركىن ئىشىكنى ئاچ.

ئەركىن ھاپىلا ـ شاپىلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ، ئۆزىدەكلا ئېگىز، لېكىن تەمبەل پەخرۇللا بىلەن قۇچاقلاشتى. ئاندىن ئۇنىڭ چامادان، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىردى.

— نېمانداق كېچىگە قالدىڭىز؟

— يولدا ماشىنىنىڭ ئوقى سۇنۇپ كېتىپ، شوپۇر بىر يۈك ئاپتوموبىلىغا چۈشۈپ ئۇرۇمچىگە كەتتى. ئۇ كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە تېخنىكنى ئېلىپ كەلگۈچە يېرىم كۈندىن ئارتۇق ساقلىدۇق، — پەخرۇللا چېچىلىپ ياتقان ئورۇندۇق، دىۋان، ساماۋارلارغا ھەيران بولۇپ قاراپ، — ئەركىن، ھويلىنى نېمانداق ئەرەتتەن ـ پەرەتتەن قىلىۋەتتىڭلار؟

— بۈگۈن ئىسھاق بىلەن ئابىدەنىڭ تويى بولدى. بىر كۈن بۇرۇنراق كەلسىڭىزچۇ.

— ئۇنداقتا ئۆيدە يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن مېھمانلار بار ئوخشىمامدۇ؟

— ھەلىمىخان چوڭ ئانام، پەزىلىيە، پەرۋىنە ئاچام، ئىكرام ئاكاملارنىڭ ھەممىسى بار. مەن پەزىلىيە ئاچامنى چاقىرىپ قوياي، ئۇ سىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسۇن.

ئەركىن ئاچىسىنىڭ قايسى ئۆيدە يېتىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي تۇرغىنىدا، پەزىلىيە ئوتتۇرىدىكى ئۆيدىن ئۆزى چىقىپ قالدى. ئەركىن: «ئاچا، پەخرۇللا ئاكام كەپتىكەن» دەپلا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئۇلار قانداق تېز كەلگەن بولسا، شۇنداق تېز توختاپ، بىر ـ بىرىگە تەلمۈرۈپ خېلى قاراپ تۇردى. ئەمما، ھازىر يېرىم كېچە، ئەتراپتا «كۆز ـ قۇلاق»لارنىڭ يوقلۇقىغا

ئىشەنگەندىن كېيىنلا ئىككىسى ئېتىلىپ كېلىپ قۇچاقلاشتى.

— ئەجەب مېنىڭ كېلىشىمنى بىلگەندەكلا چىقىپ قالدىڭىزا، — سورىدى پەخرۇللا، — ياكى پال سالغانمىدىڭىز؟

— ئاۋازىڭىزدىن تونۇدۇم، چۈنكى مەن تېخى ئۇخلىمىغان.

— نېمە؟ تۈن نىسپى بولۇپ كەتكەن تۇرسىمۇ ئۇخلىيالمىغانمىدىڭىز؟

— ھەپتىدىن بېرى، قاپىقىم تارتىپ كۆڭلۈم بىر نېمىگە تەلپۈنۈپ، يۈرىكىم سېلىپ ئەجەب بىر قىسما بولۇپ قالدىم، — پەزىلىيە مىچچىدە يىغلىۋەتتى، — خۇددى سىز كېلىپ قالىدىغاندەكلا تۇيغۇدا بولدۇم. «يەنە تېخى بىرەر ئاي بارغۇ» دەپ ئۆزۈمگە ھاي بەرسەممۇ، يەنىلا يوللارغا تەلمۈرىمەن.

— ھېلىمۇ بىر - ئىككى ئايدا بىر قېتىم كېلىپ، خەتلەرنى ئۆزمەي يېزىپ تۇرغىنىم، — پەخرۇللا پەزىلىيەنىڭ ئايدىڭدا يالتىراپ تۇرغان نۇرلۇق پېشانىسىگە ئاستا ئۆپتى، — ئۆزىڭىز ياخشى تۇردىڭىزمۇ، باللارچۇ؟

— ھەممىمىز ياخشى، گۈلپىيە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى.

— بىلىمەن، ئۇ خېتىدە يېزىپتىكەن، سىلەرنى جاپادا قويدۇم - ھە؟

— ئۇنداق دېمەڭ، سىزمۇ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن قالسا ئائىلىمىز ئۈچۈن ئوقۇدىڭىز، سىز ئوقۇۋاتقان چېغىڭىزدا ماتارىپ ئىدارىسىدىن مېنى سىفەن داشۆگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىمىز، دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم.

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئوبدان پۇرسەتكەنغۇ.

— ئۈچ بالىنى ئانامغا تاشلاپ بېرىپ، جاپاغا سېلىشنى خالىمىدىم، — پەزىلىيە ئېرىگە قايرىلىپ قارىدى، — ئوقۇشىڭىز كېيىنكى ئايلاردا توگەيتتى، شۇڭا تويىنى قىلىۋەرگەن ئىدۇق.

— مەكتەپ رەھبەرلىكى ئىمتىھاننى ئالدىغا سۈردى، شۇڭا

بالدۇر كەلدىم.

— ھېرىپ كەتكەنسىز ـ ھە، — مۇھەببەتلىك كۆزلەردىن تاقەتسىز سېغىنىش ئۇچقۇنلىرى ياندى، — يول ئازابى، گۆر ئازابى دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.

— سىزنى كۆرۈپلا، ھاردۇقۇم چىقىپ قالدى.

— مەن سىزگە ياتىدىغان ئورۇن ھازىرلاپ بېرەي.

— شۇنچە جىق ئۆيلەردىن ئىككىمىزگە بىرەر ھۇجرا چىقماسما؟

— تولا قىلىنىلىق قىلماڭ ··· ئەتە ھەلىمخان ئانام، زەينۇرە ئاچام، داداملارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمىز؟

پەزلىيە مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىپ، كۆپ ھايال بولمايلا يېنىپ چىقتى. ئۇ چامادانىنى قولىغا ئېلىپ، «جۇرۇڭ» دېيىشى، پەخرۇللا ئۇنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم قاماللىدى:

— نەدە ياتىدىغان بولدۇق؟

— مېھمانخانىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ھۇجرىغا ئورۇن سېلىپ قويدۇم، ياۋاشلىق بىلەن كىرىپ يېتىڭ.

— پەزلىيە!··· — پەخرۇللا خوتۇنىنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈردى، — مەن ··· مەن ··· تاقەتسىز سېغىنىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم!···

— مېھمانخانىدا بىر قانچىسى ئۇخلاۋاتىدۇ. يۈتىكىمىزنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ.

پەخرۇللا خوتۇنىنى شاپىدە باغرىغا تارتتى ـ دە، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئېلىنمىغاچقا قالغان يىرىك لەۋلىرىنى يۇمران، سۇزۇك ھالرەڭ لەۋلەر ئۈستىگە باستى ··· ئۇ شۇنچىلىك ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيدىكى، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرى نازۇك غول، ئىنچىكە بەللەرنى ئامبۇردەك قىسىۋالغانىدى! ··· نەپەس يېتىشتۈرەلمەي قالغان پەزلىيە «ئۇم ··· ئۇم··· » دەپ ئىڭراپ، لەۋلىرىنى ئارانلا ئاجراتتى ھەم ئېغىر ھاسىرىغىنىچە نېمىلەرنىدۇر دەپ غۇدۇراپلا كەتتى:

— ئاچ كۆز بۆرە، غالجىر، يۈزسىز قىلىن! ··· ھېلىمۇ ئارىلاپ كېلىپ تۇرغىنى···

ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتا ئۆي قايتىدىنلا شادلىققا چۆمدى. راخمانوف، ئىكرام، كېرىم، ھەلىمخان، پەزىلىيە، پەرۋىنە، پەخرىنسا، مەختۇمنىساخانلار پەخرۇللا بىلەن يېنىش - يېنىشلاپ ئەھۋاللىشىپ ھال - مۇڭ تۆكۈشتى. بولۇپمۇ، ئەزھەر، ئەلىيار، گۈلپىيەلەر قۇچاقلاپ، سۆيۈپ دادىسىغا تويمىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پەخرۇللا ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلارنى ئوغۇل - قىزلارغا، چوكانلارغا تارقىتىپ بېرىشكە، ئۆي ئىچى باشقىدىنلا ۋاڭ - چۇڭغا تولدى. راخمانوف پەخرۇللادىن ھازىرقى ۋەزىيەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ تۆۋەنگە قاراتقان سىياسىتى، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىقلارنى سورىدى. پەخرۇللامۇ پارتىيە مەكتىپىدە ئوقۇغان يېڭى دەۋر، ئۆزگىچە تەرەققىيات نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئەستايىدىل، ئىخچام قىلىپ سۆزلەپ بەردى. بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغان سەككىز - توققۇز يىلدىن بېرى، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، ئېلېكتر ئېنېرگىيە، خەلق تۇرمۇشى، يېزىلارنىڭ زاماننىۋىلىشىشى، پەن - مەدەنىيەت قاتارلىقلاردىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات ۋە يۈكسىلىش جۇڭگونى ۋە جۇڭگو خەلقىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتماقتا ئىدى. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ شامىلى دېھقانلارغا نۇرغۇنلىغان قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ھاللىق سەۋىيە يارىتىشنىڭ يوللىرى كەڭ ئېچىلغانىدى. بىراق ئىسلاھات ئېڭىدىن كېيىن قالغان بىر قىسىم كادىرلار شەخسىي مەنپەئىتى، يۈز - ئابرۇيى، مەنسەپ، شان - شەرىپىنى قوغلىشىپ، مەركەزنىڭ سىياسەت، ئەمر - پەرمانلىرىغا خىلاپ ھالدا، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى، قىزغىنلىقىنى، ئىسلاھات روھىنى بوغۇۋاتىدۇ.

— پاھ، پاھ، مەركەز خۇددى كۆرۈپ تۇرغاندەكلا باھا بېرىپتا، — دېدى راخمانوف ھاياجانلانغان ھالدا، — مەركەز





www.uyghurkitap.com

دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن سۇ ھەققى، دېھقان بېجى دېگەنلەرنى ئېلىۋېتىشنى قايتا - قايتا ئېيتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ بەزى يېزا كادىرلىرىمىز: «دېھقانلارنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ»، «يېزا كادىرلىرىنىڭ گېپى ئۆتمەس بولۇپ كېتىدۇ»، «دېھقانلارنى بويسۇندۇرۇۋاتقىنى ئاشۇ سېلىقلار…» دېيىشىپ، ئىمتىياز كالتىكىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇۋاتىدۇ.

— شۇڭا، بۇ قېتىم ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ھەممىسى يېزىلارغا تەكشۈرۈشكە چۈشىدىغان ئوخشايمىز.

— تەكشۈرۈشكىلا ئەمەس، بەلكى ھوقۇق بىلەن باشقۇرۇشقا چۈشىسىلەر، — راخمانوف ئىشەنچ بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى، — چۈنكى سىلەر يېڭى دەۋر، يېڭى سىياسەت، يېڭى ئىسلاھات نەزەرىيىۋى قوراللىرى بىلەن قوراللانغان «يىگىرمە بىر مىڭچىلار!» لېنىنمۇ دۇنيادا تۇنجى قەد كۆتۈرگەن سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى بۇرمىلايدىغان، غەرەزلىك سۇيىقەست يۈرگۈزىدىغان كوشەندىلىرىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنلا مەخسۇس تەربىيىلەنگەن يىگىرمە بىر مىڭ كادىرنى پۈتۈن مەملىكەتكە — ھەرقايسى جايلاردىكى كولخوز، سوۋخوز، زاۋۇت - فابرىكىلارغا يەككە ھالدا ئەۋەتكەن، مانا ئۇلار تارىختا مەلۇم ئىزلارنى قالدۇرغان «يىگىرمە بىر مىڭچىلار»!

راخمانوف ئۆيىدىكىلىرى ۋە بارلىق تونۇغانلار ئولتۇرغان بۇ ئەتىگەنلىك تاماقتا، خۇددى «قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك، ھەرقانداق ئەمەل تۇتقان كادىرنىڭ پاك، ساغلام، ئەمەلىيەتچان، ھىيلە - مىكىر بىلەن شۇغۇللانمايدىغان بولۇشى، قىسقىسى، خىزمەتتە مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش ھەققىدە خېلىلا قايناپ - تېشىپ سۆزلىدى. ئۇزۇن يىل ئەمەل ئىتىغا مىنگەن بۇ پېشقەدەم رەھبەر ئۆمۈر بويى خەلق ياكى ھۆكۈمەتنىڭ بىر تال يىپ - يىڭنىسىگە قول ئۇزارتقان ئەمەس

ئىدى. تۇرمۇشتىكى بۇزۇقچىلىققا تېخىمۇ نەپرەتلىنەتتى. شۇڭا، ئۇ باللىرىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتى. قىزى پەزىلىيە مەكتەپ مۇدىرى، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شۇنداقلا توغراق ناھىيىلىك ۋە ۋىلايەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇپ سايلانغىنىغا تۆت يىلدىن ئېشىپ قالدى. كىچىك كۈيئوغلى ئىكرام بولسا 4 - شىركەت 8 - كالوننىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بىرىنچى قول باشلىقى ۋە بارلىق شوپۇرلار قاتلىمى ئىچىدە شان - شەرەپ قازانغان ئۇستاز! ئەمدى پەخرۇللانى ھۆكۈمەت پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىل بىكارغا ئوقۇتمايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق كېرەكلىك ماتېرىيالنى نەگە ئىشلىتىشنى، نەگە قويۇشنى ئالدىنئالا بەلگىلەپ بولغان. راخمانوفنىڭ تۇيغۇسى بۇ چاغقىچە ئۇنى ئالداپ باققان ئەمەس. بۇ باللار تېخى ياش، ئۇلارنىڭ پەللىمۇ پەللە ئۆسۈشى ھەقىقەتكە ئۇيغۇن! ئەمما، كىم ئاخىرغىچە كۆلەلەيدۇ؟ كىمنىڭ ئەمەل ئېتى ئوتتۇرا يولدا ئاقساپ قالىدۇ ياكى پۇتلىشىدۇ! ھەتتا ئەمەل ئېتى ئۇنى ئىرغىتىپ موللاق ئاتقۇزىدۇ!! بۇ ھەممە ئۇچۇن قاراڭغۇ ئىدى. راخمانوف ئاچچىقى يامان، تىرتەك، قېنى قىزىق، ناھەق ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايدىغان ئىكرامدىن بەكرەك ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ بۇ ھەقتە پەرۋىنەگە داۋاملىق نەسىھەت قىلاتتى.

— ئەمەل تۇتقۇچىلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، خەلق نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشى ھەتتا قانۇننىڭ جاۋابكارى بولۇپ قېلىشى نېمىلىكتىن؟ — راخمانوفنىڭ كۆزلىرى خەنجەردەك قادالدى، — مەن كۆرگەن تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ئىككى نەپسى بالاسىدىن ئۆزىنى تارتمىغانلار مۇقەررەر گۇمران بولىدۇ. بىرىنچىسى: «گال بالاسى» يەنى، پارىخورلۇق، چوڭ يەپ، چوڭ ئىگىلەش، خىيانەت قىلىش، ھوقۇق ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋامنى قاقتى - سوقتى قىلىش، ئىككىنچى، نەپسى بالاسى: تۇرمۇش ئىستىلىدا بۇزۇلۇش. ئۆزىنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ھۆكۈمەتنى، ئاش - نان بېرىپ باققان خەلقنى، يوقلۇقتىن

ئاپىرىدە قىلغان ئاتا ـ ئانىسىنى، كۆڭۈلداش، ھەم سىرداش يارۇ بۇرادەر، تۇغقانلىرىنى قانداقتۇر پاسكىنا ئەۋرەز پاقىسىغا تېگىشىۋېتىش، بۇ يولدا بارغانسېرى پاتقاقتا پېتىش، ئاخىر بېرىپ ھېچكىم ئارزۇسىنى يېمەيدىغان جەمئىيەت داشقىلىغا ئايلىنىش.

ئۆينىڭ ئىچى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمىپ كەتتى! راخمانوفنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆزلىشىنىڭ تېگىگە يەتكەن ھەلىمىخان ئانا، زەينۇرە، پەزلىيە، پەرۋىنە، ئىكرام، پەخرۇللالارنىڭ بەزىلىرى ئېڭەك تىرەپ، يەنە بەزىلىرى بېشىنى قامالاپ، تېخى كۆز ياش تۆكۈپ ئاڭلاۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بولۇپمۇ ئەمەل ئېتىغا مىنگەن ۋە مىنىش ئالدىدا تۇرغان پەخرۇللا، ئىكرام، پەزلىيەلەر بۇ نەسىھەت، تەنبىھلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى ئىكەنلىكى كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

— ئېسىڭلاردىن چىقمىسۇنكى، تۇرمۇش ئىستىلىدا كۆرۈلگەن كىچىككىنە سەۋەنلىك، ئاۋام ئېغىزىدا نىجاسەتتەك بەتبۇي پۇراپ چىقىدۇ، — دېدى راخمانوف غەزەپ بىلەن، — بۇنى بىر ئۆمۈر كۆز ياش بىلەنمۇ يۇيۇپ ئادالىغىلى بولمايدۇ. بۇنداق رەسۋاچىلىق بىلەن يىقىلغان رەھبەر ئۆلگەن تەقدىردىمۇ سېسىق نامى ئۇزۇن يىللار كەتمەيدۇ. بۇ پۇراق ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەۋلادلىرىنى نومۇس ۋە ھايا ئىسكەنجىلىرىدە قىينايدۇ...

شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئىكرام بىلەن پەرۋىنە ئوغلى يۇسۇپجان، قىزى مۇنەۋۋەرنى ئېلىپ شەھەردىكى ئۆيىگە قايتماقچى بولدى. ئۇلار جېپ ماشىنىغا چىقىپ تۇرۇشى، گۈلىستان پراكتىكا قىلىۋاتقان دوختۇرخانىغا قايتماقچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا چۈشۈۋالدى. ئۇلار كېتىشى بىلەن پەخرۇللا ئانىسى ھەلىمىخان، يېزنىسى كېرىم، ئاچىسى پەخرىنىسا، سىڭلىسى ئەمرىنىسا، پەزلىيە ۋە قىز ـ ئوغۇللىرىنى ئېلىپ، بوستان قىسقا يوللۇق يولۇچىلار بېكىتىگە كەلدى. بۇ

ئۆزۈن يوللۇق ياكى قىسقا يوللۇق يولۇچىلار بىكىتى بولسۇن، ئولتۇرۇپ بارىدىغان ئاپتوبۇسلار پەيدا بولۇۋاتقان چاغلار ئىدى. ھەتتا بەزى پۇلدار تىجارەتچىلەر ناھىيە، يېزا، كەنت بازارلىرى ئوتتۇرىسىدا مىنىبۇسلارنى كىراغا سالىدىغان ياخشى شارائىتلارمۇ يارىلىۋاتاتتى.

كۈن قىيىلىش بىلەن تۇغراققا يېتىپ بارغان پەخرولىلا ئۇدۇللاپ چوڭ ئۆيگە چۈشتى. پەرزىنىيە بىلەن پەخرىنىسا قول - قولچە لەڭمەنگە تۇتۇش قىلىپ، بىردەمدىلا تەييار قىلدى. ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، ئاش سۇيى ئىچىۋاتقاندا ئىسھاق بىلەن ئابىدەنىڭ تويىنىڭ ياخشى بولغانلىقى ھەققىدە پاراڭ قىزىپ كەتتى. ئەمما ئۇندىمەي ئولتۇرغان ھەلىمىخاننىڭ تىمىنىدۇر دېمەكچى ئىكەنلىكى تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئانىسىنىڭ نىمە ئۈچۈن كەيپى چاغ ئەمەسلىكى، پەخرىنسانىڭ كۆڭلىگە ئايان بولغاچقىمۇ، ئۇ كالتە يۆتىلىپ قويۇپ گەپ باشلىدى:

— ئانا، يۇرتقا توي چېيىنى ئازنا كۈنى بەرسەك بولارمىكىن دەپ ئويلاشتۇق.

— كىرىماخۇن، — ھەلىمىخان يەر بېقىپ ئولتۇرغان كۈيئوغلىغا قارىدى، — مەسلىھەتىڭلار پىشتىما؟

— پىشتى ئانا.

— ئۇلگۇرەلەمسىلەر؟

— ھەممە تەييارلىق پۈتۈپ بولغان، پەقەت قوتاندىن بىر - ئىككى قوينى ئەچىقىپ بوغۇزلىساقلا بولىدۇ.

— بىر ئوغۇلنى تۇغۇپ، بېقىپ، شۇ دېمەتلىك قىلماق ئاسان ئەمەس. ئەمما ئۆزگىنىڭ يۇرتىدا، خەقنىڭ روزغارىدا تويىنى قىلىپ، يۇرتقا داستىخان سالمىساق، خۇددى ئانامنىڭ ئۆلۈمى دادامغا ياراشتى. چەلپىكىنى ئىتلار تالاشتى، دېگەندەك بوپقالار.

— ئىسھاقنىڭ ئىدارىسىدىكى يەنە ئابىدەنىڭ مەكتىپىدىكىلەرنىڭ ناھىيە ئاتلاپ كېلىشى تەستە، — پەخرولىلا





www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

قىزىرىپ ئولتۇرغان ئاچىسى بىلەن يېزىنىسىگە قاراپ قويدى. — ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز چىقىرىدىغان ئۆي، توي كۆچۈرىدىغان ھۆجرىمۇ شەھەردە تۇرسا، زادى توينىڭ دەسلەپتە قېيناتاملارنىڭ ھۇزۇرىدا بولغىنى مەنچە توغرا.

— پەخرىنسا، — ھەلىمىخان قىزىغا لەپپىدە قارىدى، — ئىسھاق بىلەن ئابىدە ئەتە ياكى ئۆگۈن سالامغا كېلىدۇ. تەييارلىقىڭ بارمۇ؟

— بار، ئانا، بىر پارچە گىلەم، تۆت جۈپ پىيالە، ئىككى جۈپ ئاپقۇر، يەنە بىر دانە چىنە چەينەك تەييارلاپ قويدۇم.

— ھىم. ئوبدان قىپسەن. پەخرۇللا بالام، — ھەلىمىخان ئوغلىغا قارىمىدى، — ئۇرۇمچىدىن ئەمدى كەلدىڭ، جاڭگالغا كىر. دېسەممۇ قاملاشماس، شۇڭا ناھىيە بازىرىدىن بىر - ئىككى ھارۋا ئوتۇن ئېلىپ بەرمىسەڭ، ئاچاڭنىڭ توي چېيىغا، چوڭ ئۆيگە يېقىلغۇدىن قىيىنىلىپ قالمىغاندەك تۇرىمىز.

— بولدى ئانا، يېقىلغۇدىن غەم قىلمىغىن. كېلەر ئازنىغىچە جاڭگالغا ئازادە ئىككى نۆۋەت كىرىپ چىققىلى بولىدۇ. كېرىمكام ئىككىمىز بىللە كىرمەكچى.

پەخرۇللا بىلەن كېرىم ئۇندىمەس ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئېشەكلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ، يەم - خەشەك، يېمەكلىكنى يېتەرلىك ئېلىپ، ئېزىتقۇ قۇم جاڭگاللىقىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار تۈن نىسپىدىن ئۆتكەندە قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئېشەكلىرىنى يېتىلىشىپ يېتىپ كەلدى - دە، گۇمبەزدەك بېسىلغان ئوتۇنلارنى ھويلىسىغا چۈشۈردى. ئاندىن ئېشەكلەرنى بىر كۈن، بىر كېچە ئارام ئالدۇرۇپ، بىر سەھەرلىكى يەنە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار جاڭگالدىن ئىككىنچى قېتىم ئوتۇن ئېلىپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىگەنلىكى، پەزلىيە پەخرۇللانىڭ قوللىرىنى قايتا - قايتا سوپۇنداپ يۇيۇپ، ئالىقانلىرىدىكى تىكەنلەرنى يىڭنە بىلەن بىر - بىرلەپ ئېلىۋاتقاندا، توغراق ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن كەلگەن خادىم: «سىزنى شۇجى بىلەن

ھاكىم چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئېلىپ كەتتى. شۇجى ئۇنىڭ قولىغا «قىزىل باشلىق ھۆججەت»نى تۇتقۇزۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ «قوتانكۆل» يېزىلىق ھۆكۈمەت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

پەخىرنىسا بىلەن كېرىم توي چېيى بەرگەن كۈنى، پەزلىيە توغراق ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە مۇئاۋىن رەئىس قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. خۇددى «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى بىر تۇتتى» دېگەندەك شۇ كۈنى كەچ بىلەن گۈلپىيەگىمۇ « 1- ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن چاقىرىق كەلدى.

ھايات قىسمەتلىرى شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ. «ئامەت كەلسىمۇ، ئاپەت كەلسىمۇ قوش كېلىدۇ» دېگەن گەپنى قايسى بىر دانا ياكى مۇنەججىم دېگەن بولغىيتتىكىن، (جايى جەننەتتە بولسۇن!) راست دەپتىكەن. قاراڭ! بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدىلا ئەر بىر يۇرتنىڭ ئاتىسى بولسا، ئايالى ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ شاپائەتچىسى، ھۆكۈمدارى بولدى! قىزىمۇ بۇنداق ئامەتتىن قۇرۇق قالمىدى. ئۇ ئۇرۇمچىدىكى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشتەك بەخت بۇلىقىغا چۆمۈلدى!

پېقىرمۇ ئۇلارنىڭ يوللىرىنىڭ راۋان، بەخت - ئامەتلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىنى. يامان سۆز، يامان كۆزلەردىن ساقلىنىشىنى تىلەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

كىتاب ئىسمى: ھايات قىسمىتى (1)
پىلانلىغۇچى: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئاپتورى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: مەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 13.25
نەشرى: 2009 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2011 ـ يىل 1 ـ ئاي 2 ـ قېتىم بېسىلىشى
باسما سانى: 10000 — 15000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—5469—0602—7
باھاسى: 78.00 يۈەن (ئىككى قىسىم)

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)